ئۇيغۇر ۋەزىيىتىگە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى

بىرىنچى توم

# ئۇيغۇرلار
# دۇچ كېلىۋاتقان قىسمەتلەر



2018 ـ يىلى، يانۋار

# بېغىشلىما

بۇ كىتاب 3000 يىللىق يىلتىزى بار، ئورتاق نىيەتتە تىرىشسىلا يەر شارىدا يەنە مىڭ يىللاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان بىر مىللەتكە بېغىشلاندى. بۇ مىللەتنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر.

ماقالە ئاپتورلىرىدىن

2018-يىلى 1-يانۋار

# كىرىش سۆز

2017-يىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ۋىدالىشىش يىلى بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوچۇق ئاشكارا مائارىپ سېپىدىن قوغلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلى تېخى ئۆزىدىن سۈت ئېچىشكە ئۈلگۈرمىگەن سەبىي ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن ۋىدالىشىشقا مەجبۇرلاندى. جاھان ئۇيغۇر دەپ تونۇپ كېلىۋاتقان رەسسام ۋە تىلشۇناسلىرىمىز بىر بىرلەپ ئۇيغۇر بىلەن ۋىدالاشماقتا. غەزەپ نەپرەتلىرىگە نىشان تاپالمىغان ئۇيغۇرلار كەربالانىڭ چۆلىدە جىھاد قىلىپ ۋىدالاشماقتا؛ سۈكۈت قىلىشنى خالىمىغانلار ئۆز ۋەتىنىدە تۈرمىلەردە نالە-پەريادلار بىلەن ۋىدالىشىۋاتسا؛ سۈكۈتنى ۋە «ئىككى يۈزلىمىلىك» يولىنى تاللىغانلار «قايتا تەربىيەلەش» مەركەزلىرىدە ئۈن-تۈنسىز ۋىدالاشماقتا. دىنىنى ۋە تىلىنى ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان ئۇيغۇر ئەۋلادى ئۇيغۇرلۇق بىلەن ۋىدالاشماقتا. ۋەتەن سىرتىدىكى سۈكۈتنى تاللىغان ئۇيغۇرلار ئاتا-ئانىلارنىڭ دەرد-ھەسرەتلىرى ۋە مىللىي كىملىك بىلەن ۋىدالاشماقتا.

بۇ ۋىدالىشىشلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىغان بىر قىسىم مىللەتسۆيەر ئوت يۈرەك ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ بىر يەرگە كېلىشى بىلەن قولىمىزدىكى بۇ تور كىتابى روياپقا چىقتى. چۇقان سېلىش ئوت ئېچىدە ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. شۇ چۇقان بىلەن بىر-بىرىگە ئۇلاشقان بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىدىن سىرت ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي ۋە رېئال مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ بۇ ماقالىلەر توپلىمىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ماقالىلەر تەخمىنەن ھەر ئايدا بىر تېما ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىش ۋە شۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ماقالە يېزىپ تورلاردا ئېلان قىلىش بىلەن باشلاندى. توردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر مەلۇم سانغا يەتكەندە توپلىنىپ تور كىتابى قىلىپ ئېلان قىلىش پىلان قىلىندى. كۆرۈۋاتقىنىڭىز ئەنە شۇ پىلان ۋە ئەمگەك نەتىجىلىرىنىڭ تۈنجىسى بولىدۇ.

مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن يازمىلار ھازىرغىچە مۇنازىرە قىلىنغان 5 تېما ئاستىغا بۆلۈنۈپ كاتېگورىيەلەشتۈرۈلدى.

تۈنجى تېما ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۆلپەتلەرنىڭ سەۋەب نەتىجىلىرى، سىياسەت، ئىقتىساد، دىن، كۇلتۇر قاتارلىق كونكرېت مەزمۇنلار ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلىندى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئۆچمەنلىك خاراكتېرىنى ئالغان سىياسەتلىرى نەدىن كەلگەن ۋە قانداق چۈشىنىش كېرەك، دېگەن سوئالنى چۆرىدەپ، ئالتە پارچە ماقالە ئارقىلىق ئەتراپلىق جاۋاب بېرىشكە تىرىشتى.

ئىككىنچى تېمىدا ۋەتەن سىرتىدا ۋاقىتىنچە بىخەتەر ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن، دېگەن مەزمۇننى چۆرىدەپ، يەتتە پارچە ماقالە يېزىلدى. ۋەتەن ئىچى بىلەن ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ھازىرقى پەيتتە، ۋەتەن سىرتىغا چىققان ياشلارنى ئازغۇن ئىدىيەلەرگە قۇربانلىققا تۇتۇپ بەرمەسلىك، ئۇلارغا مىللەتچىلىكنىڭ، ئىنسانچىلىقنىڭ ۋە

دىنىنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ۋەتەن ئىچىدىكى قان-قېرىنداشلىرىمىزغا كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ زۇلۇمنىڭ خىتاينىڭ سىياسىتى ئەمەس بەلكى ھۆر دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشى ئىكەنلىكى قاتارلىقلار بۇ تېما ئاستىغا ئېلىندى.

ئۈچىنچى تېمىدا بولسا ئۇيغۇر تىلىغا مەخسۇس ئورۇن بېرىلدى. 2017-يىلدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر بالىلىرىغا مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىشنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى. مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىنى ئۆگىنىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش سىياسىتى ئۇيغۇر دىيارىدىكى قازاق، قىرغىز، ۋە موڭغۇل قاتارلىق باشقا مىللەتلەرگىمۇ قارىتىلغان بولسىمۇ، بۇ سىياسەت تېخىچە مۇستەقىل دۆلىتى بولمىغان ئۇيغۇر مىللىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز بولماقتا. ئەۋلاد تەربىيەلەشتە ۋەتەن ئىچى سىرتىدا تەڭلا ئاسسىمىلياتسىيەگە دۇچار بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ چىقىش يولى نەدە؟ مىللىي مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ئانا تىلنى قانداق ساقلاش كېرەك دېگەن سوئاللارنى چۆرىدەپ يەتتە پارچە ماقالىدە جاۋابلار بېرىلدى.

تۆتىنچى تېمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخولوگىيەسى ۋە روھى ھالەتلىرى مەركەزلىك مۇنازىرە قىلىندى. تارىم ئوغلىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد بار–فىنلاندىيە مۇستەقىللىقىدىن ئويلىغانلىرىم» ناملىق ماقالىسى بىلەن سەھەرنىڭ «خەيرى خوش ئەنسىرەش، تەشۋىش، قورقۇش، ۋە ئۈمىدسىزلىك» دېگەن ئىككى ماقالىغا ئورۇن بېرىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى تەقدىرى ئەينى يىللاردا ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا قالغان يەھۇدىيلارنىڭ ھالىتىگە ئوخشاپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە ئۈمىدسىزلىك بىزگە قانچە چاپلاشقانسېرى بىز ئۇيغۇرلار ئۈمىدكە شۇنچە يېپىشىشىمىز كېرەك ئىكەنلىكى ۋە شۇ ئۈمىدسىزلىكلەر بىلەن چەك-چېگرا ئاجرىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى يورۇتۇلدى.

ئاخىرقى تېما يىل ئاخىرىغا توغرا كەلگەنلىك سەۋەبىدىن ئىختىيارى مۇنازىرىلەر داۋام قىلدى ۋە ھەر بىر ئاپتور ئۆزى مۇھىم بىلگەن تېمىلاردا ئىزدەنگەن مەزمۇنلار بۇ يەرگە تىزىلدى. مىللەتنىڭ يوقاپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمىغان ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ ئويلىنىدىغان ۋاقتىمۇ ئاساسەن قالمىدى. بىر ھەرىكەتكە ئۆتۈش، يېتىپ قالغۇچە ئېيتىپ قېلىش بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلارغا جۇغلاندى.

كىرىش سۆزنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە، مەزكۇر ماقالىلەرنى يوللىغان شەخسلەردىن تارىمئوغلى، ئافراسياپ، بۇركۇت، كۇرشائوغلى، قۇتلۇق ئوردا، شۇڭقار تېكىن، سەھەر، تۈنيۇقۇق، چوغلۇق ۋە يۇلغۇنلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز. ھەمىدە كىتاب مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگەن، ۋە توپلانغان ماقالىلەرنى تور كىتاب قىلىپ ئىشلەپ چىققان بىر قانچە قېرىنداشلىرىمىز ۋە سەپداشلىرىڭىزغىمۇ چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ۋە باشقا تۆھپىكارلىرىدىن

2018-يىلى 1-يانۋار

# مۇندەرىجە

**1-بۆلۈم خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئۆچمەنلىكى ........................ 6**

خىتايلار ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ؟ (تارىمئوغلى) ........................ 7
خىتاي-ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتى ۋە خىتاينىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلى (ئافراسياپ) ........................ 9
خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزىدۇ؟ (بۈركۈت) ........................ 13
شى جىنپىڭ نېمە قىلماقچى (كۈرشاتئوغلى) ........................ 21
خىتايلار ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك زۇلۇم قىلىدۇ؟ (قۇتلۇق ئوردا) ........................ 40
نېمە ئۈچۈن خىتايلار ئۇيغۇرلارغا بۇنچە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ (شۇڭقار تېكىن) ........................ 47
ئاخبارات ۋە باشقىلار بىزگە نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ (بۈركۈت) ........................ 54

**2-بۆلۈم ۋەتەندىكىلەرنىڭ چەتئەلدىكىلەردىن ئۈمىدى ........................ 57**

مىللىتىمىز چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ (تارىمئوغلى) ........................ 58
دىنىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك (كۈرشاتئوغلى) ........................ 60
مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ (سەھەر) ........................ 87
ۋەتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىدىن يەتتە تۈرلۈك ئۈمىدى (ئافراسياپ) ........................ 93
يەنە بىر قېتىم سوئال: مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ (سەھەر) ........................ 95

**3-بۆلۈم ئۇيغۇر تىلى ........................ 102**

ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن خىرىسقا قارىتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ (تارىمئوغلى) ........................ 103
ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم سېپىل ........................ 105
ئۇيغۇر تىلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالىشىمىز مۇمكىن؟ (شۇڭقار تېكىن) ........................ 115
ئانا تىلىمىزنى جان تىكىپ قوغدايلى! (قۇتلۇق ئوردا) ........................ 123
ئۇيغۇر تىلى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالارمۇ؟ (سەھەر) ........................ 132
ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن خىرىسقا قارىتا ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەك (كۈرشات ئوغلى) ........................ 140

**4-بۆلۈم روھىي ھالەت ........................ 159**

خەير خوش ئەنسىرەش، تەشۋىش، قورقۇش، ۋە ئۈمىدسىزلىك (سەھەر) ........................ 160
ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۈمىد بار – فىنلاندىيە مۇستەقىللىقىدىن ئويلىغانلىرىم (تارىمئوغلى) ........................ 169
ئۈچ گۇرۇھ ھەققىدە قىسسە (تۇنيۇقۇق) ........................ 172
جەنۇب ئىستراتېگىيەسىدە مەۋجۇتلۇقىمىز (تۇنيۇقۇق) ........................ 178

چەكلەنگەن پىچاق ۋە ساراسىمىگە چۈشكەن قۇرۇلتاي (تۇنيۇقۇق) ........ 184
ۋەلىئەھدلەر گۇرۇھى ۋە شى جىنپىڭ (تۇنيۇقۇق) ........ 188
نەتىجە ۋە خۇلاسە (تۇنيۇقۇق) ........ 190
ھىجاپقا خىتايچە تەپەككۇر (تۇنيۇقۇق) ........ 192
ئۇمىدلەر ۋە تەشۋىشلەر (تۇنيۇقۇق) ........ 195
كوللېكتىپ پسىخىكىسىنىڭ قارىغۇلۇقى (تۇنيۇقۇق) ........ 202
تەزبىيە ۋە تەسىرات (تۇنيۇقۇق) ........ 207
بىر يولغا ئۈچ نۇقتىئىنەزەر (تۇنيۇقۇق) ........ 212
قۇددۇس ۋە يېرۇسالېم (تۇنيۇقۇق) ........ 217
«سوبىبوردىن قېچىش» ۋە ئۇيغۇرلار (سەھەر) ........ 220

**5-بۆلۈم ئارىلاش مەزمۇنلار ........ 226**

ئىسلامدا دىن ۋە دۆلەت مۇناسىۋىتىگە قىسقىچە نەزەر (يۇلغۇن) ........ 227
دېھقان بىلەن يىلاننىڭ يېڭى ھېكايىسى (چوغلۇق) ........ 231
مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ (تارىمئوغلى) ........ 236
تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر (تارىمئوغلى) ........ 239
«ناخشا ئىنقىلابى» ئارقىلىق مۇستەقىل بولغان بىر كىچىك مىللەت (تارىمئوغلى) ........ 246
خىتاي چالغان داپ قايىسى؟ (يۇلغۇن) ........ 252
ئېيتىلمىغان كونا گەپلەر (تۇنيۇقۇق) ........ 259
ئەجدەرھا دۇنياغا چىشىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، تېخى ئوتىنى پۈركىمىدى (سەھەر) ........ 266
دۇنيا كۆرۈپ قويدۇق ئادالىتىڭنى (سەھەر) ........ 281

# 1-بۆلۈم

# خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئۆچمەنلىكى

# خىتايلار ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ؟

(تارىمئوغلى)

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇمى پەۋقۇلئاددە كۈچىيىپ كەتتى. مەن ھازىر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان دىن جەھەتتىكى قاتتىق چەكلەش، ئىسىم قويۇش جەھەتتىكى چەكلەش، كىيىم-كېچەك جەھەتتىكى چەكلەش، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى نورمال بېرىپ-كېلىشنى چەكلەش، ھەممە يەردە ئۇيغۇرلارنى قاتتىق تەكشۈرۈش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى قېرى-ياشلىقىغا قارىماي ئۈچچە ئۇسۇل ئويناشقا ۋە ج ك پ نى كۈيلەپ ناخشا ئېيتىشقا سېلىش، ۋە ئۇيغۇرلارنى «ئىككى يۈزلىمىچى» دېگەن گۇناھ بىلەن قاتتىق جازالاشتىن تارتىپ، تېخى يېقىندا باشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك يازما ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سەھنە سەنئىتىنىڭ مەزمۇنلىرىدىكى مىللىي ھېسسىياتقا ياتىدىغان تەركىبلەرنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىغا «ئىنسانىيەت تارىخىدا ئانچە كۆپ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىشلار»، دەپ قارايمەن.

ئادەتتە بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە ۋەھشىيلەرچە زۇلۇم سېلىشى مەلۇم مىللىي ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىنمۇ، يەنى بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش سەۋەبىدىنمۇ يۈز بېرىدۇ. ئەمما مەن ناھايىتى كۆپ ئويلاپ، ئۇيغۇرلار تارىختا خىتاي مىللىتى ئۈستىدىن سادىر قىلغان، ئۇيغۇرلارنى ھازىرقىدەك ئېغىر شەكىلدە مۇناسىپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ تاپالمىدىم. ئۇنداق ئىشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ تارىخىمىز ھەققىدىكى بىلىمىم ئاز بولغاچقا، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمنىڭ ئىچىدە ئاشۇنداق ئىشلار يوقمۇ، ئۇنىمۇ بىلەلمىدىم. ھازىرقى زۇلۇمنىڭ كېلىش مەنبەلىرىنى ئۆزۈم قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك بىر دەرىجىدە چۈشىنىپ يېتەلمىدىم. «خىتايلار ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟» دېگەن سوئال كاللامدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدا ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان زۇلۇم يالغۇز جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىنلا كەلگەن بولسا، ئۇنى چۈشىنىش يەنە بىر ئاز ئاسان ئىدى. ئەمما، بۇرۇن ئۇيغۇر ئېلىگە كۆچمەن بولۇپ كېلىپ، ھازىر ئاشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەرگە ھازىرقىدەك سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان، نورمال ئىنسانلار ھەرگىزمۇ قىلمايدىغان ئىشلارغا نىسبەتەن ئۇلار يالغۇز سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشلا ئەمەس، تېخى ئۇنى قوللاپ، ئۇ ئىشلاردا ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىۋاتقانلىقى مېنى ئۆز-ئۆزۈمدىن يۇقىرىقىدەك سوئالنى سوراشقا مەجبۇرىي قىلدى.

مەن يېقىندا بىر تونۇشۇم بىلەن بولغان پاراڭلار ئارىسىدا يۇقىرىدىكى سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىسام، ئۇ بۇ ئىشتا ئىككى ئاساسلىق سەۋەب بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بىرى، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ كەڭ كەتكەن زېمىنى، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنى، ۋە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ

تەبىئىي بايلىقى. ئۇنىڭ يەنە بىرى بولسا ئۇيغۇرلاردىكى ھازىرغىچە خىتايغا باش ئەگمەسلىككە سەۋەب بولغان مىللىي ئىپتىخارلىق بىلەن مىللىي روھ. ھېلىقى تونۇشۇم دېگەن يۇقىرىدىكى 2 خىل سەۋەبتىن باشقا، يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىش پىلانى، ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر بەلۋاغ بىر يول قۇرۇلۇشىدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مۇقىملىقى ھالقىلىق رول ئوينايدىغانلىقى قاتارلىق يەنە بىر قىسىم سەۋەبلەرنىمۇ تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئەمما، بۇلارمۇ ھازىر يۈز بېرىۋاتقان، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان مىللىي ئۆچمەنلىكىنىڭ مەنبەسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

مەن يېقىندا 60-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپلا ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن، بىزنىڭ ۋەتەنگىمۇ كۆپ قېتىم بېرىپ باققان بىر ئەربابنىڭ بىر خەلقئارالىق سۆھبەت مۇنبىرىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، 1884-يىلى چىن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر ئېلىنى بېسىۋالغاندىن بۇرۇنقى 1500 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار زېمىنى ئاساسەن خىتاينىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولۇپ باققان ئەمەسكەن. مەن 1884-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ھازىرقىدەك مىللىي ئۆچمەنلىكىنى پەيدا قىلغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر زۇلۇم سېلىپ باققانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

قىسقىسى، «خەنزۇلار ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟» دېگەن سوئالغا مەن ئۆز-ئۆزۈم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمىدىم. شۇڭلاشقا مەن چەت ئەلدىكى باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى كۆز-قاراشلىرىنى ئاڭلاپ باققۇم بار. ئەگەر بىز خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھازىرقىدەك مىللىي زۇلۇم سېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە مەنبەسىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالىساق، ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۈنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلارنى قىلساق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۇڭلاشقا مەن ئىمكانىيىتى بار ئۇيغۇر زىيالىي قېرىنداشلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ زىيالىيلارنىڭ ئۆز خەلقىنى يېتەكلەش رولىنى ئادا قىلىشى بولۇپ، مېنىڭچە خەلقىمىز مۇشۇنداق تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ناھايىتىمۇ مىننەتدار بولىدۇ. رەھمەت!

# خىتاي-ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتى ۋە خىتاينىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلى

(ئافراسياپ)

9-7-2017

خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1-مۇستەملىكە قىلىش ۋە مۇستەملىكىگە قارشى تۇرۇش
2-ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيەگە قارشى تۇرۇش

1-مەسىلە
بۇ مەسىلىنىڭ سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتى مۇنداق: خىتاي ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر زېمىنىنى مۇستەملىكە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى كېلىپ چىقىدۇ. خىتاي بۇ قارشىلىقنى باستۇرىدۇ.
2-مەسىلە
ئىككىنچى مەسىلە بىرىنچى مەسىلىنى مەنبە قىلىدۇ، ئەمما بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقى پەقەت ئۆزىنىڭ مەدەنى كىملىكىنى قوغداشتا يەنى پاسسىپ ۋە ئاجىز قوغدىنىشتا بولىدۇ.
بۇنىڭ سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتى: ئالدى بىلەن خىتاي مۇستەملىكە قىلدى، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا قوراللىق قارشى تۇرۇشنى تاللىماي، قوغدىنىشنى تاللىدى. خىتاي بۇنىڭ مەڭگۈلۈك تۈگىمەيدىغان زىددىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويدى.
**خىتاينىڭ مەسىلە ھەل قىلىش ئۇسۇلى:**
1-مەسىلىنى خىتاينىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى:
خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە بىۋاسىتە قاتتىق ئۇسۇلدا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ باستۇرۇش ئۇسۇلى-يوقىتىشتىن ئىبارەت.
دۆلەت ئاپپاراتى بولغان قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ۋە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بولغان دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش خىتاينىڭ دۆلەت سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ تەقەززاسى
خىتاينىڭ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتا تايىنىدىغان ۋاستىلىرى:
**ئىچكى جەھەتتە:**
1-جاسۇسلۇق، 2-ئارمىيە، 3-ساقچى، 4-مەھەللە خادىملىرى، 5-تۈرمە، 6-سوت، 7-تاراتقۇ،

8-مائارىپ، 9-كەلگ خىتاي ئاممىسى

**تاشقى جەھەتتە:**

1-ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئىچكى سىياستىگە ئارىلاشماسلىق، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش سىياستى دىپلوماتىيەسى

2-رايونلۇق تەشكىلاتلار1:-شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 2-بىر بەلۋاغ بىر يول ھەمكارلىق تەشكىلاتى 3-ئاسىيا ئۇل مۇئەسسەسە تەرەققىيات مەبلەغ بانكىسى

**بىرىنچى ئۇسۇلىنىڭ ئۇنۇمى:**

خىتاي دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تولۇق ئۇتۇق قازاندى

**2-ئىككىنچى مەسىلىنى خىتاينىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلى**

ئۇيغۇرلۇق -خىتاينىڭ ئۇيغۇر زېمىنىنى مەڭگۈلۈك مۇستەملىكە قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ زور توسالغۇ. بۇ توسالغۇنى يوقىتىشنىڭ خىتاي نەزىرىدىكى ئۇسۇلى-ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى، مىللىي، مەدىنى كىملىكىنى خىتاي مىللىتى بىلەن قوشۇۋېتىش.

بىرى خىتاينىڭ مۇستەملىكە سىياستىگە قارشى تۇرىدىغان مىللىي روھنى -ئۇيغۇرلۇقنى يوقىتىش.

خىتاي بۇ ئۇسۇلنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئاسسىمىلياتسىيە سىياستىنى تېز سۈرئەتتە يولغا قويۇۋاتىدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيەدە تايىنىدىغان ئۇسۇلى:

1-بىر قىسىم ئىلغارلارنى تاللاپ چېقىپ، ھوقۇق، شۆھرەت، بايلىق قاتارلىق ئىمتىيازلار بىلەن كەڭ خەلققە ئۈزىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش

2-تىلنى يوقىتىش: نورمال تۇرمۇشتىن باشقا بارلىق ئورۇن جۇملىدىن ھۆكۈمەت، مائارىپ، تاراتقۇ قاتارلىق ساھەلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنىنى قىسىش

3-دىنى كىملىكنى يۇيۇش: دىنى مائارىپنى يوقىتىش، ئۆسمۈرلەرنى مەسچىتتىن يىراقلاشتۇرۇش، ئاممىۋى سورۇنلاردا دىنى پائالىيەتلەرنى چەكلەش، دىنىنىڭ تارقىلىش يولىنى چەكلەش.

4-خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا ئىلھام بېرىش ۋە مەجبۇرلاش

**ئىككىنچى ئۇسۇلىنىڭ ئۇنۇمى ۋە نەتىجىسى:**

1-خىتاي قىسمەن ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى، ئۇيغۇرلار قارشىلىقتىن چارچىدى.

2-ۋەتەن ئۇيغۇرلىرى كەلگۈسىدىن، مۇستەقىللىقتىن تامامەن ئۈمىدسىزلىككە كەلدى.

3-ئاسسىمىلياتسىيە تەسىر كۆرسەتتى. دىنى كىملىك، مىللىي تىل-يېزىقتىن ئۆزلىرى خالاپ ۋاز كېچىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاشماقتا.

4-چەتئەلدىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتى ئۈنۈمسىز بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇققا تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياستى ھەققىدە ھېچقانداق تەسىر كۆرستەلمىدى.

خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ مەنبەسى:

خىتاينىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنىڭ ئارقىسىدا خىتاي مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدىنى ئامىللىرىمۇ كۆپ

ئۆچمەنلىك قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئۆچمەنلىك قىلىشنىڭ مەقسىتى بىلەن ئويلاش كېرەك، دۈشمەن سېنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مەنپەئەتىنىڭ كۈشەندىسى دەپ بېكىتسە، سەن ئۇنىڭغا سېنىڭ ئۇسۇلۇڭ بويىچە يامانلىق قىلمىساڭمۇ، ئۆزىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، شان-شەۋكىتى، مەنپەئەتىنىڭ دۈشمىنى چاغلىغان سېنى بەربىر مەڭگۈلۈك دۈشمەن چاغلاپ، سېنى يوقىتىشنى باشتىن-ئاخىر نىشان قىلىدۇ. بۇنچە كۆپ تەبىئىي بايلىق ۋە سىياسىي ئەۋزەللىككە ئىگە زېمىننى ئۆزۈمنىڭ يېرى دەپ قاراۋاتقان بىر خەلققە ئۆچمەنلىك قىلىش -خىتاينىڭ ئۇيغۇرغا ئۆچمەنلىك قىلىشى ۋە دۈشمەنلىك قىلىشىنىڭ باشلىنىش سەۋەبى.

ئەمما بۇ بارلىق دۈشمەنلەرگە ئورتاق بولغان بىر ئامىل.

ئەمما دۈشمەنلىك قىلغۇچىنىڭ تاكتىكىسى ۋە ئۇسۇلى دۈشمەننىڭ كىملىكى ۋە قانداق سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئالدى بىلەن دۈشمەنلىك قىلغۇچى خىتاينى چۈشىنىش كېرەك.

بۇ يەردىكى خىتاينى ئانالىز قىلساق،

خىتاي ئادىمىيلىككە قارشى تەپەككۇر ۋە ياشاش ئۇسۇلىغا ئادەتلەنگەن دۆلەت سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلگەن. نوپۇسنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئادەمنىڭ ئادىمى قەدىر-قىممىتىنى يوقىتىش ئادىمىيلىككە قارشى تەپەككۇرنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. خىتايلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزۈن مۇددەتلىك قۇلدارلىق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرۈپ، ئادەمنى خورلايدىغان ھۆكۈمرانلىق، ھوقۇقنى، ئاش-نان ۋە بايلىقنى ئادەم ھاياتىدىن يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئاڭ قۇرۇلمىسى ئاساسى ئورۇندا تۇرغان. خىتايدا ئەڭ قورقۇنچلۇقى باشتىن-ئاخىرى بىردەك ھالدا بىر دىنى ئېتىقاد يوق، خۇدادىن قورقمايدۇ، كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتمايدۇ.

ئوخشىمىغان پىكىردىكى پىكىر ئىگىلىرى، دۇنيا-قاراش، مەدەنىيەتتىكىلەرنى قوبۇل كۆرمەيدۇ، خىتاينىڭ دۆلەت سىياسىتى ۋە ھۆكۈمران كۈچ بولغان كوممۇنىستىك پارتىيە دىنى -ئېتىقاد، مىللىي مەدەنىيەت، پىكىر ئەركىنلىكى دېگەندەك يادرولۇق قىممەت قاراشلارنى ئەزلەدىن خوپ كۆرمەيدۇ. خىتاينىڭ بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىمۇ مەدەنىيەت تارىخى ئەمەس، بەلكى جان بېقىش ئۈچۈن باشقىلارنى باش ئەگدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش تارىخىدۇر.

ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىتى: خىتاي ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارايدۇ، ئۇنى يوقىتىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى دەپ بېكىتىپ بولغان. ئۇيغۇرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە يوقىتىش بۇ خىتاينىڭ ئەزەلدىن يولغا قويۇۋاتقان سىياسىتى، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانى. بۇ پىلانغا خىتاي ھامان يېتىمىز دەپ قارايدۇ ھەم تۈرلۈك ۋەقە-شارائىتلارغا ئاساسەن تاكتىكا-سىياسەتلىرى ۋە قەدەملىرىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

خىتاينىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەدەم-باسقۇچلۇق سىياسەتلىرى:

خىتاي ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ بولغان، نۆۋەتتىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت دەل خىتاينىڭ ئومۇمى پىلانىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ تېز پويىزىدا مېڭىۋاتىدۇ.

خىتاينىڭ ئاشۇرما سىياسەتلىرىنىڭ سەۋەبى بولسا، خىتاينىڭ سىياسىي جەھەتتىكى پۈرسەتپەرەسلىكى بىلەن ئالاقىداردۇر.

خىتاي خەلقئارالىق چوڭ ئىقتىسادى تەشكىلات ۋە رايونلۇق سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقتى.

خىتاي خەلقئارادىكى ئورتاق دۈشمەن ھېسابلانغان تېررورلۇق جىنايى نامى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئەڭ ئالىي چەكتە يالغۇز قالدۇردى، ئۇيغۇرلارنى يۇقىرى بېسىمدا باستۇرۇشنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىي شەرتلىرى پىشىپ يېتىلدى.

ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ خىتايغا قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك بىر دۆلەت بولمىغان شارائىتتا، خىتاي ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنىڭ سۈرئىتىنى كۈچەيتتى ۋە زۇلۇمىنىڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، بېسىمنى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقاردى.

# خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزىدۇ؟

(بۇركۇت)

2017-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى

1949 -يىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا ھەر خىل ھىيلى مىكىر سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە تامامەن بوي سۇندۇرۇش، زېمىن داۋاسىدىن ۋاز كەچتۈرۈش، مىللىي كىملىكىنى يوق قىلىش ۋە ياكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئوچۇق ۋە ياكى يوشۇرۇن ھالدا يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولسىمۇ بىراق ئۇيغۇر خەلقىنى ئاساسەن مېھماندوست، ناخشا ئۇسۇلغا ماھىر خەلق دەپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. 1992 -يىلى بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق رېسپوبلىكىلار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان سىياسىتىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۇيغۇرلارنى بۆلگۈنچىلىك بىلەن باستۇرۇشقا باشلىغان. 2001-يىلى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن 11 -سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى دەرھال خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارغا تېررورچى دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، ئەسلىدىن يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

2009 -يىلدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 5 -ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، ئالدى بىلەن دىنىي زاتلارغا ۋە ئوخشىمىغان قاراشتىكى كىشىلەرگە ئۈچ خىل كۈچلەر دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، ئۇلارنى قاتتىق باستۇرغان بولسا، كېيىنچە باستۇرۇش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئۇيغۇر مەمۇرى رەھبەرلەرنى، كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلارنى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنى باستۇرغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قاتتىق قول سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ساھەسىگە كېڭەيتىپ، ھەر تەرەپلىمىلىك باستۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە، شۇنداقلا يالغۇز باستۇرۇش بىلەن چەكلىنىپ قالماي ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال ھاياتىغا، دىنىي ۋە مەدىنى ئۆرپ-ئادەتلىرىگە كۆپلىگەن قاتتىق چەكلىمىلەرنى قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانى ھەق ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان قاتتىق قوللۇق سىياسەتلىرى، ۋەتەندە يۈز بەرگەن

ھەر خىل ۋەقەلەرنى قانلىق باستۇرغاندىن باشقا، كونكرېت ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە.

1. قانۇنسىز دىننى پائالىيەت نامى بىلەن ھەر خىل دىننى پائالىيەتلەرنى چەكلەش، ۋە خەلقنىڭ نورمال دىننى ئېتىقادىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىش؛

2. 18 ياشتىن تۆۋەندىكىلەرنىڭ مەسچىتكە كىرىشىنى چەكلەش بىلەن بىرگە ياشلار ئارىسىدا دىننى تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش؛

2. رايون ئاتلاپ ناماز ئوقۇشنى چەكلەشتىن كەنت مەھەللە ئاتلاپ ناماز ئوقۇشنى چەكلەش؛ ھەجى قىلىشنى چەكلەش؛

3. مەكتەپلەردە ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى ئارىسىدا روزا تۇتۇشنى قاتتىق چەكلەش، ھەم شۇنداقلا ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ رامزان پائالىيەتلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىش؛

4. ئەرلەرنىڭ ساقال قويۇشنى، ئاياللارنىڭ ياغلىق ئارتىشنى چەكلەش، ۋە ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك يۇرۇش تۇرۇش ئادەتلىرىگە ھەر خىل چەكلىمىلەرنى قويۇش؛

5. ئاتا ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئىسىم قويۇش ئەركىنلىكىگە توسالغۇ بولۇش، ۋە بەزى ئىسىملارنى قاتتىق چەكلەش؛

6. خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە باردى كەلدى قىلىشىغا ھەر خىل چەكلىمىلەرنى قويۇش، رايون ۋە كەنت ئاتلاپ تۇغقان يوقلاشقا قاتتىق چەكلىمە قويۇش، كىشىلەرنىڭ ئەركىن سەپەر قىلىش ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىش.

7. رادىكاللىقنى باھانە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قىلىشىنى چەكلەش، ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلاش؛

8. خەلقنىڭ چەتئەلگە چىقىشىنى ۋە تۇغقان يوقلىشىنى قاتتىق چەكلەش؛ بالىلىرىنى چەتئەلدە ئوقۇتۇشقا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىش؛ ئىنسانلارنى پاسپورت ئېلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش؛

9. خەلقنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان ھەر خىل ئالاقىسىگە قاتتىق چەكلىمە قويۇش، چەتئەلدە تۇغقانلىرى بارلارغا تىزىملاپ كونترول قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىش؛

10. خەلقنىڭ قوشنا مۇسۇلمان دۆلەتلەر ۋە تۈركى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا سېتىقلىرىنى قاتتىق چەكلەش؛

11. خەلقنى پارتىيەنى سۆيۈشكە، دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كېچىشكە زورلاش ۋە بۇ ھەقتە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبۇرىي قىلىش؛

12. ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال پىكىر بايان قىلىشنى چەكلەپ، خىتاي خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ھاقارەتلىشىگە كەڭ كۆلەملىك يېشىل چىراغ ئىچىپ بېرىش؛ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك تەرغىب قىلىش؛

ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا بۇنداق قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزىدۇ؟ ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. ئۇيغۇرلارنىڭ 60-70 يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇستەقىللىق داۋاسى، يەنى ئۇيغۇرلار تارىختىن ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىننىڭ ئىگىلىك ھوقۇق داۋاسى. بۇ ئەڭ نېگىزلىك سەۋەب بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى 60-70 يىلدىن بۇيان گەرچە ھەر خىل تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، ھەر خىل باستۇرۇشلارنى ئىلىپ بېرىپ ئۇيغۇرلارنى بۇ داۋادىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇريي قىلىپ باققان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۈنۈم بەرمەسلىكى؛

2. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىك ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە خىتايلاردىن ئالاھىدە پەرق بولۇشى، ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى خىتايلاردىن پەرقلىق تۇتۇشى، ھەم خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىغا ئۈزلۈكسىز قارشىلىق بىلدۈرۈپ كېلىشى؛

3. خەلقئارا ۋەزىيەت، يەنى غەربنىڭ مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋجى ئىلىشى، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىشقا ئەڭ ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى؛

4. ئۇيغۇرلارنىڭ تاقىتىنى سىناش، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قانچىلىك قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزەلەيدىغانلىقىنى ئەملى سىناپ كۆرۈش، ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن كېيىنكى سىياسەتلىرىنى تۈزەپ چىقىش، ۋە ياكى شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىش.

5. ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ خىتاينىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى كېڭەيمىچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنى، خىتاي خەلقى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە بولغان ئالاھىدە جىددىي قارىشى، ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھەر زامان بىر تەھدىت دەپ قارىلىشى.

مىنىڭ قارىشىمچە خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقىرىدىكى قاتتىق قول سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىق ھاسىل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇنداق سىياسەتنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگۈدەك دۆت ئەمەس. ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن يەنە شۇنداق قاتتىق قول سىياسەت قوللىنىدۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئارقىلىق زادى نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ مىنىڭ قارىشىمچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق سىياسەت قوللىنىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئىككى مەقسەتكە يەتمەكچى.

بىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرقى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى تامامەن ئاۋازى چىقماس قىلىۋېتىش، يەنە بىرى بولسا ئۇيغۇرلارنى رادىكال يولغا مەجبۇرلاش، يەنى ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي خەلقىنىڭ تەھدىتلىك ئورتاق دۈشمىنى قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن قۇربان قىلىش. يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن خىتاي خەلقىنىڭ ئۆزىگە بولغان نارازىلىقىنى ئۇيغۇرلار ئۈستىگە بۇراپ، ئۇيغۇرلارنى ۋاستە قىلىپ قوللىنىش ۋە بۇ ئارقىلىق خىتاي خەلقىنىڭ "ۋەتەنپەرۋەرلىكى" دىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يېتىش.

يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بىرى خىتاينىڭ ئىقتىسادى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر دۇنياغا كەلدى. خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن باي-كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ زورىيىشى، مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشى، يېمەك-ئىچمەك بىخەتەرلىكىنىڭ كونسايىن ناچارلىشىشى، ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، چەتئەلگە ساياھەت ۋە ئوقۇش ئۈچۈن چىقىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنىڭ قېنىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەلىپىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن خىتاي جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشتى ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق يىلدىن يىلغا كەسكىنلىشىپ ماڭدى. نەتىجىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ئىشەنچى تۆۋەنلەشكە باشلىدى، ئۆز خەلقىدىن كېلىۋاتقان تەھدىتنىڭ كونسايىن زورىيىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئۆكتىچىلەرنى باستۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى ھەر خىل ئىقتىسادىي جىنايەتلەر بىلەن جازالاپ، خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى، بىراق ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆزلىگەندەك ياخشى بولمىدى. ھۆكۈمەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل نارازىلىق ھەرىكەتلەر كونسايىن كۆپەيدى.

كونسايىن كۆپىيىۋاتقان بۇ نارازىلىق ھەرىكەتلەردىن ئەندىشە قىلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن بۇ تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇقىملىقنى قوغداشقا سالىدىغان مەبلەغنى يىلدىن يىلغا ئاشۇردى، ۋە 2011-يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەت مۇداپىئەسىگە سالىدىغان مەبلەغدىن ئېشىپ كەتكەن. كېيىنكى يىللاردا شى جىنپىڭ ھەربىي ھوقۇقنى تامامەن كونترول قىلغاندىن كېيىن ھەربىيگە سالغان مەبلەغنىمۇ ئاشۇرغان. ھازىر ئىچكى ۋە تاشقى مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن سالغان ئومۇمى مەبلەغ خىتاينىڭ يىللىق ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمى قىممىتىنىڭ 24% دىن ئېشىپ كەتكەن. بىر دۆلەتتە ئىچكى مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن سالغان مەبلەغ دۆلەت مۇداپىئەسىگە سالغان مەبلەغدىن ئېشىپ كەتتى دېمەك، ئۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى ئۆز خەلقىدىن كۆلىدىغان تەھدىتنى تاشقى دۈشمەندىن كۆلىدىغان تەھدىتتىن خەتەرلىك دەپ بىلدى دېمەك.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا ھازىر خىتايدا يىلىغا ھۆكۈمەتكە قارشى ھەر خىل ھەرىكەتلەر تەخمىنەن 180000 قېتىم يۈز بېرىدىغان بولۇپ، 2016-يىلى يۈز بەرگەن ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەر ئالدىنقى يىلغا نىسبەتەن 20% ئاشقان. بۇ ۋەقەلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تاشقى ئاخباراتلاردا ئېلان قىلىنىپ كېتىشىنى قاتتىق توسقان. ئۇيغۇر ئېلىدە ئوخشاش ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھەر خىل ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندىمۇ، پۈتۈن خىتايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ 1% گە يەتمەيدىكەن.

ئەلۋەتتە بەزىلەر خىتاي ئۆلكىلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر بىلەن ئۇيغۇر زېمىنىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ماھىيەت جەھەتتە پەرقلىق دېيىشىدۇ. مەن بۇنى ئىنكار قىلمايمەن. ئەگەر بىز ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى مىللىي زىددىيەت، يەنى مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەت بىلەن مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەت ئارىسىدىكى زىددىيەت دېسەك، خىتاي خەلقى بىلەن خىتاي ھاكىمىيەت

ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھۆكۈمران قىلغۇچى سىنىپ بىلەن ھۆكۈمران قىلىنغۇچى سىنىپ ئارىسىدىكى زىددىيەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى مىللىي زىددىيەت خىتاي خەلقى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئورتاق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىر يەرگە ئەكىلەلەيدىغان ئاساسلىق زىددىيەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك 1930 -يىللاردا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەڭ زور قىيىنچىلىق ۋە يوقىلىپ كېتىش تەھدىتىگە دۇچ كەلگەندە، ياپونىيەنىڭ خىتايغا بېسىپ كىرىشى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ناھايىتى زور بىر پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياپونىيەنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ۋاقتىنچە بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئورتاق مىللىي دۈشمەن بولغان ياپونىيەگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا كۆندۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىخەتەر يەرگە يوشۇرۇنۇپ، بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەخىمگە ئۇچۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەتۈر تەشۋىقات قىلىش ئارقىلىق، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش نەتىجىلىرىگە ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ، ئۆز كۈچىنى كۈچلەندۈرگەن. نەتىجىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىۋالغان.

بۈگۈنكى كۈندە ئۆز خەلقىدىن كېلىۋاتقان ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى، ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ ئۆزىگە بولغان تەھدىتىنى ئورتاق دۈشمەن بولغان ياپون ئارقىلىق ۋەيران قىلغان كونا تاكتىكىسىنى قايتا قوللىنىپ، خىتاي خەلقىنىڭ ئۆزىگە بولغان تەھدىتىنى يوق قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئىچكى ۋە تاشقى ئورتاق دۈشمەنگە ئېھتىياجلىق بولغان.

ئۇيغۇر خەلقى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي خەلقىنى بىر يەرگە ئەكىلەلەيدىغان، ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى باشقا تەرەپكە ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتىشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئورتاق ئىچكى دۈشمەن. خىتاي ھۆكۈمىتى گەرچە تىبەتلەرنىمۇ دۈشمەن دەپ بىلسىمۇ، بىراق تىبەتلەرنىڭ خىتاي خەلقى بىلەن بولغان بەزى دىنىي ھېسسىياتى سەۋەبىدىن، خىتاي خەلقىنى تىبەت خەلقىنىڭ زور تەھدىت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇشى ئۇيغۇرلاردەك ئاسان ئەمەس.

«تالىبان»، «ئىسلام دۆلىتى» قاتارلىق مۇسۇلمان ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان تېررور تەشكىلاتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ غەرب دۇنياسىدا ياراتقان قورقۇنچلۇق ۋەزىيىتى، بىر تەرەپتىن خىتاي خەلقىنى ئۇلار بىلەن دىنى ئورتاقلىقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ زور تەھدىتلىك دۈشمەن كۈچ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە تۈرتكە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان تاشقى دۈشمەن كۈچ دەپ بىلىشىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي خەلقىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنى بېكىتكەندىن كېيىن، خىتاي خەلقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەقىقىي تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا

ئىشەندۈرۈش زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭلىق ئۈچۈن ئۇيغۇر ئېلىدە قارشىلىق ھەرىكەتلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرۇشى، ئاخباراتلاردا خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان تېررورلۇق ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر توغرىسىدىكى باياناتلار ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىنىپ تۇرۇشى، خىتاي خەلقى ئارىسىدا ئېغىر ۋەھىمە پەيدا قىلىش كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىسا خىتاي خەلقىنىڭ دىققىتى باشقا تەرەپكە تارتىلمايتتى، خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيتتى.

مىنىڭ قارىشىمچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پىلانى ۋاڭ لېچۈەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يىللاردا باشلانغان بولۇپ، 2009 -يىلدىكى 5 -ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن تېخىمۇ روشەنلەشكەن ئىدى. مىنىڭ بۇنداق قارىشىمدىكى سەۋەب، ۋاڭ لېچۈەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كېيىنكى يىللاردا مۇقىملىق ئۈچۈن ئەمەس مۇقىمسىزلىق ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋە ياكى ھەل قىلالايدىغان زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلماي، زىددىيەتنىڭ ئۇلغىيىپ، ۋەقە پەيدا بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا ۋەقە پەيدا قىلغانلىقىنى كۆپىنچىمىز ئاڭلىغان. ئەينى ۋاقىتتا كۆپىنچىمىز ۋاڭنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئۇيغۇر ئېلىنى ئۇزۇن مۇددەت كونترول قىلىش ئۈچۈن دەپ چۈشەنگەن.

5 -ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ۋاڭ لېچۈەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى خىتاي خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچۇرغانلىقتىن، بېيجىڭغا يۆتكەپ كېتىلگەن، ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىلەن پەرقلىق تاكتىكا قوللىنىدۇ دەپ قارالغان جاڭ چۈنشەننى يۆتكەپ كەلگەن.

جاڭ چۈنشەن ئۇيغۇر ئېلىغا كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن 5-ئىيۇل ۋەقەسى جەريانىدا يۈز بەرگەن قانلىق كۆرۈنۈشلەرنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك كۆرگەزمە قىلىپ ئۆمرىدە ئۇيغۇر خەلقىنى كۆرۈپ باقمىغان خىتاي خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ۋە غەزەپ نەپرىتىنى قوزغىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن قاتتىق ۋە يۇمشاق ئىككى قوللۇق سىياسەتنى بىرلىكتە قوللىنىپ، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قارشىلىق كۆرۈشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قولى بىلەن جازالاش يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېغى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ گۆشىنى قوروش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ھەم ئۇيغۇر ئېلىغا سېلىنغان مەبلەغلەرنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلىدىكى قارشىلىق ھەرىكەتلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئازايتقان ۋە ئۇيغۇر ئېلىدە نىسپىي مۇقىملىق بەرپا قىلغان.

ئۇيغۇر ئېلىدە بەرپا بولغان بۇ نىسپىي مۇقىملىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشكە زىيانلىق بولغاچقا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئېلىدە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، جاڭ چۈنشەننى ئۇشتۇمتۇت يۆتكەپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تىبەتتە قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈپ نامى چىققان چېن چۈەنگونى ئۇيغۇر ئېلىگە يۆتكەپ كەلگەن.

چېن چۈەنگو ئۇيغۇر ئېلىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تارىختا كۆرۈلۈپ

باقمىغان قاتتىق سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندۇرغان. مىنىڭ قارىشىمچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقىدەك بۇنداق قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاقىتىنى يوق قىلىپ، ئۇلارنى رادىكال مېڭىشقا ۋە زوراۋانلىق قوللىنىشقا قىستاش. بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتلاردىكى ئادەم سانىنى ۋە كۈچىنى كۆپەيتىپ تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى كۆپتۈرۈش ئارقىلىق، ئىچكى ۋە تاشقى مۇھىتنى خىتاي خەلقىگە تېخىمۇ تەھدىتلىك قىلىپ كۆرسىتىش، ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى باشقا تەرەپكە يۆتكەش، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خىتاي خەلقىنىڭ تىنچ-ئامان ياشىشىدا نەقەدەر مۇھىملىقنى ئىپادىلەش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قىلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يېتىش.

بۇنىڭ تىپىك ئىسپاتى ۋە مىسالى، خىتاي ھۆكۈمىتى 5-ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بولۇپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كۈچىنى خىتاي ئىچىدە ئالاھىدە كۆپتۈرۈپ، كۈچەيتىپ تەشۋىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا سېنىڭ تىنچلىق ۋە قانۇنى يوللار بىلەن ئۆز ھەق ھوقۇقۇڭنى قوغداش ئىمكانىيىتىڭ مۇتلەق يوق دېگەن سىگنالنى بېرىش ئۈچۈن ئىلھام توختىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، ئۇيغۇرلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلارنى بىر بىرلەپ يوق قىلىش، جىم ياتقاننى جىم ياتقۇزماسلىق ئۈچۈن، خەلقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ھەق ھوقۇقلىرىنىمۇ چەكلەش قاتارلىقلاردۇر.

ئىسلام دۆلىتى ۋە سۇرىيە كىرىزىسى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، خىتاي ھۆكۈمىتى سۇرىيەدىكى ئۇيغۇرلار سانىنى ئالدىنقى بىر ئىككى يىلدا 300 ئەتراپىدا دەپ ئېلان قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق يېقىنقى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئالدى بىلەن 3000 دىن 5000 ئەتراپىدا دەپ ئېلان قىلىپ، ئارقىدىنلا 20000 بىلەن 50000 ئارىلىقىدا ئۇيغۇر بار دەپ ئېلان قىلدى. ب ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس.

ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورت ئېلىش قىيىن بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئىچىدە ھەتتا ئۇيغۇر ئېلى ئىچىدىمۇ بىر يۇرتتىن بىر يۇرتقا بېرىشى قىيىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، شۇنچە كوپ ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبى ئاسىيا يوللىرى ئارقىلىق، ئاۋۋال تۈركىيەگە، ئاندىن سۇرىيەگە بېرىپ يەرلىشىشىگە خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن يېشىل چىراغ ئىچىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنى قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق ۋەتەننى تاشلاپ قېچىپ چىقىشقا مەجبۇرلىدى. سۇرىيە ھۆكۈمىتى يۈزلەن'گېن قىيىن ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان ئاخباراتلارنى ئېلان قىلدۇردى. بۇ ئارقىلىق خىتاي خەلقىگە كېلىۋاتقان تەھدىتنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى.

ھازىر خىتاي مەتبۇئاتلىرىدىكى خەۋەرلەرگە قارايدىغان بولساق، سۇرىيەدىكى پاجىئەلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، «دۆلىتىڭ بولمىسا، سەن ھېچنېمە ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ

قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

ئۇندىن باشقا مىنىڭ قارىشىمچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدا ئىلىپ بېرىلغان ياپونىيە ۋە كورېيەگە قارشى نامايىشلارغا كەڭ كۆلەمدە يېشىل چىراغ ئىچىپ بېرىشى، ئۇلاردىن كەلگەن تەھدىتنى چوڭ كۆرسىتىش، جەنۇبى جۇڭگو دېڭىزىدىكى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى كۆتۈرۈپ چىقىش، چېگرا رايونلاردىكى تارىختا قېلىپ قالغان زېمىن مەسىلىسىنى قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىقىش، بىر بەلۋاغ، بىر يول تاكتىكىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق خىتاي خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى كۈچەيتىش ۋە غۇرۇر تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىش قاتارلىقلارمۇ خەلقتىن ئۆزىگە كېلىۋاتقان تەھدىتنى ئازايتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

# شى جىنپىڭ نېمە قىلماقچى

(كۆرشاتئوغلى)

2017-7-2

كىرىش سوز

ۋاڭ لېچۇەننىڭ مەركەزگە يۆتكەپ كېتىلىشى بىلەن ئورنىغا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئۇيغۇر دىيارىدىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى جياڭ چۈنشەن، 2016-يىلى ئاۋغۇستتا تۇيۇقسىز ھەممە خىزمەتلىرىدىن قالدۇرۇلۇپ ئورنىغا شۇ مەزگىلدە ئوخشاش دەرىجىدە تىبەتتە خىزمەت ئۆتەۋاتقان چېن چۈەن گوۋ يۆتكەپ كېلىنگەن. يېرىم يىل ئىچىدە 15 يىلدىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئۈرۈمچىدىكى قىش مەزگىلىدە كۆك ئاسمان كۆرۈنمەسلىككە خاتىمە بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىغا قۇلايلىق يارىتىش ۋە خىتايدا تۇنجى شەخسى بلوگ ئاچقان نازىر دەرىجىدىكى خىتاي ئەمەلدارى بولۇشى بىلەن "يېڭىلىقپەرۋەر" دەپ خەلقىنىڭ قوللىشىغا سازاۋەر بولۇۋاتقان جياڭ چۈنشەننىڭ سەۋەنلىكى نېمە؟ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 16 يىل ئۇيغۇر دىيارىدا پادىشاھ كەبى ھۆكۈم سۈرگەن ۋە قاتتىق قوللۇقى بىلەن نام چىقارغان ۋاڭ لېچۇەننىڭ ھوقۇقىدىن قانداق ئايرىغان بولسا، يۇمشاق سىياسەت تۇتقان جياڭ چۈنشەننىمۇ خۇددى شۇنداق ھوقۇقىدىن ئايرىدى. شى جىنپىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى زادى قانداق تىپتىكى ئەمەلدار ئارقىلىق باشقۇرماقچى؟ ئۇنىڭ قانداق "ئۇلۇغۋار" مەقسەتلىرى بار؟ مەزكۇر يازمىدا بىز شى جىنپىڭنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە كرىزىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆرسىتىپ ئوتىمىز.

1. شى جىنپىڭ كىم (تەرجىمىھالىدىن)

ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە كرىزىسىنى كۆپ ساندىكى ئانالىزچىلار كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بيۇروكرات رېجىمىدىن كەلگەن سىياسىي كرىزىسنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلى، خىتاينىڭ دېموكراتىيەگە ئۆتۈشى بىلەن بۇ كرىزىس توگەيدۇ دەپ قارىشىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش مەلۇم ئاساسقا ئەگە بولسىمۇ، ئەمما بىرىنچىدىن، خىتاي قاچان غەرب تۇسىدىكى ئىنسانلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان دېموكراتىيەگە ئۇلىشىدۇ بىز بىلمەيمىز؛ ئىككىنچىدىن، خىتاي دېموكراتىيەگە ئاتلىغان شۇ مەزگىلگە ئۇيغۇرلار ھازىرقىدەك بىر مۇستەقىل كىملىككە ئەگە توپلام سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ ئۇلىشالامدۇ؟ بىز ئوخشاشلا بۇنىڭغا كەسىپ بىرنېمە دېيەلمەيمىز. چۈنكى ئاپتورنىڭ قارىشىچە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە نوقۇل ھالدا كۇلتۇر ياكى سىياسىي ئاسسىمىلياتسىيە بولماستىن بەلكى بىئولوگىيەلىك ئاسسىمىلياتسىيەدۇر. تۆۋەندە بىز بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ

ماھىيىتىنى بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيەنى بىزگە تېڭىۋاتقان خىتاي ھاكىمىيىتى، ۋە شۇ ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسانلارنىڭ كىملىكى ۋە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن بىز خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ كىملىكىنى تەھلىل قىلغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئالاقىدار بۇنداق بىر قانچە كىملىكىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك.

(1)　شىنىڭ قىزىل ئەۋلاد كىملىكى

شى جىنپىڭنىڭ دادىسى شى زوڭشۈن ناھايىتى ياش ۋاقتىدىلا ج ك پ غا ئەزا بولۇپ (ئۇ 13 يېشىدا خىتاي كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان ۋە 15 يېشىدا ج ك پ غا ئەزا بولغان) كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشىغا بىۋاستە كۈچ قوشقان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىشتىن بۇرۇنلا سىياسىي كۆرەشتە خىزمىتىدىن ئايرىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بولسا كۆپ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەينىڭ پەردە كەينىدە تۇرۇپ ياردەم قىلىشى بىلەن ھايات قالغان. شى زوڭشۈن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن سالاھىيىتى ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە كېيىنكى خىتاي ھاكىمىيىتىدە ئىسلاھاتچى ئاتالغان دىڭ شياۋپىڭنىڭ يېنىدا ئىشلىگەن. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى چوڭ تۆھپىسى بولسا خىتاي مەركىزى كومىتېتىغا گۇئاڭدوڭ ئۆلكىسىگە كۆپ ئىمتىياز بېرىش ۋە چەتئەلنى تەقلىد قىلىپ ئالاھىدە رايون قۇرۇپ سىرتقا ئېچىۋېتىش توغرىسىدا تەكلىپ سۇنۇشى بولۇپ، خىتاينىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش قەدىمىنى دېڭىز بويلىرىدا باشلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. شى جىنپىڭنىڭ خىتايدا چوڭ ھوقۇق تۇتالىشىدا ئۇنىڭ "قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد" كىملىكى ھالقىلىق رول ئوينىغان.

(2) شى جىنپىڭنىڭ خىتاي زىيالىيسى كىملىكى

خىتاي كۈلتۈرىدا زىيالىيلار تائىپىسى دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ۋە كۈلتۈر تۇپلىمىدا كۆرۈلمەيدىغان بىر تائىپە. ئادەتتە زىيالىي ئۇقۇمى مەلۇم جەمئىيەتتە بىلىم قۇرۇلمىسى يۇقىرى، ئەركىن تەپەككۇر ۋە مۇستەقىل خاراكتېرگە ئەگە ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىنىڭ بىرى، ئۆز كۈلتۈر ۋە تۇپلىمىغا بولغان تەنقىدىي پوزىتسىيەسى بولۇپ، بۇ خىل تەنقىدىي پوزىتسىيە خۇددى ئاغرىقنى داۋالايدىغان دوختۇرغا ئوخشايدۇ. ئەمما خىتايدا خىتاي زىيالىيلىرى مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشى پەقەت ئىمتىھان بېرىپ ئەمەلدارلىققا تاللىنىش ۋە ھۆكۈمرانغا سادىق بولۇش ئارقىلىق ئۆز نوپۇزى ۋە بايلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ۋە پۇرسىتى كېلىپ قۇدرەت تاپسا ئۆزى ھۆكۈمران بولۇش. بۇ خىتايدا ئەمەلدار تاللاش ئىمتىھانى يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ 1400 يىل ئۆتۈپ تا ھازىرغىچە خىتاي جەمئىيىتىدە داۋاملىشىۋاتقان بىلىم ئىگىلەشنىڭ تۈپ ماھىيىتى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. خىتايدا ئاۋام پۇقرا ئارىسىدا مۇنداق گەپ بار، خىتايدا ئىككىلا تۈرلۈك ئادەم مەۋجۇت بولۇپ، بىرى تەختىراۋاندا ئولتۇرغۇچىلار

قالغىنى بولسا تەختىراۋان كۆتۈرگۈچىلەردۇر. شۇ سەۋەبتىن خىتاي خەلقى ئىمتىھان ئۈچۈن تىرىشىمىغان بالىسىغا بېرىدىغان تەربىيەسى بولسا، تىرىشىپ ئوقۇمىساڭ تەختىراۋان كۆتۈرگۈچى بولىسەن دېيىش.

ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئەمەلدار بولۇش پەقەت ئىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بىر ئەمەلدار بولغان خىتاي زىيالىيسى بىر ھاكىمىيەت ئاستىدىكى ئوخشىمىغان مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىگە ئارىلاشمىسا يۇقىرى ئۆرلەش ئەمەس، بار بولغان مەنسىپىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلدار سورۇنىدىكى كۈرەشكە ئىشلىتىش خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ كەسپى بولۇپ قالغان. ئۇلار ئۆزى كۈچەپ ھوقۇق مەنسەپ ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندىن سىرت، ئەتراپىغا ئىشەنچلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى يىغىپ گۇرۇھ شەكىللەندۇرۇش ئارقىلىق بىر بىرى بىلەن تىركەشكەن. ئۆزى ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئورۇنغا بولسا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن "ئىقتىدارلىق" دەپ قارىغان زىيالىيلارنى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدا بولسىمۇ ئىزدەپ تېپىپ، شۇلارغا دەسمايە سېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى مەنسەپكە يۆلەپ چىقىرىش ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى ساقلىغان. سوڭ پېڭنىڭ خۇ جىنتاۋنى يۆلەپ ئاخىرى باش رەئىسلىك ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇشى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان ئەمەل سورۇنىدىكى ھىيلە-مىكىرلىرى ۋە "ئەقىل-پاراسەتلىرىنى" ئەڭ ئەينەن ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغىنى تەخمىنەن بۇندىن 100 يىل بۇرۇن خىتاي زىيالىيسى لى زوڭۋۇ تەرىپىدىن يېزىلغان "قارا قېلىن پەلسەپىسى[ "]厚黑学ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بىر خىتاي زىيالىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاي تارىخىنى يەكۈنلەپ، خىتاينىڭ 24 تارىخىدىكى مەيلى "خەلقپەرۋەر ھۆكۈمران" بولسۇن ۋە ياكى "ۋەتەن سۆيەر قەھرىمان" بولسۇن ھەممىسىنىڭ ياكى كۆڭلى قارا ياكى يۈزى قېلىن كېلىدىغانلىقىنى، خىتاي كۇلتۇر دائىرىسىدە چوڭ بولغان ھەر قانداق شەخسنىڭ كۆڭلىگە پۈتكەن مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قارا، يۈزىنىڭ قېلىن بولۇشى شەرت ئىكەنلىكىنى يازغان. ئۇ ئۆز كىتابىدا يەكۈنلەپ خىتاي تارىخىدا بارلىق داڭلىق شەخسلەرنىڭ قارىلىق ۋە قېلىنلىقىنىڭ دەرىجىسىگە قارتا ئۆز ئۇتۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى، قارا ۋە قېلىنلىقتا پەللە بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى "قارىلىقتا رەڭسىز، قېلىنلىقتا سۈزۈك[ "]黑而无色，厚而透明بولۇش كېرەكلىكىنى، يەنى يۈرىكى قارا بولسىمۇ ئۇنى باشقىلارغا ھەرگىز بىلدۈرمەسلىك ۋە قارا يۈرگىنى ياخشى ئىشلار بىلەن يوشۇرۇپ ھەرقانداق بىر ئىنساننى ئالدىيالايدىغان بولۇشى كېرەكلىكىنى، يۈزى قېلىن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە، باشقىلارغا ئۇنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزنى ئاق كۆڭۈل، كۆڭلى يۇمشاق پەرىشتە قىلىپ كۆرسىتەلەيدىغان بولۇش كېرەكلىكىنى يەكۈنلىگەن. كېيىنكىلەر بۇ كىتابنى قايتا نەشرگە تەييارلىغاندا ماۋ زېدۇڭنى "قارا -قېلىن" پەلسەپىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالىغان دەپ باھا بەرگەن. بىر قىسىم خىتاي پۇقرالىرىمۇ بۇ كىتاب ئەمەلىيەتتە خىتايلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئىش قىلىش پىرىنسىپىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن دەپ قارايدۇ. بىز خىتاينىڭ دۇنياغا داڭلىق "36 تەدبىر" نى ئانالىز قىلىپ كۆرسەكلا، باشقا ئىنسانلار توپلىمى ئۆز مەدەنىيىتى ۋە كۇلتۇرىدا ئىنسانىيلىقنى ئاساس دەپ ئەتراپ قىلىدىغان، ئادىمىيلىكنى ھۆرمەتلەش، ياخشىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئېتىقاد قاتارلىقلارنىڭ

ھەممىسىنىڭ، خىتايدا پەقەت ئەمەلدار سورۇنىدىكى زىيالىيلارنىڭ بىر-بىرىنى پۇتلاش ۋە يىقىتىش ئۈچۈن، ۋە ئۆز يۈرىكىدىكى قارا -كۆڭۈل پەلسەپىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ۋاستە ۋە ياكى قورال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. شى جىنپىڭ دەل "قارا كۆڭۈل پەلسەپىسى" نى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكۈزگەن ۋە ئەمەلىيىتىدە شۇ ئارقىلىق ئۇتۇق قازانغان بىر خىتاي زىيالىيسى.

خىتاي تارىخىدا ئۆگىتىلىۋاتقان ئاخىرقى سۇلالە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن خىتايدا فېئوداللىق سۇلالىنىڭ داۋاملىشىشىغا خاتىمە بېرىلگەن دېگەنگە، بولۇپمۇ خىتاي كومپارتىيە ھۆكمىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ماۋ زېدۇڭ قۇرغان "يېڭى جۇڭگو" ماھىيەتتىن يەنىلا بىر فېئودال خانلىقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پادىشاھ كەبى رەئىسى بار، ئەمەلدارلار ئەمەلدار تاللاش ئىمتىھانلىرىدا تاللىنىلغان، خانغا سادىق بولۇش ھېسابىغا ھوقۇق ۋە بايلىق كويىدا يۈرگەن زىيالىيلاردۇر. بۇ زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدا خاننىڭ ئەڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلەيدىغان زىيالىي يەنىلا ئۇنىڭ ئۆز ئەۋلادىدىن يېتىشىپ چىققانلار. شى جىنپىڭ بولسا دەل "يىلتىزىدىن قىزىل" بىر زىيالىي.

شى جىنپىڭ دادىسىنىڭ يىقىلىشى بىلەن بىللە ھەممە نېمىسى تەل تۇرمۇشتىن موللاق ئەتىپ ئەڭ تۆۋەنگە "چېنىقىشقا" چۈشۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ تۆۋەن قاتلامدا يېزا ئەمەلدارلىرىنىڭ مەسخىرە ۋە بوزەك قىلىشلىرىغا ئۇچرىغان. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە سېلىپ يۈرگەن. باشقا قىزىل ئەۋلادلاردىن پەرقلىقى، ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي ئوتكەن، ئوقۇشتا تىرىشقان. بايلىققا ۋە قىز-چوكانلارغا ئىنتىلمىگەن، ھەر ئىشتا ئېغىر بېسىق بولغان. شى بۇ مىجەز-خۇلقى بىلەن كىچىكىدىن ئارىلىشىپ بىللە ئۆسكەن، دىڭ شاۋپىڭنىڭ قىزى، لى شىيەنىيەننىڭ ئوغلى دېگەندەك قىزىل ئىككىنچى ئەۋلادلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن. جاڭ زېمىن ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن دىڭ شاۋپىڭ بېكىتكەن ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولىدىن چەتنىشى، ئەمەلدار سورۇنىدىن ئايرىلغان دىڭنىڭ قاتتىق غەزۋىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن دىڭ شاۋپىڭ 1992-يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن ئىسلاھات ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەسلىك بىلەن جىنئاڭنى ئاگاھلاندۇرغان. دىڭ شاۋپىڭ ھەتتا جاڭ زېمىننىڭ ئۆزىگە ئىزباسار تەيىنلىشىنى چەكلەپ، خۇ جىنتاۋنى باش رەئىس ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلىگەن. جاڭ زېمىن بولسا ھەربىي ۋە مەمۇرى ئورۇنلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىگە، ئۆزىگە سادىق ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خۇ جىنتاۋ رەئىس بولغاندا ھېچ ئىش تەۋرىتەلمەيدىغان قورچاق رەئىس قىلىپ قويغان. بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولسا 2009-يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى «ۋەنچۈئان چوڭ يەر تەۋرەش» تە، خۇ جىنتاۋ نەق مەيدانغا ياردەم بېرىشكە ھەربىي دائىرىلەرگە يوليورۇق بەرگەن بولسىمۇ بىرمۇ ئەسكەرنى يۆتكىيەلمىگەن. ئەينى چاغدا خىتاي مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋىرىدە سابىق باش مىنىستىر ۋېن جىباۋنىڭ ھەربىي قىسىمغا گەپ ئۆتكۈزەلمەي تېلېفوننى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىشىدەك غەلىتە خەۋەرمۇ بېرىلگەن. خۇ جىنتاۋ ئۆزىگە ئىز باسار تىكلەش ئىشىدا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۆز ئادىمىنى ئىزباسار قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان جاڭ زېمىن بىلەن تىركىشىپ قالغان. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە قىزىل ئەۋلادلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى قوغدىيالايدۇ دەپ ھېسابلاپ شى جىنپىڭنى مەركىزىي بيۇروغا دائىمىي ھەيئەت بولۇشى ۋە ئاخىردا باش رەئىس بولۇشىغىچە يۆلىگەن.

### (3) شى جىنپىڭنىڭ كۇلتۇر كىملىكى

بۇ يەردە خىتاي زىيالىيلىرىنى شۇنداق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىرىۋاتقان شۇ كۇلتۇر ھادىسىسىنى ئانالىز قىلىش تولىمۇ مۇھىم. ئادەتتە خىتاي كۇلتۇرى ئۆزىنىڭ سۇمۇرگۇچىلىك ۋە ئاسسىمىلياتسىيە كۈچىنىڭ زورلۇقى بىلەن كۆپلىگەن خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ قايسى دۆلەتتە بولسۇن «تاڭلىقلار كوچىسى» دېگەن يەرگە بارسىلا ئۇ يەردىكى مەينەتچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق ئادەمنى خۇددى خىتاينىڭ بىر شەھىرىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ. خىتاي خەلقىنىڭ دۇنيانىڭ نەرىگە كۆچسۇن ئاسان ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، ئەكسىچە يەرلىك جەمئىيەت ۋە كۇلتۇرغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز ۋە كورىمىز. بىر تىپىك مىسال شۇكى، ھېلى(ilix) يىللار بۇرۇن ئامېرىكىدا كىشىلەر تاللا بازىرىدا مېۋە-چېۋە ۋە كۆكتاتلارنى ئالغاندا قولغا چىققاننى ئالدىغانلىقىنى، تاللاپ-ئىلغاپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى، ئەمما كېيىن خىتايلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ شۇلارنى دوراپ ھەممە نەرسىنى تۇتۇپ تاللاپ ئالدىغان يەرلىكلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى دەل خىتايلارنىڭ چەت-ئەلدىكى تور بەتلىرىدىكى يازمىلىرىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋايساشلىرىدىن ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. خىتايدىكى مىللەتلەر مۇستەقىل تىل ۋە ئېتنىك كىملىكى بىلەن 56 گە ئايرىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىل كىملىكى بار خىتايدىن باشقا چوڭ مىللەتلەردىن ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەرلا قالدى.

خىتاي كۇلتۇرىدىكى بۇنداق سۇمۇرگۇچى كۈچنىڭ يادروسى زادى نېمە دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما نوپۇزلۇق خىتاي تەتقىقاتچىلىرى بۇنى خىتاي يېزىقىغا باغلايدۇ. خىتاي يېزىقى ھازىرقى دۇنيادا بىردىن-بىر ئىستېمالدىن قالمىغان مورفېما يېزىقى(شەكلى ئۆزگەرگەن ئېروگلىف يېزىقى دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىق) بولۇپ، بۇ خىل يېزىق شەكلى ئىنسان تەپەككۇرىنى مەلۇم بىر كاتېگورىيە ئىچىدە قۇلۇپلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرچە ۋە ياكى ئىنگلىزچە تىللاردا مەلۇم ساندىكى ھەرپنى ئۆگىنىپ بولۇپ گىرامماتىكا قائىدىسى بويىچە ھەرپلەر قوشۇلۇپ سۆز، سۆز قوشۇلۇپ جۈملە بولىدۇ. يەنى، ھەرپ يېزىقى ئىشلىتىدىغان ئىنسانلار ھەرپ ئۆگىنىپ بولۇپلا ئابستىراكت سۆزلۈكلەرنى يازالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. ئەمما خىتاي تىلىدا ھەرپ مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت ھەر بىر تاق سۆزلۈكنى ئىپادىلەيدىغان خەت بار، خىتايلار بۇ خەتلەرنى (سۆزلۈكلەرنى) بىردىن-بىردىن تەقلىد قىلىپ يېزىشنى (توغرىسى سىزىشنى ياكى ياساشنى) ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ يەردىكى ئۆگىنىشتە تەقلىدچىلىك ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ يېزىق ئارقىلىق تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرگەن ئىنسان ئابستىراكت تەپەككۇرغا ئىنتايىن ئاجىز كېلىدۇ. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن «ئىشچان خىتاي خەلقىنىڭ باشقىلار ئىجادىيىتىنى ئەينەن تەقلىد قىلىپ ياسىيالايدىغان» ئەمما ئۆز ئىختىراسى ئىنتايىن ئاز بولۇش سەۋەبىنى بىرگە يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل يېزىقنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن كۇلتۇر ئىنساننىڭ ئىنسانىي ھۆرلۈك ۋە ئەركىن تەپەككۇر قىلىشىنى زىيانلىق دەپ تەرغىب قىلىدۇ ۋە بۇ جەھەتتىن ئىنسانغا «مېنىلا تەقلىد قىل، يېڭىلىق ياراتما» دەيدىغان تەلىماتنى تاڭىدۇ.

ئادەتتە كۇلتۇر ۋە ئىدېئولوگىيە شۇ ئىنسان توپىنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغاندىن

كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ خىل كۇلتۇر ۋە ئىدېئولوگىيە داۋاملىق ئۆز ئىچىدىن ياكى سىرتتىن باشقا كۇلتۇرلاردىن ئوزۇق ئېلىپ تولۇقلىنىپ تۇرۇشى، ئەكسىچە شۇ ئىنسان توپلامىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغقاندا بولسا جىددىي ئىسلاھات قىلىنىشى ياكى ئىستېمالدىن قېلىشى كېرەك. بۇ يەردە بىز كېسىپ ئېيتالايدىغان بىر يەكۈن شۇكى، كۇلتۇر ئەزەلدىن ئىنسان تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ئۇ ئىنسان (توپلىمى) غا بويسۇنۇشى كېرەك. بۇ ئىنسانىيەت تەرەققىيات داۋامىدىكى كۇلتۇر بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى.

ئەمما خىتاي جەمئىيىتىدە بولسا ئىنسان توپلىمى بۇ كۇلتۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، يەنى كۇلتۇرنىڭ قۇلى بولۇش ھېسابىغا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋام ئېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خىتاي جەمئىيىتىدە ئەزەلدىن دىن، يەنى ئىنساننى ياراتقان بىر تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنى تەرغىب قىلىدىغان ئېتىقاد ياكى ئىدېئولوگىيە مەۋجۇت بولمىغان ھەم مەۋجۇت بولۇشىغىمۇ يول قويۇلمىغان. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى، دەل خىتاي كۇلتۇرى ئەنە شۇ ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەنلىكىدە. ئۇ مەيلى ئۆز ئىچىدىن چىققان بولسۇن ۋە ياكى چەتتىن كىرگەن بولسۇن، ئەزەلدىن دىنىي ئېتىقادنىڭ يىلتىز تارتىشىغا ۋە تارقىلىشىغا ئىمكان بەرمىگەن. خىتاي كۇلتۇرىدىكى ئۆز ئىچىدىن يارىتىلغان تاۋسىم تەلىماتىنىڭ بوغۇلۇشى ۋە تەڭ دەۋردىكى كۆڭزى تەلىماتىنىڭ كېڭىيىپ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە بولۇپ قېلىشى شۇنىڭ تىپىك مىسالى. كوڭ زى تەلىماتىنىڭ كېڭىيىشىدىكى تۈپ سەۋەب بولسا، دەل بۇ ئىدىيە بىلىمى بار كىشىلەرنى ھۆكۈمران ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەرغىب قىلىپ، ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدىن بولغان. شۇ سەۋەبتىن خىتاي كۇلتۇر چەمبىرىكى ئىچىدە خىتاي خەلقىنى «تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇچى ۋە ياكى تەختىراۋان كۆتۈرگۈچى» دېگەن ئىككىلا تائىپىگە ئايرىپ، بىر-بىرىگە بېقىنىپ ياشايدىغان مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۇرگەن. ھوقۇق تۇتقان خىتاي زىيالىيلىرى بولسا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى "پەلسەپىۋى ئاساس" لار بىلەن قوللايدىغان بۇ كۇلتۇرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرغىب قىلىپ ئۇنى قوللاپ كەلگەن.

بۇ خىل ئەھۋال بۇ خىل كۇلتۇرنىڭ قوللىشى بىلەن ھۆكۈمران ئورنىغا ئۆتكەن خىتاي زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئېنىق بولۇپ بۇ كۇلتۇرغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدىغان ھەرقانداق شەيئى مەۋجۇت بولماسلىقى، يەنە ئوچۇقراق ئېيتقاندا «ئەركىن پىكىر ۋە مۇستەقىل خاراكتېر» مەۋجۇت بولماسلىقى، بولۇپمۇ «ياتلار» بۇ كۇلتۇر ئىچىدە مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك. بۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن خىتايلار تارىختىن بېرى ئۆز ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا كەلگەن ئۆزگىچە ئىنسان توپلىمى ياكى كۇلتۇرنى «ياتتىن» «ئۆزگە» ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. يەنە خىتاي زىيالىيلىرى تارىختىن بېرى تەكىتلەپ تۇرىدىغان «ئۆزى ياتنىڭ كۆڭلى يات[非我族类，其心必异]» دەيدىغان چۈشەنچىسىدىن بۇ كۇلتۇرنىڭ «ياتلار» دىن قورقىدىغان، «ياتلار» نى پاتۇرمايدىغان ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز.

خىتاي كۇلتۇرىنىڭ ئۆز يېزىقىدىكى بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن ئوزۇق ئالغان تەپەككۇرى بويىچە، ئۆزگە ئۇلاشقان ياكى ئۆزگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەرقانداق مىللەت ۋە ياكى كۇلتۇرنى ئۆزگە سۈمۈرۈپ ئاخىردا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ كەلدى. بۇ قانداقتۇر خىتاي كۇلتۇرى باشقا كۇلتۇرلاردىن

ئەۋزەل ۋە ئالىي بولغانلىقىدىن ئەمەس، ئەڭ مۇھىم سەۋەب، خىتاي كۇلتۇر جەمئىيىتىگە ھۆكۈمران بولغان يات تائىپە ۋاقتى كەلگەندە ئۆز ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىق تالىشىش كۈرەشلىرىدە كىم خىتاي كۇلتۇرىدىكى ھىيلە-مىكىر رەزىللىكىنى قانچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنسە ۋە ئىشلىتەلىسە، شۇ تەخت تالىشىش كۈرىشىدە يېڭىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان. ئۇلار شۇنداق بىر ئىچكى سەۋەبتىن خىتاي كۇلتۇرغا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىمۇ بۇ كۇلتۇرنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ۋە ئاخىردا پۈتۈنلەي يوقاپ كەتكەن. بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى موڭغۇللار ۋە مانجۇلاردۇر. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۆكۈمران بولغان موڭغۇللار ۋە مانجۇلارنىڭ بۆلىكى شۇ پېتى ھۆكۈمران قاتلىمىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان موڭغۇلىيە (خىتاينىڭ كونتروللۇقىدىكى ئىچكى موڭغۇل) ۋە مانجۇرىيە خىتاينىڭ ئاھالە كۆچۈرۈش تاكتىكىسى بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. مانجۇرىيەنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان شەخس بولسا 1911-يىلدىكى شىن خەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شەرقىي-شىمالنى قولغا كىرگۈزۈپ يەرلىك پادىشاھ بولغان چوڭ مىللەتچى جاڭ زو لىن بولۇپ، ئۇ شەرقى-شىمالغا ئىچكىرىدىن زور تۈركۈمدە خىتاي ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ مانجۇلارنى ئاز سانلىققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئاخىردا شەرقىي-شىمالنىڭ پۈتۈنلەي خىتايلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇنىڭدىن بىز خىتاي كۇلتۇرىدە قايسى زامان، قانداق خىلدىكى ھۆكۈمران بولسۇن، خىتاي زىيالىيسىلا بولىدىكەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ياتلارنى يوقىتىش ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

خىتاي كۇلتۇرى ئىنسان پىسخىكىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ دىنىي ئىنكار قىلىدىغان بۇ كۇلتۇر تەربىيەلەپ چىققان خىتايلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئانالىز قىلساق، بۇ كۇلتۇردا يۇيۇنۇپ چىققان ئىنسان يۈكسەلگەندە ئۆزنى ياراتقۇچى ئورنىغا قويۇپ خۇدنى بىلمەي قالسا، گۇمرانلىققا يۈزلەنگەندە بولسا ئىتتەك خارلىنىپ قۇلدەك ياشاپ ئۆتۈشكە تەييار. بىز ئۇيغۇرلارغا ئەڭ تونۇش بولغان خىتاي كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى «مەرد-ئەزىمەتلەر»، «جاھانكەزدى-قەھرىمانلار» نىڭ مەرد-باتۇر ئاتىلىش تارىخىنى يېشىپ كۆرسەك، بىزنىڭ كۇلتۇر قاراشلىرىمىزدا مۇناپىقلىق، قورقۇنچاقلىق ھېسابلىنىدىغان ئۆلچەملەر خىتاي كۇلتۇرىدە ئۇنىڭ ئەكسىنى(تەتۈرىنى) بىلدۈرىدۇ. مىسالغا بىز جىن ياڭ گاڭ داۋىنىدا يولۋاسنى مۇشتلاپ ئۆلتۈرگەن ۋۇ سوڭ نىڭ ئەمەلىيەتتە ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ خۇدنى بىلمەي يولۋاسنى مۇشتلاپ قويغانلىقىنى، مەستلىكتىن يېشىلىپ ئويغىنىپ يېنىدا ياتقان يولۋاسنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى «سۇ بويىدا» رومانىدا ئوقۇغان ئىدۇق. يەنە ئەينى كىتابتا شۇ باتۇرلار چوقۇنۇپ ئۆزلىرىگە ئاتامان سايلىغان «شىپالىق يامغۇر» سۇپەتلىك سوڭ جىئاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، شۇنداق كۆپ باتۇر چوقۇنىدىغان بۇ قەھرىمان يامۇلدىن تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەنلەردىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن ساراڭ بولۇۋېلىپ ئازگالدا نىجاسەت يېگەن. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» رومانىدا بولسا ساۋ سائو ئۆيگە كەلگەن ئەزىز مېھماننى كۈتۈشكە ئۆز خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ غىزا ئەتكەن. بىز بىلىدىغان باشقا كۇلتۇر بۇنى شەرەپسىزلىك، نومۇسسىزلىق دەپ بىلگەن بىلەن، خىتاي كۇلتۇردە بۇ ۋاستە تاللىماسلىق بىلەن مۇددىئاغا يەتكەن ھەقىقىي قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ.

بەزىلەر بۇ دەۋردىكى خىتايلار غەربىنىڭ مودېرنىزمىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگەردى دەپ ئويلىشى تەبىئىي. ھازىرقى خىتاي زىيالىيلىرى ئۆزگەردىمۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىدىكى زىيالىيلىرىچۇ؟

بىز بۇنى كېيىنكى مەزمۇنلاردا يەنىلا شى جىنپىڭنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق بىلەلەيمىز.

2. شى جىنپىڭ نېمە قىلماقچى

(1) شى تەختكە چىقىشىنىڭ ئالدىدىكى كۆلتۈر ھادىسىلەر

2002-يىلى خىتايدىكى داڭلىق رېژىسسور جاڭ يىموۇ خىتاينىڭ كىنو چولپانلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ «قەھرىمان [[英雄»فىلىمىنى ئىشلەپ تارقاتقان. بۇ فىلىم خىتاي دۆلىتى ئىچىدە زور ئالقىشقا ئېرىشىپ تاپاۋىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان تۇنجى فىلىم بولۇپ قالغان. خىتاي رېژىسسورى جاڭ يىمونىڭ «قەھرىمان» فىلىمى ئەكس ئەتتۈرگەن قەھرىمان ئوبرازى كىم؟ فىلىمدا زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ خەلقنى يۆلەيدىغان بىر نەچچە چامباشچى، قانخورلۇق ۋە خەلققە زۇلۇم سېلىش بىلەن نام چىقارغان چىن شى خۇئاڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ھەمكارلىشىپ ئارىسىدىكى بىرىنى قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىدىكى چىن شى خۇئاڭغا يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگەندە ئۇ ئەكسىچە چىن شى خۇئاڭنى ھەقىقىي قەھرىمان ھېسابلاپ ئۆلتۈرمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى خىتاي رېژىسسورى جاڭ يوروۇتقان خىتاي كۆلتۈرى مەدھىيەلەيدىغان قەھرىمان قارا نىيەت بولسۇن، زوراۋان قانخور بولسۇن، ياتلارنى يوقىتىپ خىتاي دۆلەتنىڭ تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتكەن بولسىلا شۇ ھەقىقىي قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ. 2002-يىلى بۇ فىلىم قويۇلغاندا خىتايدا جىئاڭ زېمىن دۆلەت رەئىسى ئورنىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ خۇ جىنتاۋغا ھەربىي ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن. ۋە شۇنىڭدەك ئۆزى تەختتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن، خىتاي زىيالىيلىرى خىتاي زېمىنى دەپ تالىشىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقى شىمال چېگراسىدىكى بىر قىسىم زېمىنلارنى، چېگرىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان چېگرا شەرتنامىسىنى ئىمزالىغان ئىدى. جىئاڭ يى موئۇدەك بىر سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىتاي زىيالىيسىنىڭ بۇ فىلىمنى شۇ ۋاقىتتا ئىشلىشىنىڭ كۈچلۈك سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار بولۇپ، ئۇ بۇ فىلىم ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمران سىنىپىغا خىتاي كۆلتۈرىدە قانداق كىشىنىڭ ھەقىقىي مىللىي قەھرىمان بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

2007-يىلى خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆپ قىسىملىق تارىخىي تىياتىر «مەقسەتلەر ئۈچۈن ئاچچىق يۇتۇش卧薪尝胆) بۇ ئىدىئومنى شاھ-شۇمبا ئۈستىدە يېتىپ ئوت يالىماق دەپ تەرجىمە قىلغانلارمۇ بار)» نى كەڭ تەشۋىقاتلار بىلەن قويدى. بۇ فىلىم خىتاينىڭ ئەمەنىيە يىغلىق دەۋرى ( (春秋战国时期دىكى ۋۇ دۆلىتى بىلەن يۈۋ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشىدىغان يۈۋ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى گوئۇ جەن نىڭ تارىخى كەچۈرمىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. گوئۇ جەن دۈشمىنىنى سەل چاغلاپ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ۋۇ پادىشاھىغا ئەسىر چۈشىدۇ. ئۇ پادىشاھ تۇرۇپمۇ ۋۇ پادىشاھىغا ئەسىر چۈشكەندە جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قۇل بولۇپ ئۇنىڭ ئاتلىرىنى باقىدۇ. ئۇ ھەر خىل پۇرسەتلەرنى يارىتىپ كۈندۈزى ۋۇ پادىشاھىنىڭ كۆڭلىنى ئالسا كەچتە ئېغىلغا قايتىپ، ئۇخلاش ئالدىدا تورۇسقا ئېسىپ قويغان مالنىڭ ئاچچىق ئوتۇنى ئېغىزىغا سېلىپ شوراپ قىساسىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەتتا بىر قېتىم ۋۇ پادىشاھى ئاغرىپ

قالغاندا ئۆزىنىڭ ئانا مىراس بىر دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋۇ پادىشاھنىڭ تەرەت قاچىسىدىكى تەرىتىنى ئېغزىغا سېلىپ تېتىپ، پادىشاھنىڭ ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كېيىن ۋۇ پادىشاھى ساقىيىپ كېتىدۇ ۋە گوئۇ جەنگە تىخمۇ ئىشىنىپ ئاخىرى ئۇنى ئازاد قىلىدۇ. گوئۇ جىئەن بولسا قايتىدىن ئۆز كۈچىنى تولۇقلاپ 20 يىلدىن كېيىن ۋۇ پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلىپ قىساسىنى ئالىدۇ.

2007-يىلى بۇ فىلىم قويۇلۇشقا باشلىغاندا شى جىن پىڭ نەدە نېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى؟ بۇ ۋاقىتتا شى خىتايدا زور تەسىر قوزغىغان شاڭخەي شەھىرىنىڭ رەھبىرى چېن لىئاڭيۇ ۋەقەسىنى بېسىقتۇرغان ۋە خىتاينىڭ مەركىزى سىياسىي بيۇروسىنىڭ قارار بېرەلەيدىغان ئەڭ ھوقۇقلۇق 9 كىشىلىك ھەيئەتنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولسىمۇ تېخى ئەڭ ئالىي ھوقۇقدار ئەمەس ئىدى. يۇقىرىدىكى فىلىمنىڭ شى جىنپىڭ تەختكە رەسمىي چىقىشىنىڭ ئالدىدا سۇرەتكە ئېلىنىپ قويۇلۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس. چۈنكى شۇ چاغدا سابىق خىتاي باش رەئىسى جىئاڭ زېمىن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ دۆلەت ئىچىدە خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋنىڭ خىزمەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان، «فا لۇن گوڭ» چىلار نامىدا ئۆزگە نارازى خىتاي زىيالىيلىرىنى داۋاملىق ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق باستۇرۇۋاتقان؛ سىرتقا بولسا ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ دۆلەت چېگراسىنى ئايرىپ توختام تۈزۈپ «ۋەتەن ساتقۇچ خائىن» نامىدا خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ تۇرغان مەزگىللەر ئىدى. شۇ چاغدا جىئاڭ زېمىن ھوقۇقتىن چۈشكەن بولسىمۇ ئەمەلىي ھوقۇقدار، خۇ جىنتاۋ باش رەئىس بولسىمۇ قورچاق ھالەتتە ئىدى. خىتاي زىيالىيلىرى بۇ ئىككىسىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە خىتاي ئۈچۈن ھەقىقىي ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغان «قەھرىمان» ئىزدەپ ئاخىرى دىققىتى شى جىنپىڭغا مەركەزلەشكەن ئىدى. شۇ چاغلاردا بۇ خىل «قەھرىمان» بولۇش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن باشقا بىر قانچە نامزات بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاشلا قىزىل ئەۋلادتىن بولغان تېخى قىزىل بولغاندىمۇ شى جىنپىڭدىن قېلىشمايدىغان بوشلەي بار ئىدى. ئەمما بوشلەي ئۆزىنىڭ قارىلىقىنى يېڭى خوتۇن ئۈچۈن سابىق خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئاشكارىلاپ قويسا، قېلىنلىقىنى باشباشتاق بالىسى بىلەن كېيىنكى خوتنى ئارقىلىق ئاشكارىلاپ قىزىل ئەۋلادلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. شى جىنپىڭ بولسا ئۇن-تىنسىز ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئۇلار ئۆزىدەك قىزىل ئەۋلاد بولمىغان ۋە ئۆزىدەك جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرمىگەن «تېگى پەس» لەردىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا گەدىنىنى ئېگىپ يۈردى. چۈنكى ئۇ 2007-يىلدىكى فىلىمنى ئۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن سەھرالاردا يېزا باشلىقلىرىنىڭ مەسخىرىلىرىنى ئاڭلىغاچ كىتابلاردىن ئوقۇپ بىلگەن ئىدى.

خىتاي زىيالىيلىرى بىر-بىرىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگۈچىلەر. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئۆمۈچۈك توردىنمۇ بەتتەر مۇرەككەپ بولۇپ ئوخشاش قازاندا قايناپ چىققانلىقى ئۈچۈن بىر–بىرىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەختىراۋان كۆتۈرگۈچى زىيالىيلار بولسىمۇ كەلگۈسىدە كىمنىڭ تەختىراۋاندا ئولتۇرالايدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلالايدۇ.

خۇددى سىنگاپورنىڭ سابىق پرېزىدېنتى لى گۇئاڭياۋ دېگەندەك شى جىنپىڭ باشقىلار ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان گەپ قىلسىمۇ يەنىلا كۆلۈمسىرەپ تۇرالايدىغان بىر شەخس، يەنە ئۆز ئىچىدە

ئۇيلىغانلىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەيدىغان بىرى ئىدى.

شى جىنپىڭ ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق خورلۇقلارغا خۇددى يۆمەملىكتىنىڭ پادىشاھى گوئۇ جىئەندەك ئىچىگە سىڭىپ بىلىندۈرمىگەن. شۇ سەۋەبتىن تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى قىزىل بولمىغان ئەكسىچە دادىسى ياپون ئۇرۇشىدا خائىن سانالغان جىئاڭ زېمىننىڭ خىزمىتىنى ئۈن-تىنسىز ئىشلىگەن بولسا، ئوخشاشلا قىزىل ئەۋلاد بولمىغان، ۋە ھوقۇقىدىن ئايرىلغۇچە جىئاڭ زېمىننىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالمىغان قورقۇنچاق خۇ جىنتاۋنىڭ خىزمىتىنىمۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي قىلغان. «قارىلىقتا رەڭسىز، قېلىنلىقتا سۈزۈك» پەللىسىگە يەتكەن خىتاي زىيالىيسى شى جىنپىڭ ئاخىرى ئەڭ ئالىي ھوقۇقدار بولدى.

(2) شى جىنپىڭنىڭ پىلانلىرىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

2012-يىلى 2-ئاينىڭ 29-كۈنى شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ «جۇڭگو چۈشى» نى تۇنجى قېتىم سىرتقا ئاشكارىلىغان. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغىنىغا ئەمدى ئىككى ھەپتە بولغان ئىدى. شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو چۈشى «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغۋار گۈللىنىشى» بولۇپ شى جىنپىڭ بۇنى سابىق پرېزىدېنت باراك ئوباماغا بولغان چۈشەندۈرۈشى «ئىچىگە قارىتا دۆلەت قۇدرەتلىك، مىللەت روھلۇق، خەلق باي. سىرتقا قارىتا بولسا ھەمكارلىق، تەرەققىيات، تىنچلىق، تەڭ يېڭىش» بولغان. ئەمما شىنىڭ "جۇڭگو چۈشى" دېموكراتىيە چۈشىمۇ؟ دېگەندە سوئال تۇغۇلىدۇ. خىتايدا دېموكراتىيە ئاۋانگارتى ھېسابلىنىدىغان جەنۇبى جۇڭگو ھەپتىلىك گېزىتى [ 南方周末] شىنىڭ «جۇڭگو چۈشى، ئاساسىي قانۇن چۈشى» دەپ ئىزاھات بەرگىنىدە ئېغىزى دەرھال تۇۋاقلانغان.

شى جىنپىڭ تەختكە چىقىپلا باشلىغان ئىش-پائالىيەتلىرى خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆزەتكۈچىلەرنى خېلىلا گاڭگىراتتى. ئۇ تەختكە چىقىپلا ئۆزىگە يېڭى-يېڭى ناملارنى بېرىپ مەمۇرى، ھەربىي ۋە ئىدېئولوگىيە تەرەپتىكى ھوقۇقلارنى يۇقىرى دەرىجىدە ئۆز قولىغا يىغدى. خىتاي سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، بىر پارتىيە تۈزۈمىگە قارشى دېموكراتچى خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ شىنى تەختكە چىقىشتىن بۇرۇنلا «سىياسىي ئىسلاھاتچى» دەپ تەرىپلىشىنىڭ ئەكسىچە، شى ئاساسىي قانۇن ئاساسىدا دۆلەت باشقۇرۇشنى ياقلايدىغان بىر قىسىم ئىلغار ئىدىيەلىك خىتاي زىيالىيلىرىنى سوتلىدى ۋە تۈرمىگە تاشلىدى. ئەمما شىنى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى دېگۈچىلەرگە قارىتا شىنىڭ ئېلىپ بارغان سىياسىي ھەرىكەتلىرى تەخمۇ جىددىي بولدى. ماۋ زېدۇڭنى تەرىپلەپ قىزىل سىياسەتنى ئالقىشلايدىغان بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى قانچىلىك چوڭقۇر ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئۇلارنى جازالىدى. ئۇنىڭ پارىخورلۇققا قارشى ھەرىكىتى ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا، ۋە «يولۋاس بىلەن چىۋىنى تەڭ ئۇرۇش» سىياسىتى، ۋە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىپ چەتكە قاچقان ئەمەلدارلارنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ سوتلاۋاتقان «تۈلكە ئوۋلاش ھەرىكىتى» خىتاي خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. شىنىڭ بۇنداق ئىككىلا تەرەپنى باسىدىغان سىياسىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇ بىر ئىسلاھاتچىمۇ ياكى بيۇروكراتمۇ؟

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خىتاي كۈلتۈرى ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرى بولغان «قارا كۆڭۈل پەلسەپىسى» نى ئېنىق چۈشەنگىنىمىزدە شى جىنپىڭنى چۈشىنىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس. بولۇپمۇ مال-دۇنياغا ۋە پاھىشىۋازلىققا ئىنتىلمەيدىغان شىنىڭ پىلانى بولسا خىتاي كۈلتۈرى ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن «ھەقىقىي قەھرىمان» بولۇپ نام قالدۇرۇش. ئۇنىڭ پىلانى تۆۋەندىكىچە؛

شى جىنپىڭ ھوقۇق تۇتقان ئالدىنقى بەش يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى مۇتلەقلەشتۈرۈش، ئۇنىڭ پىلانىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق قارشى كۈچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويماسلىق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كېيىنكى بەش يىلدا ئېلىپ بارىدىغان پىلانلىرى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش. بۇ تەييارلىقلار، 1، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئازايتىش، ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تېخىمۇ كۆپ ساھەلەرگە كىرىشىگە يول ئېچىش. شۇ ئارقىلىق خەلققە تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي مەنپەئەت بېرىش؛ 2، سىياسىي پىلانلار. قاتتىق تەدبىرلەر بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇچ كېلىۋاتقان پارىخورلۇق ۋە ئىشەنچسىزلىك كرىزىسىنى يوقىتىش. سىياسىي ھوقۇقنى چىڭ تۇتۇپ خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە تويۇنۇشىنى كۈتۈش. 3، ھەربىي تەييارلىقلار. خىتاي ئارمىيەسىنى تەلتۆكۈس ئىسلاھات قىلىپ، ئارمىيەنىڭ قورال-ياراق سەپلىمىسىنى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيەگە يەتكۈزۈش، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ سەۋىيە-ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇرۇشقا كىرەلەيدىغان قىلىش. بۇ پىلانلار شى جىنپىڭ تەختكە چىققان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى ۋە ھازىرمۇ جىددىي ئېلىپ بارماقتا.

شى جىنپىڭنىڭ پىلانى ئۇنىڭ «جۇڭگو چۈشى» دىمۇ ئېنىق يەكۈنلەنگەن. دۆلەت قۇدرەتلىك، خەلق روھلۇق ۋە باي بولۇش. ئەمما شىنىڭ چۈشى دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ باي بولۇشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. خىتاي كۈلتۈرىدىكى «قەھرىمان» دۆلەت قۇدرەت تاپقاندا چوقۇم «تارىختىن بۇيانقى» زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى كېرەك. خىتاي دۆلىتى تارىختا قۇدرەت تاپقاندىكى تېررىتورىيەسى خىتاي تارىخچى زىيالىيلىرى تەرىپىدىن بۇرۇنلا خاتىرىلەنگەن. تارىختا بۇنداق ئۇلۇغ چوڭ تېررىتورىيەلىك دۆلەتلەرنى قۇرغانلار خىتاي مىللىتى بولمىسىمۇ ئۇ مەسىلە ئەمەس، ياتلار قۇرغان دۆلەت خىتاي كۈلتۈر جەمئىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلا دۆلەت بولسا، بۇ دۆلەت خىتايلارنىڭ، بۇ دۆلەت ئىگىلىگەن زېمىن خىتاي تېررىتورىيەسى ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن موڭغۇللارنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان موڭغۇلىيە، خىتاي تارىخىدا يۈەن سۇلالىسى ئاتالغان قۇبلايخان دۆلىتى سەۋەبلىك خىتاي تېررىتورىيەسى بولۇپ قالغان، ئۇيغۇر زېمىنى مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىك سەۋەبلىك ئۇمۇ خىتاي تېررىتورىيەسى بولۇپ قالغان. ئەڭ قىسقىسى ھىندىستان تەۋەسىدىكى كەشمىر(ئاقساي) زېمىنى يەكەن سەئىدىخان دەۋرىدە يەكەن سەئىدىخانىنىڭ تېرۇتورىيەسىدە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇمۇ خىتايلار تالىشىدىغان زېمىن بولۇپ قالغان. مانا بۇ زېمىنلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش «مىللىي قەھرىمان» شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغۋار گۈللىنىشى ئۈچۈن» باسىدىغان كېيىنكى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پىلانلارنى شى جىنپىڭ ئىشقا ئاشۇرالامدۇ؟ بىز ئالدىدا ئۇنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى قانچىلىك باستى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

2017-يىلدىكى فوربېسنىڭ سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، خىتاي بىلىيونېرلار ئەڭ كۆپ دۆلەتكە

ئايلانغان. 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات خىتايدىكى كەمبەغەللىك سانىنى 728 مىليون ئازايتىپ، 1981-يىلدىكىدىن 80% ئازايتقان. بۇنىڭغا ئوخشاش سانلىق مەلۇماتلار شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى ج ك پ نى ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئورنىنى داۋاملىق ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك دەستەك بولالايدۇ. شۇنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتىشىمىز كېرەككى ئىقتىسادىي تەرەققىيات خىتاينى بۇرۇنقى ئادەم سانى زور قالاق دۆلەتتىن، تېخنىكا تەرەققىيات ۋە كاپىتال تەرەققىيات ئىككى تەرەپتىن زور دەرىجىدە كېڭەيگەن دۆلەت ئورنىغا كۆتۈرۈپ، يۈز-ئابرۇيغا بەكلا ئەھمىيەت بېرىدىغان خىتاي كۈلتۈر چەمبىرىكىدىكى ئاۋام خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بۇ خىل قوللاش بۇ خىل ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىدا بىليونېر بولغانلاردا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنمەكتە. شۇ سەۋەبتىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچىدا شى جىنپىڭ «خەلق باي» قەدىمىنى ئاساسەن تاماملاپ بولدى.

ھەربىي كۈچ جەھەتتە خىتاي ئاللىقاچان دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت قاتاردىن ئورۇن ئېلىپ بولدى. ئۇ تېخنىكا ئوغرىلىسۇن، سېتىۋالسۇن، ياكى تەقلىد قىلسۇن 40 يىلغا يېقىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي سانائەت تەرەققىياتى، خىتاينى مىلتىقتىن ئاۋئاماتكىغىچە ھەممە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش سەۋىيەسىدىن ئېشىپ خەلقئارادىكى ئەڭ چوڭ قورال-ياراق سودىگىرىگە ئايلاندۇردى. شى جىنپىڭنىڭ دۆلەت قۇدرەتلىك قەدىمىمۇ تاماملىنىپ بولدى. ئەمدى تۈنجى نىشان قەيەر؟

خىتاينىڭ ئەڭ يېڭى ئاۋئاماتكىسى تەيۋەن نامى بىلەن ئاتالغان، ۋە ھازىر خىتاي ئۈچىنچى ئاۋئاماتكىسىنى جىددىي ياسىماقتا. كۆزەتكۈچىلەر خىتاينى دەسلەپكى قەدەمدە 6 ئاۋئاماتكا ياساش پىلانى بار دەپ پەرەز قىلماقتا. ئاپتورنىڭ قارىشىچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئاۋئاماتكا ياساشنى كارخانىلاشتۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس ۋاقتى كەلگەندە سىرتقا ئاۋئاماتكا ئېكسپورت قىلىدىغان پىلانى بار. شى جىنپىڭ جەنۇبى جۇڭگو دېڭىزى ئارىسىدىكى مارجان ئاراللارنى تىندۇرۇپ سۈنئىي ئارال پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۈستىگە ھەربىي بازا قۇرۇپ، بىرىنچىدىن ئامېرىكىنىڭ ئاۋئاماتكىسىنى كىرمەس قىلىپ قويدى؛ ئىككىنچىدىن ئەتراپتىكى شۇ زېمىننى تالىشىۋاتقان دۆلەتلەرنى پۈتۈنلەي سىقىپ چىقاردى؛ ئۈچىنچىدىن جەنۇب تەرەپتىن تەيۋەننى قىسماققا ئالالىدى. شى جىنپىڭنىڭ خىتاي زېمىنىنى «بىرلىككە كەلتۈرۈش» ھەرىكىتى تەيۋەندىن باشلىنىشىدا شەك يوق.

بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن تەيۋەن ئىچكى ئۇرۇش سەۋەبىدىن چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالغان. شى جىنپىڭ خەلقئاراغىمۇ تەيۋەننىڭ زېمىن دەۋاسىنى قىلالايدۇ. تەيۋەننى «قايتۇرۇۋېلىش» ئىستراتېگىيەسىنى خىتاي ھۆكۈمىتى 1956-يىلدىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەن كۈندىن باشلاپ پىلانلاپ قەدەممۇ-قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن، ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرى ئارىسىدا دىپلوماتىيە ئويۇنى ئويناپ، ئالدى بىلەن تەيۋەننى ب د ت دا يېتىم قالدۇرۇپ كەينىدىنلا ئۇنى ب د ت دىن قوغلاپ چىقاردى. شۇندىن باشلاپ ھازىرغىچە خىتاي ھۆكۈمىتى سىياسىي بېسىم ۋە ئىقتىسادىي قىزىقتۇرۇشلار ئارقىلىق تەيۋەن بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى بار دۆلەت ۋە رايونلارنى ئۆزىگە قارىتىپ،

تەيۋەننى خەلقئارا سەھنىدە يېتىم قالدۇرۇشقا تىرىشتى. يېقىنقى بىر يىلدا خىتاي بۇ قەدىمنى تېخىمۇ تېزلەتتى، يالغۇز دىپلوماتىيەدىلا يالغۇز قالدۇرۇشلا ئەمەس، تېخى ھەر-خىل خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغىمۇ تەيۋەننى ئەزالىقتىن چىقىرىۋېتىشنى بېسىم قىلىپ بۇ مەقسىتىگە يېتىپ بولدى.

ئىككىنچىدىن، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش خىتايغا ئىنتايىن پايدىلىق ۋەزىيەتنى يارىتىپ بەردى. تەيۋەن بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدا ھەربىي كېلىشىم بار بولۇپ ئەگەر تەيۋەن ھەربىي ھۇجۇمغا ئۇچۇرسا ئامېرىكىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. شۇ سەۋەبتىن خىتاي ھۆكىمىتى بۇ ئىشنى ئامال بار ھەربىي توقۇنۇشتىن ساقلانغان ئاساستا تەيۋەننى قايتۇرۇۋېلىش ئىستراتېگىيەسىدە. ئەگەر ۋاقتى كەلگەندە تەيۋەن خەلقى «ئۆزلۈكىدىن» چوڭ قۇرۇقلۇققا قوشۇلۇشنى خالىسا، «خەلق رايى» بىلەن بولغان بۇ قوشۇلۇشقا ئامېرىكا قول تىقالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن خىتاي ھۆكىمىتى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تەيۋەندە خەلق مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت تەدبىرى، تەيۋەندىكى سودىگەرلەرگە بولۇپمۇ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە خەلقئارادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەيۋەن خەلقىنىڭ تەيۋەن پۇقراسى سالاھىيىتى بىلەن پائالىيەت قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى دېگەن سالاھىيەت بىلەن يۈرۈشكە قىستاۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھازىر تەيۋەن پۇقرالىرى چەتئەلدە تەيۋەن پاسپورتىدىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتى تارقاتقان «تەيۋەنلىك قېرىنداشلىق ئىسپاتى [台胞证] » نى كۆرسىتىپ ئىش بېجىرىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكىمىتى تەيۋەندىكى جاسۇسلۇق پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇققا مايىل كىشىلەرنى جىقايتىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىدىغان كىشىلەرنى كۆپەيتىۋاتىدۇ.

ئاخىردا ئامېرىكىنىڭ تەيۋەننى قانچىلىك قوغدىيالىشىغا كەلسەك، بولۇپمۇ ترامپنىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇشى ۋە ئۇنىڭ «دۇنيانىڭ پرېزىدېنتى ئەمەس ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى» بولۇش سىياستى خىتاينىڭ زېمىن تەقەززاسىغا ئوڭ تاناسىپ بولدى. سودىگەرنىڭ سىياسىي ھوقۇق تۇتسا ھەممە نىمنى سودا ئۈچۈن دو تىكىدىغانلىقىنى بىز ئۇيغۇرلار ئوبدان بىلىمىز. بۇنى خىتايلار تېخىمۇ ئوبدان بىلىشىدۇ. ترامپ ھوقۇق تۇتماي تۇرۇپلا تەيۋەن پرېزىدېنتى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈش ئارقىلىق خىتايغا تېرە تاراقلىتىپ بېسىم قىلماقچى بولدى. ئەمما شى جىنپىڭ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىككى-ئۈچ كۈن مېھمان بولۇۋېدى، ئۇ دەرھال شەرقى خىتاي دېڭىزغا ئەۋەتكەن دېڭىز فلوتىنىڭ بېشىنى ياپون دېڭىز تەرەپكە بۇراپ ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى خىتايدىن شىمالى كورېيەگە بۇرىدى. شى جىنپىڭنىڭ ترامپقا نېمىلەرنى ۋەدە قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەمما سودا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋەدە قىلىپ ئورنىغا سىياسىي مەنپەئەت تەلەپ قىلغانلىقى ئېنىق.

شى جىنپىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئۆز بېشىمچى ۋە دائىم ئۆزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىغان قوشنىسىنى شىمالىي كورېيەنى ئامېرىكىغا تاشلاپ بېرىش ھېسابىغا جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى ۋە تەيۋەننى پۈتۈنلەي ئۆز تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈشى تامامەن مۇمكىن. نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شىمالىي كورېيەنى قوللاپ كېلىشى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا بىر بوش يەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ، بۇنى خىتاينىڭ شىمالىي

كورىيەنى يۆلەپ تۇرۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى دەپ قارايدۇ. ئەمما خىتاينىڭ شىمالىي كورىيەنى قوللاپ كېلىشى ھەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتتىنلا ئەمەس تىخمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ كوممۇنىستىك دۆلەت بولمىش ئىدېئولوگىيەلىك بىرلىكىدە ئىدى. ئەمما ھازىر بولسا خىتاي ئۆزىنىڭ 40 يىللىق ئىسلاھات ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى بىلەن ئىقتىسادى جەھەتتىن دەرىجىدىن تاشقىرى بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ بولدى. خىتاي دۆلىتىنىڭ ھوقۇقىنى قولدا تۇتۇپ تۇرغان قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد ئالىلىقاچان كوممۇنىزمدىن ئايرىلغان. ئۇلارنىڭ پىلانى بولسا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىلىق خەلققىمۇ بىر قىسىم پايدىنى تەقسىملەپ بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى داۋاملىق ساقلاش بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ تامامەن خىتاينىڭ سىياسىي ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، خىتايدا خەلقنى ئۆلۈشكە قىستىمىسىلا خىتاي خەلقى ئۈچۈن كىمنىڭ قانداق ھۆكۈمران بولۇشى مۇھىم ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن خىتاي دۇنياغا «مەۋجۇتلۇق خىتايدا ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق» دەپ قورقماي جار سالالىغان. ئەمما شىمالىي كورىيە خىتاينى دوراپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەس تېخىمۇ بېكىنمە بىر ھالەتنى ساقلاپ قالدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلى مەقسىتى 6 دۆلەت يىغىنى ئارقىلىق شىمالىي كورىيەنى ئامېرىكا بىلەن سودىلىشىدىغان ۋە ئوينىتىپ تۇرىدىغان كوزىرى قىلماقچى ئىدى. ئەمما شىمالىي كورىيە خىتاي ھاكىمىيىتىگە ئويۇنچۇق بولۇشنى خالىمىدى، ئەكسىچە يادرو قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بېسىم قىلىپ ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا پايدا ئالدى. خىتاينىڭ شىمالىي كورىيەنى ئۆز دېپىغا ئۇسۇل ئوينىتىپ كوزىر قىلىش قەستى ئىشقا ئاشمايلا قالماستىن ئەكسىچە، بۇ كىچىك قوشنىسىنىڭ بالا تېرىشىدىن قورقمايدىغان مۇتتەھەم ھۆكمىتى بىلەن ئاچ قالغان خەلقى ئۆزىگە قوشلاپ بېسىم ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئىشتا ئەگەر شىمالىي كورىيەنى ئامېرىكىغا تاشلاپ بەرسە مەمەدان شىمالىي كورىيەدىن قۇتۇلىدۇ ۋە ئۇ دۆلەتنىڭ ئاچ قالغان خەلقى ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان جەنۇبىي كورىيەنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

ئەمدى شىمالىي كورىيەنىڭ يەنە بىر قوللىغۇچىسى رۇسىيەگە كەلسەك، خىتاي شىمالىي كورىيەنى ئامېرىكىغا تاشلاپ بېرىش ئارقىلىق رۇسىيەنى جەنۇب تەرەپتىن ئامېرىكا بىلەن توقۇنۇشۇش ھالىتىگە ئەكېلىپ ئۆزى ئوتتۇرىدىن پايدا ئالالايدۇ. ئەگەر رۇسىيە بىتەرەپ تۇرغان ھالەتتە شىمالىي كورىيەدىن قۇتۇلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن سىبىرىيە رايونىغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى بولسىمۇ رۇسىيەنىڭ قاتتىق قول پوزىتسىيەسىدىن ئۇ يەردە يەرلىشىۋاتقان خىتايلار ناھايىتى ئاز. خىتاي بۇ ئىمىنلارغا خۇددى ئۇيغۇر دىيارىغا ئاھالە يۆتكىگەندەك دەرىجىدە ئۆز پۇقرالىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش غەرىزى بار. ئەگەر خىتاي رۇسىيە -ئامېرىكا زىددىيىتىنى شىمالىي كورىيە رايونىدا ئىشقا ئاشۇرالىسا، ئامېرىكىغا تەڭ تاقابىل تۇرۇشتا رۇسىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە، رۇسىيەنىڭ كونتروللۇقىدىكى يىراق شەرق (سىبىرىيە) رايونىغا ئېچىش نامى بىلەن پۇقرا كۆچۈرۈش پىلانىغا يول ئاچالايدۇ.

(3) شى جىنپىڭنىڭ پىلانىدىكى ئۇيغۇرلار

2014-يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق شىنجاڭ خىزمەت يىغىنىدا شى جىنپىڭ «جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمىنلىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى» دەپ ئېنىق

كۆرسەتمە بەرگەن.

ئۇنىڭ بۇ كۆرسەتمىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمىنلىك، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە تارىختىن بېرى خىتاي زىيالىيلىرى تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ قۇلاقنى تىنچىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن شى جىنپىڭنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىدا ئۇيغۇرلار يوق. ئۇنىڭ پىلانىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىرلا جۈملە سۆز بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى بىئولوگىيەلىك ئاسسىمىلياتسىيە قەدىمىنى تېزلىتىش.

بۇنى بىز ئۇنىڭ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىدىن كۆرۈۋالالايمىز. شى جىنپىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق قول بېسىشى بىلەن يامان ئاتىقى كۈچلۈك بولغان ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئورنىغا كەلگەن جياڭ چۈنشەننى يۆتكەپ كېتىپ، شۇ ۋاقىتتا تىبەتتە قاتتىق قول سىياستى بىلەن نام چىقارغان چېن چۈەنگونى ئۇيغۇرلارنى ئىدارە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

چېن چۈەنگو مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن تۈنجى قارارلىق ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن بولۇپ، لەن جوئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1980-يىللاردا خىتاي كومپارتىيەسى كادىرلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش سىياستىنى قايتا يولغا قويغاندىن كېيىن ئۇ تۈنجى قاتاردا تاللاپ خىزمەتكە قويۇلغان كادىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتنى ئاساسى قاتلامدىن باشلىغان بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشى شى جىنپىڭگە ئوخشىسا، تىبەتنى ئىدارە قىلىشتىكى قاتتىق قول سىياستى شىنىڭ كۆڭلىگە ياققان.

چىنىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا كەلگەندىن كېيىنكى قوللانغان تەدبىرلىرى جياڭ چۈنشەندىن پەرقلىقمۇ دېگەن مەسىلىدە بىز يەنىلا خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ بۇ ئىككى ئەمەلدارىغا بەرگەن باھاسىدىن كۆرۈپ بىلەلەيمىز. توردا بىر خىتاي ئادۋوكاتىنىڭ چېن چۈەنگوغا يازغان ئوچۇق خېتى ئېلان قىلىنغان. بۇ خەتنى يازغۇچى ئاقسۇ تەۋەسىدە ياشىغان ۋە ھازىر ئۈرۈمچىدە ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتقان خىتاي زىيالىيسى بولۇپ، بۇ يازما چېن كېلىپ ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇپ 2 ئايدىن كېيىن يېزىلغان. بۇ يازمىدا چىنىنىڭ كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن خىتاينىڭ ئەزەلدىن ئۇيغۇر دىيارىدا تەكىتلەپ كېلىۋاتقان «تېرورلۇققا قارشى» سىياستىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى پۈتۈنلەي شۇنىڭغا قۇربان قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، شۇ يەردىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭمۇ ئارامچىلىقى بۇزۇلۇپ، نارازىلىق كەيپىياتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.
ئۇنداقتا خىتاينىڭ سىياستىگە زىيان سېلىۋاتقان بۇ ئەمەلدار نېمە ئۈچۈن يەنە ئۆز ئورنىدا تۇرالايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ سالاھىيىتى چېگرا تىنچلاندۇرغۇچى ئەمەلدار بولغانلىقى ئۈچۈن.

خىتاي ھاكىمىيىتىدە چېگرا رايونلاردىكى ئۆزگە يات قوۋملارنى (ئاز سانلىق مىللەت كاتېگورىيەسىدىكىلەر) ئازلىتىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە يوقىتىشتا يېڭى ھىيلىلەرنى پىلانلاپ چىققان ئەمەلدارلار ئىشەنچكە ئاسان ئېرىشىپ ئۆسۈشى تېزلىشىدۇ. بۇ خىتايدا تارىخى ئەنئەنە

بولۇپ مەسىلىغا گو مەن داڭ ۋاقتىدىكى شىڭ شى سەينى ئالساق، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىي ۋە بايلىرىنى ئۆلتۈرۈپ خەلقنى شىلىپ زار-زار يىغلاتقان بولسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇيغۇر دىيارىنى رۇسىيەگە «تارتتۇرۇپ قويماي» ساقلىغان تۆھپىسى ئۈچۈن 50 يۇك ماشىنىسىغا بېسىپ ئەكەتكەن مال-دۇنياسى بىلەن تەيۋەندە خاتىرجەم ياشاپ ئۆلدى. يەنە ۋاڭ لېچۈئەننىڭ ئۆز مەركىزى ھۆكۈمىتىگە كۆرسەتكەن تۆھپىسى، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، خەلقئارادىكى تېررور توقۇنۇشىغا ئۇيغۇرلارنى قوشۇش بولدى. ۋاڭ لىچۈەن بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن جويوڭكاڭ ۋەقەسىدە، ئۇ جو يوڭكاڭنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ تۇرۇپمۇ ھېچقانداق جازالاشقا ئۇچۇرمىدى. ھەممە سىياسىي ۋەزىپىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ خىتاي قانۇن ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى نامى بىلەن ئوبدان ياشاپ يۇرۇپتۇ.

بۇ خىل تۆھپىلەرنى يارىتىش، بولۇپمۇ چېگرا رايوندا خىزمەت ئۆتەۋاتقان خىتاي ئەمەلدارلىرى، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىدە قۇربان بولماسلىقىنىڭ تۇمارى قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك خىزمىتى بولۇپ قالغان. جياڭ چۇنشەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. پەقەت جياڭ چۇنشەن ۋاڭ لىچۈەن سەۋەبىدىن يامانلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر خىتاي مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىرغىن قىلىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قەدىمىنى ئاستىلاتقانلىقىنى ئۈچۈن، شى جىنپىڭنىڭ سىرتقا كېڭىيىش پىلانىغا تەسىر يېتىش خەۋپى تۇغۇلغان. چۈنكى شى جىنپىڭنىڭ كېيىنكى قەدىمى چوقۇم بىر مۇتلەق تىنچ ۋە مۇقىم بولغان دۆلەت ئىچى مۇھىتىغا ئېھتىياجلىق. چىن چۈئەنگونىڭ ھەددىدىن ئېشىپ سىياسەت يۈرگۈزۈشى شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى پۈتۈنلەي مەركەزدىن ئايرىپ چىن چۈئەنگوغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن بولغان دەپ ئىشىنىمىز. بۇنى بىز ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغىلا ئەمەس، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارغىمۇ كېلىۋاتقان خىتاينىڭ ئىش قىلىش شەكىللىنىڭ قوپاللىقىدىن ۋە بېرىۋاتقان بېسىمىدىكى يەرلىك سىياسەتنىڭ پۈرىقى كۆچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن بىلەلەيمىز. يەنە بىر تەرەپتىن جياڭ چۇنشەننىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشى ئۇنىڭ ھەرگىز شى جىنپىڭنىڭ نەزىرىدىن قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە شى جىنپىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئېغىر-بېسىق بۇ ئەمەلدارنى مەركەزگە يۆتكەپ ئاپىرىپ شىنجاڭ ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىنى قىلىپ قويۇشى، ئۇنىڭ ئەمىلى ئىشلارغا ئارىلاشماي، ئەمما چوڭ ۋەقە چىقماسلىقىقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر دىيارىنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا قويغان.

## ئاخىرقى سوز

مەزكۇر يازمىدا بىز مەركەزلىك ھالدا خىتاي دۆلىتى رەئىسى شى جىنپىڭنى نۇقتىلىق ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار دۇچار بولۇۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەددىدىن ئاشقان سىياسەت "خىتايلار راستلا ئۇيغۇرلارغا بۇنداق ئۆچمۇ" دېگەن سوئالنى قويسىمۇ، بۇ يەردە ئۆچلۈك مەسىلىسىدىن ئەمەس بەلكى تەبىئىتى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇيغۇر مىللىتى دۇچ كېلىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە ئۇ ھايات –ماماتلىق مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ كېلىش مەنبەسىنى خىتاي دۆلىتىنىڭ سۇئىي سىياسىتىدىن ئەمەس بەلكى خىتاي كۇلتۇرىدىن كېلىۋاتقان تەبىئىي ئاسسىمىلياتسىيە

ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇيغۇرلار خىتاي دۆلىتى تەۋەسىدىلا بولىدىكەن، كىم ۋە قايسى پارتىيە هوقۇق تۇتسۇن ئۇيغۇرلارغا كېلىدىغىنى يەنىلا بىئولوگىيەلىك ئاسسىمىلياتسىيە. يەنى، يىلتىزىدىن قۇرۇپ ئىنسانلار تارىخىدىن ئۆچۈش، ۋە ياكى پۈتۈنلەي ئۆز كىملىكىنى قۇربان قىلىپ خىتاي كۇلتۇرغا قوشۇلۇپ كېتىشتىن ئىبارەت.

باتۇر بولۇش ياكى خائىن بولۇش بۇ مەسىلىدە مىللەت ئايرىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز مەلۇم تائىپىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دەپ قارىلىساق، ئۇ ئىنسان هوقۇقى ۋە ئاددىيسى ئىنسانچىلىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەمما بىز مەلۇم كۇلتۇرنى، ئىدېئولوگىيەلىك ھادىسىلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى تەنقىد قىلالايمىز. بىز بارلىق گېرمان خەلقى فاشىست دېسەك ئۇ توغرا ئەمەس، ئەمما گىتلىرنىڭ فاشىست ئىدىيەسىنى تەنقىد قىلىش ئۇ توغرا. مۇتلەق كۆپچىلىك خىتاي ئاممىسىنىڭ ئىنسانچىلىقنى، غەربچە كىشىلىك هوقۇقنى چۈشەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ئۆگىنىشكە چامىسى يەتمەيدىغان خىتاي كۇلتۇرنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ يېتىشكەنلىكىدە. بىز كۆچىمىزنىڭ يېتىشچە بۇ كۇلتۇرنى تەنقىدلەپ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن باشقىلارغا ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىشىمىز تامامەن يوللۇق. خىتاي كۇلتۇرىدىكى پرىنسىپسىز ئىش قىلىش ئۇسۇلى(مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىق) يامان ئوسمىدەك خەلقئاراغا تاراۋاتىدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ھازىر [36 تەدبىر]نى ئۆگىنىش «گۇگىل» ۋە «ئالما» دەك دۆلەت ئاتلىغان كارخانىلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى قىزغىن ئۆگىنىدىغان دەستۇر بولۇپ قالدى. يەنە تېرورىزم ۋە سىياسىي مۇتەئەسسىپلىك سەۋەبىدىن ئامېرىكا باشلىق غەرب ئەللىرىدە بېكىنمىچىلىك خاھىشىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن تەڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بېرى خەلقئاراغا قاراتقان كىشىلىك هوقۇقنى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىشنىڭ(ئاساسلىقى مەبلەغ سېلىشنىڭ) ئۆلچىمى قىلىش سىياسىتىدە چېكىنىش يۈز بېرىپ، خىتاينىڭ «ئۆزگى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق» پىرىنسىپى ئۈستىدىكى «تەڭ يېڭىش(ئىككىلا تەرەپ تەڭ نەپ ئېلىش)» سىياسىتى سىياسىي ۋە ئىقتىسادى كرىزىسقا پاتقان، ھۆكۈمىتى پارىخور ئۆزى پۇلغا تەشنا دۆلەتلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشقا باشلىدى. پاكىستاندا ھۆكۈمەتتىن تارتىپ ئاۋام خەلقكىچە خىتاي مەستانىسى بولۇپ خىتاينىڭ «بىر بەلۋاغ بىر يول» ئىقتىسادى ھەمكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى بۇنىڭ يەنە بىر تىپىك مىسالى.

ئۇيغۇرلار ئاز-كەم ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى خىتاي كۇلتۇر چەمبىرىكىگە قوشنا بولۇپ ياشاپ كەلدى، ئۇيغۇر ۋە تۈركلەرنىڭ نۇرغۇن قەبىلىسى بۇ كۇلتۇر تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا قالغان ئۇيغۇرلار بولسا خىتاي كۇلتۇرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە قىلىپ ئۆز كىملىكىنى ساقلىيالايدىغان ئىممۇنۇت كۈچى ئەڭ كۈچلۈك قالدۇق خەلق ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خىتايلارنىڭ تارىختىن بېرى ئىشلىتىپ كۆپ ئۈنۈم كۆرسەتكەن تاكتىكىلىرى ھازىرغا كەلگەندە، بۇ قالغان ئۇيغۇر توپلىمىغا ئىشلىمەي، غالجىرلىشىۋاتىدۇ. بۇ غالجىرلىشىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، خىتاي ھۆكمىتى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ مەمۇرى مەنسەپ ئەمەس ئىقتىسادىي پائالىيىتى ئارقىلىق خىتايدا بارلىققا كېلىۋاتقان ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھامان بىر كۈنى سىياسىي جەھەتتىن خەلققە تىخمۇ كۆپ هوقۇقنى

بېرىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە ئۇيغۇرلارمۇ خىتاينىڭ ئۆزى تۈزگەن سىياسىي ۋە قانۇنىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تىخمۇ كۆپ ئەركىنلىك ياكى بولۇنۇش تەلىپىنى قويالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شۇنداق بىر كۈن يېتىپ كەلگۈچە ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرسا، ئۇيغۇر دىيارى يەنىلا خىتاينىڭ بىر پارچىسى بولۇپ قالىدۇ. ۋە بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن خىتاي خەلقى ۋە كېيىنكى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغانلار دېموكرات بولسۇن بولمىسۇن، كوممۇنىست ئەۋلادىنى «ۋەتەن بىرلىكىنى ساقلىيالىغىنى ئۈچۈن»، خۇددى جاڭ جېئ شى شىڭ شى سەينى، شى جىنپىڭ ۋاڭ لىچۇئەننى ساقلاپ قالغاندەك ئۇلارنى كەچۈرىدۇ ۋە ساقلاپ قالالايدۇ. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن چەتئەلدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دېموكراتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتىنى قوللىماسلىق، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىقى كۈچلۈك بولماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇلارمۇ خىتاي زىيالىيسى بولۇشى بىلەن شۇنى بىلىدۇكى، ئەگەر ھازىرقىدەك بىر ۋاقىتتا ئۇلار ھوقۇقنى قولغا ئالسا، خىتاينىڭ بۆلىنىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى ئەگەر شۇنداق بولسا، خىتاي كوممۇنىستلىرى ئەمەس ئۆزلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقى ئالدىدا «ۋەتەن ساتقۇچ خائىن» ئاتىقىغا قالىدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ خىتاي تېررىتورىيە ئىچىدىكى «ياتلارنى» تەل-توكۈس «ئۆزلەشتۈرۈشنى» ساقلاۋاتىدۇ خالاس.

قىزىل ئەۋلادتىن بولغان شى جىنپىڭ كوممۇنىزمىنىڭ ئاچچىقىنىمۇ تاتلىقىنىمۇ تېتىغان بىر خىتاي زىيالىيسى بولۇپ، ئۇ كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھامان بىر كۈنى تارىخ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. خىتاينىڭ كېيىنكى قەدەمدە دېموكراتىيەگە ئۆتسۇن ئۆتمىسۇن، ئىچكى جەھەتتىن ئۇيغۇرلار(تىبەتلەرمۇ ھەم) نى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، خىتايدا سىياسىي ھوقۇقنى قەدەممۇ-قەدەم خەلققە بېرىش؛ تاشقى جەھەتتىن «زېمىن پۈتۈنلەش» ئۇلۇغۋار ئىشىنى پۈتتۈرۈپ، ھەقىقىي «مىللىي قەھرىمان» ئوبرازى بىلەن تارىختا نام قالدۇرۇش، بۇ شى جىنپىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلاردۇر.

ئىزاھاتلار

2010-يىلى ۋاڭ لىچۇەن ئۇيغۇر رايوندىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ مەركەزگە يۆتكەپ كېتىلگەندە شى جىنپىڭ مۇئاۋىن رەئىس ئورنىدا بولۇپ خۇ جىنتاۋ باش رەئىس ئىدى. سابىق رەئىس جىئاڭ زېمىننىڭ سادىق ئادىمى بولغان مەركىزى سىياسىي قانۇن بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى جۇ يوڭكاڭ(كېيىن قولغا ئېلىنىپ مۇددەتسىز كېسىلگەن.) ۋاڭ لىچۇەننى ئۆزىگە مۇئاۋىن قىلىپ ساقلاپ قالغان. شى جىنپىڭ 2012-يىلى رەسمىي باش رەئىس بولغاندىن كېيىن ۋاڭ لىچۇەننى بارلىق مەمۇرى ھوقۇقىدىن ئايرىپ خىتاي قانۇن جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قىلىپ قويغان.

[2]ئاسسىمىلياتسىيە ئۇقۇمى ئەسلىدە بىئولوگىيە ئىلمىدىكى كەسپىي ئاتالغۇ بولۇپ، مەلۇم تۈردىكى جانلىقلارنىڭ نوقۇل بىئولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر

تۇردىكى جانلىقتا شەرتسىز قوشۇلۇپ كېتىشىنى يەنە ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كۆرسىتەتتى. بۇنى كېيىن جەمئىيەتشۇناسلار كۆچمەنلەر ۋە دىئاسپورا بىلەن ساھىبخانا جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا مېتود قىلىپ قوللانغان.

[3] خىتاينىڭ سابىق رەئىسى خۇ جىنتائو ئەينى يىللاردا گەنسۇ ئۆلكىسىدە مەلۇم ئورگاننىڭ كاتىپ خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقىنىغا شۇ مەزگىلدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولغان دۆلەت قۇرغۇچىلار قاتارىدىكى سوڭ پىڭنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن. شۇندىن كېيىن سوڭ پىڭ ئۇنى قوللاپ مەركەزگە كىرىشىگە، جىئاڭ زېمىن دىڭ شائوپىڭنىڭ ئىشەنچىدىن قالغاندا خۇ جىنتائو مۇددەتتىن بۇرۇن باش رەئىسلىك نامزاتى بولۇپ سوڭ پىڭنىڭ قوللىشى بىلەن دىڭ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن.

[4] بۇ يازمىنى تۆۋەندىكى تور بەتتىن كۆرەلەيسىز.
https://bowenpress.com/news/bowen_137952.html

[5] ئاپتورنىڭ قارىشىچە، شى جىن پىڭ كېيىنكى قەدەمدە ئېلىپ بارىدىغان سىياسىي ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى ھەرگىز غەرب ئەللىرىدەك دېموكراتىيە بولماستىن يەنىلا «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە» سىياسىي تۈزۈلمە بولۇشى ئېنىق. ئۇ بىر پارتىيەلىك تۈزۈمنى ساقلىغان ئاساستا، سىياسىي كېڭەش بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنى ئىسلاھات قىلىپ بۇ ئىككى ئورگاننى بىر پارتىيەنى نازارەت قىلىدىغان ھوقۇقلۇق ئورگان قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار.

# خىتايلار ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك زۇلۇم قىلىدۇ؟

(قۇتلۇق ئوردا)

مەسىلىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

يېقىندىن بۇيان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە، ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇمى پەۋقۇلئاددە كۈچىيىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى، خىتايدا ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى 40 يىل مابەينىدە، ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان زۇلۇم ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بىر مەزگىل دەپ تەرىپلەشكە بولىدۇ.

خىتايلار ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر زۇلۇم قىلىدۇ؟

مەن بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى ئۈچ كىچىك تېمىغا بۆلۈپ تەھلىل قىلىمەن.

1. ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ماھىيىتى
2. خىتاي مىللىتىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەبىتلىكى
3. خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قارا نىيىتى

1. ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسى

ئۇيغۇر ئېلى، خىتايلارنىڭ ساختا تارىخ كىتابلىرىدا ۋە تەشۋىقاتلىرىدا دېيىلگەندەك خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس! ئۇيغۇرلار ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تارالغان خۇئا-شيا ئەۋلادلىرىنىڭ بىر ئەزاسى ئەمەس! ئۇيغۇر ئېلى خىتايلار تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان بىر ئەل، ئۇيغۇرلار بۇ ئەلدىكى مۇستەملىكە قىلىنغۇچى خەلق. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، تېخىمۇ توغرىسىنى دېگەندە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى تۈپكى زىددىيەت ماھىيەتتە، مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەت بىلەن مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر.

ئادەتتە مۇستەملىكىچى مىللەتنىڭ باشقا بىر مىللەتنى مۇستەملىكە قىلىشى، ئۆزىنىڭ زېمىن تېررىتورىيەسى كېڭەيتىش، مۇستەملىكە قىلغان زېمىنىنىڭ بايلىقىنى تالان-تاراج قىلىشنى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆز-كۆز قىلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. بۇ مەقسەت مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەتنىڭ خورلىنىشىنى، زۇلۇم چېكىشى بەدىلىگە ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرىنى تارىختا كۆپ ئۇچرىتىمىز.

خىتايلار، چىڭ سۇلالىسى تازا كۈچىيىپ، ئەتراپقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان بىر دەۋرde، يەنى 1750-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر ئېلىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. بەزى تارىخى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي-مانجۇ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە بېسىپ كىرگەن چاغدىكى قىرغىنچىلىقى ۋە ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى كۆتۈرگەن «جىگدە يېغىلىقى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرۇشلىرى جەريانىدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قىرىپ تاشلانغان. بەزى يۇرتلار، مەھەللىلەر ئادەمسىز قېلىپ خارابىگە ئايلانغان!

شۇندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى مۇستەملىكە قىلىۋالغىنىغا تەخمىنەن 250 يىل بولدى. (ياقۇپبەگ پادىشاھلىق قىلغان، مۇستەقىل ئالتە شەھەر دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 14 يىلنى قوشمىغاندا). بۇ جەرياندا خىتاي دۆلىتىدە بىرقانچە قېتىم ھاكىمىيەت، تۈزۈم ئۆزگەردى، پادىشاھ، ھۆكۈمدارلار ئالماشتى ئەمما، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان زۇلۇمى ھېچ ئۆزگەرمىدى، ئۆزگەردى دېيىلسە، پەقەتلا زۇلۇمنىڭ شەكلى، دەرىجىسى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگەردى، ماھىيەت ئۆزگەرمىدى.

«ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى تالان-تاراج قىلىش، ئۇيغۇرلارنى ھوقۇق ۋە ئىمتىيازدىن مەھرۇم قىلىپ غۇرۇرىنى سۇندۇرۇش، ئۇيغۇرلارنى نادان، نامرات، دۇنيادىن بىخەۋەر قالدۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىلىرىنى، بايلىرىنى، ئەقىللىق، بىلىملىك ئادەملىرىنى تۇتۇپ، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش، قارشىلىق، ئىسيانلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قانلىق باستۇرۇش، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن مىللىي مۇناپىق، خائىنلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، ئۇلار ئارقىلىق ئوز يېغىدا ئوز گۆشىنى قورۇش». مانا بۇ خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىچى قىلغۇچى مىللەت بولۇش سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئېلىدە ئۇيغۇرلارغا ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كەلگەن مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنىڭ تىپىك مىساللىرى.

مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمى تارىختا، ئىنسانىيەتكە ئىنتايىن ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەت ۋە پاجىئەلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىندىئانلارنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرى، ئافرىقىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ قۇل قىلىپ سېتىلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.
16-ئەسىردىن 19-ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتلار كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ئاجىز مىللەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىش، بوزەك ئېتىش دەۋرى بولدى.

19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەر پەيدىن-پەي ئويغاندى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئارقا ئارقىدىن مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. 20-ئەسىر بولسا، مۇستەملىكە قىلىنغان، زۇلۇم چەككەن مەزلۇم خەلقلەرنىڭ مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش، ھۆرلۈك، مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىش دەۋرى بولدى.

1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە بىر قىسىم مۇستەملىكە مىللەتلەر ئازادلىققا ئېرىشتى. 2-دۇنيا

ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر بەزىلىرى كۈرەش قىلىپ، بەزىلىرى تىنچ يوللار بىلەن، مۇستەملىكىچى مىللەتلەر بىلەن بىر ئۈستەلدە سۆھبەتتە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئۆز مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالدى. 1960-يىلى ب د ت «مۇستەملىكەسىزلەشتۈرۈش خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇستەملىكە تۈزۈمىنىڭ ئىنسانىيلىقا يات، زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان ناباب بىر تۈزۈم بولغانلىقى، ئۇنىڭ مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەتلەرگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى تەكىتلىگەن ۋە ئەينى دەۋردىكى مۇستەملىكىچى مىللەتلەرنى ئۆز مۇستەملىكىسىدىن تېزدىن ۋاز كېچىشكە چاقىرغان، ھەمدە، ئىستىگەن تەقدىردە ھەر بىر مىللەتنىڭ ھور، ئەركىن، ۋە مۇستەقىل ياشاش ھەققىنىڭ شەرتسىز بېرىلىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىردا سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى 15 جۇمھۇرىيەت مۇستەقىل بولدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، سابىق يۇگوسلاۋىيە پارچىلاندى، ئاخىردا، شەرقىي تىمور، ۋە جەنۇبى سۇدان مۇستەقىللىققا ئېرىشتى.

ئەپسۇسكى بۇنداق ئامەت، بىز ئۇيغۇرلارغا نېسىپ بولمىدى.

مەن ئىلگىرى كوپ قېتىم باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ « ئەگەر بىزنىمۇ خىتايلار بېسىۋالماي، رۇسلار ياكى ئىنگلىزلار بېسىۋالغان بولسا بىزمۇ بۇ ۋاقىتقا مۇستەقىل بولۇپ بولغان بولاتتۇق، ياكى ھېچ بولمىسا ھازىرقىدىن تەرەققىي قىلغان، بۇنچە زۇلۇم تارتمىغان بولاتتۇق..» « خىتايلاردىنمۇ گورباچېۋدىن بىرى چىقىپ قالغان بولسىچۇ كاشكى..» دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان، ھەتتا ئۆزۈممۇ بەزىدە شۇنداق ئويلاردا بولغان. بۇ ئەمەلىيەتتە، رېئاللىقتىن ئۇزاق، بالىلارچە شېرىن خىيال. ئەمما بۇنىڭغا ناھايىتى مۇھىم بىر سېلىشتۇرما يوشۇرۇنغان،. ئۇ بولسىمۇ خىتايلار بىلەن رۇس ۋە ئىنگلىزلارغا ئوخشىغان ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى روشەن پەرقلەر ئىشارە قىلىنغان. بۇ دېگەنلىك خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۆرلۈك بەرمەسلىكى ۋە ئۇلارغا توختىماي زۇلۇم سېلىشى، مەلۇم دەرىجىدە، خىتاي مىللىتىنىڭ ئومۇمى مىللىي خاراكتېرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

2. خىتايلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەبىتلىكى

خىتاي مىللىتىنىڭ مىللىي خۇي-خاراكتېرى، بۇنىڭ خىتايلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، ھايات تەرزى، ۋە ئۇلار شەكىللەندۇرگەن سىياسىي قۇرۇلما، تۈزۈملەرگە قانداق ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خىتايلار ئۆزى ۋە چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ئونلارچە كىتابلار تېپىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىسەك گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. لېكىن مەن بۇ يەردە پەقەت قىسقىچە قىلىپ، خىتاي مىللىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنىڭ خىتايلارنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا زۇلۇم چېكىۋاتقان بىز ئۇيغۇرلارغا، بىزنىڭ تارىخى تەقدىرىمىز ۋە بۈگۈنكى ھاياتىمىزغا ئېلىپ كەلگەن سەلبىي تەسىرى ھەققىدىلا توختىلىمەن.

خىتاي مىللىتىنىڭ خاراكتېرىدە قۇلچىلىق ئىدىيەسى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىلىرى بولسا، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە، نامراتلار بايلارغا، پۇقرا ئەمەلدار ۋە

پادىشاھلارغا خۇشامەت قىلىش، قۇلچىلىق قىلىش. زۇلۇم، ھەقسىزلىككە باش ئەگىش، سۈكۈت قىلىش، چىداش، شەخسنىڭ ئىستەكلىرىنى زالىم پادىشاھ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئۈچۈن قۇربان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ مىساللىرىنى خىتايلارنىڭ تارىخى، تېخىمۇ توغرىسى يازما خاتىرىسى بولغان 2500 يىللىق تارىخىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

خىتايلارنىڭ تارىخىدا كۆپلىگەن چوڭ –كىچىك دۆلەت-سۇلالىلەر قورۇلدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى زالىم، مۇستەبىت ئىدى. ئۆز خەلقىگە قاتتىق زۇلۇم قىلاتتى. خىتاي پۇقرالىرى زالىم پادىشاھنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئورنىغا، بويسۇنۇشنى، سۈكۈت قىلىشنى ئەۋزەل بىلەتتى. چىداپ تۇرسا، بىر كۈنلەردە ئادىل پادىشاھتىن بىرى تەختكە چىقىپ ياخشىراق كۈنگە ئېرىشىشنى خىيال قىلىپ ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرەتتى. شۇڭا خىتاي تارىخىدا كوپ سۇلالىلەر ئالماشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزلىرى يات مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان(مەسىلەن موڭغۇللار يۈەن سۇلالىسىنى، مانجۇلار چىڭ سۇلالىسى قۇرغانغا ئوخشاش)، يەنە بىرمۇنچىسى، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى نەتىجىسىدە ھۆكۈمرانلار ئالمىشىپ، ئۇلار ئۆزلىرى قۇرغان پادىشاھلىق-سۇلالىلەرنى ئىلگىرىكىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېڭى نام بېرىش بىلەن مەيدانغا كەلگەن. تارىختا، خىتاي پۇقرالىرى ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن مۇستەبىت ھاكىمىيەت، زالىم پادىشاھقا قارشى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئادالەتلىك سۇلالە، ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ چىققان مىساللار كەم تېپىلىدۇ.

بۈگۈنكى غەربنىڭ دېموكراتىيەسى، ۋە ئۇنىڭ يادروسى بولغان پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ بىخلىرى، بۇندىن 2500 يىللار بۇرۇن، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلانغان قەدىمكى يۇناندا مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئوخشاش دەۋردە ياشىغان، خىتاي پەيلاسوپى كۇڭزى شاگىرتلىرىغا، ئۆزىنى بىلىپ ئەدەپكە قايتىش، مەنسەپدارلار بىلەن ئېيتىشماسلىق، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە شەرتسىز بويسۇنۇش توغرىسىدا تەلىم بەرگەن ئىدى. كېيىنكى 2000 يىللىق تارىختا، خىتايلار كۇڭزىنى ئەۋلىيا دەپ چوقۇندى، ۋە ئۇنىڭ تەلىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق قىبلىنەماسى قىلدى.

خىتايلاردا قۇلچىلىق ئىدىيەسى ئېغىر بولغاچقا، بۇ ئۇلاردا، ئەركىن پىكىر، يېڭى ئىدىيەلەردىن قورقىدىغان، يېڭىلىق ۋە ئىسلاھ قىلىشنى ئۆچ كۆرىدىغان، بېكىنمىچىلىك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. دەل مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن، خىتايدا مۇستەبىت، قالاق فېئوداللىق تۈزۈم 2000 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. ياۋروپادا يېقىنقى 300 يىلدا يۈز بەرگەن، دېموكراتىيەلىشىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان جەريانلار، ئىدىيە ئىسلاھاتى، ئىلغار كۈچلەرنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، كاپىتالىزمنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشى، دېموكراتىك سايلام، پارلامېنت تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ھېچبىرى خىتايدا مەيدانغا كەلمىدى. نەتىجىدە خىتايلار مۇستەبىت تۈزۈمگە ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىدىغان، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بىخەتەرلىكى قانۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان، ئەركىن ۋە ئادالەتلىك بىر تۈزۈمگە كۆچۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. غېربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن، ئەمما ئۆزى بارلىققا كەلگەن تۇپراقتا يىلتىز تارتالمىغان كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ خىتايدا يىلتىز تارتىشى ۋە ئاخىردا غەلىبىگە ئېرىشىشى ھەم خىتايلارنىڭ مۇستەبىتلىكنى

ياقلايدىغان خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنى بىز مەشھۇر ئۆزگە تارتىش قانۇنىغا تەتبىقلاپ چۈشەندۈرسەك تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. بۇ قانۇن بويىچە ھەر شەيئى ئۆزگە ئوخشىغان شەيئىنى ئۆزگە جەلپ قىلىدۇ(تارتىدۇ). كوممۇنىزم تەلىماتى ماھىيەتتە مۇستەبىتلىكنى، ھاكىممۇتلەقلىق تەرغىب قىلىدىغان تەلىمات ئىدى. دېمەك خىتايلار، 2000 مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان مۇستەبىت فېئوداللىق تۈزۈمدىن يەنە بىر مۇستەبىت تۈزۈمگە كۆچتى!

خىتاي مىللىتىنىڭ خاراكتېرىدىكى يەنە بىر ئامىل، ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە ئادەمگەرچىلىك تۇيغۇلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشىدۇر.

ئەسلىدە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۆزى ھەم مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغۇچىلاردۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئاددىي خىتاي پۇقرالىرى بىلەن ئۇيغۇرلار مەلۇم دەرىجىدە تەقدىرداش بولۇشى، ئاۋام خىتايلار زۇلۇم چېكىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئاز-تولا ھېسداشلىق بىلدۈرۈشى كېرەك بولاتتى. ئەمما بىز ھېچبىر زامان خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، دەل ئەكسىچە، خىتاي پۇقرالىرى ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلىشىغا ھەمشېرىك بولۇپ كەلدى.

خۇلاسە قىلساق، خىتاي مىللىتىنىڭ خاراكتېرىدىكى يۇقىرىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەركىبلەر، بىر تەرەپتىن خىتايدا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئارقىمۇ-ئارقا مەيدانغا چىقىشىغا ۋە ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللاپ داۋام قىلىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خىتايدا ئەركىن، ئادالەتلىك بىر تۈزۈمنىڭ بەرپا بولۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىگەن ئاساسلىق سەۋەبتۇر.

ئىنسان ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا بېرەلمەيدۇ. خىتاي مىللىتىنىڭ جىسمى ھور بولغان بىلەن روھى تېخى ھور ئەمەس. ئۆز مىللىتىگىمۇ زۇلۇم قىلىدىغان زالىم ھاكىمىيەتتىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياخشىلىق كۈتۈش ۋە ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش، ئادالەت تۇيغۇسى بولمىغان بىر مىللەت ئەزالىرىدىن ھېسداشلىق كۈتۈش خۇددى قارىغۇدىن يول سورىغاندەك بىر ئىش.

بەزى ئۇيغۇرلار دېموكراتىك خىتايلاردىن ۋە خىتايلارنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمگە كۆچۈشىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ. لېكىن ئۇ كۈن قاچان كېلىدۇ، ئۇيغۇرلار شۇ كۈنگىچە ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش تەس.

3. خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قارا نىيىتى

خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بۇقەدەر قاتتىق زۇلۇم سېلىشى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى ئەبەدى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش قارا نىيىتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇيغۇر ئېلى، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى مول بولغان بىر

گۆھەر زېمىن. خىتايلار بۇ زېمىننى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاللىبۇرۇنلا، ئۇيغۇر ئېلىنى ئەبەدىي ئۆزىنىڭ قېلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. نۆۋەتتە بۇنىڭغا توسالغۇ بولۇۋاتقان چوڭ ئامىل ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە بۇ كىملىك تۈپەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن، مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكنى تەشكىل قىلغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللار، ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى. بۇ توسالغۇنى يوقىتىش ئۈچۈن خىتايلار ئۇيغۇرلارنى ئانا تىلىدىن، مەدەنىيىتىدىن ۋە دىنىدىن ئايرىش ۋە ئاخىردا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ تۈگىتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

خىتايلار تارىختا ئۆزىگە قوشنا بولۇپ ياشىغان، سانى ئۆزىدىن ئاز، تىل، مەدەنىيەت ۋە دىن جەھەتتىن يېقىنچىلىقى بولغان نۇرغۇن مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقاتقان. خىتايلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە بەك تەمەننا قويىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنى ئېرىتىپ ئۆزىمىزگە قوشۇۋالالايمىز-دەپ پەخىرلىنىشىدۇ. ئەمما بۇ ئۇستۇنلۇك ئۇيغۇرلارغا كەلگەندە ئىشلىمەي قالدى. ھەرھالدا بۈگۈنگە قەدەر.

خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى بېسىۋالغاندىن تارتىپ تاكى 1949-يىلى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ھوقۇقنى قولغا ئالغانغا قەدەر بولغان 200 يىلغا يېقىن جەرياندا مەيدانغا كەلگەن خىتاي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى مەۋجۇتلۇقى ئاساسلىقى ئىككى مەقسەتتە، بىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىش، يەنە بىرى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ مىراسنى چىڭ ساقلاپ، ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ساق يەتكۈزۈپ بېرىش بولغان ئىدى. بۇ مەزگىللەردە خىتايلارنىڭ، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدە بىرەر پىلان تۈزۈپ يۈرگۈزگەنلىكىنى بىلمەيمىز. بۇنداق بولۇشى بەلكىم، بىر تەرەپتىن، خىتايلار ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ، ئۇيغۇرلار تارىختىكى باشقا مىللەتلەردەك ئاستا-ئاستا بىزگە سىڭىپ يوقايدۇ دەپ ئىشەنگەن يەنە بىر تەرەپتىن، خىتايلار ئۇ زامانلاردا ھەر جەھەتتىن قالاق، ئاجىز، نامرات بولغاچقا، ئۇندىن سىرت ئوز ئىچىدە توختىماي ئۇرۇش، قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىپ تۇرغاچقا ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىش ئۈچۈن چارە ئىزدەش ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈشكە نە قۇربى ۋە نە چولىسى تەگمىگەن بۆلۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا 200 يىللىق ئۇزۇن بىر جەرياندا، ئۇيغۇر ئېلىگە كەلگەن ۋە ئولتۇراقلاشقان خىتايلار، ئاساسلىقى خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، خىتاي سودىگەرلىرى، ئىچكىرى خىتايدىن سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەر ۋە ئاز ساندا كۆچمەن خىتايلاردىن تەركىب تاپقان ئىدى. 1949-يىلدىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسىدا، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى نوپۇس سانى تەخمىنەن 300 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 8% نى ئىگىلەيتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار تىلى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقى بۈگۈنكىدەك ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلمىگەن ئىدى.

خىتايلار،1949-يىلى كوممۇنىست خىتايلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ئۇيغۇر ئېلىگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلىنى ئەبەدى

ئۆزىگە قوشۇۋېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئەمدى رەسمىي باش قاتۇردى ۋە چارە –تەدبىر تۈزۈشكە باشلىدى. ئەڭ چوڭ تەدبىرىنىڭ بىرى، بىڭتۇەن قۇرۇش، خىتاي ئاھالىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ يەرلەشتۈرۈش ۋە بوز يەر ئېچىش، يېڭىدىن شەھەرلەرنى، يېزىلارنى بەرپا قىلىش ئىدى. ئەسلىدە خىتايلار ئەينى زاماندىلا، ئۇيغۇر ئېلىگە نەچچە ئون مىليونلاپ خىتاي ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى بىراقلا ئاز سانلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تەز ئارىدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىش پىلانلىرىنىمۇ قۇرغان ئىدى. ئەمما ئۇيغۇر ئېلىدە سۇ مەنبەسىنىڭ قىس، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك كۆتۈرۈشچانلىقىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز بولۇشى، ئەسلىدە بار بولغان بوستانلىقلاردىكى ئاھالىنىڭ بۇرۇندىنلا زىچ ۋە تېرىلغۇ يەرنىڭ قىس بولۇشى قاتارلىق تەبىئىي چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىتى ئىشقا ئاشمىدى. ئۇندىن باشقا، ئۇ مەزگىللەردىمۇ، خىتايلا يەنىلا قالاق، نامرات ئىدى. خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈستىدە جىددىي باش قاتۇرۇشى، پىلان-تەدبىرلەرنى تۈزۈشى ۋە بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپلەپ مەبلەغ چىقىرىشى، 90-يىللاردىن، تېخىمۇ توغرىسى 2000-يىللاردىن باشلاندى. بۇ، بىر قىسىم مىللەتچى خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا خىتايلارنىڭ رەسمىي «ئويغىنىشى» ئىدى.

ئاتالمىش قوش تىللىق مائارىپ، ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ئوقۇتۇش، كېيىنچە، ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامىدا ياش ئۇيغۇر قىز-ئوغۇللارنى ئىچكىرىگە يۆتكەش، ئۇلارنى ئىچكىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قېلىش ۋە خىتايلار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش، يېزا-قىشلاقلارغىچە ھەقسىز خىتايچە يەسلى ئېچىش.. قاتارلىقلار نۆۋەتتە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېزدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىش ئۈچۈن قانچىلىك ئالدىراۋاتقانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى.

بۇنىڭدىن باشقا خىتايلار نۆۋەتتە، دىنىي ئاشقۇلۇق، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قاتتىق چەكلەۋاتىدۇ.

خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئېلىدە يۈرگۈزۈۋاتقان يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرى، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تامامەن دېگۈدەك، مەجبۇرلاش، كەمسىتىش، جازالاش تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزىلا بىر زۇلۇم! ۋە بۇ ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن تارتىۋاتقان زۇلۇمنىڭ ھەسسىلەپ كۈچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

# نېمە ئۈچۈن خىتايلار ئۇيغۇرلارغا بۇنچە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ

(شۆھرەت تېكىن)

2017-يىلى 7-ئاينىڭ 8-كۈنى

خىتايلارنىڭ ھەر تۈرلۈك تەتقىقاتلىرىدا ۋە كۆپ ساندىكى ئىجتىمائىي ئۈچۈر توربەتلىرىدە "ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا نېمە ئۈچۈن ئۆچلۈكى" ھەققىدە كۆپ مۇنازىرىلەر ۋە مۇھاكىمىلەر بولغانلىقىنى بىلىمىز. نۆۋەتتە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى جىددىي خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇ پەيتلەردە "خىتايلار نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا بۇنچە ئۆچ" دېگەن مەسىلە ئۇيغۇر ئاڭلىقلىرى چوقۇم چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك تېما بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىش ئۇيغۇر بىلىم ئىگىلىرىنى ئۇيغۇر -خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا، ئۆز دۈشمىنى بولغان خىتايلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان يوقىتىش سىياسىتىنى ياخشى چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ. خىتايلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئۆچلۈكى ھەممە ئادەم بىلىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئەمما يىلتىزى تولىمۇ چوڭقۇر بولغان بىر مەسىلە. خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئۆچلۈكىنىڭ ئەڭ تۈپ سەۋەبى زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، يەرلىك مىللەت بىلەن تاجاۋۇزچى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر ۋەتىنىگە تەيىنلەنگەن خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانىنىڭ چەكسىز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ "مۇقىملىق"نى قوغدىشى، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە مىڭ يىللارغا سوزۇلغان تارىخى زىددىيەتلەر، ۋە خىتاينىڭ ئاتالمىش مىللىي سىياسىتىنىڭ بۇ ئۆلكىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مەغلۇپ بولغانلىقى بۇ ئۆچمەنلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەڭ تۈپكى زىددىيەت زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى

بىزنىڭ خىتايىنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىشىمىز خىتايغا قانچىلىك دەرىجىدە قارشىلىق قىلالايدىغانلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ. خىتاينىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە ئۆزىگە قارشى تۇرغانلارنى، پۇقرالارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي كەچۈرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى باشقا مىللەتلەرگە بولسا تېخىمۇ شەپقەتسىز سىياسەت يۈرگۈزىدۇ ۋە قارشىلىق قىلغانلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاينىڭ تۈپ زىددىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن. خىتايلارغا ناھايىتى ئايدىڭكى، ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنى جۇڭگولۇق ياكى خىتاي دەپ تونۇمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستاننى ۋەتەن دەپ بىلىدۇ. مۇشۇ ئىدىيە يوقالمايلا تۇرىدىكەن بۇ زېمىن خىتاي ئۈچۈن مەڭگۈ ئەمىن بولمايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا زېمىن ۋە

ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئەڭ نازۇك ۋە دەخلىسىز ھوقۇق بولۇپ كەلمەكتە. خىتايلار بۇ زېمىننىڭ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئۆزلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە خىتاي نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى يوشۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىملىكى ھەققىدىكى ئېڭى ۋە ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇشى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى خۇددى خىتايدىكى باشقا مىللەتلەرنى خىتايلاشتۇرغاندەك يوقىتىش خىيالىنى بەربات قىلىۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ شۇنچە باستۇرۇش ۋە سىڭدۈرۈش سىياسىتى ئاستىدا تۇرۇپمۇ خىتايغا بويسۇنماسلىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مىللىي ئىرادىسىدىن كەچمەسلىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى داۋاملىق ئاشۇرغان. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى مىللەتنىڭ بارلىقىدىن ۋە كەلگۈسىدىن دېرەك بېرىدۇ، خىتاي ئۈچۈن بولسا ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىدىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ زېمىندىكى بايلىق بۇ يەرنىڭ قىممىتىنىڭ بىر قىسمى خالاس، خىتاي ئۈچۈن بۇ زېمىننىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قىممىتىدە. خىتاينىڭ خوڭكوڭ بىلەن ۋە تەيۋەن بىلەن بولغان زىددىيىتىنىڭ ئاساسى نۇقتىسىمۇ ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى. بۈگۈنكى كۈندە خىتاينىڭ جەنۇبى دېڭىزدىكى قوشنىلىرى بىلەن بولغان زىددىيىتى تالاش تارتىشتىكى ئاراللارغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنلىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ نېگىزىمۇ يەنىلا ئىگىلىك ھوقۇق ۋە زېمىن مەسىلىسىدۇر. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ زىددىيەتنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار مەۋجۇتلا بولىدىكەن مۇستەقىللىق ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، خىتايمۇ قانچىلىك بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ بۇ زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. خىتاينىڭ پىلانى بۇ زېمىننىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى مەنىۋى جەھەتتىن خىتاينىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشلا ئەمەس بەلكى جىسمانىي جەھەتتىنمۇ خىتاينىڭ تەركىبىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھازىر خىتاينىڭ ئوچۇق ئاشكارا مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى يۇرگۈزۈپ ئۇيغۇرلارنى ھەر جەھەتتىن يوقىتىشنى تېزلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز.

ئىگىلىك ھوقۇقى ( Soveriegnty) دېگەن نېمە؟

بىر مىللەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ھەرقانداق خەلقئارا قانۇندىنمۇ ئۈستۈن بولغان ھوقۇق بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ۋە ھەرقانداق ۋاستە بىلەن ئۆزى دۇچ كەلگەن تەھدىتلەرگە قارشى تۇرۇش ھەم قوغدىنىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ قانۇنى جەھەتتىن خىتاي دۆلىتىنىڭ %20 دىن ئارتۇق زېمىنىنى ئىگىلەيدىغان تۇپراقنىڭ قانۇنى ئىگىلىرى. ئۇيغۇرلار ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولغاچقا، كۆرۈنۈشتە بىرىنچى قول باشلىق ئۇيغۇرلاردىن ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كۆچۈرۈشتە قانۇنى جەھەتتىن ئاپتونوم رايون رەئىسى قول قويۇشى كېرەك. 2002-يىلى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ 7 مىليون خىتاي كۆچمەن ئۈچۈن تەستىق سالغانلىقىنى بىلىمىز.

ئىگىلىك ھوقۇقلۇق مىللەت ئۆلچىمى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ، ئومۇمى

خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق مۇستەقىللىق يولىغا ماڭالايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كۇردلار ئىراقتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن تەييارلىق كۆرمەكتە 2017-يىلى 9-ئايدا كۇردلار مۇستەقىللىق ئۈچۈن رىفاراندۇم ئېلىپ باردۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ جىمىكى ھوقۇقلىرى پۈتۈنلەي دەپسەندە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ئۇيغۇرلارنى مىللىي مەۋجۇتلۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن چارىلەرنى ئىشلەتمەكتە. شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، قانۇنى ئاساس ۋە ئادالەت نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئۈستۈندۇر. 2011-يىلى جەنۇبى سۇدان دەل مۇشۇ پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ رىفاراندوم ئارقىلىق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان بارلىق زۇلۇملىرى، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئېلىپ بېرىۋاتقان يوقىتىش سىياسىتىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا ئۇيغۇرلاردىن بۇ زېمىننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىش ئۈچۈن. خىتاي ساختا تارىخ ۋە تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى قانداقتۇر بۇ يەرگە باشقا يەردىن كۆچۈپ كەلگەن، بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئۇيغۇرلار ئەمەس دېگەندەك سەپسەتىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ھېسسىياتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن. ئەگەر بولمىسا خېلى كۆپ ساندىكى خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگولۇق ئەمەسلىكىگە ۋە قانداقتۇر باشقا يەردىن كېلىپ قالغان يات خەلق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆچۈرلارنىڭ قاتتىق تىزگىنلىنىشىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تۇيغۇسىنىڭ يوقىتىلىشى ئۈچۈن. ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاساسى بۇ تۇپراقنىڭ قانۇنى ئىگىسى بىلەن تاجاۋۇزچى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن ئىبارەت.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى سېكرېتارى سىياسەتنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ

خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى يەرلىك ھۆكۈمرانى بۇ رايوندىكى ۋەزىيەتنىڭ قانداقلىقىنى بەلگىلەپ كەلدى. ياڭ زېڭشېڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى باش ئەمەلدارى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن خالىغانچە سىياسەت يۈرگۈزۈپ كەلدى ۋە ئۇيغۇر -خىتاي ئۆچمەنلىكىنىڭ يېڭى پەللىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ تۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا شۇ قەدەر ئۆچ بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنى شېڭ شىسەيگە ئارتىشقا ئۇرۇنغان. ۋاڭ لېچۈەننىمۇ ئۇ يۈرگۈزگەن قاتتىق قول سىياسەتلىرى

سەۋەبىدىن ئەيىبلەيدىغانلار بولغان ۋە 5. ئىيۇل قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئۇنى يۆتكەپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. خىتاي كومپارتىيەسى شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ رايوندا تىكلىگەن ئەمەلدارلىرى چەكسىز ھوقۇققا ئىگە بولۇپ

كەلگەن ۋە بۇ رايوننى مۇقىم تۇتۇپ تۇرالىسىلا خىزمەت كۆرسەتكەن ھېسابلانغان. ۋاڭ جېن ( 1952-1949) دىن تارتىپ، ۋاڭ ئېنماۋ( 1966-1952، 1985-1981)، لوڭ شۇجېن ( 1972-1970)، ۋاڭ فېڭ( 1981-1978)، سوڭ خەنلياڭ ( 1995-1985)، ۋاڭ لېچۈەن( 2010-1994)، جاڭ چۈنشەن

( 2010-2016)، چېن چۈەنگو ( 2016-ھازىرغىچە) غىچە بولغان سېكرېتارلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ يەرلىك خاقانلىرى بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا ھېچقاچان يۇمشاق قوللۇق قىلغان ئەمەس ۋە ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇرلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنى خىتاي ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ بەلگىسى قىلىپ كەلگەن.

ۋەتەندىكى ۋەزىيەت چېن چۈەنگو تەختكە چىققاندىن بېرى، بولۇپمۇ 2017. يىلى ئاپرېلدىن بېرى تېخىمۇ چىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. گەرچە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئومۇمى سىياستى باشلىق ئالماشقان بىلەنلا ئۆزگىرىپ كەتمىسىمۇ، سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى كەلگەن باشلىقنىڭ خۇي پەيلىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە غەربلىك مۇلاھىزىچىلەرنىڭ پىكرىمۇ بۇ رايوندىكى كومپارتىيەنىڭ باش ئەمەلدارىنىڭ يەرلىك سىياسەتنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. چېن چۈەنگو ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن “شىنجاڭ”نى چوقۇم بۇرۇنقىلاردىنمۇ ياخشى باشقۇرۇشى كېرەك، بولمىسا كۆزگە كۆرۈنەلمەيدۇ. بۇ دېگەنلىك رايوننى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىشنى ۋە خىتاينىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلارنىڭ چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدىنلا خاتا ۋە ئىنسانى ھوقۇقلارغا خىلاپ بولغان سىياسەتنىڭ رايوندا ياخشى بىر ۋەزىيەت مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولمىغاچقا ۋە يېڭى باشلىقنىڭمۇ قاتتىق باستۇرۇشتىن باشقا ئالاھىدە ئىقتىدارى بولمىغاچقا بۇ رايوننىڭ ۋەزىيىتى پەقەت يامان تەرەپكە قاراپلا ماڭىدۇ. چېن چۈەنگو ۋە ئۇنىڭ پېشقەدەملىرىگە خىتاي بۇ رايوندا چەكسىز ھوقۇق بەرگەن، شۇڭا ئۇلار بۇ رايوندا سىياسەتنى خالىغانچە چىڭىتالايدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سوراققا تارتىلمايدۇ. بۇ تېگىدىن ئېيتقاندا مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتنىڭ ئالاھىدىلىكى.

تارىخى ئۆچمەنلىكنىڭ بۈگۈنكى تەسىرى

ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئاز دېگەندە 3 مىڭ يىلدىن بېرى قوشنا ياشاپ ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن. ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە دۈشمەنلىكمۇ 3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشتا ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا تارىخى ساۋاقلاردىن پايدىلىنىشنى ۋە قىساسنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ خىتايلارنىڭ باشقىلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان تەبىئىتىنى ئوبدان چۈشىنىپ يەتكەن بولغاچقا بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان: “تابغاچلار ( خىتايلار) ئالتۇن، كۆمۈش، يىپەك رەختلەرنى سېخىيلىق بىلەن بېرىدۇ. تابغاچلارنىڭ سۆزى تاتلىق، يىپەكلىرى يۇمشاق ئىكەن. تاتلىق گەپلەر ۋە يۇمشاق يىپەكلەر بىلەن يىراق خەلقنى ئۆزىگە شۇنداق يېقىنلاشتۇرىدىكەن، يېقىنلاشتۇرىۋالغاندىن كېيىن يامانلىق قىلىشقا باشلايدىكەن. ئىقتىدارلىق ۋە ئېسىل كىشىلەرنى پاتقۇزمايدىكەن. بىر كىشى خاتالاشسا جەددى-جەمەتى، ئۇرۇق-ئەۋلادىغىچە ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن، ھەتتا بۆشۈكتىكى بالىلارغىچە ئاياپ قويمايدىكەن. ”

يىراق قەدىمنى قويۇپ تۇرۇپ يېقىنقى 200 يۈز يىللىق تارىختا قارىساقمۇ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەرگىزمۇ ئاسانغا توختىمىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق

ھەربىكەتلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىختىن قالغان ئۆچمەنلىكنىڭ تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. خىتايلارنىڭ ياپونلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى خىتايلارنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇشتىكى بىر مەنبەسى. خىتايلارنىڭ ياپونلارغا ئۆچلۈكى تارىخى سەۋەب، يەنى ياپونلارنىڭ خىتايلارنى مۇستەملىكە قىلغانلىقىدىن بولغان. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى نۇرغۇن زىددىيەتلەرنىڭ تارىختىن قالغان زىددىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇلغارلارنىڭ ۋە گرېكلارنىڭ تۈركلەرگە ئۆچ بولۇشى، ئەرمەنلەرنىڭ تۈركلەرگە ئۆچمەنلىكى، يەھۇدىيلارنىڭ گېرمانلارغا بولغان قىساسخورلۇقى دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى تارىخى ۋەقەلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر. خىتاي تېخى ئالدىنقى ئەسىردىلا ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلغانلىقىمىزنى ۋە خىتايلارنى زېمىنىمىزدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىۋېتىشكە تاسلا قالغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. بۈگۈنكى كۈندە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررورلۇق سىياسىتى، ئۇرۇق -تۇغقانلارنىڭ جەم بولۇشىنىمۇ چەكلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئەنسىرىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. خىتايلار تارىختىن پايدىلىنىپ كالال يۇيۇشقا ۋە باشقىلارنى يامان كۆرسىتىشكە ئۇستا ۋە بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. ھازىرمۇ خىتاينىڭ ھىندىستان بىلەن سۈركىلىپ، پاكىستان بىلەن ئاپئاق-چاپاق بولۇشىمۇ تارىختىكى ئۆچ ئاداۋەت مەسىلىسىدىن يىراق ئەمەس.

خىتاي ئۇيغۇرلارنى ئىلگىرى قالاق، ئوغرى، يانچۇقچى قىلىپ يامان كۆرسىتىپ كەلگەن بولسا، كېيىنچە ئۇيغۇرلارنى ئىسيانچى، تېررورچى، ئاشقۇن كۆرسىتىپ كەلدى. بولۇپمۇ 5. ئىيۇل ۋە كۇنمىڭ ۋەقەلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ خىتاي خەلقى ئىچىگە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىنى چاچتى.

خىتاينىڭ ئاتالمىش مىللىي سىياسىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى

خىتاينىڭ ئاتالمىش مىللىي سىياسىتى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى دەپ تەرىپلەنگەن، ھالبۇكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قوللىنىلغان مىللىي سىياسەت پەقەت شەكىل جەھەتتىكى يالغان سىياسەت بولغىنى ئۈچۈن بۇ زېمىندىكى زىددىيەتنى كۈچەيتىپ بارىدۇكى ھەل قىلالمايدۇ. 5. ئىيۇل قىرغىنچىلىقى خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى ئاتالمىش مىللىي سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. خىتاينىڭ ۋاڭ لېچۈەندىن كېيىن بۇ يەرگە تەيىنلىگەن سېكرېتارلىرى بۇ رايوننى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك باشقۇرالمىغانسېرى تېخىمۇ غالجىرلىشىدۇ. بىز بۇنى چېن چۈەنگونىڭ يېقىنقى سىياسەتلىرىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

جۇ كۇنرېن "شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدا يۈزەكى مۇھاكىمە" سىدە ئېنىق قىلىپ خۇ ياۋباڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مىللىي سىياسىتىنى كەسكىن تەنقىد قىلغان. جۇ كۇنرېننىڭ قارىشىچە، خىتاي خۇ ياۋباڭ دەۋرىگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە دىنى ئېتىقادىنى يوقىتىشتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغان. ئۇيغۇرلار تىل، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى يوقاتقان ۋە مىللىي روھى سۇسلاشقان. ئەمما خۇ ياۋباڭنىڭ خاتا سىياسەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارغا تولۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىۋېتىلگەن ۋە ئۇيغۇرلار قايتىدىن

ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان. ئەگەر ئاشۇ خاتا سىياسەتلەر يولغا قويۇلماي، ۋاڭ جېنىدىن تارتىپ داۋام قىلىنىپ كەلگەن يوقىتىش سىياسىتى داۋام قىلغان بولسا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا سىڭدۈرۈۋېتىش زور دەرىجىدە تېزلەشكەن بولاتتى.

ھازىر ئۇيغۇرلار ئۈستىدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتنىڭ ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە قەبىھ ۋە رەزىل بولۇشى، خۇددى خىتاينىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكىدەك ۋەزىيەتنىڭ قايتا تەكرارلىنىشى بىزگە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سىياسىتىنىڭ خۇددى جۇ كۈنرېن تەشەببۇس قىلغاندەك خۇ ياۋباڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە قايتىۋاتقانلىقى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلگىرى يۈرگۈزگەن، ئۆزى خاتا دەپ ئېتىراپ قىلغان سىياسەتلەرنى قايتا يۈرگۈزۈشتىن يانماسلىقى، خىتاينىڭ ئاتالمىش مىللىي سىياسىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى خىتاي ئوچۇق -ئاشكارا مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر. چېن چۈەنگو دەل مۇشۇ سىياسەتنىڭ ئىجراچىسى ۋە جۇ كۈنرېننىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاكتىپ قوللىغۇچى. ھازىرقى كۈندە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىلىملىكلەر ۋە ئىگىلىكچىلەر تۇتقۇن قىلىنماقتا، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر كادىرلارمۇ ئىككى يۈزلىمىلىكتە ئەيىبلىنىپ تۇتقۇن قىلىنماقتا.

يەنە بىر تەرەپتىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، چېن چۈەنگو ھەققىدىكى بەزى ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلغاندا، ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى ۋەزىيەت ئالاھىدە چىڭىپ كەتكەن ئالدىنقى نەچچە ئايدىن بېرى چېن ئېكران يۈزىدە ئاساسەن كۆرۈنمىگەن. چېننىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقى ھەققىدە بەزى ئېنىقسىز ئۇچۇرلار بار. ئەگەر سۆزگەك راكىغا گىرىپتار بولغان چېن ھېلىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدا بولسا جىسمانىي ۋە روھى جەھەتتىكى كېسەل ئۇنى تېخىمۇ غالجىرلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يوق بولسا، ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىرى ياكى ۋاقىتلىق ئۇنىڭ ئورنىدا ھوقۇق يۈرگۈزگەنلەر ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يوقلۇقىدا چاتاق چىقماسلىقى ئۈچۈن ھەم مەسئۇلىيەتنىڭ ئارتىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزىدۇ. سىياسەتنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق قاتتىقلىشىپ كېتىشىدە شۇنداق بىر سەۋەبلەرنىڭ بولۇشى ئېنىق. شۇنداقلا بۇ يەنە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىدىن ياكى بولۇۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاي دۆلىتىنى باشقۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكىنى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى خىتايلارمۇ ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. خىتايشۇناس پېتېر ھاسلەر (Peter Hassler) ئۆزىنىڭ River Town (دەريا كەنت) دېگەن ئەسىرىدە خىتايلارنىڭ تولىمۇ ناچار بىر مۇستەملىكىچى ئىكەنلىكى، خىتايلارنىڭ خىتايدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئويغان ئۇيغۇر ۋە ئويغانغان زېمىنلار ئويغاقلار چۈشىنەلەيدىغان ۋە سەگەكلەرنى ئويغىتالايدىغان سىگناللار ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئويغىنىشى، ئۇيغۇر مەرىپەت-مائارىپ ئىشلىرى زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان ۋە ئىدىيە بوغۇلغان ئەھۋالدا، ئاخىرقى ھېسابتا خىتاينىڭ قانلىق قامچىسى

ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى 20 يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇر پىكىر ئىگىلىرى پەرەز قىلىشقان ئىدى. بىز بۈگۈن شۇنىڭ روشەن دەلىللىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

خىتاينىڭ زۇلۇمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنىڭ زور تۈرتكىسى. بۇ ئويغىنىش ۋە بىرلىشىش بىر مىللەت ئۈچۈن زور پۇرسەت ۋە تولىمۇ قىممەتلىك سوۋغاتتۇر.

خىتاي بۇ ئەسىردە ھەتتا چېگرا ھالقىپ ئۇيغۇرلارنى تۇتۇپ كېلەلەيدىغان ۋە بەزى دۆلەتلەرنى سېتىۋېلىپ ئۇيغۇرلارنى ئۆتكۈزۈۋالالايدىغان بولدى. خىتاي ھازىر ئۇيغۇرلارغا قارشى خالىغان ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمما يېتىمەن دېگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنى باستۇرالايدۇ ئەمما كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ

# ئاخبارات ۋە باشقىلار بىزگە نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟

(بۇركۇت)

2017-يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنى

ئىش بىرلىكتە، كۈچ ئۆملۈكتە. نۇرغۇن قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا يۈز بېرىۋاتقان جىددىي مەسىلىلەرگە بولغان ئورتاق باش قاتۇرۇشى، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلىپ خەلقىمىز ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل كېلىشمەسلىك ۋە پاجىئەلەرنى ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا دۇنياغا تارقىتىشى، مېنى تەسىرلەندۈردى، ھەقىقەتەنمۇ خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ئەلەملەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىمىز، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلماسلىقىمىز، ئۇنى ھەر خىل مەتبۇئات -تاراتقۇلار ئارقىلىق دۇنيا جامائىتىگە، خەلقئاراغا بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

مەن بۇرۇن مەتبۇئات -تاراتقۇلارنىڭ كۈچىگە بەك ئىشىنەتتىم. خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەرنى مەن ھەتتا خەلقئارانىڭ بىلمەسلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر خەلقئارا بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلەرنى بىلسە خەلقىمىزنىڭ كۈنلىرىدە ياخشىلىنىش بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. مەن ئامېرىكىغا كەلگەن دەسلەپكى يىللاردا ياخۇدىن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر خەۋەرنى كۆرۈپ قالسام ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى ساناقلىق بولغان ئۇيغۇرچە تور بەتلەرگە قويۇپ قوياتتىم. ئۇ چاغلاردا غەرب مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر ناھايىتى ئاز ئىدى، كېيىنچە غەرب مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشكە باشلىدى، ھەتتا دۇنياغا داڭلىق بولغان ئەڭ نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلار ھېسابلانغان «نيۇيورۇك ۋاقىت گېزىتى»، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» دىمۇ ھەپتىسىگە بىرەر پارچە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر بېسىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى غەرب دۇنياسى ئەسلىدىكى پەقەت بىلمەسلىك ۋە ياكى ناھايىتى ئاز كىشىلەر بىلىش ھالىتىدىن، بىلىش ۋە ياكى خېلى كۆپ كىشىلەر بىلىش ھالىتىگە تەرەققىي قىلدى. بىراق ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر خەلقئارانىڭ بىلىشى بىلەن ئازلىمىدى، يەڭگىللەشمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپەيدى، ئېغىرلاشتى. دەسلەپتە غەرب مەتبۇئاتلىرىدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق خەۋەرلەر بېسىلىپ كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇيغۇرلار مەنپەئەتىگە زىيانلىق خەۋەرلەرمۇ بېسىلماقتا.

مەن مەتبۇئاتنىڭ رولىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن، ۋە مەتبۇئات ۋە تاراتقۇلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋەتەن داۋاسى ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەكچى ئەمەسمەن. مەن دېمەكچىمەنكى مەتبۇئات ۋە تاراتقۇلار، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كەلگەندە، بولۇپمۇ خىتاينىڭ ئىقتىسادى

تەرەققىي قىلىپ، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ بولۇۋاتقان بۇ دەۋردە، ئۆز رولىنى تازا جارى قىلدۇرمايۋاتىدۇ ۋە ياكى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ.

مەن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى بىزنى مەتبۇئات ۋە تاراتقۇلار ئارقىلىق بىزنىڭ تەلەيسىزلىكىمىزدىن، ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقان باشقىلار ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەتلا ئۆزىمىز قۇتقۇزالايمىز. ئەگەر بىزدە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزىدىغان روھ بولمىسا، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەدەل تۆلىمىسەك ۋە ئۇنىڭغا ھەر زامان تەييار بولمىساق، باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقى، ۋە ئىچىنى ئاغرىتىشى بىزنى قۇتقۇزۇشقا يەتمەيدۇ.

بىز ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن تاياق يەپ چوڭلارنىڭ ئالدىغا شىكايەت قىلىپ بارغان بىر بالىغا ئوخشاتساق، ئۇ بالىنىڭ كەلگۈسىدە باشقىلارغا بوزەك بولۇشىدىن قۇتۇلۇش قۇتۇلماسلىقى ھەرگىزمۇ ئۇ شىكايەت قىلىپ بارغان كىشىگە باغلىق بولماستىن بەلكى ئۇ بالىنىڭ جەمئىيەتتە ئۆز ئورنىنى تىكلەش-تىكلىيەلمەسلىكىگە باغلىق. ئەگەر ئۇ بالا چوڭ بولۇپ جەمئىيەتتە ئۆز ئورنىنى تىكلىيەلمىسە، ئۇنىڭ ھاياتى مەڭگۈ باشقىلارغا بوزەك بولۇش، ۋە باشقىلارغا شىكايەت قىلىش بىلەن ئۆتۈشى مۇمكىن.

بىز تىرىشچان بىر نامراتقا ياردەم قىلساق، ئۇ بەلكىم باشقىلارنىڭ ئازراق ياردىمى ۋە ئۆزىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن، بىراق ھېچكىم تىلەمچى، قەلەندەرگە پۇل بېرىپ ئۇنى تىلەمچى، قەلەندەرلىكتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. نامرات بولساقمۇ، غۇرۇرلۇق، تىرىشچان نامرات بولايلى، ئۆزلۈكسىز توختىماي تىرىشساقلا بىر كۈنى ھامان نامراتلىقتىن قۇتۇلالايمىز، بىراق ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى، ئىچ ئاغرىتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان تىلەمچى بولۇپ قالمايلى.

يىغىندىن بۇيان بىر قىسىم ئۆت يۈرەك ئىنسانلىرىمىز مىسىردا يۈز بېرىۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرۈپ، مىسىردا بېشىغا كۈلپەتلەر كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىنى خەلقئاراغا ئاڭلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەقدىرىدە بەزى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ بىراق بېشىغا كۈلپەت كەلگەن خىلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالىنى ئاڭلىتىشنى رەت قىلغان. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىرىدىن ئەندىشە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن، ھەم ئۇلار شۇ بېشىغا كېلىدىغانلاردىن قورقماي مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھالىنى مۇخبىرلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، باشقىلار كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قويۇشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ قۇتۇلۇشى يالغۇز مەتبۇئاتلارغا ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە باغلىق.

ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزمىسا ۋە ياكى ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا چىن كۆڭلىدىن ئىنتىلمىسە، ئۇنىڭلىق ئۈچۈن بەدەل تۆلىمىسە، ئۇنى باشقىلار قۇتۇلدۇرالمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز ئۆز ئۆزىمىزنى تەربىيەلەش، ئۆز ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈش، باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش ئەمەس بەلكى باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلالايدىغان بولۇشىمىز

كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندا ئاندىن بىز باش كۆتۈرەلەيمىز. چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ئادالىتىگە باشقىلارغا بوزەك بولغانلار، باشقىلارغا ئېزىلگەنلەر، ھەققانىيەتسىزلىككە ئۇچۇرغانلار ئەمەس بەلكى كۈچلۈكلەر، ھاكىمىيەت تۇتقانلار ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئامېرىكا ئالىي سوتى باش سوتچىسىنىڭ ئوغلىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن. ئادەتتە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر سىلەرگە بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيدۇ. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلمايمەن. ئالدىڭلاردىكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە مەن سىلەرنىڭ تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇندىلا سىلەر ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىسىلەر. مەن سىلەرنىڭ ساتقۇنلۇق/يۈزسىزلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن شۇندىلا سىلەر، سادىقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىسىلەر. بۇ سۆزلىرىمنى كەچۈرۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ بەزىدە يالغۇز، يەككە يېگانە ھەل قىلىشىڭلارنى ھەم ئۈمىد قىلىمەن، شۇندىلا سىلەر دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولىسىلەر.

# 2-بۆلۈم

# ۋەتەندىكىلەرنىڭ چەتئەلدىكىلەردىن ئۈمىدى

# مىللىتىمىز چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

(تارىمئوغلى)

2017-يىلى 27-ئاۋغۇست

ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ تەلتۆكۈس يوق قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئازراقمۇ قىمىر قىلالمايدىغان، ئۆز ئاۋازىنى ئازراقمۇ چىقىرالمايدىغان بىر دەرىجىدە قاتتىق قامال ئىچىگە ئېلىۋالدى. شۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇلار ھازىر ئۆزىگە پايدىلىق خەلقئارالىق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ياشاۋاتقان ماكانلارغىمۇ قول سېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەللەرنىڭ بەزى جايلاردىكى ئوقۇش ۋە ياشاش ئىمكانىيىتىنىمۇ يوق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق قانداش قوشنىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقمايدىغان، ھەتتا ئۇيغۇرلارنى سېتىپ خەجلەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا ھازىر خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. تۈركىيە تاكى يېقىنغىچە ئۇيغۇرلارغا بىر ئاز ئىگە چىقىپ، ئۇيغۇرلارنى بىر ئاز قانات ئاستىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئالدىنقى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان پوزىتسىيەسىدىمۇ بىر قىسىم يامان ئۆزگىرىشلەر ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارغا ھەقىقىي تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيغۇرلارغا "خەتەر ئاستىدا قالغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز" دەيدىغان قاراش بىلەن ھېسداشلىق ۋە ياردەم قىلىپ باقمىغان. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار ھازىر كۈندىن-كۈنگە تېخىمۇ ناچارلىشىش تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشى ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىلا بەلگىلەيدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى.

چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مەسىلىلەر ئىچىدە مۇنداق ئىككى خىل ئېغىر مەسىلە بار. ئۇنىڭ بىرى، زامانىۋى دۇنيا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە زامانىۋى دۇنيا بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ خىزمەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاۋاتقانلار ئىچىدە مىللەتنىڭ غېمىنى ئانچە يېمەيدىغان، مىللەتنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغانلار ھېلىھەم ناھايىتى كۆپ سانلىق ئىگىلەۋاتىدۇ. زامانىۋى دۇنيا بىلىملىرىدە ئانچە كۆپ ئوقۇيالماي، ئادەتتىكى كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاۋاتقانلار ئىچىدە ئۆزلىرىدە دىنغا ئائىت خاتا چۈشەنچىلەرنى يېتىلدۈرۈۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ياكى ئۆزلىرىنىڭ كىچىك بالىلىرىنى توغرا تەربىيەلەپ

ماڭالمايۋاتقان، ياكى «مەدرىسە ئاچتىم»، «قۇرئان كۇرسى ئاچتىم»، «مەسچىت ئاچتىم»، دەپ، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى توغرا تەربىيەلەپ بېرەلمەيۋاتقان ئەھۋاللار داۋام قىلىۋاتىدۇ. كىچىك بالىلارنى زامانىۋى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەربىيەلىمەي، دىن ۋە قۇرئان ئۆگىنىشكە سېلىپ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى ھېچ قانداق دىنىي ئاساس ۋە ئىلمىي ئاساسقا ئۇيغۇنلاشتۇرمىغان ھالدا ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەن بالىلارنى كىچىكىدىلا كاردىن چىقىرىپ كېتىۋاتقانلارمۇ ناھايىتى كۆپ سانني ئىگىلەۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ھازىر بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا پەقەت ئۆزىمىزلا ئىگە چىقمىساق بولمايدىغان بىر ھالەتكە كېلىپ قالدۇق. ھازىر مۇسۇلمانلار خەتەر ئاستىدا ئەمەس. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ھازىر 1.6 مىليارد كېلىدىغان بولۇپ، بۇ سان بارغانسېرى ئۆرلەپ مېڭىۋاتىدۇ. ھازىر مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە ھاجەتمەن ئەمەس. ھازىر باشقا تۈركىي مىللەتلىرىدىن بولغان قان-قېرىنداشلارمۇ بىرەر خەتەر ئاستىدا ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇلاردىن ئۇيغۇرلار ياردەم قىلمىسا بولمايدىغان بىرەرى مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما بىز ئۇيغۇرلار ھازىر ئىنتايىن چوڭ خەتەر ئاستىدا. ئۆزىمىزنى بۇ چوڭ خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇشتا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشى بىلەن ۋەتەن ئىچىدىكىلەرنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بارغانسېرى يوق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. چەت ئەلدىكىلەرنىڭ بۇ خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ھەربىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى يوق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ ھازىرقىدەك ۋەزىيەتتىكى مىللەت چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار قانداق ياشىغاندا مىللەتكە يۈز كېلەلەيدۇ؟ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار قانداق ياشىغاندا مىللەتنى ساقلاپ قېلىش ئىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ؟

مەن چەت ئەلدىكى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلالايدىغان بارلىق ئۇيغۇر پەننىي زىيالىيلار بىلەن بارلىق ئۇيغۇر دىنىي زىيالىيلارنى يۇقىرىدىكى سوئاللار ئۈستىدە ئويلىنىپ ۋە ئىزدىنىپ، بىلىدىغانلىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى چەت ئەلدىكى ۋەتەنداشلارغا سۇنۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خەلققە يېتەكچى بولۇش رولى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىرىمەن. ئەگەر سىز بۇ ئىشقا ئاۋاز قوشماقچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىز « مىللىتىمىز چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن چوڭ تېما ئاستىدا بىر كىچىك تېمىنى تاللاپ، شۇ تېمىغا ئائىت بىر پارچە ماقالە تەييارلاپ، ئۇنى مۇشۇ چاقىرىقنىڭ ئاستىغا چىقىرىپ قويۇڭ. مەن بۇ ئىشنى قوللاپ بەرگەن بارلىق قېرىنداشلارغا ئالدىن-ئالا رەھمەت ئېيتىمەن.

# دىنىي قانداق چۈشىنىش كېرەك

(كۆرشاتئوغلى)

---ئەقلى تەپەككۇرنىڭ نىيەت ۋە ساۋاپ ئوتتۇرىسىدىكى رولى ھەققىدە

2017-8-28

كىرىش سۆزدىن بۇرۇن

مەزكۇر يازما» مىللىتىمىز چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نىمىلەرنى كۈتىدۇ «دېگەن تېمىغا چۈشكەن دىنىي ئېتىقادقا ئالاقىدار سوئاللارغا قارتا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىلىم بىلەن ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلالمايۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يېزىلدى .

كىرىش سۆز

يېقىندا تېسلا شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەلون مۇسك ئامېرىكا قوشما شتاتلار باشلىقلىرى ئۇچرىشىش يىغىنىدا سۆز قىلىپ، تەقلىدى ئەقىل) ياكى سۈنئىي ئەقىل (نىڭ كەلگۈسىدە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بالايىئاپەتلىرى ھەققىدە يىغىن ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، تەقلىدى ئەقىل تەتقىقاتىنىڭ توغرا يۆلىنىشتە بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خاراكتېرىدىكى مەخسۇس ئورگان قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان .ئەمما بۇنىڭغا قارتا فەئىسبۇكنىڭ قۇرغۇچىسى مارك زاكىربورك بولسا، ماسكىنىڭ تەقلىدى ئەقىلنى بالايىئاپەت قىلىپ كۆرسىتىشىنى ئەيىبلەپ، كەلگۈسىدە تەقلىدى ئەقىلنىڭ ئىنسانلارنى كۆپ جەھەتلەردە قوللاپ، تېخىمۇ ياخشى بىر ئىنسانلار جەمئىيىتى بەرپا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن.

ئەلون مۇسك بىلەن مارك زاكىربورگنىڭ مۇنازىرىسىگە سەۋەب بولۇۋاتقان تەقلىدى ئەقىل، كومپيۇتېرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ كۈچىيىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ يەنە بىر ئەندىشىسى بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزى كەشىپ قىلغان تەقلىدى ئەقىل قۇدرەت تېپىپ بىر كۈنى ئۆزلىرىگە تەھدىت ئېلىپ كېلەمدۇ دېگەن ئەنسىرەشتىن ئىبارەت .

بۇ يەردىكى تەقلىدى ئەقلى ئۈستىدىكى بەس-مۇنازىرە ئەمەلىيەتتە مەزكۇر يازمىدا تەھلىل قىلىنىدىغان تەپەككۇرنىڭ رولى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن يەنىمۇ

يېپىپ چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈش زۆرۈر .شۇ سەۋەبتىن بۇ مۇنازىرە قانداق تىپقا تەۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، بىلىشىمىز شەرت .

ئالدى بىلەن بۇ مۇنازىرە ئىلىمنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىغا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تەرەققىيات بىلەن بىللە مېڭىۋاتقان ئىنسانلار توپى بىلەن ئارقىدا قېلىۋاتقان ئىنسانلار توپى ئارىسىدىكى پەرقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ .يەنە بىر جەھەتتىن تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن بىر قەدەمدە مېڭىۋاتقان توپلام ئىچىدىكى، تېخنىكىنى مەلۇم چەكلىمە ئىچىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش كۆز قارشىدىكى ئىنسانلار بىلەن، چەك قويماسلىق تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق كۆز قاراشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .بىز بۇ مۇنازىرىنىڭ نوقۇل بىرلا تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈستىدە بولمايۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە باشقا ساھەلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز .مىسالغا ئېلىپ ئېيتساق، بىئولوگىيە ئىلمى، بولۇپمۇ گېن، ھۈجەيرە ئىلمىدىكى تەتقىقاتمۇ بۇنىڭ بىرى بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەتتا مەخسۇس قانۇن تۈرغۈزۈپ گېن تەتقىقاتىغا بىر قىسىم چەكلىمىلەرنى قويغان .بۇ ئىككى جۈپ توپلام ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق كۆز قاراشلار ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان. مەزكۇر يازمىدا بىز تەپەككۇرنى مەركەزلىك ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىنى چۈشىنىشتىكى رولىنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى بۆلۈم :تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ تارىخى كەچۈرمىشى

ئامېرىكىدا ئىنسانلار ئۆزى-يۈرەر ئاپتوموبىللارنى ياسىغاچ، تەقلىدى ئەقلىنىڭ بىخەتەر ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە مۇنازىرىلەشسە، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئاياللار ئاپتوموبىل ھەيدىسە بولۇش-بولماسلىق ھەققىدە مۇپتىلار باش قاتۇرۇشۇپ ئولتۇرۇپتۇ .پاكىستاندا ئەركىن مۇھەببەتلەشكەن قىزنى“ ئايلىنىڭ شان-شەرىپى ”ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن دادنى ساقچىلار ئىزدەپ يۈرسە، مىسىردا مۇسۇلمان ساقچىلار ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە كاپىر ھېسابلانغان خىتاي دۆلىتىگە ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ بەرمەكتە .يىراق ئاغرىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىدىكى جايلاردا ئەنگلىيەلىك دوكتور يەرلىك ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ خام گۆش يېيىشلىرىنى فىلىمغا ئېلىپ ئولتۇرسا، جەنۇبى ئامېرىكىنىڭ ئورمانلىقىدىكى ئىپتىدائىي قەبىلىلەر قورقۇنچ ئىچىدە ئاسماندىكى تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئوقيا ئاتماقتا .بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلۇپ يىگىرمە بىر يۈز يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىكى يەر شاردا يۈز بەرمەكتە .
يەر شارىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر توپلام دەپ قارساق، بۇ بىر توپلام ئىچىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتتىكى تەكشىسىزلىك ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئۇرۇش-جېدەل ۋە تالاش-تارتىشلارغا سەۋەب بولماقتا .ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بۇ تەكشىسىزلىك بولسا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا .

تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاشقان ئۇقۇملار پەلسەپە كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولۇپ، بۇلارنى كونكرېت چۈشەندۈرۈش مەزكۇر يازمىنىڭ مەقسىتى ئەمەس .شۇ سەۋەبتىن بۇ يازمىغا لايىق ھالدا بۇ ئۇقۇملارنى ئاممىباب تىلدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز .

تەپەككۇرنى دوگما تەپەككۇر ۋە ئەقلى تەپەككۇر دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ .دوگما تەپەككۇر نىسپىيلىكنى ئويلاشمىغان ھالدا يەكۈننى مۇتلەق ئىككىگە ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ .مەسىلەن مۇتلەق توغرا ياكى مۇتلەق خاتا؛ ۋە ياكى بولىدۇ ياكى بولمايدۇ .ئەقلى تەپەككۇر بولسا نىسپىيلىكنى چۆرىدەپ ئويلىنىش، ئانالىز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .ئەقلى تەپەككۇر بىلىشنىڭ جەريانى بولۇپ، ئىلىم بولسا بۇ بىلىشنىڭ يەكۈنى بولىدۇ .بۇ خۇددى ئەگەر مۇسكۇللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلىش كېرەك بولغاندەك، مېڭىمىزنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن توختىماي تەپەككۇر قىلىشى كېرەك .يەنە بىز مەلۇم بىر شەيئىگە قىزىقىپ ئۇنىڭ كېلىپ كېتىشىنى بىلىش ئۈچۈن، شۇ شەيئىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى توپلاپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر شەيئىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىمىز .بىز ھەرقانداق شەيئىنى ماھىيىتىدىن بىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان لوگىكىلىق ئانالىزلىرىمىز ئەقلىي تەپەككۇر قىلىش ھېسابلىنىدۇ .

ئەقلى تەپەككۇر قىلىش ئىجاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، ۋە توغرا بىلىشكە يېتەكلەيدۇ .بىلىش بىرلا باسقۇچتا ھەل بولمايدۇ، ئۇ تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ جۇغلىنىپ ماڭىدۇ . بىلىپ نېمىگە ئېرىشىمىز، يەنە ئىنسان بىلسۇن بىلمىسۇن ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا بىلگەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار دېگەن سوئال چۈشىدۇ .بىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئۆزىنى بىلىش بولۇپ، ئىنسان ئۆزىنى بىلگەندە ئاندىن ياراتقۇچىسىنى ھەقىقىي تونۇيدۇ .بىز بۇنى دىن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلىمىز .

## بىرىنچى قىسىم: ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەقلى تەپەككۇرنىڭ تارىخى

ئەقلى تەپەككۇر ئىسلام جەمئىيىتىگە يۇنان پەلسەپىسى بىلەن بىللە كىرگەن .بۇنداق دېگەندە، ئەجەبا ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەب دۇنياسىدىكى ئىنسانلار ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلىشنى بىلمەمدىكەن دېگەن غەزەپلىك سوئال تۇغۇلىدۇ .بىز بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن يۇناندىن كىرگەن شۇ ئەقلى تەپەككۇرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى پەلسەپىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى بىلەن قوشۇپ قىستۇرۇپ ئۆتىمىز .

پەلسەپە ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزمۇنى گىرېتسىيەدە بارلىققا كەلگەن) .غەرب ( پەلسەپە تارىخى سوقراتتىن باشلىنىدۇ .پەلسەپىنىڭ سوقراتتىن باشلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، دەل سوقرات ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دوگما تەپەككۇرغا خاتىمە بېرىپ پەلسەپىگە ھۆرلۈك بەرگەن . سوقراتنىڭ تەلىمى بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتى ئەپلاتون تۇنجى ئىلىم تەھلىل قىلىدىغان ئاكادېمىيەنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭ قولىدا پەلسەپە تارىخىدا"بىرىنچى ئۇستاز "دەپ نام ئالغان ئارستوتىل تەربىيە ئالغان .ئارستوتىل بولسا تۇنجى بولۇپ ئىلىمنى پەلسەپىدىن ئايرىپ كاتېگورىيەلەشتۈرۈپ، كېيىنكى زاماندا يۈكسەلگەن ئىلىم-پەننىڭ كونكرېتلىشىشىغا ئاساس سالغان .

سوقرات" ياشلارنى ئازدۇرۇش "جىنايىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن .ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى ھېكايىنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ ئۆتسەك، سوقرات دوگما ھۆكۈملەرگە قارىتا سوئال سوراپ ياشلارغا ئەزەلدىن بولىدۇ ۋە بولمايدۇ دېگەن ئىككىلا مۇتلەق ھۆكۈمنىڭ شارائىتقا ئاساسەن ئۆز ئارا ئورۇن ئالماشتۇرىدىغانلىقىنى، يەنە ھەرقانداق مۇتلەق ھۆكۈمنىڭ ئۆزگىرىپ نىسپىي ھۆكۈمگە ئايلىنىپ

قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن .ھەممە شەيئىگە نىسبەتەن ئەزەلدىن تارتىپ تۈگىتىلىپ كېلىنىۋاتقان بولىدۇ ياكى بولمايدۇ دېگەن نوپۇزلۇق ھۆكۈملەرگە زادى بولامدۇ بولمامدۇ دەپ شۇ ھۆكۈم ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى باشلىغان ياشلارنىڭ گۇمانىي سوئاللىرى، شۇ ھۆكۈملەرگە ئۆگىنىپ قالغان ۋە ئەزەلدىن بۇ جەھەتتە ئويلىنىپ باقمىغان ئاتا-ئانىلارغا قاتتىق ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەن .ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانغا، سوقراتنىڭ بىمەنە سوئاللارنى سوراپ بالىلىرىنى قايمۇقتۇرغانلىقى ھەققىدە ئەرز سۇنغان .[1]

سوقراتنىڭ ياشلاردىن سورىغان بىر سوئالنى بۇ يەردە مىسال قىلىپ كۆرۈپ باقايلى .بىر كۈنى سوقرات بىر ياشتىن سوراپتۇ “ :سەنچە ئوغرىلىق قىلىش توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟ ”دەپ .ئۇ ياش ئويلانمايلا جاۋاب بېرىپتۇ“ :ئەلۋەتتە خاتا .”سوقرات يەنە سوراپتۇ“ :ئۇنداقتا مەن ساڭا بىر مىسال كەلتۈرەي .مەسىلەن مېنىڭ ئىككى قوشنام زىددىيەتلىشىپ قالدى دەيلى، ئاچچىقى يامانراق قوشنام شۇ ئاچچىقىغا پايلىماي يەنە بىر قوشنامنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۆيىدە پىچاق بىلەپ تەييارلاپتۇ . مەن ئۇ دىققەت قىلمىغاندا ئۇنىڭ بىلەپ قويغان پىچىقىنى ئوغرىلاپ چىقىپ يوشۇرۇپ قويدۇم .شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقى يامان قوشنام پىچىقىنى تاپالماي يەنە بىر قوشنامنى دەماللىققا ئۆلتۈرەلمىدى . كېيىن ئاچچىقى يانغاندا بولسا ئىككىسى قايتا ئەپلىشىپ قالدى .ئەمدى سەن دېگىنە مېنىڭ پىچاق ئوغرىلىشىم توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟ .”ئۇ ياش يەنىلا ئويلانمايلا“ :ئەلۋەتتە سەن بىر جاننى قۇتقۇلدۇرۇۋالغان تۇرساڭ توغرا ئىش بولمامتى ”دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .سوقرات يەنە بىرىنچى سوئالغا قايتىپ كېلىپتۇ “ :سەن ئوغرىلىق قىلىش ئەلۋەتتە خاتا دېگەن ئىدىڭ، ئەمدى نېمە ئۈچۈن مەن ئوغرىلىق قىلسام توغرا دەيسەن؟” دەپ سوراپتۇ، ئۇ ياش ئاندىن ئۆزىنىڭ بەرگەن تۇنجى جاۋابىنى قايتا ئېسىگە ئېلىپتۇ.

سوقرات دوگما ھۆكۈم چىقىرىشقا قارشى چىقىپ، ھۆكۈمنىڭ كونكرېت شارائىت ۋە ئامىللارغا قارىتا بولۇشىنى تەرغىب قىلغان .ئۇ شۇ سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغان كېيىنكى ئىنسانلار ئەقلىي تەپەككۇردا يۈكسەلگەن .سوقرات ئىنسان تەپەككۇرغا ئىلىپ كىرگەن بۇ كىچىككىنە ئۇچقۇن دۇنياغا يامراپ ئىنسانلار ئۆزلىرى ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرىنى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىنى بايقاش ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان بولغان .

سوقراتنىڭ“ ياشلارنى ئازدۇرغان ”جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى تەپەككۇرغا چەكلىمە قويۇش قويماسلىق ھەققىدىكى تۇنجى مۇنازىرىسىدىكى، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ .ئەنە شۇندىن بېرى ھازىرغىچە ئىنسانىيەت بۇ تالاش-تارتىشتىن قۇتۇلغىنى يوق .بۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا بىزدىكى تەپەككۇرنىڭ) بىلىشنىڭ (پەرقلىق بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك .

سوقراتتىن كېيىن يۇنان پەلسەپىسى زور دەرىجىدە يۈكسەلگەن .ئەمما خرىستىئان دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشى بىلەن تەڭ، ئەقلى تەپەككۇر ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن پەلسەپە خرىستىئان دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ تەقىب قىلىشى بىلەن ياۋروپادا كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى كۆككە سورۇلغان .ئەقلى تەپەككۇر تەقىب قىلىنغاندىن كېيىن ياۋروپا ئاتالمىش«مىڭ يىللىق قاراڭغۇلۇق» دەۋرىدە دىنىي ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، ۋە ۋابا ئىچىدە ئۆتكەن .ياۋروپادا تېنى ئۆلگەن ئەقلى تەپەككۇر كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم ئەھلىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ، كەينىگە چېكىنىپ كەتكەن خرىستىئان جەمئىيىتىنىڭ ئەكسىچە ئىلىم-پەن ۋە مەرىپەت

ئىسلام دۇنياسىدا گۈللىنىپ روناق تاپقان .

## ئىككىنچى قىسىم: ئىسلام دۇنياسىدا تەپەككۇردىكى تەرەققىياتلار ۋە قاتماللىقلار

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى ئۇتۇقلىرىنى تىلغا ئېلىشقانلىرىدا كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كېتىشىدۇ .ھەقىقەتەن، ئەرەب يېرىم ئارىلى ئۇرۇش تۇگەپ ئىسلام تۇغى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئىلىم-پەنمۇ تەرەققىي قىلىپ ئەينى چاغدىكى تەبىئىي پەن، تېببىي ئىلىم ۋە پەلسەپە قاتارلىق پەنلەر يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان .ئەمما كۆپ ئۆتمەي باشلانغان سىياسىي ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە، ھۆكۈمران قاتلام ئەقلى تەپەككۇرغا قارتا تەقىبنى كۈچەيتىپ، ئاخىردا بىر قىسىم سوپىزمنى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ“ مەن ھەق ”دەپ جاكارلاشلىرىنى شېرىك دەپ ھۆكۈم قىلىپ[2] ، ئەقلى تەپەككۇرغا ئائىت پائالىيەتلەرنى قەدەممۇ-قەدەم چەكلىگەن .شۇ قاتاردا پەلسەپە ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ چوڭ تەقىبگە ئۇچۇرغان .

ئەمدى ئىسلام پەلسەپىسى ئەقلى تەپەككۇر جەھەتتە قانداق ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۇرۇپ بولغان ئىدى دېگەندە،“ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاخىرقى پەيلاسوپ ”دەپ نام ئالغان ئىبىن توفايلىنىڭ> يەسسان غەزنى ھەققىدە قىسسە <دېگەن ئەسىرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۇش ئارقىلىق جاۋاب بېرىمىز.

ئىبىن توفايلىنىڭ بۇ ئەسىرى يەسسان غەزنى ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئۆزى ئۇستىدىكى ئويلىنىشلىرى ئارقىلىق، ئىنسان ئۇچۇن بىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئۆزىنى بىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ھەقنى) ياراتقۇچىسىنى (بىلىش ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ .كىتابتا، باش قەھرىمان يەسسان غەزنى ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ يېگانە ھالدا بىر ئارالدا بىر ئۆچكە تەرىپىدىن بېقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ .ئۇ ئۆسۈپ-يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە بىر كۇنى بۇ ئۆچكە ئۆلۇپ قالىدۇ .ئۆچكىنى ئويغىتالمىغان) قايتا ھاياتقا ئېرىشتۇرەلمىگەن (دىن كېيىن يەسسان غەزنى ھاياتلىق ئۇستىدە ئويلىنىپ ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشنى نىشان قىلىپ، چىقىۋاتقان شامال، دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز، پارلاۋاتقان ئاسماندىكى يۇلتۇز قاتارلىق ئۆز ئەتراپىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ئۇچۇن توختىماي تەپەككۇر قىلىدۇ .ۋە ئاخىردا بۇ شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بىلگەندە بولسا، بۇ شەيئىلەر بىلەن بىر پۇتۇن گەۋدىگە ئىگە بۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن ئۆزى، بىر تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە كۇچ تەرىپىدىن يارىتىلغان دېگەن يەكۇنگە كېلىدۇ .

يەسسان غەزنىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش جەريانىدا، يېنىدا دىنىي تەلىم بېرىدىغان ئۆلىما، ياكى ئىلىمدىن خەۋەر بېرىدىغان ئاسترونوم ياكى تېۋىپ بولمىغان .ئۇ يەككە-يېگانە ھالدا ھاياتلىقتا توختىماي سوئال قويۇش، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئاخىردا شۇ يەكۇننى چىقارغان .

بۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۇشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم ۋەقەلىك بولسا، ئىبىن تۇفايلىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا ئەقلى تەپەككۇرغا تايىنىپ پەلسەپىنى يەنە بىر بالداق ئۆرلەتكەن ئىلىم ئىگىسى چىقمىغان، ئەقلى تەپەككۇرغا بولغان تەقىب ھەممە ساھەلەرگە كېڭىيىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا“ قۇلايلىق ”دوگمىچىلىق ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتكەن .شەخسنىڭ ئۆزى ۋە ياراتقۇچىسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشنى ھۆكۈمران سىنىپلار مونوپول قىلىپ موللام، ئۆلىما، مۇپتى، قازى دېگەندەك ئۇچىنچى شەخسكە ھاۋالە قىلىپ بەرگەن .شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خرىستىئان

دۇنياسى پارچە-پارچە ھالەتتە بولغانلىقى، ۋە خەلىپىلىك جەڭگىۋارلىقى ئۇستۇن بولغان تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىك سەۋەبىدىن .ئىسلام دۇنياسى ۋاقىتلىق تىنچلىق ئىچىدە ئۆتكەن .ئەمما مىڭ يىللىق قاراڭغۇ دەۋردىن كېيىن دەل ئىسلام دۇنياسىدا تەقىبگە ئۇچرىغان پەلسەپە ياۋروپادا قايتا ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشىپ، ياۋروپا" ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش "نى روياپقا چىقارغان .ئەقلىي تەپەككۇرنى ئىسلام دۇنياسىدىن تېرىپ ئالغاندىن كېيىن، ياۋروپادا ئىلىم-پەن راۋاجلانغان .يېڭى ئىلىم بىلەن قوراللانغان ياۋروپانىڭ باش كۆتۈرۈشىگە، ۋە ئۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرۇشقا تەپەككۇر قىلماي توختاپ قالغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەقلىمۇ ھەم كۈچىمۇ يەتمىگەن .ئەمما ئىسلام دۇنياسى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىگە تەپەككۇرنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، ۋە ئۆزلىرىنىڭ يۈكسىلىشتىكى ئەڭگۈشتىرىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى تا ھازىرغىچە ھېس قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە دۇنيانى، دىنىنى، ياراتقۇچىسىنى ئىلىم بىلەن ئەمەس ئەپسانە ئارقىلىق چۈشىنىپ ۋە قىسسە سۆزلەش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كەلمەكتە .

## ئۈچىنچى قىسىم: ئەقلى تەپەككۇر بىلەن دوگما تەپەككۇرنىڭ پەرقى

قۇرئاننى ئوقۇپ تامامەن چۈشەنگەن ئىنساننىڭ باشقا كىتابلارغا ئېھتىياجى يوق .ئەمما، بىر ئىنسان قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنىش ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق كىتابلارنى ئالدى بىلەن بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشى كېرەك (خاتىرەمدىن)

ئىسلامى چۈشەنچىلەردىكى بىر قاتماللىق شۇكى، مۇسۇلمانلار ھەر شەيئىگە قۇرئاندىن جاۋاب تېپىشقا تىرىشىدۇ، لېكىن ئىلىم بىلەن دىنى سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەشنى خالىمايدۇ ياكى قورقىدۇ . شۇ سەۋەبتىن دۇچ كېلىۋاتقان بارلىق سوئاللارغا ئۇنىڭ دىن بىلەن ئالاقىسى بولۇش بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر نوقۇل ئىسلامىي-ئەخلاق نۇقتىسىدىن جاۋاب ئىزدىشىدۇ .قۇرئان ۋە دىنغا ئالاقىدار سوئاللارغا ئىلىم بىلەن جاۋاب بەرگىلى بولامدۇ دېگەندە بىز كېسىپ ئېيتالايمىزكى، تامامەن بولىدۇ . چۈنكى بۇ ئىلىمنى بىز ياراتمىغان .ئۇنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىدىن كەلگەن .ئىلىم نېمە؟ ئىلىم ئىنسان تەرىپىدىن كاتېگورىيەلەشتۈرۈلگەن ياراتقۇچىنىڭ قانۇنىيەتلىرى.

مەزكۇر يازمىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەقلىدى ئەقىل ھەققىدىكى تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولغان ئامىلغا كەلسەك، بۇنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى بىلمىگەننى باشقىلارنىڭ بىلىشىدىن قورقۇش پسىخىكىسىنىڭ ئىپادىلىنىش دەپ قارايمىز. بولۇپمۇ دىنىي جەمئىيەتتە ئىمتىيازلىق كىشىلەردە بۇنى كۆپ ئۇچۇرتىمىز .ئۇلار ھادىسىلەرگە ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق جاۋاب ئىزدەشنى خالىماي، بۇرۇندىن بار بولغان، ھادىسىلەرنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئىنكار قىلىشتەك ئىككى قۇتۇپقىلا بۆلۈنگەن دوگما تەپەككۇرى ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا .شۇ سەۋەبتىن مەسىلەن مارسقا ئادەم چىقىرىش پىلانى دېگەندەك ھەر بىر تېخنىكىدىكى يېڭىلىقلارغا قارتا سەئۇدى ئەرەبىستاندا تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئەمەس سەئۇدى مۇپتىلىرى بەكرەك باش قاتۇرۇپ ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا پەتىۋا چىقىرىپ ئولتۇرماقتا. ئۇنداقتا ئەقلى تەپەككۇرنىڭ چۈشەندۈرۈشتىكى ئالاھىدىلىكى نەدە؟

سوقرات مۇتلەق ھۆكۈمنىڭ نىسپىيلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى دوگما تەپەككۇر قىلىشتىن ئەقلى تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلىگەن .بۇنى ئىنساننىڭ ئەقلى تەپەككۇرنى

كومپيۇتېرنىڭ ئىشلەش مېخانىزمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كونكرېت ئانالىز قىلىپ باقايلى .بۇ يەردە ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن تەقلىدى ئەقلىنى سېلىشتۇرساق، ئىككىلا ئەقلىنىڭ ئىشلەش مېخانىزمى ئوخشاش، يەنە ئىككىلىسى ئالغان ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىپ يەكۇنگە ئېرىشىش .ھازىرقى تەقلىدى ئەقلىنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل) ماتېرىيال فىزىكىسىدىكى تەرەققىياتنى ھېساب قىلمىغاندا(، دەل ئىككى مىڭ بەش يۈز يىل ئىلگىرى سوقرات ئىنسان تەپەككۇرىغا ئېلىپ كىرگەن كىچىككىنە ئۆزگىرىش بىلەن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاش .بۇ ئىككىلا ئەقىلگە“ ئەگەر) كومپيۇتېردا ئور ياكى ئىف ”(دېگەن لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى كىرگۈزۈلگەن .سوقرات بولىدۇ ياكى بولمايدۇ دېگەن مۇتلەق دوگما ھۆكۈمگە،“ ئەگەر ”دېگەن ئالدىنقى شەرتنى قوشقانلىقىدىنلا، مۇتلەق ھۆكۈملەر شارائىتقا قاراپ نىسپىي ھۆكۈمگە ئۆزگەرگەن . كومپيۇتېر“ ياكى) ئور ”(دېگەن يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى قوشۇلغانلىق سەۋەبىدىن، ئالدىنقى شەرت ئۆزگەرگەن ئەھۋالدا كومپيۇتېرغا ئوخشاش ئۇچۇردىن ئوخشىمايدىغان يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارى قوشۇلغان .كومپيۇتېرنىڭ تەرەققىياتى شۇ تەرەققىيات بىلەن تەڭ ماڭالمىغان ئىنسانلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدۇ .بىر مىسال كۆرسىتىپ ئۆتسەك، گۇگىل شىركىتىنىڭ ئانا شىركىتى بولغان ئالفابەت شىركىتى ئىگىدارچىلىقىدىكى شاھمات ئويناش پروگراممىسى ئالفاگو نەچچە يىل تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق خەلقئارادا بارلىق قورشاۋ شاھمات چېمپىيونلىرىنى يېڭىپ تەڭداشسىز“ ئەقلى ”نى نامايان قىلغان .ئېيتىلىشىچە قورشاۋ شاھماتنىڭ مېڭىش يوللىرى ئەڭ مۇرەككەپ بولۇپ، ئەگەر بىز خەلقئارا شاھماتنىڭ 64) كاتەكچىدىكى (بىر مەيدان مۇسابىقىدە بارلىق ئۆزگىرىش) مېڭىش (ئامىللىرىنى نوقۇل سان-سىپىر بىلەن ئىپادىلىسەك بۇ سان-سىپىرلار10 نىڭ 47ماسىسغا باراۋەر كېلىدىكەن .قورشاۋ شاھماتتا 361) كاتەكچە (بولسا بۇ سان-سىپىرلار10 نىڭ 170ماسىسىسغا توغرا كېلىدىكەن .

كىچىككىنە بىر شاھمات تاختىسىدا شۇنچىلىك كۆپ ئۇچۇر بار ئىكەن .ئەمدى دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرگە جاۋاب بار دەپ قارالغان قۇرئاندىكى سان-سىپىر قانچىلىكتۇ؟ بۇ سان-سىپىرلارنى چۈشىنىش ۋە ھەزىم قىلىش ئۈچۈن ئەگەر بىر ئىنساندا يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئەقلىي تەپەككۇر بولمىسا ئۇنى چۈشەنمەسلىك ياكى خاتا چۈشىنىش مۇمكىنغۇ !

بىز“ ئاللانىڭ ئىرادىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ ”دېگەن سۆزنى دائىم ئاڭلايمىز .بىر قىسىم كىشىلەر بۇنى ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن شەخسنىڭ ئەركىن تاللىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىلەن باغلاشتۇرۇپ ئۆزىنى قىينايدۇ .يەنە، بىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمىزنىڭ سەۋەب نەتىجىلىرى ئاللا تەرىپىدىن بېكىتىۋېتىلگەن بولسا، بىزنىڭ تاللاش ئىرادىمىزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ يەنى، شەخسنىڭ تاللىشى بىلەن ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى سوئالنى بىز نەزەرىيە فىزىكا ئىلمى بىلەن چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقساق بولىدۇ .بىرىنچى سوئالغا كەلسەك .بىر تال قىلنى مەن قولۇم بىلەن ئىتتىرىپ قويساممۇ تەۋرەيدىغۇ دېگۈچىلەر بار .ئەمما شۇ بىر تال قىلنى تەۋرىتىش ئۈچۈن سىز ئالدى بىلەن“ ئەگەر ”دېگەن ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىشىڭىز كېرەك .چۈنكى بىر تال قىلنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن مەلۇم بوشلۇق )ماكان (ۋە بىر نۇقتىدىن ئىككىنچى نۇقتىغا يۆتكىلىشى ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت) زامان (كېرەك . ئىنساننىڭ ماكان ۋە زامان يارىتىشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ .ئىنسان بولمىش بىز تەييار بار ئوبيېكتىپ

مەۋجۇتلۇقتىن ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ نەتىجە يارىتالايمىز .شۇ بىر تال قىل تەۋرەشكە تېگىشلىك ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت پەقەت ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىدىن بولغان .شۇ سەۋەبتىن ئاللانىڭ ئىرادىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ دېسە ئۇ فىزىكىلىق قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ھەقىقەتەن توغرا ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ .

ئىككىنچى سوئالنى يەكۈنلىسەك، ئەگەر بىز مەلۇم ئىشنى قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاللا تەرىپىدىن بېكىتىلىپ بولۇنغان بولسا، شەخسنىڭ تاللىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى دېگەنلىك بولىدۇ .بۇ بىر باش قاتىدىغان سوئال بولۇپ نوقۇل دىنىي-ئەخلاق نۇقتىسىدىن قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ .ئەمما بىز بۇنى نەزەرىيە فىزىكىسىغا بولۇپمۇ ئېينىشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيەسىگە مۇراجىئەت قىلىپ مەلۇم جاۋابقا ئەگە بولالايمىز.

ئىنسان ياشىغان ماكاندا ۋاقىت پەرقى بار .مەسىلەن قول تېلېفونىڭىزغا سىگنال يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاسماندىكى سۈنئىي ھەمراھتىكى سائەت بىلەن يەر يۈزدىكى سائەت ھەر دائىم 7 سېكۇنت پەرق بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت بولۇپ ئۇنى ئىنسانلار بەلگىلىگەن ئەمەس .بۇ مىسال ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ مۇتلەق بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن چېغىمىزدا، بىز ئىنساننىڭ ۋاقتى بىلەن بۇ سوئالغا دىئاگنوز قويساق بولمايدىغانلىقىنى بىلىمىز .ئىنسان مەلۇم ئىشنى باشلاپ نەتىجىسى چىققۇچە جەريان) ۋاقىت (كېتىدۇ .ئەمما ياراتقۇچى ئۈچۈن) ئۇ مۇتلەق مەۋجۇتلۇق بولغانلىقىدىن (ۋاقىت مەۋجۇت ئەمەس دەپ ئويلىيالايمىز. ئىنسان ئۈچۈن بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا ھەرىكەت قىلىپ ئۇلارنى تۇتاشتۇرغان جەريان بىر سىزىق بولسا، بەلكىم ئۇ ياراتقۇچى ئۈچۈن بىرلا نۇقتا بولۇشى مۇمكىن .بۇ بىر نۇقتىغا سەۋەبمۇ نەتىجىمۇ يىغىلغان ھالەت بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار .بۇنىڭغا قارىتا چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندا، بىز قۇرئاننىڭ بەقەرە سۈرىسىدىكى «غەيىپ» ئۇقۇمىغا قارىتا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز .بەقەرە سۈرىسىدە «تەقۋادارلار غەيىپكە ئىشىنىدۇ» دېيىلگەن .بۇ يەردىكى«غەيىپ» ئاتالغۇسى بىزگە ئايان بولمىغان شەيئى، ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بىز بۇ يەردە غەيىپنى بىز بىلىش ئىمكانىيىتىدىكى غەيىپ بىلەن بىلىش ئىقتىدارىمىزدىن ھالقىغان غەيىپ دەپ ئىككىگە ئايرىيالايمىز. ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاپىرىدە قىلىنغان ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى، قانۇنىيىتى بار بولغان«غەيىپ» بىزنىڭ ئەقلى تەپەككۇرىمىز بويىچە بىز بىلىشكە قادىر بولۇپ تېخى بىز بىلمىگەنلىرىنى بىلىش پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى خالاس .يەنە بىر خىل" غەيىپ "بولسا بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدىن ھالقىغان) ھەرىكەت (قانۇنىيىتى بولمىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر، ئۇلار بىز بىلىشكە قادىر بولمايدىغان" غەيىپ "بولۇپ، بىز بۇ خىل غەيىپ ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشقا ئاجىزمىز .بۇنىڭ تېپىك مىسالى ياراتقۇچى ئۆزى بولۇپ، بىز قۇرئاندىكى چۈشەنچىلىرىدىن ياراتقۇچىنىڭ مۇتلەق، ھەممىگە قادىر، يېگانە، مېھرىبان بىر مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز .ئەمما ياراتقۇچىنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە بىلىش بولسا، بەلكىم ۋە پەقەت ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلار بولۇپ، تىرىك ئىنسان ئۈچۈن ئۇ زات مەڭگۈ «غەيىپ» بولىدۇ.

«غەيىپ» چۈشىنىش مۇرەككەپ بولغان ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .ئاددىي چۈشەنچە بىلەن بولغاندا «غەيىپ» يوق ياكى كۆزگە كۆرۈنمىگەن دېگەنلىك بولۇپ، ئەگەر يوق بولسا يوق نەرسىگە قانداق ئىشىنىش كېرەك دېگەن گاڭگىراش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن غەرب پەلسەپىسىدە «بار» بىر مەۋجۇتلۇق «يوق»

مۇ بىر مەۋجۇتلۇق دېگەن ھۆكۈمنى تىلغا ئېلىپ «يوق» نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالىساق، قانۇنىيەت بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە بىزنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ تۇرغان بۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىچى-سىرتىدا قانۇنىيىتى بىزگە مەلۇم بولمىغان، بىز ھازىرچە )ۋاقىتلىق (بىلىش ئىمكانىيىتىدىن يىراق ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز .

بىز قۇرئاندىن كونكرېت مىسال ئېلىپ كۆرەيلى .«ئاللا يەر يۈزدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى .ئاللا ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر .[3] ئاللا ھەقىقەتەن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلگۈچىدۇر .ئاللا ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر[4] ». بۇ يەردە «سىلەر ئۈچۈن ياراتتى» دېگەن سۆز، ئاللانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئىمتىيازى بولۇپ، ئۇنى نوقۇل ماددىي جەھەتتىن ئىشلىتىش، پايدىلىنىش ۋە سەرپ قىلىشقا بېرىلگەن ئىجازەت دېيىش تار مەنىدىكى چۈشىنىش بولۇپ قالىدۇ .بۇنىڭغا ئاز دېگەندە ئۇنىڭ يەنە بىر يەشمىسى، ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى بىلىشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىمىز، بۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، تەپەككۇر قىلىپ جاۋابىنى ئىزدەشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ .بۇ ئايەتتە بىلەن كېيىندىكى ئايەتتىكى«ئاسمانلار» دېگەننى بىرلەشتۈرسەك، يەتتە قات ئاسمان بار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز .نەزەرىيە فىزىكچىلىرى «چوڭ پارتلاش» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بىز ياشاۋاتقان بۇ كائىناتنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ھەرىكەت مودېلىنى ئوتتۇرىغا قويدى .ھازىرقى فىزىكا ئالىملىرى بىلەن ئاسترونوملار بۇ جەھەتتە كۆپ ئىزدىنىشلەرنى قولغا كەلتۈردى .ئەمما ئىنسانلار ئۈچۈن بۇ چوڭ پارتلاش تەييار ماكان ئىچىدە يۈز بەرگەنمۇ، ياكى چوڭ پارتلاشتىن ماكان ھاسىل قىلىنغانمۇ بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس .[5] شۇ سەۋەبتىن بىز ھازىرقى بىلىش سەۋىيەمىزدە زامان ۋە ماكانىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان يەتتە قات ئاسمان تېخى «غەيب» ھېسابلىنىدۇ .ئەمما بۇلار ئىنسان ئۈچۈن مۇتلەق غەيب بولماستىن«بىز ئۈچۈن يارىتىلغانىكەن» ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئاشكارا بولىدىغان «غەيب» دەپ ئىشىنىمىز .

ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق غەيبنى بىلىش بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ .مەسىلەن ئەگەر ئەقلى ئىقتىدارى ئاجىز ئىنسانلار جىنايەت سادىر قىلسا ئۇلارغا جىنايەت ئارتىلمايدۇ .چۈنكى ئۇلار بىلىش ئىقتىدارىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان .ياش ئۈسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە قارىتا بېرىلىدىغان جازا تەربىيە بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار تېخى بىلىش يېشىغا يەتمىگەن .ئەگەر سىز ياش-قۇرامىڭىزغا يەتكەن ۋە ئەقلى-ئىقتىدارىڭىز نورمال تۇرۇپمۇ جىنايەت سادىر قىلسىڭىز، ھەر قانچە ئۇنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن دېسىڭىزمۇ جاۋابكارلىق سىزگە ئارتىلىدۇ .چۈنكى سىزنىڭ ئەقلى-ھوشىڭىز جايىدا، ئۆگىنىشكە، بىلىشكە ۋاقىت ۋە پۇرسەت يېتەرلىك بېرىلگەن .مىسىردا چەت-ئەللىك ئايال ساياھەتچىلەرگە ھۇجۇم قىلىش، كۆپ-كۈندۈزدە ئۇلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ .ئۇلارنىڭ جىنايىتى سۈرۈشتۈرۈلگەندە ئوچۇق يۈرگەن ئاياللار بۇزۇق بولۇپ ئۇلارنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ئىكەنمىش .ئەلۋەتتە بۇ نوقۇل مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىلا يۈز بېرىدىغان ئەھۋال ئەمەس .بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ ھىندىستاندىمۇ كۆپ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خەۋەرلەردە ئاڭلايمىز .پەقەت ھېكايە شەكلى ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، تەبىقە ئەنئەنىسى كۈچلۈك ھىندىستاندا يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەرلەرنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان قىز-ئاياللارنى ئاياق-ئاستى قىلىشى

كۆپ يۈز بېرىدىكەن .
بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز نەپسى ئۈچۈن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر دەپ قارىساق، يەنە بەزى بىر ئەھۋاللار بۇنىڭ سىرتىدا بولىدۇ .مەسىلەن سىز سىگارت ئالغىلى سىرتقا چىقىپ كىچىك بالىنى كۆتۈرۈشتىن ئېرىنىپ ماشىنا ئىچىگە قويۇپ قويۇپ، بىر-نەچچە مىنۇت ئىچىدە چىقىشنى كۆڭلىڭىزگە پۈكۈپ ماركىتكە كىرىپ كەتتىڭىز .سىرت قاتتىق ئىسسىق، سىز دېرىزىنى ئازراق ئېچىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىز .ماركىتتا كونا تونۇشىڭىز ئۇچراپ قالدى .پاراڭلار قىزىپ سىز ھەممىنى ئۇنتۇدىڭىز .نەچچە سائەتتىن كېيىن ماشىنىڭىزغا قايتىپ بارغىنىڭىزدا بالىڭىز تۇنجۇقۇپ قۇتقۇزۇشقا ئۈلگۈرمىدى .داد-پەرياد كۆتۈرۈپ ئاللا-خەپكەر دەپ چاچلىرىڭىزنى يۇلۇپ، بۇنداق بولۇشنى بىلمەپتىمەن دېيىش بىلەن ئۆزىڭىزنى ئاقلىيالمايسىز .چۈنكى سىزدە نورمال ئەقىل-ئىدراك بار، كىمنىڭ نەدە ئۆلۈشى «غەيىپ» بولسىمۇ بالىڭىزنىڭ خەتەر ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى سىز ماركىتكە كىرىشتىن بۇرۇن، ماشىنىدىن چۈشكەندە ھېس قىلغان شۇ ئىسسىق ھاۋانى، تونۇشلارغا ئۇچراپ قالسىڭىز گېپىڭىزنى توگىتەلمەيدىغان ئادىتىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلسىڭىز ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتىدارىغا ئېگىسىز .شۇ سەۋەبتىن شۇ غەيىپنى بالدۇر پەملىيەلمەسلىككە سىز جاۋابكار بولىسىز .بۇنداق مىساللار رېئاللىقتا كۆپ يۈز بېرىدىغان بولۇپ، ئەگەر بىزنىڭ ئەقلى تەپەككۇرىمىز ھەر دائىم ئويغاق تۇرسا نۇرغۇن پاجىئەلىك «غەيىپ» لەرنى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن مۆلچەرلەش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز .

## ئىككىنچى بۆلۈم .ئەقلى تەپەككۇر، نىيەت ۋە ساۋاب

بىز يۇقىرىدا ئىككى سوئالغا چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن مەزكۇر يازمىدىكى مەقسىتىمىزگە قايتىپ كېلىمىز .بىز بۇ يازمىدا ئەقلى تەپەككۇرنىڭ نىيەت ۋە ساۋاب ئوتتۇرىسىدىكى رولىنى تەھلىل قىلماقچى .بىز يۇقىرىدىكى ئىككى سوئالنىڭ جاۋابىدىن شەخسنىڭ ئەركىن تاللىشىنى ئۆز قولىغا بېرىپ نىيەت بىلەن ساۋابنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئۆتىمىز.
دىندا ساۋابنىڭ كونكرېت قىممىتى بەلگىلەنمىگەن، پەقەت ئىبادەت، تەقۋادارلىق، ياخشى ئەمەللەرگە ساۋابنى قانچە ئۇلۇش ياكى ھەسسىلەپ بېرىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان .مەسىلەن قۇرئاندا" ئاللا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاپ ۋەدە قىلدى "[6]دېيىلگەن .ئەگەر بۇ يەردىكى كاتتا ساۋابنى بىز جەننەت دەپ بىلسەك، ئۇنداقتا قانچىلىك ياخشى ئەمەل بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش مۇمكىن؟ يەنە مەسىلەن، سىز بىر ھاجەتمەن ئىنسانغا بىر نان بەرسىڭىز ئۇنىڭغا ساۋاپ يېزىلىدى دەيلى .شۇ بىر ناننىڭ ساۋابى قانچىلىك؟ ئەگەر بىزنىڭ قىلغان ساۋاب ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى بىزنى جەننەتكە يەتكۈزسە، قانچىلىك ساۋاب قىلساق جەننەتكە كىرىمىز؟ دىندا بۇ توغرىلىق ئېنىق بىر چۈشەندۈرۈش يوق .ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ساۋابقا كونكرېت قىممەت بېكىتىلمىگەن؟
بۇنى بىز ئىنساننىڭ ياخشى ئىش قىلىشتىكى نىيىتىگە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن دەپ ھېسابلايمىز. شەخسنىڭ ياخشى ئىش قىلىشى ئاللانى رازى قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ياخشى بىر ئاخىرەتلىككە) مۇسۇلمانلار ئۈچۈن جەننەتكە كىرىش ياخشى بىر ئاخىرەتلىك (ئېرىشىش ئۈچۈن بولسا، مەلۇم ئىنسان بەلكىم قىلغان بىر ياخشى ئەمىلى ئۈچۈنلا بۇنىڭغا ئېرىشىشى مۇمكىن،

ۋە ياكى بىر ئۆمۈر ياخشى ئەمەل قىلىپمۇ بۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن .بۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىش ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىدىكى ئىش ئەمەس بولۇپ، سەۋەبىنى بىز قىلمىز نەتىجىسى ئاللادىن دېگەن چۈشەنچىگە يېقىن كېلىدۇ .ئەمدى ئەگەر ساۋابقا كونكرېت قىممەت يېزىلغاندا، بىر ئىنساننىڭ ساۋاب ئىش قىلىشى قىلىش رازى ياراتقۇچىسىنى ئارقىلىق جەننەتكە كىرىش بولماستىن، كونكرېت قىممەت يارىتىش) يەنى سان تولدۇرۇش (ئارقىلىق جەننەتكە كىرىش بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىبادەتنىڭ نىشانى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ .شۇ سەۋەبتىن ساۋابقا كونكرېت قىممەت يېزىلمىغان دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر.

## بىرىنچى قىسىم :نىيەت ۋە ساۋاب

ئىسلامدا شەخسنىڭ ھەر نەتىجىگە) ساۋابقا (ئېرىشىشتىكى قەدەملىرى ئۇنىڭ نىيىتى بىلەن ئۆلچەم قىلىنغان .بۇ ناھايىتى يۇقىرى ئۆلچەم بولۇپ بۇ يەردە ئىنسان ئۆزىنى ياخشى چۈشىنىش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن .يەنە بىلىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ئۆزىنى بىلىش بۇ يەردە نىيەتنىڭ ئەملى ھەركەتكە ئۆتۈشتىن بۇرۇنقى نازارەتچىسى بولىدۇ. دىنىي ئەقىدىدە بولسۇن ۋە ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولسۇن بىز ھەركەتسىز نەتىجە يارىتالمايمىز .ئەمما بەزىدە ياخشى كۆڭلىمىز بىلەن ئېلىپ بارغان ھەرىكىتىمىز ئەكسىچە يامان نەتىجە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن .بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلامدۇ، ياكى ساۋاپمۇ؟ ئېگەر نوقۇل ھالدا“ قانغا قان، جانغا جان ”دېگەن دوگما چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، سىز ياخشى كۆڭلىڭىز بىلەن بىرىنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆلۈمگە سەۋەب بولسىڭىز، ياخشى نىيىتىڭىز ئۇچۇن ئۆلۈشكە مەھكۇممۇسىز؟

بىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا نىيەتكە قارىتا تۈزۈلگەن قانۇن بەلگىلىمىلەرنى ئۇچۇرتىمىز . مىسال سۈپىتىدە ئامېرىكىنىڭ قانۇن-تۈزۈمىنى ئانالىز قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ئامېرىكا قانۇنىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەلۇم شەخسنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ياكى ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى ھۆكۈم قىلغاندا، شۇ شەخسنىڭ نىيىتى ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى بىلىمىز .مەسىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، سەۋەبى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ .قەستەن قاتىللىق قىلغانمۇ، ياكى ئۆزىنى قوغداش ئۇچۇنمۇ، ۋە ياكى تاسادىپىي ۋەقەمۇ؟ بۇ گۇمانلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۇچۇن شۇ ۋەقە سادىر قىلغۇچىنىڭ نىيىتى) مۇددىئاسى (ئېنىقلىنىپ شۇنىڭغا قارىتا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ .نوقۇل قانغا-قان، جانغا-جان ھۆكۈمى بويىچە ئادەم ئۆلتۈرسىلا دەرھال سۆرەپ چىقىپ دارغا ئاسىدىغان ئىش يۇز بەرمەيدۇ .ئامېرىكا ۋە بەزى تەرەققىي تاپقان ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنىدا“ ئاق كۆڭۈل سامارتىن ”[7] قانۇنى بولۇپ، ئەگەر سىز جىددىي ئەھۋالدا بىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىپ كۈتكەن ئۇنۇم چىقمىسا ئۇنىڭغا سىز جاۋابكار بولمايسىز .

نىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىسىنى تۇرمۇشىمىزدىكى بىر ئاددىي مىسال بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتسەك، قاتناش قائىدىسىدىكى سېرىق چىراغ ئەمەلىيەتتە ماشىنا ھەيدىگۈچىنىڭ نىيىتىگە يېقىلغان چىراغ ھېسابلىنىدۇ .مەسىلەن، قاتناش قورالى چىراغدىن ئۆتكەندە مەلۇم جەريان كېتىدۇ .ئەگەر نوقۇل يېشىل چىراغ بىلەن قىزىل چىراغ يېقىش ئارقىلىق، ماشىنا ياكى توختايدۇ دەپ بەلگىلەنسە قاتناش ھادىسىسى كۆپ يۈز بېرىدۇ .شۇ سەۋەبتىن قاتناش ۋەقەسى

چىقماسلىق ئۈچۈن يېشىل چىراغ قىزىلغا ئۆزگىرىش ئالدىدا قىسقا مەزگىللىك سېرىق چىراغ يېنىپ تۇرىدۇ .دەل بۇ سېرىق چىراغ شوپۇرنىڭ نىيىتىگە بېرىلگەن سىگنال بولۇپ، توختاشقا يەتكۈدەك ۋاقىت بار ئەمما كېسىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ۋاقىت بولمىسا توختىشى، ئەگەر توختاش سىزىقىغا بەك يېقىن كېلىپ قېلىپ توختاشقا ئۈلگۈرەلمىسە، ياكى جىددىي تورمۇز ماشىنا ئىچىدىكى ئايالىنىڭ قورسىقىدىكى هامىلىگە خەۋپلىك تىترەش ئېلىپ كېلىدۇ دەپ هېسابلىسا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك .بۇ يەردىكى هۆكۈم پۈتۈنلەي ئەقلى هۆكۈم بولۇپ ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ئاساستا بۇ هۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ . ئەگەر سىز ئىشقا ئالدىرىغان ۋاقىتتا سېرىق چىراغدىن توختاشقا ۋاقىت بار، ئۆتۈپ بولۇشقا ۋاقىت يەتمەيدىغان ئەهۋالدا مەجبۇرىي ئۆتسىڭىز، بۇ خىل ئەهۋالدا سىز كىچىك ئىش) ئىشقا ئازراق كېچىكىش (نى دەپ چوڭ خەتەرگە) ئۆزىڭىز ۋە ئۆزگىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى (تەۋەككۈل قىلغان بولىسىز .بۇ مىسال بىزگە نىيەت چوقۇم ئەقلىي تەپەككۇرغا موهتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .

## ئىككىنچى قىسىم :نىيەتنىڭ ۋەزىپىسى

نىيەت ئوبيېكتىپ جەمئىيەتتە كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئادىمىي ئەخلاقنى قوغداشنى ۋەزىپە قىلىشى كېرەك .ئادىمىي ئەخلاق دېگەن ئۆزىنىلا ئويلاش ئەمەس ئۆزگىلەرنىمۇ ئويلاپ پائالىيەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .بۇنى ئوخشىمىغان دىنىدىكى، ئوخشىمىغان ئىنسانلار توپى، ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىپادىلەپ كەلگەن .ئىنسانلار توپلام ياشايدۇ .بىر جەمئىيەتتە ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى ئويلاپ ياشايدىغانلارنىڭ نىسبىتى بۇ جەمئىيەتتىكى زىددىيەت، ۋە جەڭگى-جېدەللەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ .ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىنى ئويلاشقان هالدا ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىنسانلار قانچە كۆپ بولسا بۇ جەمئىيەتتە زىددىيەت، سۈركىلىش شۇنچە ئاز بولىدۇ .بىز قاتناش ئەهۋالىدىن بۇنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىمىز .مىسالىنىڭ بىرى ياپونىيە بولۇپ، ياپونىيە يەر مەيدانى قىس، ئاهالىسى زىچ، ماشىنا سانى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى .ئەمما ياپونىيە قاتناش هادىسىسىدىن ئادەم ئۆلۈش نىسبىتى ناهايىتى تۆۋەن بىر دۆلەت . ياپونىيەدە ئاممىۋى قاتناش ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، زور كۆپچىلىك ئاهالە ئادەتتە خىزمەتكە بېرىپ كېلىشتە ئاممىۋى قاتناش قورالىغا تايىنىدۇ .شۇ سەۋەبتىن ئاممىۋى قاتناش ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى ئادەم بىلەن تولغان .ئەمما سىز ۋوگزاللاردا، بېكەتلەردە بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئورۇن تالىشىۋاتقان يولۇچىلارنى كۆرەلمەيسىز .هەممە ئادەم ئۆچىرەت بىلەن ئاپتوبۇس ۋە پويىزلارغا چىقىدۇ .ياشلار كۆپىنچە هالدا ئولتۇرمايدۇ .هەممە ئادەم پۇت-قوللىرىنى يىغىپ ئەڭ كىچىك بوشلۇقنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ .ياپونلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى“ ئۆزگىلەرگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرمەسلىك ”تەلىماتىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان .ئاتا-ئانا بالىلىرىغا كىچىكىدىن باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك سالماسلىقنى ئۆگىتىدۇ .پويىزدا ئۆزى كەڭتاشا بولۇش ئۈچۈن كېرىلىپ تۇرسا ياكى نەرسە-كېرەكلىرىنى رەتلىك قويمىسا بۇ باشقىلارنىڭ بوشلۇقىنى تارلاشتۇرۇپ، باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىش هېسابلىنىدۇ .ياپونىيەدە زور كۆپچىلىك ئىنسان هەر ئىش قىلغاندا ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ مەيدانىنى ئويلاپ ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغانلىق سەۋەبىدىن، بۇ جەمئىيەت نىسبەتەن تىنچ ۋە بىخەتەر .

ئەمدى بىز ياپونىيەنىڭ قوشنىسى بولغان خىتاي دۆلىتىنى ياپونىيەگە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. خىتاي ياپونىيەگە ئوخشاش ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان قاتناش قورالى كۆپ، ئامما ۋوي قاتناش قورالىمۇ ئوخشاش تەرەققىي قىلغان بىر دۆلەت .ئەمما بىز خەۋەرلەردە خىتاي دۆلىتى ئىچىدىلا ئەمەس ھەتتا خەلقئارا ھاۋا لىنىيەلىرىدە ئايروپىلاندا ئورۇن تالىشىپ بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە باشقا يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كەلگەن خىتاي پۇقرالىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرمىز ۋە خەۋەرلەردە ئاڭلاپ تۇرمىز .

قىزىقارلىق بىر ھادىسىنى قىستۇرۇپ ئۆتسەك، ئىككى-ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا خىتاي ھۆكۈمىتى قانۇن ئۆزگەرتىپ سېرىق چىراغدىن ئۆتكەن شوپۇرلاردىن جەرىمانە ئېلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن . بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە خىتاي دۆلىتىدە قاتناش قورالى ھەيدىگۈچىلەر سېرىق چىراغ ياندىغاندا توختاشنى ئويلىماي ئۆتىۋېلىشنىلا كويدا بولغان .شۇ سەۋەبتىن سېرىق چىراغ تۈگەپ قىزىل چىراغ ياندىغاندا يول ئوتتۇرىسىدىكى ماشىنىغا ئېگىشىپ توختاش سىزىقىدىكى ماشىنىمۇ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، قارشى تەرەپنىڭ يولنى توسۇۋالغان ياكى قارشى تەرەپتىن كەلگەن ماشىنىغا سوقۇلىدىغان ئەھۋاللار كۆپ يۈز بەرگەن .بىز بۇنى ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، نىيەت ئەقلى تەپەككۇرنىڭ كونتروللۇقىدا بولمىغان، ئادىمىي ئەخلاق كىرىزىسىغا پاتقان جەمئىيەتتە كۆرۈلىدىغان ئەھۋال دەپ ھېسابلايمىز .

بىز كونكرېت مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق دىنىي قانۇن ئەمەس ئىجتىمائىي قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان دۆلەتلەردىكى نىيەتنىڭ قانۇندىكى ئىپادىلىنىشى ھەققىدە توختالدۇق .ئەمدى شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدىغانلارنىڭ ئۆز نىيىتى بىلەن ئۆز پائالىيىتىنى قانداق تۇتاشتۇرىدۇ بۇنى يەنىلا كونكرېت مىساللار ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ باقىمىز .

ئوتتۇرا شەرقتىكى كۆپ دۆلەتلەر شەرىئەت قانۇنى بويىچە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ .سۈرىيەدىكى ئۇرۇشنىڭ جىددىيلىشىشىگە ئەگىشىپ مىليونلىغان سۈرىيەلىك مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بولماقتا .شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈرىيەلىكلەرنىڭ لاگېرىدا ياش قىزلارنى ئوتتۇرا شەرقلىق ئەرلەرگە خوتۇن بولۇشقا تونۇشتۇرىدىغان دەلاللار كۆپىيىپ كەتكەن . ئوتتۇرا شەرقتىن كەلگەن ئەرلەر ئۆزلىرىگە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خوتۇن قىلىش ئۈچۈن سۈرىيەلىك قىزلارنى چېكىپ تۇرۇپ تاللىۋالىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى نورماللىشىپ ب ب C نىڭ خەۋىرىگىمۇ چىققان .ئادەتتە ئىسلام دۇنياسىدا ئىقتىسادى يار بەرگەن ئەر كىشى ئەڭ كۆپ تۆت خوتۇن ئېلىشى رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىگە-چاقىسىز قالغان ئاياللارغا ئىگە چىقىش، ئۇلارنى ھامىيسىغا ئېلىش بولغان .ئىسلام دۇنياسىدا بۇ خېلىلا تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولۇۋاتقان مەسىلە بولۇپ، بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرى ھەتتا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى ۋاقتى ئۆتكەن ھۆكۈم دەپ قارايدۇ .مەيلى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ۋاقتى ئۆتكەن ياكى ئۆتمىگەن بولسۇن .ئەگەر بىز نوقۇل ساۋاب قىلىش بىلەن ئەسلى نىيەت مۇناسىۋىتىدە بۇ ھۆكۈمنى تەھلىل قىلساق .شۇنداق ئىشقا يول قويۇلغان تەقدىردىمۇ مۇتلەق كۆپ قىسىم كۆپ خوتۇنلۇق مۇسۇلمان ئەرلىرى ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ھەرگىز ئاقلاپ بولالمايدۇ .چۈنكى ئاددىي بىر ئەقلى چۈشەنچە شۇكى، ئەگەر مەلۇم ئەر مەلۇم قىزغا ئىگە-چاقىسىز قالغانلىقى ئۈچۈن قوغداش، ئىگە چىقىشنى مەقسەت قىلغان بولسا شۇ تويغا ئىشلەتكەن مال-مۈلكى بىلەن كەمبەغەللىكىدىن توي قىلالمايۋاتقان بىرە دۇرۇس مىجەز يىگىتكە

شۇ ئىگە-چاقىسىز قالغان مەزلۇمنى ئېلىپ بېرىپ تويىنى قىلىپ قويسا، ئەجەبا ساۋاپ ئۇستىگە ساۋاپ بولمامدۇ؟ شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىكى نىيەت ئىگە-چاقىسىزغا ئىگە چىقىش ئەمەس، ئەكسىچە موھتاجلىقتا قالغان ئىنسانغا ئىگە چىقىش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى نىيەت دۇرۇس ئەمەس دەپ ئېيتالايمىز .

چوقۇم تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك بولغان يەنە بىر مىسال شۇكى، ئوتتۇرا شەرقتە ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان شەرقى ئاسيا، بولۇپمۇ مالايشىيا ۋە فىلىپپىنلىق ئاياللار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆي خوجايىنى تەرىپىدىن ئاياق-ئاستى قىلىنىش ئەھۋالى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ، ۋە ۋەقە سادىر قىلغۇچى ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنى جازاسىغا ئاساسەن ئۈچۈرمايدۇ .بۇ ۋەقەنى سادىر قىلغۇچىنىڭ زورلۇق قىلىشقا تايانغان ئاساسى، شۇ دۆلەتنىڭ زورلۇق قىلغۇچىغا جازا بەرمەسلىكتە تايانغان ئاساسى ئوخشاش .يەنى،“ ئەگەر) كوپ خوتۇن ئېلىپ (ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ) نىسا سۈرىسى 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى ”(دېگەن قۇرئاندىكى ھۆكۈم بولغان .شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەرلەر قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاللىقاچان تارىخ بولۇپ قالغانلىقى، بۇ خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆر ئايال ئىكەنلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، نوقۇل ئۆي چاكىرى قاتارىدا خالىغانچە ئاياق-ئاستى قىلىشقا پېتىنغان .بۇ مىسال بىزگە ئەگەر ئەقلى تەپەككۇرغا تايانمىسا، نىيەتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ قانۇنىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، قورقۇنچلۇق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ .

## ئۈچىنچى قىسىم :ئۆزىنى بىلىش ۋە ئەقلى تەپەككۇر

ئۆزىمىزنى قانداق بىلىمىز؟ بىز بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈرىمىز .ئىسلام دىنىدا پال سېلىش، قىمار ئويناش، ۋە سېھىرگەرلىك تەقىب قىلىنىدۇ .نېمە ئۈچۈن؟

بۇ يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن“ غەيىپ ”بىلەن مۇناسىۋەتلىك .ئىنسان بولمىش بىز قانۇنىيەتلىك شەيئىلەرنى بىلىشكە قادىر. ۋە قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىپ شۇنىڭ دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن) تۆۋەندە“ بىلگەن قوۋم ”مىسالى بىلەن بۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىلگەن .( ئەگەر ئۇنىڭ قانۇنىيىتى بولمىسا بىلەلمەيمىز .تەپەككۇرىمىز بويىچە ھەممە ئىشقا قادىر ئاللا قانۇنىيەتسىز ھادىسىلەرنىمۇ بىلىشكە قادىر .شۇ لوگىكا بويىچە بولغاندا قانۇنىيەتسىزلىككە ھۆكۈم قىلىش پەقەت ياراتقۇچىنىڭلا ئىلكىدە بولىدۇ .ئەگەر ئىنسان پال سالسا، قىمار ئوينىسا ياكى سېھىرگەرلىك قىلىدىكەن، قانۇنىيىتى بولمىغان قىمار ۋە سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، ياراتقۇچىنىڭ ئورنىدا، پەقەت ياراتقۇچىلا بىلىشكە قادىر بولغان“ غەيىپ ”ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش بولىدۇ، ۋە بۇ ئىسلام چۈشەنچىسى بويىچە شېرىك ھېسابلىنىدۇ .بىز بۇ يەردە“ غەيىپ ” توغرىسىدا يەنە ئازراق توختىلىپ نىيەتكە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇشقا تىرىشىمىز .

قۇرئان كەرىمنىڭ بەقەر سۈرىسىدە“ ئۇلار) تەقۋادارلار (غەيىپكە ئىشىنىدۇ”... دېگەن ئايەت بار . نوپۇزلۇق ئىسلام ئالىملىرىدىن مەسىلەن ئىبنى كەسىر“ ئاللا، پەرىشتىلەر، پەيغەمبەر، مۇقەددەس كىتاب، جەننەت، دوزاخ، قايتا تىرىلىش قاتارلىقلار غەيىپكە كىرىدۇ ”دەپ، ئىشەنچلىك ھەدىسلەردىن دەلىل كۆرسەتكەن.[8] يەنە شۇ بەقەر سۈرىسى33 -ئايەتتە“ غەيىپ ”ئاتالغۇسىغا قارىتا“ مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيىبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى

بىلىپ تۇرمەن دېمىگەنمىدىم ”دېگەن .بىز بۇ“ غەيىپ ”كە ئاللاقىدار قۇرئاندىكى ئايەتلەردىن فاتىر سۈرىسىدىكى“ ئاللانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللادىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ28) ”-ئايەتنىڭ بىر قىسمى (دېگەن مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن غەيىپنىڭ ئىككى خىل ئىكەنلىكىنى قايتا دەلىللىيەلەيمىز .يەنى، بىرىنچىسى قانۇنىيەتسىز بولغان، ئىنساننىڭ تەپەككۇرىغا توغرا كەلمەيدىغان، ياراتقۇچىلا بىلىشكە قادىر شەيئىلەر ياكى ھادىسىلەر .يەنە بىرى بولسا قانۇنىيىتى بولغان ئالىملارنىڭ بىلىش ئىمكانىيىتىدىكى شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ .

غەيىپقا قىزىقىش ئىنسان تەبىئىتى بولۇپ، ئىنسان بوۋاق چېغىدا مەلۇم نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تۇتۇپ باقىدۇ، ئېغىزىغا سېلىپ باقىدۇ؛ كىچىك بالا چېغىدا يېپىق ساندۇق ئىچىدە نېمە بارلىقىغا قىزىقىپ شۇنى ئامال قىلىپ ئېچىشنىڭ كويىدا بولىدۇ .غەيىپكە ئىشىنىش، غەيىپ ئۈستىدە ئىزدەنمەك، ئىنساننىڭ تەپەككۇر قىلىشىدىكى تۈپكى سەۋەب. ئەمما ئېغىزى يېپىق ساندۇقتا بايلىق بارمۇ ياكى ئۇ بالايىئاپەت قاچىلانغان پەندورانىڭ قۇتىسىمۇ[9] ، ئىنسان ئۈچۈن يەنە بۇ قورقۇنچمۇ بار .بۇ يەردە غەيىپ ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ توغرا يۆلىنىشى پەقەت ئەقلى تەپەككۇر قىلىش ۋە بىلىم ئارقىلىق ئۇنىڭ تېگىگە يېتىش بولىدىغانلىقى “ ئاللادىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ ”دېگەن ئايەت تەرىپىدىن دەلىللىنىپ تۇرۇپتۇ .ئەگەر بىز بۇ يەردە“ قورقۇش ” دېگەن ئۇقۇمنى بۇ مەزمۇنغا قوشۇمچە قىلىپ تەھلىل قىلساق، بىلىپ قورقۇش بىلەن بىلمەي قورقۇش دەپ ئىككى خىل قورقۇشنىڭ بارلىقىنى، دىنىي ئېتىقاد خۇددى يەسسان غەزنىدەك ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق ئىنسان قارشىسىدىكى مۇتلەق قۇدرەتلىك كۈچ بولمىش ياراتقۇچىسىنى ھەقىقىي تونۇپ پەقەت ياراتقۇچىسىغىلا ئىبادەت قىلىش بىلەن؛ ھېچقانداق ئەقلى تەپەككۇر قىلماي پەقەت دىندا ئېيتىلىۋاتقان دوزاخ ئوتىدىن قورقۇپلا ياراتقۇچىسىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز .بۇلارنىڭ ئىچىدە قايسى خىل ئىبادەت ياراتقۇچى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن دېگەندە قۇرئاندا“ ئالىملارنىڭ قورقۇشىنىڭ ھەقىقىي ”بولىدىغانلىقى ئارقىلىق ئەقلى تەپەككۇرنىڭ دىنىي چۈشىنىشتىكى رولى نەقلەشتۈرۈلگەن.

دىنىي چۈشەنچىلەردىن قارىغاندا ياراتقۇچى ئادەمدىن ئاۋۋال ئالتە كۈندە كائىناتنى ياراتقان، يەتتىنچى كۈنى ئىنسان يارىتىلغان .كائىنات قانۇنىيەتلىك يارىتىلغان. كائىناتنى قانۇنىيەتلىك يارىتىلغانلىقى ھەققىدە قۇرئاندىكى… “ ئاللا ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى ”[10] دېگەن ئايەتنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ .بۇ ئايەتتىكى ئۆلچەم ئەمەلىيەتتە ھەر شەيئىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بولۇپ، ئېينىشتېين بۇنىڭغا قارىتا“ تەڭرى شىشخال) قىمار (ئوينىمايدۇ ”دېيىش ئارقىلىق، بۇ دۇنيانىڭ ئاپىرىدە قىلىنىشىدا مۇكەممەل قانۇنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىك تۇتۇشۇپ تۇرۇشى بىلەن بىر مۇكەممەل گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىشارە قىلغان .

ئىنسان شۇ قانۇنىيەتنى بايقىيالايدىغان شەكىلدە ئاپىرىدە قىلىنغانلىقىنىڭ دەلىلى دەل ئىنساندا ئەقلى تەپەككۇرنىڭ بولۇشىدا .قۇرئاننىڭ نەھلىدە سۈرىسىدە شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ ئاللانىڭ بارلىقىنى بىلىش تەرغىب قىلىنغان .مەسىلەن بۇ ئايەتتە“ ئاللا سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن

بويسۇندۇرۇلغاندۇر؛ چۈشىنىدىغان قوۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار "[11] دېيىلگەن. بۇ بىزگە" چۈشىنىدىغان قوۋم "دىن بولۇش ئۈچۈن، ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق ياراتقۇچىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە ئىجازەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ .

بىز ھەممە شەيئىلەرنى بىلىشكە قادىرمۇ؟ نەزەرىيە جەھەتتىن ئەگەر بارلىق شەيئىلەر قانۇنىيەتلىك بولسا، ھەمدە ئىنسانغا زامان چەكلىمىسى بولمىسا بىلىشكە قادىر .تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىزنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان تونۇشىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا .ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەقلى تەپەككۇر جەھەتتە مارافونغا چۈشكەن ئىنسانلار توپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ بارماقتا .ئىنسانلار توپى قانچىلىك ئەقلى تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئىجاد قىلىشى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە شۇنچىلىك قادىر بولماقتا .ئەقلى تەپەككۇرى ئوتتۇرا ئەسىردە توختاپ قالغان ئىنسانلار توپى بىلەن توختىماي ئۇنى يۈكسەلدۇرۇپ مېڭىۋاتقان ئىنسانلار توپى ئارىسىدىكى سۇركىلىش كۈچەيمەكتە .بۇ سۇركىلىشلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئەقلى تەپەككۇردىكى پەرق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتسەك، ئىنسانلىقتا بولغان چۈشىنىش بۇنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى دەپ ئىشىنىمىز. بۇ دۇنيا ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچىنىڭ دىئالوگى بولۇپ، بۇ دىئالوگقا يەسسان غەزنىدەك يېگانە جاۋاب ئىزدىگەن ئىنسانلار مەۋجۇت ئىكەن، مىفىستافىلىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچۇرغان ھالدا ئىزدەنگەن فائۇستتەك [12] ئىنسانلارمۇ ھەم مەۋجۇت .ئەگەر دىنىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ياراتقۇچىسىنى ھەقىقىي تونۇش ۋە ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئىنساننىڭ نىشانى بولسا، بىز بۇنى ئۆزىنى بىلىش ۋە ياراتقۇچىسىنى ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق تونۇش ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى دەپ ئېيتالايمىز .بىزگە چەكلىك ھايات بېرىلگەنلىكىنىڭ ئۆزى، ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇ چەكلىك ھاياتتا ئۆزىنى بىلىشى ۋە ياراتقۇچىسىنى تونۇشى ھاياتلىقنىڭ نىشانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .

ئەمەلىيەتتە ئىنسان بولمىش بىز ئۆزىمىزنى بىلىشكە تولۇق شەرتلەرنى ھازىرلىغان ھالدا ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاپىرىدە قىلىندۇق .تۇنجى ئىنسان يالغۇز يارىتىلغان بولسا ھازىرمۇ ھەر بىر ئىنسان يالغۇز ھالدا بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتىدۇ ۋە يالغۇز كېتىۋاتىدۇ .ئىنسان بولمىش بىز ھامان تەنھا .چۈنكى ياراتقۇچى بىر تەندە بىر روھ ئاپىرىدە قىلغان بولسا، شۇ روھنى ئويغىتالىشى ئۈچۈن ھەر تەنگە بىردىن تەپەككۇر قىلالايدىغان كاللا ئاتا قىلغان .ئەگەر ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز تېنىدىكى روھىنى ئويغىتىش مەجبۇرىيىتى بولمىسا ئىدى، ياراتقۇچى پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋاكالىتەن بەلكىم پەيغەمبەرگىلا ئەقىل بەرگەن بولاتتى. ھەر ئىنساننىڭ مۇستەقىل تەن ۋە كاللا بىلەن يارىتىلىشىنىڭ ئۆزى، بىزنىڭ ئىنسان ھەققىدە ئويلىنىشىمىزنىڭ باشلىنىشى بولالايدۇ. ئىنسان مېڭىسى تەندىكى روھنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ تەپەككۇر قىلىشى كېرەك. قانداق تەپەككۇر قىلىدۇ؟ خۇددى يەسسان غەزنىدەك ئوبيېكتىپ دۇنيادىن كۆرگەن-بىلگەننىڭ قانۇنىيىتىنى ئىزدەيدۇ .تېنى ھېس قىلغان تۇيغۇلار ئۈستىدە ئانالىز قىلىپ ھاياتلىق ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىپ ماڭىدۇ .ھەر بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسانغا، قېرىنداش ياكى ئاتا-ئانا، ياكى دوست ياكى دۈشمەن .ئۆزىنى ئىزدەشكە ئىنتىلگەن ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن باشقا ئىنسانلار ئەينەكتۇر .ئوخشىمىغان ئەينەكتىن ئۆز روھىيىتىمىزنىڭ ئوخشىمىغان تەرىپىنى كۆرىمىز ۋە تاكامۇللاشتۇرىمىز .قانداق تاكامۇللاشتۇرىمىز؟ ھەر دائىم ئۆزگىلەردە بېرە كەمچىللىكنى بايقىغاندا ئۇ كەمچىللىكنىڭ ئۆزىمىزدە بار يوقلىغىنى تەكشۈرىمىز، بار بولسا تۈزىتىمىز، يوق بولسا شۈكرى دەيمىز .ئەنە شۇنداق قىلىپ تاكامۇللىشىمىز.

ئىنسانچىلىق شۇكى، بىر ئىنسان تۇغۇلۇپ مۇستەقىل بولغۇچە ئاتا-ئانىنىڭ مېھرىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى تېلەپ چوڭ بولسا، ئۆزى بالىلىق بولغاندا بالىنىڭ تاتلىق بولۇشىنى تېلەپ، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ .ياراتقۇچى بۇنداق قېرىنداشلىق ۋە باشقا ئىنسانى مۇناسىۋەتلەرنى ھەر ئىنساننىڭ ئەتراپىغا يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، بىزگە ئىنسانچىلىقنى بىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ .
ئەگەر سىز بۇ مۇناسىۋەتلەرنى قەدىرلىمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى تېپىشقا كېرەك ئامىللارنى يىغىشقا قادىر بولالمايسىز ۋە بۇنداق ھېس-تۇيغۇلارنى باشقىلارغا بېرەلمەيسىز .ئەگەر ئۇ مۇددىئا ئارىلاشقان نىيەت بولىدىكەن، ئۇ چاغدا سىز ئۆز روھىڭىزنىڭ ئويغىنىشىغا زەھەر چاچقان بولمايلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ روھىنى ئويغىتىشىغا توسالغۇلۇق قىلغان بولىسىز. ھەر تەندە روھ يالغۇز بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئويغىنىشى ئەتراپىدىكى ئىنسانچىلىقنى شەرت قىلىدۇ .شۇ سەۋەبتىن بىز ئىنسانچىلىقنى قەدىرلەشنى جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىمىز .ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دىندا ئۇممەتچىلىك تەرغىب قىلىنغان .
بۇ يەردە ئەقلى تەپەككۇر شۇنچىلىك مۇھىمكى، پەقەت ئەقلى تەپەككۇرنىڭ ئەلگىكىدىن ئۆتكەن ئىلمى يەكۈن بىزگە ئۆز كەلگۈسىمىزدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ .ئەگەر ئەقلىڭىز سىزگە مەلۇم ئىشنى قىلساڭ ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگۈسىدە ساڭا پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ دېسە شۇ ئىشنى قىلماسلىقىڭىز كېرەك .شۇ سەۋەبتىن بىز كەلگۈسىمىزنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن ئەقلى تەپەككۇر قىلىشنىڭ مېتودلىرىنى ئۆگىنىشىمىز شەرت .

## تۆتىنچى قىسىم :ئەقلى تەپەككۇر ۋە ئانا تىل

” بىز“ بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە تاپقان-تەرگىنىنىڭ قالىدۇ، ئۇ دۇنياغا ھېچ نېمە ئېلىپ كېتەلمەيمىز ” دېگەن سۆزنى دائىم ئاڭلايمىز .ئەمما ئىشىنىمىزكى بىز بىر نەرسىنى ئېلىپ كېتەلەيمىز .يەنى تەپەككۇرىمىزنى .چۈنكى ئاخىرقى سوراقتا) قايتا تىرىلگەندە (بىز تەپەككۇرىمىزنى ئېلىپ كېتەلمىسەك قانداق جاۋاب بېرىمىز؟ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەپەككۇر ئۇنىڭ ئانا تىلىدىن كېلىدۇ .
ئىنسان تەپەككۇرى تىلنى قورال قىلىدۇ .تىل ئارقىلىق ئۇچۇر قوبۇل قىلىمىز، لوگىكىلىق ئانالىز قىلىمىز، سەۋەب-نەتىجىلەرنى يەكۈنلەيمىز .تىل ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىمىزنى ۋە تەرەققىياتىمىزنى ئىپادىلەيمىز. ئىنسانشۇناسلار تىلنى مېتود قىلىش ئارقىلىق مەلۇم ئىنسانلار توپىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىشكە قادىر .مىسالىغا شىمالىي مۇز قۇتۇپ چەمبىرىكى ئىچىدە ياشايدىغان ئېسكىموسلارنىڭ ئېغىز تىلىدا يالغۇز“ قار ”نى ئىپادىلەيدىغان سۆزلۈكتىن200 گە يېقىنى بار ئىكەن .ئۇلارنىڭ تىلىدا ئوۋچىلىققا ئالاقىدار سۆزلۈكلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانشۇناسلار ئېسكىموسلارنىڭ ئۆتمۈشىگە ئالاقىدار نۇرغۇن يەكۈنلەرنى، ئۇلارنىڭ يازما تارىخى بولمىسىمۇ توغرا يۆلىنىشتە يەكۈنلەپ چىقالىغان .
مەلۇم ئىنسانلار توپلىمى) مىللەت (نىڭ تىلىنىڭ تەرەققىياتى يەنە بىر جەھەتتىن شۇ ئىنسانلار توپىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ .مەسىلەن بىز ئەقلى تەپەككۇرنى باشلاپ بەرگەن سوقراتنىڭ ئىسمى قاچاندىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن دېگەن چېغىمىزدا ئېنىق تارىخى يازما ئۇچۇر بىلەن دەلىللىشىمىز تەس .ئەمما ناۋايىنىڭ> خەمسە<سىدە پەرھاتنىڭ تاش

غاردا سوقرات بىلەن كۆرۈشكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن .شۇنىڭغا ئاساسەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ 1500-يىلدىن ئىلگىرى سوقرات بىلەن تونۇش دېگەن دەسلەپكى يەكۈننى چىقىرالايمىز .بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سۈرۈشتۈرگەندە، پەلسەپە دۇنياسىدا" ئىككىنچى ئۇستاز) تەھ سەcوندە ماستەر "(دەپ تەرىپلەنگەن ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ ناتۇرال پانتېزىملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ بىۋاستە سوقراتنىڭ شاگىرتى بولمىش ئەپلاتون ۋە ئارستوتىل پەلسەپىسىگە بېرىلگەن ئىزاھات ئىكەنلىكىدىن، ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا) ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدىكى (تەۋە بىر قەبىلىدىن بولغان كېلىپ چىقىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ چاغاتاي زامانىسىدىن كۆپ ئىلگىرى يەنە "ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرى "دىلا سوقرات ھەققىدە تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەكۈنلىيەلەيمىز . ئەمدى بىز تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلساق، ئىسلامدىن كۆپ ئىلگىرى يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن" قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر "دەپ نام قويۇلغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە، گىرېتسىيە كۇلتۇرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىغا" ھېلىنىزىم "ھادىسىسى بولۇپ چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، سوقراتنىڭ ئىسمىنى ئاز دېگەندىمۇ ئىسلامدىن كوپ ئىلگىرىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا بۆلۈشى ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقمايمىز .بۇنداق تەھلىللەر ئارقىلىق بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر دەۋردە ئۆز زامانىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تەڭ ئەگىشىپ ماڭغانلىقى توغرىسىدا، يەنە تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ھازىرقى ئۇيغۇر ئاتلىق مىللەتنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر زاماندا توختىماي يۈكسىلىپ ماڭغانلىقىنى بۇ بىر سوقرات ئاتالغۇسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزلىشىشى ئەھۋالى ئارقىلىق قىياس قىلالايمىز .

تۇنجى ئىنساننىڭ تىلىنىڭ قايسى مىللەتنىڭ تىلى ئىكەنلىكىنى بەلكىم ياراتقۇچى ئاللادىن باشقىسى بىلمىسە كېرەك .ئەمما لوگىكىلىق تەھلىلدىن ئۇنىڭ مەلۇم بىر تىلنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز .بولمىسا ھاۋا ئانا بىلەن ئىككىسى قانداق پىكىر ئالماشتۇرغان، بالىلىرىنى قانداق تەربىيەلىگەن بولار ئىدى؟ زامانىمىزدا قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەۋەبلىك ئەرەب تىلىدا بولغاچقا، ئەرەب تىلى ئەزىز بولماقتا .ۋە ھەتتا بىر قىسىم ئۇيغۇر" دىنىي زاتلار "ئەرەبچە بىلمىسە ئەھلى جەننەتتى بولالمايدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىپ ئۇيغۇر بالىلارنى ئانا تىل بىلەن تەربىيەلەشنى رەت قىلماقتا .ئەمما تەپەككۇر ئۇچۇن ئىنسان قايسى تىلنى مۇكەممەل بىلسە شۇ ئەڭ ئەۋزەل تىلدۇر. قۇرئاندا، ئىنجىل ۋە تەۋراتنىڭمۇ مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئايەتلەرنىڭ بۆلۈشى ۋە ئىنجىل، تەۋراتلارنىڭ قۇرئان تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا بولماسلىقى، بىزگە دىنىمىزدا ئەرەب تىلىنىلا يۈكسەك بىلىپ ئانا تىلنى پەس كۆرىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان ئىشنىڭ پەقەت شەخسلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتا چۈشەنچە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ .شۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئۇچۇن ئەقلى تەپەككۇرغا ئەڭ ياخشى قورال بولالايدىغان تىل يەنىلا ئانا تىل ھېسابلىنىدۇ .

## ئۇچىنچى بۆلۈم :لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە دىن

ئەجەبا دىنىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ئىلىم ئىجاد قىلىش توختاپ قالغانمۇ دېگەندە ئۇنداق ئەمەس .ھەر بىر يېڭى دىن بارلىققا كەلگەندە ئالدىدا بىر مەھەل ئىلىمدىمۇ گۈللىنىش بارلىققا

كەلگەنۇ ئەمما كۆپ ئۆتمەي ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئەقلى تەپەككۇر قىلىش، ھوقۇق ۋە سىياسىي مۇددىئالارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن دوگما تەپەككۇرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن .بىز پەلسەپە ئىلمىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى يەكۈنلەپ كۆرسەك، ئەمەلىيەتتە پەلسەپىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى دەل ئىلمىنىڭ گۈللىنىشى ۋە چەكلىنىشى بىلەن بىر لىنىيەدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

بۇ چەكلىنىشنىڭ تۈپكى سەۋەبى بولسا، بولۇپمۇ ئەقلى تەپەككۇرنىڭ مېتودى بولغان لوگىكا دىنىي ئەقىدىلەرگە نۇرغۇن ئۆتكۈر سوئاللارنى قويۇپ، نوقۇل ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان ئەمما ئەقلى تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىنسانلارنى گاڭگىراتقان ۋە ھەتتا ئۇلارغا قورقۇنچ ئېلىپ كەلگەن .مەسىلەن لوگىكىلىق تەھلىل ئارقىلىق دىندا مۇتلەق ئورۇنغا چىقىپ قالغان بىر قانچە ئۇقۇمنىڭ نىسپىي بولىدىغانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز .ئالدىن تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، بۇ ئۇقۇملارنى نىسپىي ئورۇنغا قويۇش ئۇلارنى ئىنكار قىلىش بولماستىن، پەقەت شۇ ئۇقۇملارنىڭ قارشىسىدا بولغان، پەقەت ۋە پەقەت ياراتقۇچىنىڭلا بىردىن-بىر يېگانە مۇتلەق ئورنىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان ياكى باشقا نىسپىي ئۇقۇملار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالغان ئىنسانلارنىڭ ئېسىگە سېلىش ئۈچۈندۇر .بۇنى تۆۋەندە كۆرۈپ ئۆتىمىز .

## بىرىنچى قىسىم: پەيغەمبەر ئۇقۇمىنىڭ نىسپىيلىكى ھەققىدە

بىر) كومپيۇتېر (ئىنژېنېر دوستۇمدىن سورۇدۇم“ ئەگەر ياراتقۇچى بىلەن پەيغەمبەر ئىككىسىنىڭ بىرىگە ئەگىشىشكە توغرا كەلسە كىمگە ئەگىشىسەن؟ ”دەپ .بۇ دوستۇم ئىككىلەنمەيلا“ ئەلۋەتتە ياراتقۇچىغا ”دەپ جاۋاب بەردى .بۇ سوئالنى يەنە بىر) كومپيۇتېر (ئىنژېنېر دوستۇمدىن سورۇدۇم، ئەمما ئۇ“ ياراتقۇچى تەرەپتە تۇرۇشىمىزنى پەيغەمبەر ئۆگەتكەن تۇرسا بۇ ئىككىسىنى قانداقمۇ ئايرىغىلى بولسۇن ”دەپ گاڭگىراپ قالدى .بۇ سوئال قارماققا بىر ھەددىن ئاشقان سوئالدەك كۆرۈنىدۇ .ئەمما ئويلاپ كۆرسەك، ئەگەر دىنغا ئىشەنگۈچىلەر چوقۇم پەيغەمبەر تەرەپتە تۇرغان بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالام ياكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ھېچ كىشى ئەگەشمىگەن ۋە ئۇلار ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن دىنلار مۇراتسىز قالغان بولاتتى .

مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمانلار تەقلىد قىلىدىغان ۋە ئەگىشىدىغان سۈننەت بولۇپ قالغان .ۋە بۇنىڭغا ئۇلىشىپ نۇرغۇن ساختا سۈننەت)ھەدىس (لەر مەيدانغا كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارغا توغرا سۈننەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھادىسشۇناسلىق بارلىققا كەلگەن .مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىغا 1400 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ھايات يولىدىكى سوئاللىرىغا ھەدىستىن جاۋاب ئىزدىشىدۇ . ۋە جاۋاب تاپالمىسا گاڭگىرايدىغان، ياكى دوگما تەپەككۇر بويىچە جاۋاب تاپالمىغان يېڭى شەيئىلەرنى بولسا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولماقتا .ئەمەلىيەتتە ئەقلى تەپەككۇردا يۇقىرى بىر سەۋىيەنى قولغا كەلتۈرگەن ئىنسان ئۈچۈن، ياراتقۇچىنىڭ ياراتقان قانۇنىيەتلىرىگە ماس كېلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ قۇرئاننى چۈشەنچىلەرگىمۇ، ھەمدە پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىگىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئىلىم دۇنياسىدىكى تەتقىقاتلار بارغانسېرى شۇنى ئىسپاتلاۋاتىدۇكى، دىندا ئېيتىلغان تەلىمات بويىچە ئالتە كۈندە يارىتىلغان بۇ دۇنيا، ھەقىقەتەن

قۇرئاندا دېيىلگەندەك“ سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈندۇر ”دېگەنگە ئۇيغۇن كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ پۈتۈن كائىناتنىڭ شەكىللىنىشى بىر زەررىچە كەم بولسىمۇ، ھاياتلىق شەكىللەنمەيدىغان دەرىجىدە ئىنچىكە ئىكەن .بىر ئاددىي مىسال شۇكى، يەر شارىدىكى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ كېرەك شەيئىلەرنىڭ مۇھىملىقى بىلەن مىقدارى ئۇلۇغ تاناسىپ بولىدىكەن .مەسىلەن، ئەگەر ھاۋا بولمىسا ئىنسانلار بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، ھاۋانىڭ مىقدارى بولسا يەر شارىدا ئەڭ كۆپ .سۇ بولمىسا ئىنسانلار ئۈچ كۈندىن كېيىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، سۇنىڭ مىقدارى بولسا ھاۋادىن كېيىنلا تۇرىدۇ. ئىنسانلار قەدىرلەپ يۈرگەن ئالتۇن بازاردا قىممەت بولغان بىلەن ھاياتلىقنى تەشكىل قىلىشتا مىقدارى ئىنتايىن ئاز، ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەبىئەتتە ئالتۇننىڭ زاپاس مىقدارىمۇ ئىنتايىن ئاز. شۇ سەۋەبتىن ھاياتلىقنى ساقلايدىغان، ھاياتلىقنىڭ داۋام ئېتىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرۇۋاتقان كائىناتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ياشاش قۇرئانغىمۇ، سۈننەتكىمۇ توغرا كېلىدۇ .ئەگەر بىز مەلۇم بىر ھەدىسنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى، ۋە ياكى ۋاقتى ئۆتكەن ياكى ئۆتمىگەنلىكىنى دەلىللىيەلمىسەك، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ماس كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقى ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەقلىقمىز .

## ئىككىنچى قىسىم  :قۇرئاننىڭ نىسپىيلىك ھەققىدە

بىز ئالدىدا بىر لوگىكىلىق تەھلىل بىلەن قۇرئاننىڭ نىسپىي ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلالايمىز .

قۇرئان ياراتقۇچىنىڭ سۆزىمۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە شۇنداق دەيمىز .ئەمما ئۇ ياراتقۇچىنىڭ بارلىق سۆزلىرىنىڭ يىغىندىسىمۇ دېگەندە، ئۇنداق بولمايدۇ .ئەگەر قۇرئاندىكىسى ياراتقۇچىنىڭ بارلىق سۆزلىرى بولسا ئۇ چاغدا ياراتقۇچىنىڭ مۇتلەقلىقىگە بىر چەك قويۇلۇپ قالىدۇ .ئەگەر ئۇ ياراتقۇچىنىڭ بىر قىسىم سۆزلىرى بولسا ئۇنداقتا ياراتقۇچى ئۆزىنىڭ قۇرئاندا قىلغان ھۆكۈملىرىگە قارشى ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئىقتىدارى بارمۇ دەپ سوئال قويىمىز .بار بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئوخشاش ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە چەك قويۇلۇپ قالىدۇ .شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان ئاللانىڭ بىر قىسىم سۆزلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۇ نىسپىي بولىدۇ .

يۇقىرىدىكىسى نوقۇل لوگىكىلىق يەكۈن بولۇپ، قۇرئاندىكى “ بۇ كىتابنى سىلەرگە پۈتۈن قىلدۇق ”دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئىنكار قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ پۈتۈن چۈشۈرۈلگەن كىتاب پۈتۈن پېتى بىزگە يېتىپ كەلگەنمۇ دېگەندە سوئال تۇغۇلىدۇ .ئىسلام تارىخىنى ياخشى بىلىدىغانلار ئۈچۈن سىر ئەمەسكى، قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يىگىرمە يىل جەريانىدا چۈشۈرۈلگەن، ۋە پەيغەمبەر ئۇنى ئېغىزاكى دېيىش ئارقىلىق بىرقانچە كاتىپلارغا خاتىرىلەتكەن .مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، خەلىپە ئوسماننىڭ باشچىلىقىدا، تېرە، سۆڭەك پارچىلىرىغا يېزىلىپ ساقلانغان پارچە-پارچە سۈرە-ئايەتلەر توپلىنىپ رەتلەنگەن .رەتلىنىپ كىتابقا تىزىلغاندا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن رەت تەرتىپتە تىزىلماي، ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە رەت تەرتىپى بەلگىلەنگەن ۋە ئەڭ دەسلەپتە ئۈچ كىتاب بولۇپ چىققان. ئىككى نۇسخىسى كۆيدۈرۈلۈپ پەقەت بىر نۇسخىسى ئېلىپ قېلىنىپ كۆپەيتىلىپ تارقىتىلغان .قۇرئان چۈشۈرۈلگەندىن تارتىپ ئۆزگىرىپ باقان ئەمەس دېگىنى ئەمەلىيەتتە شۇ ئېلىپ قېلىنغان نۇسخىسىدىن كېيىن ئۆزگىرىپ

باقمىدى دېگەنلىك بولىدۇ .ئەمما ياراتقۇچىدىن پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلۈپ، پەيغەمبەردىن كاتىپلارغا خاتىرىلىنىپ، شۇ كاتىپلاردىن بىر يەرگە جەملەنگەندە بولسا باشتىن ئاخىرى ئوخشاشمۇ دېيىلسە ئۇنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدىغان پەيغەمبەر يوق بولغاچقا ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن .بولمىسا رەتلەنگەندە ئۈچ كىتاب ئەمەس پەقەت بىرلا كىتاب بولۇپ چىقىشى كېرەك ئىدى .ئۈچ كىتاب بولۇپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، ئەمما پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقى ئۇنىڭ ئۈچ كىتاب بولۇپ رەتلەنگەنلىكىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

يەنە، تىلشۇناسلىقتىن ئېلىپ ئېيتىلغاندا، ئالدى بىلەن قۇرئان رەتلىنىپ چىققان مەزگىلدە هازىرقىدەك، جۈملە ۋە بۆلەكلەرنى ئايرىيدىغان چېكىت پەشلەر يوق ئىدى .جۈملىنىڭ نەدىن ئۈزۈلۈشى، بىر بۆلەك ئايەتنىڭ نەدىن ئايرىلىشىدەك ئىزاهاتلار يېقىنقى زاماندا بارلىققا كەلگەن. شۇ سەۋەبلىك، ئىسلام ئالىملىرى ئارىسىدا مەلۇم سۆزنىڭ بىر ئايەتنىڭ ئاخىردا كېلىشى ياكى ئىككىنچى ئايەتنىڭ بېشى بولۇپ كېلىشى هەققىدە تالاش-تارتىش هازىرمۇ مەۋجۇت .[13] شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ خىل ئوخشىمايدىغان ئوقۇش پەرقلىق مەنە بېرىشى ئېنىق .بىز سۆز ئويۇنى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان" بالام ئەقىللىق بول داداڭدەك ئېشەك بولما "دېگەن بىر جۈملە سۆز بار .بۇ جۈملىدە پەشنى دادا سۆزىنىڭ ئالدىغا ياكى ئارقىسىغا قويۇش بىلەن مەنىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭدەك پەش قويماسلىق بىلەن كەلگەن پەرقلىق كۆز قاراشنىڭ بۆلۈشى، ئەمەلىيەتتە بىزگە ئەقلى تەپەككۇرنىڭ شەخسنىڭ بىلىشى ئۈچۈن قانچىلىك مۇهىم ئىكەنلىكىنى، ئەگەر هەر كىم ئۆزى ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلمىسا خۇددى مىسالغا ئالغان جۈملىدىكى دادىدەك پەشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

## ئۈچىنچى قىسىم :دىنىنىڭ نىسپىيلىكى هەققىدە

بۇ يەردە كۆرسىتىلىۋاتقان دىنىنىڭ نىسپىيلىك هەققىدىكى كۆز قاراش نوقۇل بىرلا دىن مۇتلەق توغرا، باشقىلىرى خاتا دېگەن كۆز قاراشقا بېرىلگەن رەددىيەدۇر .ياراتقۇچى قۇرئاندا" مەن مۇقەددەس كىتابلارغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ياخشى قىلىمەن "دېگەن مەزمۇن بار .بىز باشقا دىنلارنى قويۇپ تۇرۇپ ئىسلام دىنى بىلەن بىر يىلتىزدا تۇتاشقان يەهۇدىي دىنى بىلەن خىرىستىئان دىنىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئىككى دىنغا چۈشۈرۈلگەن" تەۋرات "بىلەن" ئىنجىل "قۇرئاندا ئېتىراپ قىلىنغان مۇقەددەس كىتاب هېسابلىنىدۇ .قۇرئاندا بۇ ئىككى كىتابقا ئەمەل قىلغانلارنىڭمۇ ئوخشاشلا ياخشى ئاخىرەتلىك بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار هازىرقى ئىنجىل ۋە تەۋراتلارنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەهلى جەننەتتى بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ .ئۇنداق بولسا شۇ" ئۆزگىرىپ كەتكەن "يېرىنى توغرىلاپ يەنىلا ئۆز ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرغان ئىنسانلار قانداق ئاخىرەتكە ئېرىشىشى كېرەك؟ ئەمەلىيەتتە بولسا قايسى ئىنساننىڭ ئەهلى جەننەتتى بولىدىغان ياكى بولالمايدىغانلىقىغا ئالاقىدار جاۋاب ياراتقۇچىغىلا خاس غەيىب هۆكۈم بولۇپ ئۇ توغرىلىق ئۆز-ئالدىغا هۆكۈم چىقارغان ئىنساننىڭ شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئەيىبلىنىشى كېرەك بولىدۇ .

يۇقىرىدىكى ئۇقۇملارنى لوگىكىغا سېلىپ نىسپىي هۆكۈم چىقىرىش ئۇنى ئىنكار قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى بىر خۇدالىق دىندا پەقەت ياراتقۇچىنىڭلا يېگانە مۇتلەق ئىكەنلىكىنى

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۇچۇندۇر .لوگىكىنىڭ ئەقلى تەپەككۇردىكى رولىنى چۈشەنمەيدىغان ئىنسانلار ئۇچۇن، بولۇپمۇ بىلىم قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي بىلىملەرنى چۈڭقۇر ئۆگەنمەي، ئىزدىنىشلەرنى ئۆزگىلەرگە (تاپشۇرۇپ شۇلارغا ئەگىشىپ ياخشى ئاخىرەتلىك ئىستەيدىغان ئىنسانلارغا، لوگىكىنىڭ قورقۇنچلۇق تۈيۇلۇشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى، بۇ خىل لوگىكىلىق تەھلىل بىلەن بولۇپمۇ فورمال لوگىكىدىكى" زىتلىق يەكۈن) پارادوخەس "(ئارقىلىق، ھەتتا ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلغىلى بولىدىغان يەكۈنلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغانلىقىدا .

مەسىلەن نۇرغۇن دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئىنسانلار مەغرۇرلىنىپ تۇرۇپ تىلغا ئالىدىغان بىر لوگىكىلىق يەكۈن مۇنداق، يەنە ئالدىنقى شەرت ياراتقۇچى ھەممىگە قادىر، ئاندىن ئانالىز .ئەگەر ياراتقۇچى ھەممىگە قادىر بولسا، ئۇ ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان تاشنى يارىتالامدۇ؟ ئەگەر يارىتالايدۇ دېيىلسە ئۇنداقتا ھەممىگە قادىر تۇرۇپ نېمە ئۇچۇن كۆتۈرەلمەيدۇ دېگەن سوئال چىقىدۇ؛ ئەگەر يارىتالمايدۇ دېيىلسە ئۇنداقتا ھەممىگە قادىر ئەمەسكەنغۇ دېگەن ئىنكار پەيدا بولىدۇ .بۇ تەپەككۇرنىڭ زىل يېرى بولۇپ، خېلى بىر قىسىم ئىنسانلار بۇنى ھەزىم قىلالمىسا دەھرىي دەپ چەكلىشى ئېنىق . بۇنىڭغا ئوخشاش مىسالدىن يەنە بىرى بولسا، ياراتقۇچى ھەممىگە قادىر يېگانە مەۋجۇتلۇق بولسا، ئۇ ئۆزىنى ئىككى قىلىپ يارىتالامدۇ، دېگەن سوئالغا بولغان ئانالىزدىن ئىبارەت .ئەگەر جاۋاب يارىتالايدۇ بولسا ئۇ چاغدا يېگانە بولالمايدۇ؛ ئەگەر يارىتالمايدۇ دېيىلسە ھەممىگە قادىر بولۇشىغا چەكلىمە قويۇلىدۇ .ئەگەر نوقۇل لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلساق بۇنداق مۆمىنلەرنى گاڭگىرىتىدىغان ۋە غەزەپلەندۈرىدىغان سوئاللار كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ .شۇ سەۋەبتىن ئەگەر تەپەككۇر، ئىلىم بىلەن قوراللانغان ئەقلى تەپەككۇر بولمىسا ئۇ ئاسانلا دىندا چىڭ تۇرىدىغان ئەمما ئەقلى تەپەككۇرغا ئاجىز ئىنسانلاردا قارشىلىق پەيدا قىلىپ ئىلىمنى، ئەقلى تەپەككۇرنى تەقىب قىلىدىغان خاھىشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ .

يۇقىرىدىكى لوگىكىلىق يەكۈنلەرنىڭ نەتىجىسى شۇكى، بىزنىڭ بىلىش دائىرىمىزدە نىسپىيلىك بىر مۇتلەق ھۆكۈم بولۇپ، بۇ مۇتلەق ھۆكۈمنى قولدا تۇتۇپ تۇرغۇچى پەقەت شۇ نىسپىي دۇنيانى ياراتقۇچى بولىدۇ .شۇ سەۋەبتىن بىز ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچقانداق بىر شەيئى ياكى ھادىسىنى مۇتلەق دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز .شۇنداق بولغانىكەن، ھەرقانداق نىسپىي ھۆكۈم" ئەگەر " دېگەن ئالدىنقى شەرت ئاستىدا شارائىتقا قاراپ بىزگە بېرىدىغان نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ۋە بۇ نەتىجىنى پەقەت ئەقلى تەپەككۇرلا توغرا يەكۈنلەپ چىقالايدۇ .

## تۆتىنچى قىسىم: ئىلىم ۋە دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى

لوگىكا ۋە ئەقلى تەپەككۇرنىڭ دىنىي جەمئىيەتتە تەقىبگە ئۇچرىشىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇنداق ئۆتكۈر سوئاللارنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە تەۋرىنىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ۋە ھەتتا ئىنساننى ئويلىنىشتىن توختىتىپ قويىدىغان دەرىجىدە كەسكىن ئىچكى كۈرەشكە سېلىپ قويىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا .مەسىلەن دىندا يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشى ناھايىتى قاتتىق گۇناھ ھېسابلىنىدۇ، ۋە قاتتىق چەكلىنىدۇ .ئەمما ئەگەر بىز دەل دىنىي چۈشەنچىلەردىن ئىنساننىڭ كۆپىيىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلساق، ئەگەر ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن ئاپىرىدە بولغان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆز ئارا جۈپلەشمىسە، ئەتراپىدا باشقا ئىنسان بولمىغان ئەھۋالدا قانداق كۆپىيىدۇ

دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ .ۋە شۇنىڭدىن بىرگە ئىنسانلار ئەمەلىيەتتە شۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قالايمىقان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنغۇ دېگەن يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بىر قارماققا ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشقان قورقۇنچلۇق سوئال بولۇپ، ئەمىسە شۇنداق ئىكەن بىز ھايۋانلاردەك قالايمىقان مۇناسىۋەتتە بولساق بولىدىكەن-دە دېگەن غەزەپلىك چۇقان چىقىدۇ .ئەمما رېئاللىقتا بولسا ئىرسىيەت ئىلمى يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشىدىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە ئىرسىيەت كېسىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشىنىڭ تەبئىي چەكلىمىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ئىرسىيەت ئىلمى دوكلاتىدا، ئامېرىكىنىڭ كولورادو شتاتى بىلەن ئارىزونا شتاتىنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان بىر كىچىك بازاردا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەردە، دۇنيادا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئىرسىيەت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىگە ئەمەل قىلىدىغان خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ يېقىن تۇغقان تۇرۇپ توي قىلىشىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئىسپاتلانغان .بىز لوگىكىدىكى يەكۈندىن كېلىپ چىققان ئىنسانلار بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۆز-ئارا توي قىلىشىدىن كەلگەنمۇ دېگەن ئويلىنىشنى ھەر كىشىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ، پەقەت ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قارتا سوئال قويساق، يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك رەددىيە بېرەلەيدىغىنى يەنىلا ئىلىم بولىدۇ .بۇ مىسال بىزگە دىنىي ئەقىدىلەرگە ئىلمى ئاساسلارنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

شۇ سەۋەبتىن بىز لوگىكىلىق ئانالىزدىن كېلىپ چىقىدىغان بۇنداق سەزگۈر سوئاللار سەۋەبىدىنلا ئەقلى تەپەككۇر ئارقىلىق دىنىي چۈشىنىشنى ۋە چۈشەندۈرۈشنى ئىنكار قىلساق بولمايدۇ .بۇ خىل ئانالىزلارنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ئىنساننىڭ تار دائىرىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسى چوڭقۇرلاپ، بارلىق مۇتلەق دەپ ئېسىلىۋالغان ئەقىدىلەرنىڭمۇ نىسپىي ئىكەنلىكىنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ يېتىپ، ئىلمى-ئىجاھاتتا، ئەقلى تەپەككۇردا ئۆز زاماندashlىرىدىن ھالقىپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلەيدىغان يەنە بىر ئىنساننى ئۇچۇرتالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ .

ۋە ئەڭ ئاخىردا يېگانە مۇتلەق ياراتقۇچىسىغا مۇراجىئەت قىلىشقا يۈزلىنىدۇ .يەنە ئېتىقاد ھەقىقىي يوسۇندا ياراتقۇچىسىغىلا يۈزلىنىدىغان، قۇرئاندىكى" پەقەت ئاللاغىلا ئېتىقاد قىلىڭلار "دېگەن ئايەتنى ماھىيەت جەھەتتىن چۈشىنىپ يېتىشكە قادىر بولالايدۇ .شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن دىنىي ئالىملارنىڭ يەنە زاھىت، سوپى بولۇپ ياشىشىنىڭ سەۋەبى بۇ بولۇپ، ئۇلار ئۆمرىنى ئەقلى تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن .مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سوپى، زاھىت بولۇپ ياشاشنى تەشەببۇس قىلمىسىمۇ، بۇنداق كىشىلەرنى ھۆرمەتلىگەن .

بۇ خىل لوگىكىلىق تەھلىللەرنىڭ دىنىي ئېتىقادنى تەۋرىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى بىراقلا تەقىب قىلىش، ئەكسىچە ئىنسان تەپەككۇرىنى دوگما ئىچىگە ئىتتىرىپ قويىدۇ .چۈنكى دەل ئىلىم ۋە ئەقلى تەپەككۇرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بۇ سوئاللارغا قارتا كىشىنى قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلەيدۇ .ۋە بۇ سوئاللار بىزنى ياراتقۇچىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ دىنىي-ئەھكاملارنى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىنى، قۇرئاننى مۇتلەق ئورۇنغا قويۇپ دىنىنىڭ ئەسلى مەقسىتى بولغان پەقەت ياراتقۇچىسىغا ئىبادەت قىلىش مەقسىتىنىڭ بۇرمىلىنىپ كەتمەسلىكىگە، توغرا يولدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ .بىز لوگىكا بىلەن رېئاللىقنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيمىز .شۇ قۇرئاندا" ئويلىغىنىڭ

گۇناھلىق بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرمىساڭ گۇناھ ھېسابلانمايدۇ "دېيىلگەن .لوگىكا دەل شۇنداق گۇناھتەك بىلىنىدىغان ئەمما ئەقلى تەپەككۇر قىلىشقا يول قويۇلىدىغان دائىرە ئىچىدىكى ئىلىمدۇر .بۇ خىل كوچىلاپ سۇرۇشتە قىلىش ئىنساننى بىلىشكە ئۈندەپ، بىلىش ئارقىلىق بارلىق قورقۇنچلار يوقاپ ئىنساننى بىۋاستە ھەقنى تونۇشقا يېتەكلەيدۇ .ئىنسان ئۈچۈن كىمنىڭ پۈشتى بولۇش مۇھىم ئەمەس، قانداق بىر پۈشتى بولۇش ئەڭ مۇھىمدۇر .

## ئاخىرقى سۆز

مەزكۇر يازمىدا بىز ئەقلى تەپەككۇرنى مەركەزلىك ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىننى چۈشىنىشتىكى رولىنى تەكىتلەپ ئۆتتۇق.

..."كىمكى پاكلىنىدىكەن ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ .ئاخىرى قايتىدىغان جاي ئالڭانىڭ دەرگاھىدۇر" .[14] "ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لاۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن ئاللاغا ئاسان ."[15] بىز قۇرئاننى قىرائەت قىلغان چېغىمىزدا بۇ ئىككى ئايەتتىن ھەر ئىنساننىڭ چەكلىك ھاياتتا ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەكلىكىنى، دىننى چۈشىنىشنى بىۋاستە ئۆز تەپەككۇردا ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئەگەر ئۆزگىلەرنىڭ تەپەككۇر نەتىجىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۇ گۇناھ ئىكەنلىكى دەلىللەنگەندە بۇ گۇناھنىڭ ئۆزگىلەرگە ئەمەس ئۆزىگە يېزىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام تارىخىدىكى داڭلىق ئۆلىمالار ئۆز زامانىسىدە يەنە يېتىلگەن ئالىملاردىن بولغان .ئەمما ئىنسان ھاياتى مەڭگۈلۈك ئەمەس، تارىخى شارائىتقا قارىتا ئىگىلىگەن بىلىممۇ چەكلىك بولىدۇ .ئۇنداقتا چەكلىك ئىلىم بىلەن تەپەككۇر قىلغان ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئۈستىدە چىقارغان يەكۈنى توغرا بولماي قالسا قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا بىز يۇقىرىدا" ياخشى سارمانتى "نىڭ مىسالى بىلەن جاۋاب بەردۇق. ھەمدە بۇنىڭغا قارىتا قۇرئاندا "ئۆز دەۋرىڭلاردا ياشاڭلار "دېگەن .بۇنى قولىڭىزدىن كېلىشىچە شارائىتىڭىزنىڭ يېتىشىچە تەپەككۇر قىلىڭ، ئىجاد قىلىڭ نەتىجىسىنى ياراتقۇچى بېرىدۇ دېگەن مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ .بۇنى ئالگېبرادىكى پارابولانىڭ چوققىسىغا ئوخشاتساق ئىنساننىڭ تەپەككۇرى، ئىجاد قىلىشى ۋە بىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى شۇ چوققىدا بولۇپ ھەق) ياراتقۇچى (قە چەكسىز يېقىنلىشىدۇ، ئەمما )ھاياتلىقتا ( مەڭگۈ كېسىشمەيدۇ) ھەققە يېتەلمەيدۇ .(بىز قانچىلىك ساۋاپ قىلساق ياراتقۇچىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىمىز بىلمەيمىز .ئەمما شۇنىڭ ئۈچۈن چىن نىيىتىمىز بىلەن توختىماي چەكسىز تىرىشىمىز .

بۇ يازما يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئامېرىكىدىكى داڭلىق غول ھۆجەيرە تەتقىقاتچىسى، ئۇيغۇر ئالىمى شۆھرەت مۇتەللىپ گېن تەتقىقاتىدا ئىرسىيەت كېسەللىكلىرىنى ئالدىن كونترول قىلىش جەھەتتە يېڭى بىر نەتىجە ياراتتى .بۇ خىل تەتقىقات يازمىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىنىڭ ئۆزىدىمۇ قانۇنى جەھەتتىن قاتتىق چەكلىمە ئىچىدە كونترول قىلىنىدىغان تەتقىقات بولۇپ، شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ بۇ يېڭى نەتىجىسى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ساقلاپ تۇرماقتا .شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ تەتقىقات يۆلىنىشى كەلگۈسىدە بوۋاقلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن غەيرىي گېنلىرى" قايتا لايىھىلىنىپ "ئىرسىيەت كېسەللىكىدىن خالى دۇنياغا كېلىشىنى مەقسەت قىلغان ساۋابلىق ئىش ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بۇ تېخنىكا تەبئىي قانۇنىيەتلەردىن ئايرىدە بولۇپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن ئىنسانلارغا سۇنئىي ئۆزگىرىش ياساش،

ھەتتا كەلگۈسىدە ئەكسى تەسىر بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار ياكى يوقلۇقى ئېنىق بولمىغان تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ .بۇ دەل ئىنسانلار بىلىشكە قىزىقىۋاتقان يەنە بىر“ غەيىپ ”ھادىسە بولۇپ، بۇ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھەممە بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدا نورمال بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىنسانلار بىلەن غەيىپتىن قورقۇپ تەقىب قىلىشنى قوللايدىغان ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆز قاراش زىتلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ .

ئەقلى تەپەككۇرىدىكى تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى سەۋەبىدىن كۆپ قىسىم ئىنسانلارنىڭ چۈشىنىشى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ كۆپ كەينىدە قالماقتا، شۇ سەۋەبتىن تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئىلىمدىكى ئىزدىنىشلەرگە چەكلىمىلەر قويۇلماقتا .ئەگەر ئەقلى تەپەككۇر ھەر كاللىدا تەكشى تەرەققىي قىلغان بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتى بىر تەكشىلىكتە تەرەققىي قىلغان ۋە ئۆزلىرى ياساپ چىققان تەقلىدى ئەقىلنىڭ كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلىپ كەتمىگەن بولار ئىدى .خ

دەل ھەر ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرى يېتەرسىز بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىر قىسىم ئۆزىنى تاپالمىغان ئىنسانلارنىڭ بىر كۈنلەردە بۇ تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارغا زىيان ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن .شۇ سەۋەبتىن تەپەككۇردىكى تەكشىسىزلىك تۈگىمەي تۇرۇپ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى جەڭگى-جېدەللەرنىڭ ھەرگىز ئاخىرى چىقمايدۇ .

ئەمما مەيلى دىنىي چۈشەنچىلەر بولسۇن ۋە ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ھادىسىلەر بولسۇن، ھەر ئىشتا ئەقىل ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش، بىزنىڭ نىيىتىمىزنىڭ دۇرۇس بولۇشى، ئىشىمىزنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ۋە ساۋابقا ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ .دىندا تۆت خوتۇن ئالسا بولىدۇ دېسىلا ماتېماتىكىنى ساناشنى ئۆگىنىپ توختاپ قالساق بولمايدۇ . ئۆزىمىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە باشقا ئىنسانلارغا زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئاساسىدا ئېلىپ بارغان ئىش-پائالىيەتلىرىمىز، نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقىنىڭ بەلگىسى .ئەمما ئۆزىمىز باسقان ھەر بىر قەدەمنىڭ باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، بىزدىن ئۆز دەۋرىمىزگىچە تەرەققىي قىلغان بىلىملەرنى ئامال بار تولۇق ئىگىلەش، ئەقلى تەپەككۇرىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ“ .ئادەم، ئادەم بىلەن ئادەم .”ئىنسانچىلىقنى ئۆگىنىش، ئىنسانچىلىقنى ھۆرمەت قىلىش، ياراتقۇچىنى خۇش قىلىدىغان ئىنسان بولۇش، بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نىيىتىمىزنى دەڭسەيدىغان ئەقلى تەپەككۇرغا موھتاجمىز.

ئىزاھاتلار

[1]سوقراتتىن بۇرۇن گىرىتسىيەدە باشقا پەيلاسوپلار بار بولغان بولسىمۇ ئۇلار دۇنيانىڭ كېلىش مەنبەسىنى مەلۇم بىر كونكرېت شەيئىدىن دەپ قارايدىغان“ مېتافىزىك ”چىلاردىن ئىدى.

[2] سوقرات كوچا دوقمۇشىغا چىقىپ دائىم ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەردىن سوئال سورايدىكەن، ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمدىن توختىماي سوئال سوراپ ئاخىردا ئۇ كىشىنىڭ دەسلەپكى جاۋابىنى كېيىنكى سوئاللارغا بەرگەن جاۋابقا زىت قىلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى يەكۈنىگە قارتا قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن. بۇ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن “سوقراتچە سوئال سوراش ”دەپ يەكۈنلەنگەن.

[3]سوپىزم توغرىسىدا ھازىرغىچە تالاش تارتىش تۈگىگىنى يوق. سوپىزم نوقۇل ئىسلام پەلسەپىسىگە

خاس ئاتالغۇ ۋە ئېقىم بولماستىن، سوقراتتىن باشلانغان تەپەككۇرنى ئاساس قىلغان پەلسەپىۋى ئويلىنىشلار ۋە پىكىرلەر سوپېرزملىققا كىرىدۇ .شۇ سەۋەبتىن ئاپتور سوپى ئاتالغۇسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى تەپەككۇر قىلماق بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

[4]بەقەر سۈرىسى29 -ئايەت.

[5]فاتىر سۈرىسى38 -ئايەت.

[6]ياپونىيەلىك فىزىكا ئالىمى مۇراياما ھىتوشىنىڭ ئامېرىكىدىكى بىر دوكلات بېرىش يىغىنىدا ئاپتورنىڭ سورىغان سوئالىغا بەرگەن جاۋابىدىن ئېلىنغان نەقىل.

[7]مائىدە سۈرىسى9 -ئايەت.

[8]ئىنجىلدىن كەلگەن بىر ھېكايە بولۇپ، ھېكايىدە بىر يەھۇدىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق ھالدا يول ياقىسىدا ياتقاندا، ئۇنىڭ يېنىدىن باشقا يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىي پوپلىرى ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سوزمىغان .بۇ يەردىن يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان سارمانتىلىق بىر كىشى ئۆتۈپ قالغان ۋە ئۇ يەھۇدىيغا ياردەم قولىنى سوزۇپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغان .بۇ ھېكايە ئىنسانچىلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولغان، ۋە كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا ئۈندەش، ۋە ياخشى نىيىتىنىڭ ئەكسىچە ئۇنۇم كۆرۈلگەندە ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەسلىك قاتارلىق قانۇن تۈزۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان .بەزى دۆلەتلەر قانۇن تۈرغۇزۇپ ھەتتا قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ ياردەم قولىنى سۇنمىغان ئىنسانلارنى قانۇنى جازاغا تارتىشنى بەلگىلىگەن.

[9]ئىبىن كەسىرنىڭ قۇرئان كەرىم تەپسىرى94 -بەت.

[10]يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئىچىگە بالايىئاپەت، ئاغرىق-سىلاق قاچىلانغان ساندۇق.

[11]فۇرقان سۈرىسى2 -ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى.

[12]نەھلىدە سۈرىسى12 -ئايەت.

[13]گىئۇتەنىڭ) گوئەتھە> (فائۇست <داستانىدىكى باش پېرسوناژ. مىفىستافىل ئىسىملىك شەيتان تەڭرىگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ، مەن سەن مۇكەممەل دېگەن ئىنسانىنى ئازدۇرۇپ سېنىڭ يولۇڭدىن چىقىرالايمەن دەپ .تەڭرى ئۇنىغا شۇنداق قىلىشقا ئىجازەت بېرىدۇ .مىفىستافىل يەر يۈزىگە چۈشۈپ ناھايىتى پىقىر ياشاۋاتقان ئەقىللىق ياش فائۇستقا كۆزى چۈشىدۇ ۋە ئۇنى ھەر-خىل ئېزىقتۇرۇشلارغا باشلىماقچى بولىدۇ .فائۇست ھاياتلىقنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن، شەيتان بىلەن پۈتۈشۈپ، مۇھەببەت، نەپرەت، ئىلاھى تۈيغۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تېتىيدۇ، ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىردا ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە قادىر بولىدۇ .فائۇست ئېيتىلىشىچە ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادىكى بىر ئەپسانىۋى ئادەم بولۇپ، ئەقىلدە كامالەتكە يەتكەن پېرسوناژ .فائۇست ھەققىدە ياۋروپادا نۇرغۇن ئوخشىمىغان ھېكايىلەر مەۋجۇت بولۇپ، گىئۇتىنىڭ بۇ ئەسىرى ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشىدىن باشلانغان ئىنسانلىققا قايتىش ۋە تەپەككۇر ئۇستىدە قايتا ئويلىنىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل بىلەن ئىقتىدار ئوتتۇرىسىدىكى ئويلىنىشلىرىنىڭ بىر گۈزەل شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدۇر .گىئۇتى بۇ ئەسەرنى يېزىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلغان) جەمئىي 64 يىل يازغان، ۋە ئۆلۈپ كېتىشتىن بىر يىل ئاۋۋال تاماملىغان .(ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىۋاتقان ئىنسان ئۈچۈن بىر ئوقۇپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان ئېسىل ئەسەر ھېسابلىنىدۇ .

[14]ئىبن كەسىرنىڭ قۇرئان كەرىم تەپسىرى91 -بەتتە بۇ خىل ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مىسال بىلەن بايان قىلغان.
[15]سۈرە فاتەر18 -ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[16]سۈرە فاتىر11 -ئايەت.

# مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

(سەھەر)

28-8-2017

يۇقىرىدا «مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئال ئاستىدا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئەمەلىيەتتە مەن چەتئەلگە چىققان ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئۆز-ئۆزۈمدىن ئىزچىل سوراپ كېلىۋاتقان مىللىتىم چەتئەلدىكى مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلى ئىدى. بۇ سوئال ماڭا، مەن داۋاملىق يول يۈرگەندە، ئىشلىگەندە، ترامۋاي ۋە ئاپتوبۇستا، ھاياتىمنىڭ ھەرقايسى دەقىقىلىرىدە، ۋەتىنىم ۋە خەلقىم بىلەن يوشۇرۇن پىچىرلاشقاندا، قەلبىمدە ۋە خىيالى بىر دۇنيايىمدا شەكىللەندۈرۈۋاتقان، ئۇنى كۈتىدۇ، بۇنى كۈتىدۇ دەپ بىرنەرسىلەرنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ۋە بەزىدە بىرنەرسىلەرنى قوشۇپ بىرنەرسىلەرنى چىقىرىۋاتقان ھالىتىمدىن، ئۆيلىغانلىرىمنى قەغەز ئۈستىگە قوندۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتكەندەك بولدى. خۇددى كومپيۇتېر ۋە ئەقىللىق تېلېفونلاردا داۋاملىق كۆرۈلىدىغان «update» دېگەن ئىنگلىزچە سۆزدەك مەنمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر زىيالىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولغان تۆگمەن تېشىدەك ۋەزنى ئېغىر بۇ سوئالنىڭ جاۋابكارى بولۇش سۈپىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر ئىش ئەڭ ئاۋۋال ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش، پىكىرلەرنى ئورتاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ( ئىنگلىزچە team work دەپ ئاتىلىدۇ) ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ھەر يازغىنىمىز ۋە ھەر سۆزلىگەن سۆزىمىز مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزگە خەيرلىك بولسۇن.

«مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» بۇ سوئال ئادەتتە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى جۇغراپىيە مۇئەللىمىمىز سورايدىغان، بۇ دەريا ياكى كۆلگە، قايسى ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلار قۇيۇلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. مىللىتىمىزنى بىر دەريا ياكى دېڭىز دەپ قارىساق، بۇ دەريا ۋە دېڭىز سۈيىنىڭ ئۇلغىيىشى ۋە ياكى قۇرۇپ كېتىشىدە بىز چەتئەللەردە ياشاۋاتقان، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلىق ۋەزىپىسىنى، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بار ئەلۋەتتە. مىللىتىمىزنىڭ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالنىڭ ۋەزنى، ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى سىياسىي ئورنىنىڭ قانداق بولغانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستاندا قانداق سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىگە قارىتا بەزىدە تۆرغۈن ھالەتتە بولسا بەزىدە ئېشىپ باردى.

يەنە بىر جەھەتتىن خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋالغان ئاز كەم 70 يىل جەريانىدا، ئىزچىل ھالەتتە ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوق قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشرەپ، پۇتبول، نورۇز قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى دىنى ئېتىقادلىرى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئانا تىلى نى يوق قىلىش ئۇچۇن غالجىرانە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىن بىر ۋەزىپىسى، ئاۋازى بوغۇلغان خەلقىمىزنىڭ چەتئەللەردىكى ئاۋازى بولۇش، خىتاي ھۆكۈمىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىدە، چەتئەللەردىكى مۇستەھكەم ئۇز مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق خىتاينىڭ بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە قالقان بولۇش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. ئەمما تۈلكىدىن قېچىپ بۆرىگە تۇتۇلغاندەك، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ مىللەتلەرنىڭ تىل، مەدەنىيەت ۋە ئۆرۈپ-ئادەت جەھەتتە خۇددى دېڭىز تاشقىنى(tsunami) دەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشىدەك خەۋپى ئاستىدا، تۈركلىشىش، ئەرەبلىشىش، ئىنگلىزلىشىش ۋە فىرانسۇزلىشىش دەك خەۋپكىمۇ دۇچ كەلمەكتە. دېمەك، مىللىتىمىز ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ دېگەن سوئال ۋەزنىنىڭ تۈگمەن تېشىدىنمۇ ئېغىر بولۇشىدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ يەردە.

شۇنداقلا بۇ سوئال، گۈگىل خەرىتىسىدىكى بىر نۇقتىنى ئىپادىلىگەن توچكىنىڭ كېڭىيىپ بارغانچە يوغىناپ مەھەللە ۋە چوڭ يوللارنى كۆرسەتكەنلىكىدەك، سىزنى مەسئۇلىيەتنىڭ، ئادەم ۋە ئادىمىيلىكنىڭ، ئەر ۋە ئەركەكلىكنىڭ، زىيالىي ۋە زىيالىيلىقنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە، ھەر بىر كىچىك ئېلېمېنتلىرىغىچە سۆرەپ كىرىدۇ. بۇ سوئالغا ئەگەشكەن ۋاقتىڭىزدا، ئادەم باشقا ئادىمىيلىك باشقا، ئەر باشقا ئەركەكلىك باشقا، زىيالىي باشقا زىيالىيلىق باشقا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يانداش ئۇقۇملار ئۇستىدىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا باشلايسىز.

مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ بىرىنچى پەلەمپىيى «مىللىتىم چەتئەلدىكى مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دىن باشلىنىپ ئاندىن، «ئائىلەمدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟»، «باللىرىمدىنچۇ؟»، «مەن تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەھەللەم ياكى دوست بۇرادەر گۇرۇپپىلاردىنچۇ؟» «زىيالىيلار ۋە ئالىملاردىنچۇ؟»، «دىنى ئۆلىمالاردىنچۇ؟» ۋە شۇنداقلا «مەن ياشاۋاتقان دۆلەتتىنچۇ؟»............. دېگەندەك شاخلاپ كېتىۋېرىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى، ئالىملىرى دىنى ئۆلىمالىرى شۇ مىللەتنىڭ ئىلغار كۈچلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالدىن كۆرگۈچىلەر، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقۇچىلار، شام-چىراغلار، مىللەتنىڭ سەركىلىرى، يول باشلىغۇچىلىرى، جاھالەت بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلار، ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈتنى ئەمەس بەلكى چۇقان سېلىش يولىنى تاللىغانلار، ئادالەت بايرىقىنى لەپىلدەتكۈچىلەر، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى دەپ تەرىپلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىدا، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى دەپ قارىلىپ، ئۇلارغا ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت ۋە ھۆرمەت بېرىلگەن.

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار دېگەن ۋاقتىمىزدا چەتئەلدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر،

دىنى ئۆلىمالار ياكى ئاتا ئانىسى بىلىم ئىگىلىرى بولمىغان تەقدىردىمۇ 2-ئەۋلاد چەتئەللەردە يېتىشكەن ۋە بىلىم تەھسىل قىلغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسلىدە بىر مىللەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى زىيالىيلارنى ئالىم، دىنى جەھەتتە يېتىلگەنلەرنى دىنى ئۆلىما ياكى داموللام دەپ ئاتايمىز. ئىلىم بىلەن دىنىنىڭ ھېچقانداق چىقىشالمايدىغان ۋە ياكى بىر بىرىنى چەتكە قاقىدىغان مەسىلىسى يوق ئىدى ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى دىنسىز بىر كوممۇنىست ھۆكۈمەت بولغانلىقى ئۈچۈن. دىننى خۇراپاتلىق دەپ چۈشەندۈردى. يېقىنقى يىللاردا يولغا قويغان پارتىيە ئەزالىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى مەسچىتكە كەلمەسلىك، جۈمە نامىزى ئوقۇماسلىق، دىنى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەر خىتايدا زىيالىيلار بىلەن دىنى ئەربابلار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋەتتى.

دىن دېمەك ئىمان دېمەك. ئىمان بىلەن ئىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟ ئىنسانلار يۈزدە يۈز ئىشەنگەن بىر نەرسە ئىمان دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلىم بولسا بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۈپ كەتكەندەك بىر نەرسىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىگىز بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۇ نەرسىگە بولغان بىلىمىڭىز بولۇشى كېرەك.

ئىشەنچ بىلەن بىلىم ئارىسىدا چوڭقۇر بىر مۇناسىۋەت بار. دېمەك قانچىلىك بىلسىڭىز شۇنچىلىك ئىشىنىسىز. بۇ سەۋەبتىن بىلمىسىز ئىماننى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىمان يەنە بىر جەھەتتىن تىلىدا سۆزلىمەك ۋە قەلبىدە مۇئەييەنلەشتۈرمەك دېمەكتۇر. بۇ سەۋەبتىن سىز بىر نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيسىز. شۇ سەۋەبتىن ئىمان يەنى دىن بىلەن ئىلىم بىر بىرىگە باغلىنىشلىقتۇر. شۇڭا بىلىم بولماستىن ئىمان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللا قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتىنى ئوقۇ، بىل بىلەن باشلايدۇ.«ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللاللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەن مۇھەممەدەن ۋە رەسۇلۇھۇ» دەپ شاھادەت ئېيتىمىز. بۇ «شاھىت بولدۇمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە شاھىت بولدۇمكى مۇھەممەت ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسىدۇر». يەنى بۇ يەردە شاھىتلىق ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز. شاھىت بولماق بىلمەك دېمەكتۇر يەنى شاھىت بولۇشتىن بۇرۇن بىر نەرسىنى بىلمەك لازىم. بىلمەي تۇرۇپ شاھىت بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئەرەبچىدە ئالىم دېگەننىڭ مەنىسى بىر نەرسىنى كەڭ دائىرىدە بىلمەك دېگەن مەننىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىلىم دېگەن نېمە؟ ئالىملار ئىلىمنى ئىككى ئوخشاش نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەت ۋە ئىشارەت دەپ تەرىپلەيدۇ. يەنى ساق ئادەم بىلەن ئاغرىق ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلمەك ۋە كۆرمەك بىلىم دەپ ئاتىلىدۇ دەپ تەبىر بېرىدۇ. ئەگەر سىز پىسخولوگىيە ئىلمىنىڭ ئادىمى بولسىڭىز، ساغلام پسىخولوگىيەسى بولغان ئادەم بىلەن ساغلامسىز پسىخولوگىيەسى بولغان ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرەلەيسىز. پەلسەپە ئوقۇغان بولسىڭىز تەپەككۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرەلەيسىز ۋاھاكازالار. دېمەك بۇ يەردىكى ھەقىقىي ئىلىم ھەق-ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك

ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرمەك. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرمەك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرمەك. دېمەك بۇ پەرقنى كۆرەلىگەن كىشىنى بىز زىيالىي، بىلىم ئادىمى، ئالىم دەپ ئاتايمىز. ئەگەر بۇ پەرقنى كۆرەلمىسە بۇ جاھالەت دېمەكتۇر. يەنە بىر قىسىم ئالىملار ئىلىمنى بىر نەرسىنىڭ ئارقىسىدىكى سەۋەبنى بىلمەكتۇر دەپ تەسۋىرلەيدۇ. يەنى بىر نەرسىنىڭ ئارقا تەرىپىنى ھېكمىتىنى بىلمەك دېمەكتۇر. مەسىلەن بىر مىللەت نېمىشقا بۇ ھالەتكە كەلدى؟ بۇ سوئال ئاستىدا يولغا چىقىپ بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق بىر مىللەتنى قايتا تىرىلدۈرۈش. بۇ ئۇيغۇر ئۆلىما ئالىملىرى ۋە دىن ئالىملىرى ئورتاق مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. شۇنداقلا، مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ نامىلىق بۇ سوئال ئېرىشكۈسى جاۋابنىڭ يول خەرىتىسى.

ئىلىم ھەققىدە يەنە بەزى ئالىملار، بىلگەن كىشىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئارقىلىق ۋىجدانىنىڭ راھەتلىنىشىنى ساقلاپ قالغان نەرسىدۇر دەيدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئەقىل بىلەن ئىمان ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر مۇناسىۋەت بار. يەنى بۇ مۇناسىۋەت، ئەقىل بىلەن ۋەھيي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، كۆز بىلەن نۇر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. ئەقىل كۆزدۇر، ۋەھيي نۇردۇر، ئەگەر كۆز بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا نۇرنى كۆرەلمەيسىز. كۆزسىز نۇرنىڭ ئەقىلسىز ۋەھيينىڭ ھېچ قىممىتى بولماس.

ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى داڭلىق ئالىملار يەر شارىنىڭ مۇكەممەل ھالەتتىكى يارىتىلىشىنى بىلىشنىڭ ئۆزلىرىدە چوڭقۇر بىر ئىمان تۇيغۇسى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دۇنيانىڭ ئۇنىۋېرسال تارتىش كۈچى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۈچ قانۇنىنىڭ ئىجادچىسى نيۇتون، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ ئاللانى تونۇغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئالبېرت ئېينىشتېين ئىلىم پەن ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ، ئەسلىدە ئاللىقاچان ئاللا تەرىپىدىن سىزىپ قويۇلغان سىزىقلارنىڭ ئۈستىنى قايتا سىزىپ قويۇش بولۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كائىناتنىڭ بىر نىزامى ۋە بىر كىتابى بار. بۇ كىتاب ۋە بۇ نىزام دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن ھازىرغا قەدەر، ئىلىم-پەن ۋە ئالىم زىيالىيلار بىلەن دىن ۋە دىن ئادەملىرى ۋە ئۆلىمالىرىنى ئىنتايىن زىچ بىرلەشتۈرۈپ كەلدى. پەقەت خىتايلا بۇنىڭ سىرتىدا. خىتايدا ئالىم زىيالىيلىق بىلەن دىن ۋە دىندارلىق بىر بىرى بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدىغان ئىككى قۇتۇپ دېگەن ئىدېئولوگىيە ئىلگىرى سۈرۈلۈپ كەلدى. بۇ نۇقتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى، شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن دىنى زاتلىرى ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كەسكىن بولدى. چۈنكى بۇ خىتاي ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقىنى ئىچكى قىسمىدا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ گىردە نېنىغا ياغ-قايماق سۈرۈپ بەرگەنلىك بولاتتى. نەتىجىدە زىيالىيلىق ئۆز قۇتۇبىغا قاراپ، دىنى ئالىملىقمۇ يەنە بىر قۇتۇپقا قاراپ كېتىۋەردى. بۇ خىل ئىلىم بىلەن دىنىنىڭ قۇتۇپلىشىشى ئۇيغۇر خەلقىگە ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە مېڭە يۇيۇش سىياسىتىنى ئوڭاي يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن بۇ خىل قۇتۇپلىشىش ئاكتىپ رول

ئويىنىدى.

ئىنسان تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدۇ.. تەپەككۇر مۇنداق 4 تۈرلۈك بولىدۇ:

1- ئۆتمۈش ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش.
2- ئۆتمۈش تەپەككۇرى ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرى ئارقىلىق كېلەچەك ھەققىدە يەكۈن چىقىرىش.
3- ئۆتمۈش ۋە بۈگۈننى سېلىشتۇرۇش.
4- تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

ئىنسان ئەڭ ئاۋۋال تەپەككۇر قىلغۇچى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغۇچىدۇر. تەپەككۇر سوئاللارنى تۇغدۇرىدۇ. مەسىلەن خەلقىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن ۋە مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ دېگەندەك. ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغاندا ئاندىن، مەندىن نىمىنى كۈتىدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغاندا ئاندىن مىللەتنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت بۇ ۋەھىمىنى ھېس قىلغان ۋە بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ دېگەن سوئال تۇغۇلغان بولىدۇ. ئەگەر ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ زېمىندا مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق بولۇشىدىن ئىبارەت بىر خەۋپ مەۋجۇت بولمىسا ئىدى، بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ دېگەن سوئالمۇ تۇغۇلمىغان بولاتتى. ۋە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن بىرنەرسىلەر كۈتۈشتىن ئىبارەت بىر ئاڭ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ دېگەن سوئالدىن، ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھايات-ماماتلىق بىر تەھدىت بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن تۈركلەر چەتئەللەردىكى تۈركلەردىن، ئەرەبلەر چەتئەللەردىكى ئەرەبلەردىن ۋە باشقا يەھۇدىيلار چەتئەللەردىكى يەھۇدىيلاردىن.......... ۋەھاكازا.... بىر نەرسىلەر كۈتمەيدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەركىن، ھەر نەرسىگە قادىر ھۆر دۆلىتى بار.

مەن ۋە بىز، بىرى شەخسىيەت ۋە شەخسىيەتچىلىكنى، يەنە بىرى كوللېكتىپ ۋە ھەمكارلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى ئۇقۇم. ئامېرىكا ۋە كانادادىكى ئادەتتىكى بىر قەھۋەخانىلارغا كىرىپ ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلسىڭىزمۇ سىزدىن ئىنگلىزچە، « do you have téam work experience?» دەپ سورايدۇ. بۇ دېگەنلىك «سېنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش، گورۇپپا بولۇپ ئىشلەش، ياكى كوللېكتىپ بولۇپ ئىشلەش تەجرىبەڭ بارمۇ؟» دېگەنلىك. يەنى مەن ئەمەس، بىز بولۇپ ئىشلىيەلەمسەن؟ ئوخشىمىغان كۆز قاراش، ئوخشىمىغان
پىكىر تەكلىپ، ئوخشىمىغان يول، ۋە ئوخشىمىغان ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە دەريالار بىلەن قوشۇلۇپ بىر دېڭىزغا قۇيۇلالامسەن؟ دېگەندىن ئىبارەت. مانا بۇ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئامېرىكا كانادالارنىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشىدىكى سىر.

بىز ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا مەسىلىلىرى ئىنتايىن جىق بولغان بىر مىللەتمىز. ئۇيغۇر مىللىتى، غايەت زور بىر ئەجدىھا، ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن ۋە ياكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشقان بولسۇن ياكى بولمىسۇن زەھەرلىك قولىنى ئۇزىتىۋاتقان بىر مىللەتمىز.

مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

خىتاي تۈرمىسىدىكى مىڭلىغان ئونمىڭلىغان ئىلھام توختىلار چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازى بولۇپ بېرىشنى كۈتىدۇ. خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئاياق-ئاستى قىلىنىۋاتقان ئەركىنلىك ھۆرلۈك جەڭچىلىرىمىز، ۋەتەندە ھەق-ئادالەتنىڭ ئۆز ئورنىنى تېپىشى ئۈچۈن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن. چەتئەللەردە توختىماي چۇقان سېلىشىمىزنى كۈتىدۇ. يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئانا تىلىمىز، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمىز، ئۆرپ ئادەتلىرىمىز، دىنى ئېتىقادلىرىمىز بىزدىن بۇ غايەت زور دېڭىز تاشقىنى(tsunami) غا تۇغان سېلىشىمىزنى، تۇغان سالالىغان تەقدىردىمۇ، چۇقان بولسىمۇ سېلىشىمىزنى كۈتىدۇ.

ئىلىم ئەھلى دېمەك، ئاللاغا بولغان سۆيگۈسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ۋە بۇ سۆيگۈدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەڭ قورققان كىشى ئىلىم ئەھلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلىم ئەھلى دېگەندە، پەقەت ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئۆز مىللىتى ۋە خەلقىگە قانداق خىزمەت قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

بىلىم ئەھلى، زىيالىي ۋە ئالىملار بىلەن، دىن ئەھلى ۋە دىنى ئۆلىمالارنىڭ بىر يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن «team work» قىلىشىنى يەنى ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدىغان بۈيۈك بىر ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىق تورى بەرپا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

قىسقىسى، ھەق ناھەق مەسىلىسىدە، يوق بولۇش بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەسىلىسىدە، كىملىك مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىش جىنايەت.

ئاللا بىزگە ھەيران قالارلىق يارىتىش تېخنىكىسى بىلەن، ئاڭلا دەپ قۇلاق، كۆر دەپ كۆز ۋە سۈكۈت قىلما دەپ ئېغىز بەردى. ئەگەر بىز مۇشۇ 3 ئەزايىمىزنى ياخشى جارى قىلدۇرالىساق بۈنىڭغا يەنە مەن ئەمەس بىزدىن ئىبارەت «team work» نى قوشالىساق ئىدۇق، بارلىق كۈتۈشلەر، بارلىق مۈشكۈلاتلار ۋە بارلىق زۇلۇملارغا چارە تاپالىغان بولاتتۇق.

# ۋەتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىدىن يەتتە تۈرلۈك ئۈمىدى

(ئافراسىياپ)

1-ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەن سىرتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئىمكانقەدەر ئەركىن، خۇشال ۋە بەختىيار ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

2-ۋەتەندىكى خەلقىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىلغار ۋە باراۋەر مائارىپىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كەسپلەردە ئالىي مەلۇماتلىق بولۇشىنى، پەن-تېخنىكا ساھەسىدە يېڭىلىق يارىتالايدىغان، ئىلمى نەتىجىسى بىلەن تونۇلۇپ ۋەتەنداشلىرىغا ئىشەنچ بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

3-ئىقتىسادى-سودا جەھەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ياخشى، پاراۋان ۋە بەختىيار ياشىشى شۇنداقلا مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كارخانا قوشۇنى ۋە مىللىي كاپىتالىنى بەرپا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

4-ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئارا ئىشەنچ، مېھرى-مۇھەببەتلىك، ئىتتىپاق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

نورمال شەخسى ھاياتتا بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغان ۋە ياردەم بېرىدىغان بولۇشىنى، ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

مىللىي داۋا <غايە >يولىدا بىر-بىرىنى قوللايدىغان بولۇشىنى، ئىچكى جەھەتتە بۆلۈنمەسلىكىنى، دۈشمەننىڭ سۇيىقەستى بىلەن بىر-بىرىنى قارىلايمىغان كاپىر ياكى مۇناپىق، باي ياكى نامرات، تۈركىيەلىك ياكى ياۋروپالىق، خائىن ياكى جاسۇس دەپ پىتنە تارقاتماسلىقنى، كۈچنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

5-دىنى ئېتىقاد ۋە مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئىسلام ئېتىقادى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ كۆپ سانلىق نوپۇسى سەممىمىي ۋە ئوتتۇرا يولدا ئېتىقاد قىلىدىغان دىنى ئېتىقادى بولۇپ، خەلقىمىز ئېتىقادسىزلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىزگە مۇسۇلمانلىق تامغىسى ئۇرۇلغان، بىز نەدىلا بولايلى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمىز، بۇ بىزنىڭ كىملىكىمىز. ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيمىز.

ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ يادرولۇق تەركىبى قىسمى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز، ئانىمىزنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى. ئۇنىڭدىن قەتئىي ۋاز كېچەلمەيمىز.

ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بىزنىڭ باشقا بىر خەلق باشقا بىر قوۋمغا ئۆزگەرگەن ھالىتىمىزنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۆزىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تىل، ئېتىقاد، تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

6-ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارالىق ئوبراز ئەلچىسى بولۇشىنى

ئۈمىد قىلىدۇ.

ياشاۋاتقان ھەر بىر دۆلەتتە چەتئەللىكلەر بىلەن ياخشى ئۆتۈشىمىزنى، ياخشى تەسىر قالدۇرۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىرىشچان، ئەقىللىق، ئىنسانپەرۋەر ۋە دوستانە خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئوبراز

7-ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ۋەتەندە كۆپ ئىشلار ئىمكانسىز، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىكى تەقدىرى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە مۈشكۈل.

ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار شۇ جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېرىنداشلىرى، تۇرلۇك ئىمكان ۋە سەۋەبلەر بىلەن خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلاردىن ئامان قالغان بولساقمۇ، ئەمما يەنىلا شۇلارنىڭ ئازابىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ئەركىنلىك ۋە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز. خەلقىمىزنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەڭ زور ئۈمىدى ئاۋۋال ئاللا ئاندىن قالسا ۋەتەندە ياشاپ باققان، ئۇيغۇر خەلقى كۆرۈۋاتقان ئېغىر كۈنلەرنى چۈشىنىدىغان مۇشۇ ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئازاب ئوقۇبەتلىرىنى ئازايتىش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي نەتىجىلىك ئىش قىلىشىدۇر. بۇ خەلقىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۈمىدىدۇر!

2017-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى، ۋاشىنگتون.

# يەنە بىر قېتىم سوئال: مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

(سەھەر)

يېقىندا مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ دېگەن تېمىدا بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم .

مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ دېگەن سوئال مېنى يەنە بىر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇرلىدى.

يېقىندا دوستلار ۋاتىسۇپ ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر قىسقا سىن ئالغۇنى تاپشۇرۇپ ئالدىم .سىن ئالغۇدا بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى بىر چىملىقتا ياتقان گۈزەل قىزنىڭ مەركىزى نۇقتىدىن سىرلىق ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ يىراقلىشىشى ھەتتا يۈز مىليارد نۇر يىلى قەدەر يىراقلىشىشى تەسۋىرلەنگەن ئىدى .مەن بۇ ھادىسىنى ئۆز-ئۆزۈمگە تەتبىقلىدىم .مەن خەلقىم بىلەن بولغان ئارىلىقىم كۈندىن كۈنگە ئەنە ئاشۇ سىن ئالغۇ لېنتىسىدىكى ئۇزاقلىق تەك ئۇزاقلاپ ئالەم بوشلۇقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقان تېخىرقىغان بىر جانلىق ئىدىم .بۇ يىراقلىشىشلارغا مىللىتىمىز چەتئەلدىكى مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ دېگەن سوئالنى قوشقاندا، ھاياتىم خۇددى چەمبەر شەكىللىك قەپەس ئىچىگە سولاپ قويۇلغان چاشقاننىڭ قانچە كۈچ بىلەن ماڭسىمۇ يەنىلا بىر نۇقتىنى چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى خاتىرىلىتەتتى .بىردىنلا خىيالىمغا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا ئوقۇتقۇچىمىز سورايدىغان» ماڭىدۇ-ماڭىدۇ قىرىدىن ئاشالمايدۇ .ئۇ نېمە؟ «دېگەن سوئال كەلدى . ئۇ كىم بولاتتى مەن دېدىم ئۆز ئۆزۈمگە.

كۆزۈمنى يۇمدۇم .ئۇندىدار سۇپىسى دوستلار چەمبىرىكىدىكى دوستلار، ئۇرۇق تۇغقانلار، خىزمەتداشلار ....... قىسقىسى خەلقىمنىڭ نىدالىرى قۇلىقىم تۈۋىدە ئاڭلىنىشقا باشلىدى . تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ھازىرچە ئالاقە قىلماي تۇرايلى ........ھەر جايدا ئامان بول ....دېگەن سادالار بارغانچە ئاستىلاپ ئاڭلانمىغۇدەك دەرىجىدە مەندىن ئۇزاقلاپ كەتتى .خۇددى ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ قانچە مىليون نۇر يىللىرى قەدەر ئۇزاقلىغان مۇساپىدەك.

ھالىم شەھەر سېپىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بالىنىڭ، شەھەرنىڭ ئىچىنى مارىشىغا ئوخشايتتى.

ھەر كۈنى ۋەتىنىم ۋە خەلقىم بىلەن بولغان ئارىلىقىمنىڭ ئۇزاقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇ

تەرەپتىن ھېچ بىر تىۋىش ۋە سادا كەلمەيۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن ئەلۋەتتە، بۇنداق ئۇزاقلىشىش خەير دىن دېرەك بەرمەيتتى .دېمەك ۋەتىنىم ۋە خەلقىم، بىر خەتەرنىڭ بوسۇغىسىدا.

بىردىنلا بۇندىن 14 يىل مۇقەددەم ۋەتەندىكى چاغلىرىم ئېسىمگە كەلدى .ئۇ چاغلاردا مەن رادىئو ھېرىسمىنى ئىدىم .قايسى ماركىلىق رادىئو چەتئەل رادىئوسىنى ياخشى تارتىدىغاندۇ دېگەن ئىزدىنىش بىلەن، توختىماي ماگىزىن ئارىلاپ، تېخنىكلار بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپىنچە ۋاقتىم رادىئو بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتەتتى .مەقسىتىم چەتئەللەردە ئۇيغۇرلار ھەققىدە يەنى بىز ھەققىدە نېمىلەرنى دەۋاتقاندۇ؟ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر داۋاسى قانداق بولىۋاتقاندۇ دېگەنلەرنى بىلىش ئىدى .ئۇ چاغلاردا مەن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى، دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلغان، يۇرىكىدە ۋەتەن مىللەت ھېسسىياتىنى ھەر ۋاقىت كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئۇيغۇرلار دەپ ئويلايتتىم .ئەينى چاغلاردا ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئىشلىرى ھازىرقىدەك شاۋقۇن-سۈرەنلىك ئەمەس ئىدى .شۇنداقتىمۇ ناگان-ناگاندا ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىرەر پارچە خەۋەر ئاڭلاپ قالسام ئىنتايىن ھاياجانلىناتتىم .ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمى ئېچىلىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، خۇددى كىچىك بالىدەك ئىچ-ئىچىمگە پاتماي قالغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە .شەھىرىمىزدىكى داڭلىق بىر رادىئو ئۇستىسىنىڭ ياردىمىدە شۇ چاغنىڭ پۇلىغا ئىنتايىن قىممەت بولغان ياخشى بىر رادىئو سېتىۋالغان ۋە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدىم .ئۇ چاغدىكى ھالىم خۇددى قورۇ ئىچىگە سولىنىپ قالغان كىچىك بالىنىڭ، تامغا شوتا قويۇپ سىرتقا قاراۋاتقان ھالىتىگە بەك ئوخشايتتى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئارىلاپ بېرىلىپ قالىدىغان نامايىش خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغاندا ئىنتايىن ھاياجانلىناتتىم .كاشكى قاناتلىرىم بولسا ئۇچۇپ بېرىپ مەنمۇ شۇ نامايىشنىڭ ئىشتىراكچىسى بولسام دەپ ئويلايتتىم .كېچىلىرى ئۇيان ئۆرۈلۈپ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايتتىم نامايىش كاللامغا كىرىۋالاتتى .ئىدارەمدە ئۇيۇشتۇرۇلغان سىياسىي ئۆگىنىشلەر، مائاش ئۆستۈرۈشلەر ۋە ئىلغار سايلاش دېگەندەك نەرسىلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمايتتىم .ئۇ چاغلاردىكى يەنى ۋەتەن ئىچىدىكى ھېسسىياتىم بويىچە بولغاندا، ۋەتەن مىللەتكە بىر ئىش قىلىپ بېرىشنىڭ بىردىن بىر يولى چەتئەلگە چىقىپ نامايىش قىلىش دەپ ئويلايتتىم.

چەتئەل رادىئوسىنىڭ كۆپ تىڭشىغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، چەتئەل ھەققىدە ئويلىنىش، چەتئەلگە چىقىپ كېتىش خىيالىمنى ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى .ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياخشى جاي چەتئەل دەپ ئويلايتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە .دەرھەقىقەت سىياسىي شوئارلار، سۈنئىي دەبدەبىلىك سۆزلەر ۋە قاتمۇ قات توسۇقلار، ئادەمنىڭ روھى دۇنياسى ۋە مېڭىلىرىنى تەز كاردىن چىقارغۇچى سىياسىي ئۆگىنىشلەر، ماددىي، مەنىۋى ۋە سىياسىي بېسىملار سەۋەبىدىن، ۋەتەن ئىچىدە تۇرۇپ، ۋەتەن مىللەت مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ دېگەن بۇ سوئال ئاستىدا ئاللىقاچان ئېزىلىپ قېلىۋاتقان ئىدىم .بەزى چاغلاردا ئۆزۈمدىن نېمىلەرنى كېتىدىغانلىقىمنىمۇ بىلەلمەي قالاتتىم . تۇيۇقسىز كېتىش قارارى ئالدىم بۇ شەھەردىن.

مەن ئەسلىدە بۇنداق بۈيۈك قارارلارنى ئالالايدىغان ئۇنچىلىك بىر قەيسەر ئادەم ئەمەس بەلكى، مىشچانكا بىر نەرسە ئىدىم.

ھەيران قالىمەن ئۆز– ئۆزۈمگە بۇنداق بەشى يوغان قارارلارنى ئېلىش نىيىتىگە تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىمدىن .بۇ كېتىش قانداقتۇر ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە كېتىش ئەمەس بەلكى، ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا سەكرەش ئىدى .مېنى بۇنداق زور، بۇنداق جەسۇرانە قارارلارنى ئېلىشقا ئۈندىگەن زادى نېمە؟ خارۋارت، تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپنامىسىمۇ؟ ۋە ياكى چەتئەلدىكى بىرەر باي تۇتقىنىمنىڭ سودا تىجارەت تەكلىپىمۇ؟ ياق ئۇنداق ئەمەس .مەن ئاشۇ كىچىككىنە خىلۋەت شەھىرىمدىن ئايرىلغان ۋاقتىمدا، قولۇمدا خىتايدىن ئالىدىغان ئازراققىنە مائاشىمدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق ئىدى .پەقەت خىيالىمدىكى بىر يۆلەنچۈكۈم دۇنيا ئادالىتىگە پاناھلىنىش .ئەمما دۇنيا ئادالىتى ماڭا قانچىلىك مۇئامىلە قىلىدۇ؟ بۇنىمۇ بىلمەيتتىم .ئەمما بۇ بىر تەۋەككۇلچىلىك ئىدى خالاس .ماڭغان يولۇم يا خەيرلىك يول يا شەررلىك يول بولۇپ چىقاتتى .ھەر نەرسىنى ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدۇق.

مەندەك بىر مىشچانكىنى بۇنداق قەيسەر، ۋە بۇنداق جەسۇرانە، بېشىمدىن يوغان قارارلارنى ئېلىشقا تەشەببۇس قىلغان نەرسە زادى نېمە؟

شەھىرىمدە يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ئىدى .دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان تۇغما بىر چاقچاق خاسلىقىغا ئىگە، كۈلكە چاقچاق ماكانى غۇلجا بىر كېچىدە قان پۇرايدىغان، ھەر يەردىن يىغا-زار، نالە پەرياد ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان، ھەر يەردە شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى .ئېغىر تېپتىكى قورالللارنى كۆتۈرۈشكەن يەجوجى، مەجوجلەر يوغان قوپال ۋە قاتتىق ئاياغلىرى بىلەن، بۇ چاقچاقچىلار شەھىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىۋەتتى.

مەن كېتىش قارارىنى ئالغاندا، توغرىسى ئۇ قۇتۇپتىن، مەن ئۈچۈن تولىمۇ قاراڭغۇ بولغان ناتونۇش بۇ قۇتۇپقا سەكرەش قارارىنى ئالغاندا، ئۆزۈمنى خەلقىم ئۈچۈن بىر چارە دەپ ئويلىغان ئىدىم .مەن ئۆزۈمنى كۆھىقاپ ئىچىدىكى خەلقىمنىڭ تاشقى دۇنيادىكى بىر ئاۋازى، نامايىشلارنىڭ بىر ئىشتىراكچىسى، بىر چۇقان، بىر ندا، بىر سادا دەپ ئويلىغان ئىدىم.

مەن كېتىشتىن ئىبارەت بۇ زور قارارنى ئالغان ۋاقتىمدىن ئېتىبارەن، كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەس بولغان ئىدى .نە خىزمەت يۇقىرى مائاش، نە ئۆي، نە بايلىق، نە ئۆلۈم، نە ئەجدادلىرىمنى قەبرىسى دېگەندەكلەر مېنى توسۇپ قېلىشقا يېتەرلىك كۈچ بولۇشتىن ئىبارەت سالاھىيىتىنى يوقاتقان ئىدى.

ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى 2-بېكىتىم بولغان مەلۇم دۆلەتكە كېلىپ، شەھىرىمدە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقلار، تۇتقۇن قىلىشلار، ناھايىتى يوغان ۋە ئېغىر ئاياغلارنى كىيىۋالغان قورالللىق ئەسكەرلەرنىڭ مەھەللىلىرىمىزنى قانداق دەسسەپ چەيلىگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلىگەندە، ئەتراپىمدىكىلەر سۆزلىرىمنى ئۈن تۈنسىز تىڭشايتتى-دە ئاندىن يېن ئۈن-تۈنسىز بىردىن ئىككىدىن كېتىپ قېلىشاتتى .مەن بىردە يىغلاپ بىردە كۈلۈپ، بىردە قوللىرىمنى شىلتىپ، بىردە بويۇنلىرىم قىزارغۇدەك كۆپۈپ دېگۈدەك سۆزلەپ، خۇددى كىنولاردا رول ئېلىۋاتقان ئارتىسلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدىم.

چەت ئەلدە، مەن ئارزۇ قىلغان، توختىماي خىيالىنى سۈرگەن، نامايىشلارنى ئاخىرى تاپتىم .يازدىم . ..........ئەمما ئىچىمدىكى بىر بوشلۇق مېنى ھەر ۋاقىت ئازابلاپ كېلىۋاتاتتى .ۋەتەن ۋە مىللىتىم ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ئالدىدا مەن بەزىدە ئۆزۈمنى، چەكسىز كەتكەن قۇرغاق يەرلەرنى قاندۇرالمايۋاتقان ئېرىق سۈيىدەك ئاجىز، بەزىدە چۆل گۈللىرىدەك يالغۇز قىلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم .بۇ يالغۇزلۇقلىرىمنىڭ ئەلۋەتتە يېنىمدا بىر ئۇيغۇرنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى بىر كۈچنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىدى.

مەن ئۆزۈمنى ۋەتىنىم ۋە خەلقىمنىڭ بىر چارىسى سۈپىتىدە قوينىغا ئاتقان چەتئەل دە، خۇددى نورۇز كېلىشى بىلەن ئاستا-ئاستا يېرىلىپ ئاندىن، بىر بىرى بىلەن قىستىلىشىپ ئېقىپ، ئاخىرىدا شىمالى مۇز ئوكيانىنىڭ سۇلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئاشۇ يوغان مۇز پارچىلىرىدەك، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېرىپ كېتىۋاتاتتىم.

مىللىتىم چەتئەلدىكى مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ ئەلۋەتتە مىللىتىمنىڭ بىر دەردى، ھەسرىتى، بىر مەسىلىسى بولمىسا ئىدى .مەندىن بىرنەرسىلەر كۈتمىگەن بولاتتى .كىشىلەر كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما قىلغاندا، تۇخۇمنىڭ تاشقا ئۆزىنى ئۇرۇشىنى مىسال قىلىشىدۇ . ئەمما تۇخۇمنىڭ بىر دەردكە مۇپتىلا بولمىسا تاشقا ئۆزىنى ئۇرمايدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلىمەيدۇ.

پەرۋانە بىلەن شام-چىراغ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە كىشىلەر پەرۋانىنى شام-چىراغقا ئاشىق بولغانلىقى ئۈچۈن چىراغقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆلىدۇ دەپ قارايدۇ .بەلكى پەرۋانە شام چىراغقا ئاشىق ئەمەس بولۇشى، بەلكى ئۆچى بولۇشى ياكى دەردى بار بولۇشى مۇمكىن .ئەينى يىللاردا مېنىڭمۇ تىپ تىنچ خاتىرجەم مۇھىتىمنى بۇزۇپ، مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ بولغان غەرب دۇنياسىغا ئۆزۈمنى ئېتىشىم، تۇخۇمنىڭ تاشقا ئۆزىنى ئۇرۇشى ۋە پەرۋانىنىڭ شام چىراغقا ئۆزىنى ئۇرۇشىدەك بىر ئەخمىقانىلىك كۆرۈنەتتى باشقىلارغا.

ۋەتەن كوچىلىرىدا، ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ قوللىرىغا پىچاق قىڭراق كۆتۈرۈۋېلىپ، خىتاينىڭ چىش تىرنىقىغىچە قوراللانغان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشى، تۇخۇمنىڭ دەردى بولمىسا تاشقا ئۆزىنى ئۇرمايدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ئىدى .ئەمما كۈچكە ئۆزىنى ئېتىش، قېچىش ۋە سۈرگۈنلەرنىڭ ئاستىدا ئىنسان تەرىپلەپ تۈگەتكۈسىز كۈچلۈك بىر روھ غەيرەت ۋە جاسارەت، ئىسيانكارلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

تاغ چوققىسىدىكى قارىغاينى، كۈچلۈك ۋە دەھشەتلىك بوران چاپقۇن، قىش زىمىستان كېلىپ ئۇرىدۇ .ئەمما قارىغاينى غۇلىتالمايدۇ .چۈنكى قارىغاي بوران چاپقۇن ۋە قار شىۋىرغانلارغا كۆنگەن، چېنىققان .شۇڭا كىشىلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىياللارغا ئېھتىياجى چۈشكەندە ئالدى بىلەن، قارىغاينى تاللايدۇ .ۋەتەن ۋە مىللىتىمىز ئەنە شۇنداق ھەر خىل بوران چاپقۇنلاردا پىشقان قارىغايلارغا ئېھتىياجلىق.

شۇنداق، ھەر تاللاش بىر چارە، مېنىڭمۇ ئەينى يىللاردا سۈرگۈن يولىنى تاللىشىم ئۆزۈم ۋە خەلقىم ئۈچۈن ئامال چارە ئىزدەش ئۈچۈن ئىدى .ئۇ چاغلاردا چارە ۋە چارىسىزلىكتىن ئىبارەت بۇ

ئىككى ئىبارە ئالدىدا كۆپ سوراقلقا تارتىلدىم. ئەڭ ئېغىر چارىسىزلىك ئۆز-ئۆزۈمدىن خەلقىم ئۇچۇن قولۇمدىن كەلگەننى قىلالىدىممۇ؟ دېگەن سوئالنى سوراش ئىدى.

ئەڭ قاراڭغۇلۇق چاغلاردا، ئەڭ چارىسىز ئەڭ ئۈمىدسىز ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى مەن چارە دەپ ئوتتۇرىغا ئاتالىساڭ، يۈرىكىدە ۋەتەن مىللەت سۆيگۈسىنى ئېلىپ يۈرگەن ھەرقانداق بىر كىشى چارىسىز ئەمەستۇر. ئەگەر پۈتۈن يوللار چەمبەرچاس تاقالغان ھالەتتە سەن ئۆزۈڭنى مەن چارە دەپ كۆكرەك كېرىپ چىقالىساڭ ھەممە توسۇق ۋە ھەممە قۇلۇپلارنى ئاچالايسەن.

ئىنسان ھاياتى ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئەمەس بەلكى بەرگەنلىرى بىلەن شۇنداقلا، تۆلىگەن بەدەللىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئەمەس روھلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى قۇللۇقتا سۈكۈت قىلىش بىلەن ئەمەس بەلكى چۇقانلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى يەنە ھۆرلۈكنى بىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ھۆرلۈك ئۇچۇن كۈرەش قىلغانلىقلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى ۋەتەنسىزلىك بىلەن ئەمەس بەلكى ۋەتەن بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى ئەيش ئىشرەتلىرى بىلەن ئەمەس، ئىپپەتلىرى بىلەن قىممەتلىك. مەندىكى ۋە ئۆلاردىكى بۇ ھاياتلىق قارىشى، مېنى غەرب دۇنياسىغا، ئۆلارنى ئافغانىستان جاڭگاللىقلىرىدا باشلاپ كەلدى. سوئالىمىز بىر، يەنى مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىز بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ ياكى نېمىگە ئېھتىياجلىق دېگەندىن ئىبارەت.

مېنىڭ ۋەتەندىن كېتىشىم، ئەسلىدە كېتىش ئەمەس سۈرگۈن ئىدى. سۈرگۈن ماھىيەتتە كېتىش ئەمەس، سۈرگۈن سېنىڭ ئادەم بولۇپ ياشىشىڭ ئۇچۇن زۆرۈر بولغان ھەر نەرسەڭنىڭ قولدىن كېتىشى دېمەكتۇر. سۈرگۈن چۇقان سالالماسلىق، ھەقنى سۆزلىيەلمەسلىك سۈرگۈن ھاياتىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ مەنىلىك ياشىيالماسلىق، سۈرگۈن كۈچىنىڭ قولدىن كېتىشى دېمەكتۇر.

ئۇيغۇرلار بىلەن باشقىلار تەرىپلەۋاتقان قۇدرەتلىك خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئەنە شۇنداق ئاجىزلىق بىلەن كۈچلۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

كۈتۈش ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاب بېرىش مەسىلىسىدە، كۈچنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن يەنى بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقىنىم ئىقتىسادى كۈچتىن ئىبارەت. ھەرقانداق بىر كۈچ سەۋر بىلەن زامان بىرلەشكەندە ئەمەلگە ئاشىدۇ دەيدۇ بالزاك. دۇنيادا، سەۋر بىلەن پۇرسەتتىن كۈچلۈك بىر نەرسە يوق. ھەممە نەرسە سەۋر بىلەن پۇرسەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ دەيدۇ تولستوي. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا نېمە قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقى، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسى كۈچى، كوللېكتىپ كۈچى ۋە ئومۇمى مىللەتنىڭ كۈچىگە باغلىق. ئەمما بەزىدە بۇنىڭ تەتۈرى ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن دېڭىز ساھىلىدا ياتقان يوغان قورام تاش بىلەن ئادەتتىكى مۇشتۇمدەك تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچ سېلىشتۇرما جەھەتتە زور پەرق بار. ئەمما سەن يوغان قورام تاشنى دۈشمىنىڭنىڭ بېشىغا ئاتالمايسەن. بۇ جەھەتتە كىچىك تاش سېنىڭ ئىشىڭغا يارايدۇ. مەسىلەن: قەھرىتان قىش، قېلىن قار، زېمىن نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسلۇق بىر سوغۇق بىلەن قارشى-قارشىغا كەلمەكتە. ئىنسانلارغا قارا قىش دەيدىغان بىر كۈچ ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. ئەمما ئىنسانلاردىن 152 مىليون 600 مىڭ

كىم ئۇزاقلىقتىكى قۇياش ئاتلىق يەنە بىر كۈچىنىڭ كۆك قەھرىدە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ، زېمىندا نە سوغۇق قالار نە قار مۇز قالار .دېمەك دۇنيادا ھېچبىر زامان كۈچلەر مەڭگۈلۈك بولۇپ باقمىدى پەقەت ئاللانىڭ كۈچىدىن باشقا .خىتاينىڭ كۈچىمۇ شۇنداق.

كۈچ ھەققىدە سۆز بولغاندا، تارىخىمىزدىن بۈگۈنگە قەدەر، قۇدرەتلىك بىر كۈچنىڭ ئىنسانلارنى قانداق قىلىپ ھەق ئادالەت ۋە توغرۇلۇق يولىغا باشلاپ، ئۇلارنىڭ زالىملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ياردەمدە بولغانلىقى يادىمىزغا كېلىدۇ .

قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇق ئاستىدىن چىقىرىلىپ مىسىرغا ۋالىي قىلىنىشى بىزگە بىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

پىرەۋننىڭ ئوردىسىدا، پىرەۋنگە قارشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ئەينى دەۋرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمدارى دەپ قارىلىۋاتقان پىرەۋن قوشۇنى قوغلاپ كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قىزىل دېڭىزنىڭ يېرىلغانلىقى ۋە ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان يارىنىڭ ساقايتىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر قۇدرەتلىك كۈچ تەرىپىدىن ھاسىل بولغان ۋە تارىختا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر.

ۋەتەندىكى خەلقىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ بۇ سوئالغا كۈچ جاۋاب بېرەلەيدۇ .يەنى ئۆزىمىز توپلىغان كۈچ ۋە ياراتقۇچى ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قۇدرەتلىك كۈچ . خۇددى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇق ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ مىسىرغا ۋالىي قىلغان كۈچ.

دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئانا تىلى، مىللىي كىملىكى، ئۆرۈپ ئادەت مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى، پاسپورت ھەتتا ئوي خىياللىرىغىچە تارتىۋېلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى ئەينى چاغدا قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىرىگە نەقەدەر ئوخشايدۇ —ھە.

ھەمدە تارىخچى مورگان ئېيتمىغانمىدى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن قاچانكى بۇ تارىخ ئېچىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ دەپ.

شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇ، كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئۆزگىرىدىغان .تارىم ۋادىسىنىڭ سىرى ئېچىلىپ ئۇيغۇرلار دۇنياغا ۋالىي بولىدىغان.

دۇنيا كۈچلۈكلەرنىڭ دۇنياسى .
مەن ئويلايمەن ۋەتەننى تەرك ئەتىپ، غەرب دۇنياسىغا كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى، ۋەتەن ۋە خەلقىگە بىرەر مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنلەر.

كېتىش ھەرگىز كېچىش ئەمەس .كېتىش سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەشتىن ئىبارەت .ئۇزاقلاردا تۇرۇپ، مەندىن ۋە مەن ئۈنىڭدىن ئۈچۈر-ئالاقىسىز قېلىۋاتقان ۋەتىنىمگە شۇنداق خىتاب قىلدىم

كەتتى دەپ رەنجىپسەن ۋەتەن
كەتكىنىم كەچكىنىم ئەمەس
قەدەم كەتتى بەدەن كەتتى
روھ ۋە يۈرەك سەن بىلەن ھەمنەپەس

يۈرىمەن ئۆزۈم، ۋاشىنگتون، تورونتو، پارىژ، ئىستانبۇلدا
ھاپاش قىلىپ سېنى ۋەتەن يۈرەك تومۇرلىرىمدا
ھېسلىرىم روھلىرىم پىچىرلىشار سەن بىلەن.
ئاڭلا ۋەتەن كەتكىنىم كەچكىنىم ئەمەس.

كەتتى قەدەم، كەتتى تەن، كەتتى بەدەن ئۇزاققا...
ۋەتەن روھ، ۋەتەن يۈرەك قالدى تۇپراقتا.
توسۇقلار توسالماس ئىككى روھنىڭ پىچىرلىشىشىنى،
شۇڭا ۋەتەن تىلەيمەن ساڭا، روھى ئەمىنلىك ئۇزاقتا.

ئۇزۇن تار بىر يولدا كېتىۋاتىمەن كۈندۈز كېچە،
مەن ئۆزۈمدىن ئۇزاق، مەنزىلىم يۇلتۇزلار قەدەر ئۇزاق.
ئەگەر جان ۋەتەن كەتتى دېمەي، كەچتى دېسەڭ،
ئۈمىدلىرىم توزۇيدۇ دۇنيا بولۇر ماڭا بىر دوزاخ.

# 3-بۆلۈم

# ئۇيغۇر تىلى

# ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن خىرىسقا قارىتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

(تارىمئوغلى)

2017-يىلى 15-ئۆكتەبىر

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتى بۇ يىل 9-ئايدىن باشلاپ ۋەتىنىمىزدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوقۇتۇش تىلى بولۇش سالاھىيىتىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتاي تىلىنى چىقىرىپ، بارلىق دەرسلەرنى خىتاي تىلىدا ئۆتۈش سىياسىتىنى يولغا قويدى [1]. بۇنىڭغا قارىتا چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا جامائەت پىكرى توپلاش، مەتبۇئاتلاردا نارازىلىق بىلدۈرۈش، بايانات ئېلان قىلىش، ھەتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، غەرب دېموكراتىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى قاتارلىقلارغا دوكلات سۇنۇش ۋە ئەرز قىلىش قاتارلىق كۆپ يوللار ئارقىلىق پۈتكۈل يەر شارى خاراكتېرلىك ئۇيغۇر تىل-مائارىپىنى قوغداش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى [2]. د ئۇ ق بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىنىشىگە قارشى خەلقئارالىق ئىمزا توپلاش پائالىيىتىنى باشلىدى [3].

خىتاي ھۆكۈمىتى يولغا قويغان بۇ يېڭى سىياسەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىگە سالىدىغان تەھدىتى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بۇ تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ۋەقە، دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. يەنى، ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەدبىر قوللانمايدىكەن، بۇ يىل مەكتەپكە كىرگەن ئۇيغۇر بالىلىرى كەلگۈسىدە ئۇيغۇرچە ھېكايىلەرنى ئوقۇيالمايدۇ. ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى ئوقۇيالمايدۇ. ئۇيغۇرچە رومانلارنى ئوقۇيالمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىپ يېزىلغان تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇيالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ھېكايىلەرنى يازالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى يازالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرچە رومانلارنى يازالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرچە تارىخلارنى يازالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئائىلە تەربىيەسى چىڭ تۇتۇلغان ئائىلىدە چوڭ بولغان بىر قىسىم تەلەيلىك بالىلارلا كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى ئالاقىلەرنى ئانا تىلدا ئېلىپ بارالىشى مۇمكىن. يەنى ئۇلار چەت ئەلدە چوڭ بولغان بىر قىسىم بالىلاردەك بولالىشى مۇمكىن. بۇنداق بىر مۇھىم ئىشتا، بۇنداق بىر چوڭ ئىشتا، بۇنداق بىر ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ھايات-ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ھالقىلىق ئىشتا بىز ئۇيغۇرلار چەت ئەلدىكى بىر قانچە ئۇيغۇر تەشكىلاتلارنىڭ قولىغا قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۈچۈن ئۇنداق قىلىش بىر ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ ھەتتا بىر خىل تارىخىي گۇناھ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

شۇڭلاشقا بۇ يەردە مەن چەت ئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلارنى «ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن تەھدىتكە قارىتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشقا، ھەمدە ئويلىغانلىرىنى چەت ئەلدىكى ۋەتەنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشقا چاقىرىمەن. مېنىڭچە بىز خەلقىمىزگە تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردىكى تەۋسىيەلەرنى سۇنساق بولىدۇ:

--ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا چەت ئەلدىكى ھەر بىر ئائىلە قانداق قىلىشى كېرەك؟

--چەت ئەلدىكى ھەر بىر ئۇيغۇر جامائىتى قانداق قىلىشى كېرەك؟

--چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى قانداق قىلىشى كېرەك؟

--ۋەتەندىكىلەر قانداق قىلىشى كېرەك؟

مەن مۇشۇ ئىشقا نىسبەتەن رازىمەنلىك، ئىرادە، بىلىم، ۋە ئىقتىدار جەھەتتە ئىمكانىيىتى بار بارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغانلىرىنى يېزىپ چىقىپ، مۇشۇ چاقىرىقنىڭ ئاستىغا ئىنكاس شەكلىدە يوللاپ قويۇشىنى، ياكى ئايرىم تېما قىلىپ يوللاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خەلقنى يېتەكلىمىسە بولمايدىغان بىر زامان يېتىپ كەلدى. شۇڭلاشقا مەن ئۆزىنى بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى ھېسابلايدىغان، ھەمدە ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان بارلىق قېرىنداشلارنىڭ بۇ چاقىرىقنى قوللاپ بېرىشىنى، ئۆزلىرى ئويلاپ چىققان تەۋسىيەنامىلەرنى مەزمۇن قىلغان يازمىلىرىنى خەلققە سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. رەھمەت!

پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] ئۇيغۇر رايوندىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر 29-ئاۋغۇست كۈندىن باشلاپ رەسمىي دەرس باشلىدى.

http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/maarip/uyghur-tili-08302017134310.html

[2] ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى دائىرىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى مائارىپتىن سىقىپ چىقارغانلىقىنى ئەيىبلىدى

http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/maarip/uyghur-tili-08082017151637.html

[3] د ئۇ ق ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىنىشىگە قارشى خەلقئارالىق ئىمزا توپلاش پائالىيىتىنى باشلىدى

http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/maarip/uyghur-tili-09042017131247.html

[4] UHRP Alarmed by Ban of Uyghur Language in Hotan Schools
<http://uyghuramerican.org/article/uhrp-alarmed-ban-uyghur-language-hotan-schools.html>

[5] UHRP releases report on bilingual education in East Turkestan-Uyghur Voices on Education
<http://uyghuramerican.org/article/uhrp-releases-report-bilingual-education-east-turkestan-uyghur-voices-education.html>
<http://docs.uyghuramerican.org/pdf/Uyghur-Voices-on-Education.pdf>

# ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇر ئانا تىلى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم سېپىل

(سەھەر)

يېقىندا ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئۇيغۇر ئانا تىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدىكى ھۆججىتى تارقىتىلغاندىن كېيىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى .نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە قەلەم ئىگىلىرى، ئۇيغۇر ئانا تىلى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز دېگەن تېما ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا ۋە قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى .مەنمۇ بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانا تىلىم دۇچ كېلىۋاتقان بۇ خىرىسلار شۇنداقلا، بۇ خىرىسنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

مېنىڭچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئانا تىلىنى يوق قىلىش مەقسىتىگە ئۇڭۇشلۇق يېتىش ئۈچۈن، ئىشنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى خانىۋەيران قىلىشتىن باشلىدى.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ئۇيغۇر ئانا تىلى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى، ئۇيغۇر پۈتبولى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتى .گەرچە ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيادا ئىنتايىن قۇدرەتلىك دەپ قارالغان بىر ھەربىي كۈچ كونترول قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتلىرى بىلەن ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ئۇلاپ، خىتاينىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە يۈرگۈزگەن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى مەنسىتمەي كەلدى .ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۆلمىسۇن، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۆلمىسۇن مىللەت ئۆلمىسۇن.

ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولىدۇ .بۇ ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولغانغا ئوخشايدۇ .ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممەتلىك نەرسىسى . ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوينىغان ھىيلە-مىكىرلىرىنى بىت چىت قىلىپ كەلگەن مۇستەھكەم قورغان .ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇر مىللىي روھىيىتىنىڭ جۇغلانمىسى .ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالالىغان غۇلجا، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار روھىيىتىمۇ ساقلىنىپ كەلگەن.

ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە غەربنى ئېچىش دەيدىغان شېكەر يالىتىلغان شوئارلار بىلەن، ۋەتىنىمىزگە شۇنداقلا غۇلجا شەھىرىگە بۆسۈپ كىرگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل

مەھەللىلىرىنى دەسسەپ چەيلىدى .گۈل-گىياھ، باغۇچىمەنلىك بىلەن چىقىشالمايدىغان خىتاي ئاقۇنلىرى، نى-نى قىممەتلىك قوغدىلىدىغان رايونلىرىمىزنى، باغۇبوستانلىقلىرىمىزنى، ساياھەت رايونلىرىمىزنى ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇلار بىرمۇ خىتاي ئارىلاشىپ باقمىغان، ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن ئەندىشە ۋە قورقۇنچ ھېس قىلاتتى .گاھ بۇ مەھەللىلەر، ئۇلار ئۈچۈن خۇددى شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دېڭىز تاشقىنى)تسۇنامى (نى ئەسلەتسە، گاھ غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان شىر، يولۋاس ۋە بۆرىلەر توپىنى ئەسلىتەتتى .ھەر كۈنى چارلاش ئېلىپ بارىدىغان خىتاي ئەسكەرلىرى نەزىرىدىكى غۇلجا مەھەللىلىرى سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق جاي ھېسابلىناتتى .ئۇلار يىراق جېجاڭ، جاڭسۇ قاتارلىق ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن شەرقى تۈركىستانغا كېلىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىنتايىن قورقاتتى.

دەرھەقىقەت ئۇلار ئاتالمىش شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان، سۈنئىي ھالەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلدى .ئەسكەرلەر، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە بىڭتۇەن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ۋەتەندە خىتايلارنىڭ بىرەر كۈنمۇ ئارامىدا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

غۇلجا شەھىرىدىكى مەشھۇر تەشلەپكى بازىرىدىن شىمالى يۆنىلىش بويىچە ماڭغاندا، ئۆزبېك مەھەللىسى، دۆلەت باغ مەھەللىسى، توپ تېرەك مەھەللىسى، تاجىۋاي مەھەللىسى، تۆرەم مەھەللىسى، غوپۇرباي مەھەللىسى، قازانچى مەھەللىسى، كۆنچى، ئۈچ دۆكان، تۆت دۆكان، تۆپچى مەھەللىسى، تاشكۆۋرۈك مەھەللىسى، ئاغۇ مەھەللىسى قاتارلىق سانجا-سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ .شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ مەھەللىلەر توپى، گاھ مۇستەھكەم پولات زەنجىرلەر توپىنى ئەسلەتسە، گاھ مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ، مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان قاراۋۇللارغا ئوخشايدۇ.

بۇ مەھەللىلەر، رىۋايەتلەردىكى يېرىلىك تېشىمدەك يېرىلىپ، قانچىلىغان زۇلۇم ۋە قىيىن قىستاق ئازابىدا ئىڭرىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ باش پاناھ بولۇپ كەلدى . مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ پولات قورغان خىتاي قوغلىغان قانچىلىغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنى ئوز قوينىغا ئېلىپ ئۇلارغا پاناھلىق بەردى.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى تىپ تىنچ ۋە چەكسىز كەتكەن دېڭىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، بارلىق ئىنقىلابلارنىڭ ئۇچىقى ئىدى .ئۇيغۇر مەھەللىلىرى مەھەللە دېگەن نامى بىلەنلا خۇددى خىتايغا قارشى يوشۇرۇن يەر ئاستى تەشكىلاتىغا ئوخشايتتى.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، كۈلكە چاقچاق، ساز نەغمىلىرى بىلەن بىغەم ۋە بىخۇدتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئويغاق ۋە ھوشيار ئىدى.

بىزنىڭ سانجاق-سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىمىز خىتاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان 60 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىشتا مۇھىم ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

مەھەللىسى بولمىغان مىللەتنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ .ئۆز مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆز نەرسىلىرىدىن تەز يىراقلىشىپ كېتىدۇ .ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان توي تۆكۈن نەزىر چىراغ، مەشرەپ، كۆلكە چاقچاق ۋە لەتىپە سورۇنلىرى ۋە پۇتبول سۆيەر روھ، خىتاي سىياسەتۋازلىقى ۋە شوئارۋازلىقىدىن خالى خاسلىقلاردۇر . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردۇر .غۇلجا خەلقى ھەر قايسى دەۋرلەردە بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر كۈلپەت ۋە زۇلۇملارنى مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش پۇرىقىغا باي مەھەللىلىرى ئارقىلىق يېڭىپ كەلگەن.

سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە يىلتىز تارتىپ مۇستەھكەملىنىپ كەلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ئىلى خەلقىنىڭ خىتاي ئېلىپ كەلگەن شۇنچە زۇلۇملارنى يېڭىپ روھى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى يەنە بىر مۇستەھكەم
پولات قورغاندۇر.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ناخشا ئەمەس داستان .ئىلى خەلق ناخشىلىرى ناخشا ئەمەس، خىتايغا قارشى نامايىشلاردا توۋلانغان شوئارلارنىڭ مۇزىكا بىلەن كىرىشتۈرۈلۈشى .ئىلى خەلق ناخشىلىرى ناخشا ئەمەس ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاچچىق كەچمىشلىرىنىڭ ئېغىزاكى ساقلىنىپ قېلىشى.

ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى بىلەن، ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئىلى چاقچاقلىرى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ جىپسىلىشىپ كەتكەن تەن بىلەن جان .غۇلجا مەھەللىلىرى ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئىلى چاقچاقلىرىنى يېتىشتۈرگەن تاۋلىغان ئاق باش ئانا.

ئەلۋەتتە خىتاينىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندىكى ئەندىشىسى، ئۆز ئارا گىرەلىشىپ جىپسىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئىدى .خىتايلار نەزىرىدە ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، بۆككىدە، قاراڭغۇ ۋە سىرلىق ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىغا ئوخشايتتى.

خىتايلار بىرمۇ خىتاي ئارىلاشمىغان ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە، نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئەندىشە ئىچىدە ئىدى .خىتايلار ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە مائاشلىق ئايغاقچىلار ۋە قۇلاقلارنى يەرلەشتۈرۈپمۇ ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

بۇ چەنتۈلارنىڭ مەھەللىلىرى خەتەرلىك، ئۇلارنىڭ بۇ توپىنى بۇزۇۋېتىش كېرەك، كۆلىنى ئاسمانغا سورۇۋېتىش كېرەك دەيتتى يۈرەكلىرى ئېچىشقان ھالدا.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە بۆسۈپ كىرىش ۋە بۇزۇش چېقىش پىلانىنى تۈنجى بولۇپ 90-يىللاردا غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزىسىدا باشلىدى .ئۇلار خەنبىڭ يېزىسىدا تەرەققىيات رايونى قۇرىمىز دېگەن باھانە بىلەن، دەسلەپتە 40 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ قولىغا 40 مىڭ 50 مىڭ يۈەندىن پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ بۇ ئالتۇن

قوزۇقنى ئىچكىرىدىن كەلگەن ئاققۇن خىتايلارنىڭ تاۋار ئۆي سېتىشى ۋە شەرقى تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ جۇغراپىيەدە ماكانلىشىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بەردى .بۇ ئاققۇن خىتايلار خەنبىڭ يېزىسىدا يۈزلەرچە ۋە مىڭلارچە تاۋار ئۆيلەرنى سېلىپ، 50 ياكى 60 كۋادرات مېتىرلىق تاۋار ئۆيلەرنى نەچچە يۈز مىڭ يۈەندىن سېتىپ، شەرقى تۈركىستانغا كەلگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن تەز بېيىپ كەتتى .بۇ زېمىننىڭ ھەقدار ئىگىسى بولغان خەنبىڭ يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بۇ ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى.

ئەسلىدە بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاتالمىش تەرەققىيات رايونى قۇرىمىز دېگەن شوئار ئاستىدا، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئەبگارلاشتۇرۇش ۋە نامراتلاشتۇرۇش خۇددى سۈسىز قاغجىرىغان چۆل جەزىرىدەك تاشلاپ قويۇش ھىيلىسى ئىدى .دېھقان ئەلۋەتتە يەر بىلەن دېھقان.

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىنسانى ھەقلىرىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ رايونلاردا تەرەققىيات رايونى قۇرۇشنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى يەنىلا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىدى .ھۆكۈمەت ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەشكىللەپ، پاي قوشۇش، يەر چىقىرىش ۋە ھۆكۈمەت بانكا ياردىمى بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇنداق تەرەققىيات رايونلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بېيىش يولىغا باشلىغىلى بولاتتى .ئەمما بۇ پەردە نۇرغۇنلىغان سۈيىقەست ۋە پىلانلار يوشۇرۇنغان ئىدى .مەقسەت ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى نامراتلاشتۇرۇش.

2000-يىلىغا كەلگەندە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش دېگەن نام ئاستىدا، غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان ئۈچ دەرۋازا، نۇۋبېگۈرت قاتارلىق مەھەللىلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇ جايلىرىنى ئەرزان باھادا مەجبۇرىي سېتىۋېلىپ، شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى .ئەسلىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى تارىخى كوچىلارنىڭ ناملىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، جاڭسۇ يولى، سىچۈەن يولى دېگەندەك ناملارنى قويدى .ئەسلىدىكى بۆككىدە ئاق تېرەكلىك، ئېرىق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۈچدەرۋازا كوچىلىرىنى بۇزۇپ دەسسەپ يانجىپ، نۇرغۇنلىغان تاۋار ئۆيلەرنى سېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خىتاي ئاققۇنلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇيغۇر مەھەللىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. 2000-يىللاردا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىپ بارغان، شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش سۈيىقەستىدە نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ۋەيران بولدى.

»بۇلۇتلاردىن ھالقىغان تۇلپار «ناملىق كىتابنى يازغان كانادالىق يازغۇچى روبەرت خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەرەققىيات رايونى قۇرۇش باھانىسىدە، قەشقەر ۋە غۇلجا قاتارلىق قەدىمى شەھەرلەرنى چىقىۋاتقانلىقىدەك تاكتىكىنى، ئەينى چاغدا ناپالىيوننىڭ پارىژنى ئىشغال قىلىشتا ئىشلەتكەن تاكتىكىسى بىلەن ئوخشاش دەپ يازغان.

روبەرتنىڭ قارىشىچە، شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش مۇستەملىكىچىلەرنىڭ شەھەرلەرنى مۇھاسىرە قىلىشتا تاللىغان ئوڭاي يولى بولۇپ، ئەگەر ئۆز مۇستەملىكە رايونلىرىدا .ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانلار ۋە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى سادىر بولغاندا، تاجاۋۇزچى ئارمىيە قىسىملىرى ۋە

تانكىلىرىنىڭ شەھەرگە بىمالال كىرىشىگە قۇلايلىق بولىدىكەن .ناپالىيون ئەينى چاغدا پارىژنى ئىشغال قىلىشتا قوللانغان بۇ شەھەر قورۇلۇشىنى كېڭەيتىش تاكتىكىسىنى كېيىن فىرانسىيە، ئالجىرىيە ۋە تۇنىسنى بېسىۋالغاندىمۇ قوللانغان .مۇستەملىكىچىلەر ھەر ۋاقىت مۇستەملىكە تاكتىكىلىرىنى ئۆز ئارا شېرىكلىشىپ كەلگەن.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش، غەربنى ئېچىش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش دېگەندەك چىرايلىق ياغلىما سۆزلەر بىلەن،

1-سانجاق-سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى يوق قىلىدۇ.

2-تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شەرقى تۈركىستانغا كۆچمەن يۆتكەيدۇ.

سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ سەددىچىنىدىن ھالقىپ ۋەتىنىمىزگە يامراپ كېتىشىنى مۇداپىئە قىلىدىغان پولات قورغان.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، تىبەت، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارغا قاراتقان مۇستەملىكە سىياستى ئىچىدە، ئىچكى موڭغۇلنى مۇستەملىكە قىلىش ئۇسۇلىنى پۈتۈن خىتايغا ئۈلگە دەپ قارايدۇ .چۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، ئىچكى موڭغۇلدىكى تەبىئىي يايلاقلارنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق، ئىچكى موڭغۇلدا ئىنتايىن خەتەرلىك مۇھىت بۇلغىنىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بەدىلىگە، سانسىزلىغان خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئىچكى موڭغۇلغا يۆتكەپ چىقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان .ھازىر ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە ئاران 17% موڭغۇل قالغان 83% نوپۇس خىتاي ئىكەنلىكى مەلۇم .تېخى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت شەھىرىدە موڭغۇل نوپۇسى ئاران 10% گە چۈشۈپ قالغان.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمان شېھىتلىرىدىن، ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىت، تۇرسۇن سەلەي، ئابدۇسالام غارىم، ئىبراھىم ئىسمائىل، ئابدۇۋەلى ئابابەكرى ۋە بىز ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان، نۇرغۇنلىغان قەھرىمان ئۇيغۇر شېھىتلىرىنى، مانا مۇشۇ سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مەھەللىلىرى يېتىشتۈرگەن .خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تېرروررچى دەپ قوغلاپ كەلگەندە، خۇددى يېرىلىڭ تېشىمدەك يېرىلىپ ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالغان .1998-يىلى 26-ئىيۇن ئۇچۇن توقۇنۇشىدا شېھىت بولغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى قەھرىمان شېھىت تۇرسۇن سەلەينى ئەينى چاغدا ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ قانداق قوينىغا ئالغانلىقى غۇلجا خەلقىگە سىر ئەمەس.

مۇۋەپپەقىيەت ئىنسانغا كۆپ نەرسىلەر ئۆگىتىلمەسلىكى مۇمكىن .ئەمما مەغلۇبىيەت كۆپ نەرسىلەر ئۆگىتىدۇ .گەرچە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەرىجىدىن تاشقىرى ھەربىي كۈچى ئارقىلىق مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ ئەمما بۇ ئىنقىلاب ئېلىپ كەلگەن ئاچچىق تەجرىبە ساۋاقلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

غۇلجا مەھەللىلىرى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن ئىبارەت مىللىي، دىنى ۋە روھى ئويغىنىش ھەرىكىتىنى بەرپا قىلغان يىلتىز .مەن كىم؟ دېگەن سوئال ئاستىدا ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆز-ئۆزىنى سىلكىش، روھىنى يېتىلدۈرگەن مەشھۇر مەشرەپ پائالىيىتى ئەنە شۇ غۇلجا مەھەللىلىرىدە تۇغۇلغان، تاۋلانغان ۋە پارتلىغان.

1997-يىلى يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى، غۇلجا شەھىرىدە خىتايلار رايونى ۋە ئۇيغۇرلار رايونى دەيدىغان 2 رايون بەرپا قىلىش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇردى .ئۇيغۇر خەلقى غۇلجا شەھەر قىزىل بايراق سودا سارىيىنىڭ يۇقىرىسىنى يەنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئېچىۋېتىش رايونلىرىنى ياۋروپا، قىزىل بايراق سودا سارىيىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يەنى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى بولسا ئاسىيا قىتئەسى دەپ تەرىپلىدى.

خىتاي تەرەققىيات رايونى شەھەرچىسى بەرپا قىلىش نامى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇپ چېقىپ خانى ۋەيران قىلىش بىلەن بىرلىكتە، غۇلجا شەھىرىگە كۆچمەن يۆتكەش ئىشىنى ياںداش ئېلىپ باردى .بۇندىن 20 يىل ئاۋۋال يەنى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن مەزگىللەردە، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئومۇمى نوپۇسى 300 مىڭ بولغان بولسا ھازىر بىر قاتلىنىپ 600 مىڭغا يەتكەن .خىتاي دائىرىلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئومۇمى نوپۇسىنى بىر مىليونغا يەتكۈزۈش پىلانىنى تۈزمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى، شەھەر تەرەققىيات رايونى قۇرۇش، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش نىشانىغا يېتىش قەدىمىنى ناھايىتى تېزلەتكىنىگە قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن يەنە مەمنۇنىيەت ھېس قىلمىدى .ۋە يېقىندا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوچا، بازار ۋە رەستىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ ماكانى بولغان، غۇلجا شەھەر گەلەنتىر، غۇلجا شەھەر تەشلەپكى بازىرى، غۇلجا شەھەر خىتاي بازىرى قاتارلىق بازار رەستىلەردىكى، كونا ئۇيغۇر سودا تىجارەتچىلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەن ئۇستىلىرىنىمۇ تارقاقلاشتۇرۇپ خىتايلار بىلەن ئارىلاش سودا تىجارەت قىلىشقا قىستىغان .

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غۇلجا شەھەر خىتاي بازىرى، گەلەنتىر ۋە تەشلەپكى قاتارلىق قەدىمى سودا بازارلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، زامانىۋى سودا سارايلىرىنى بەرپا قىلىش، شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق باھانە سەۋەبلەر بىلەن، ئۇيغۇر سودا تىجارەتچىلىرىنى خىتايلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن.

كانادالىق يازغۇچى روبەرتنىڭ «بۇلۇتلاردىن ھالقىغان تۇلپار» ناملىق كىتابىدا، يېڭى تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش باھانىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قەدىمى قەشقەر شەھىرىنى خانىۋەيران ۋە قىلىۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە يەر بېرىلگەن.

2005-يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى، 2009-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ۋە ئۇندىن باشقا قەشقەر، خوتەن قاتارلىق بارلىق شەھەرلەردە يۈز بەرگەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشى

نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى چەك چېگرا پۈتۈنلەي ئاپرىلغان.

بۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىدە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن ئەنسىرەش ھېسسىياتى تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشقان.

خىتايلار ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بىتچىت قىلىپ پاچاقلاپ تاشلىماي تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش نىشانىغا يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 6-كۈنى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلارنى مۇكاپاتلاش ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىناملىق ھۆججەت تارقاتقان. بۇ سىياسەت بويىچە بولغاندا چوقۇم ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار مەجبۇرىي رەۋىشتە ئارىلاش ئولتۇراقلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇ سىياسەت يەرلىكتە يۈرگۈزۈلگەن شارائىت ئاستىدا، قىسقىغىنە 10 ۋە 15 يىل ئىچىدە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، بارلىق شەرقى تۈركىستان شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر مەھەللىسى دېگەن بىر نەرسە مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن.

خىتاي دائىرىلىرى، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى خانىۋەيران قىلىش، شەرقى تۈركىستاندا خاس ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى كۆزدىن تېزرەك يوقىتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە، ھۆكۈمەتنىڭ تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتىگە يېقىندىن ماسلاشقان ئۇيغۇر لارغا 80 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئۈرۈمچىنىڭ تەڭرىتاغ ۋە سايباغ رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى شەھەرنىڭ غەربى قىسمىغا، يەنى خىتاي ئاھالىلىرى كۆپ بولغان يېڭى شەھەر رايونى، يۇقىرى تەرەققىيات رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى ۋە مىدۇڭ رايونلىرىغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا باشلىغان. مەقسەت ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ يېقىندىن نازارەت قىلىپ تۇرۇش.

تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، بۇ بەلگىلىمە بويىچە ئۆي سېتىۋالغان خىتاي ياكى ئۇيغۇر بولسۇن چوقۇم شۇ رايوندا 10 يىلغىچە ئولتۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ساتماقچى بولسا، چوقۇم خىتاي-خىتايغا، ئۇيغۇر-ئۇيغۇرغا سېتىشى كېرەك. بۇ سىياسەت بويىچە بولغاندا بىر ئولتۇراق بىنا 50% ئاكا مىللەت خىتايدىن، قالغان 50% تى باشقا مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بولۇشى كېرەك. بۇ بەلگىلىمىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى 3 ئەۋلاد سىياسىي جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن بولۇش دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ بۇنىڭ نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. چۈنكى خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئاققۇن بولۇپ كېلىش تارىخىدا 3 ئەۋلاد بولۇش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن خىتايلار ناھايىتى ئاز. بۇ بەلگىلىمىدە يەنە، 3 ئەۋلاد سىياسىي جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن دېگەن ماددىنى ئالاھىدە كىرگۈزۈش ئارقىلىق خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تىنچ ئامانلىقىنى ئالاھىدە قوغداش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەنىلا 2-سىنىپ مۇئامىلىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. چۈنكى تۈرمىلىرى ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن خىتاي جەمئىيىتىدە، سىياسىي جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېگەننىڭ نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىدىغانلىقى ھەممىگە تونۇش بىر لوگىكا.

خىتاي شەرقى تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغان ئاز كەم 70 يىل جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي كەلدى.

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتىنى، ئاتالمىش شەھەر تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش، زامانىۋى كوچا بازار بەرپا قىلىش قاتارلىق چىرايلىق ناملار ئاستىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ داۋامى دەپ قاراۋاتقان بولسىمۇ ئەمما بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىتاي ئۈچۈن بىر مۈشكۈل مەسىلە بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن خىتاي بۇ سىياسەتنى ئۇرۇمچىدە 80 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلىدىن ئىبارەت يەمچۈك تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرالىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى يەنى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار كىشىلەر ياخشى بىلىدۇكى، بۇ شەھەرلەردە ھېلىغۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 3 ئەۋلاد سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى تەكشۈرۈلىدىكەن، ھەتتا 10 ئەۋلاد تەكشۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ خىتايلار، ئۇيغۇرلار بىلەن بىلەن بىر رايوندا قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇشتىن ئۆزلىرىگە ۋەھىمە ھېس قىلىشىدۇ. ئېنىقكى بۇ تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتى ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە يەنىلا ئاقمايدۇ. بۇ سىياسەتنى بۇزغۇچىلار خىتايلار بولىدۇ.

مەن يۇقىرىدىكى بۇ كەسكىن جۈملىلەرنى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن چاغدىكى غۇلجا ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جەزملەشتۈرمەكتىمەن.

1997-يىلى غۇلجا 5-فېۋرال ئىنقىلابى يۈز بەرگەندە، غۇلجا شەھىرىدە، ئىلى ھەربىي رايونى، ئىلى ئوبلاستلىق زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوراللىق ئەترىتى، ئىلى ئالاھىدە ۋەقەلەرگە قارشى تۇرۇش قوراللىق ساقچى ئەترىتى، بىڭتۇەن ھەربىي قىسمى، 8667 قىسىم قاتارلىق 100 مىڭدىن ئارتۇق ئېغىر تېپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان ھەربىي قىسىم، 300 مىڭ نوپۇسى بار كىچىككىنە خىلۋەت شەھەر غۇلجىنى قورشاۋغا ئالغان ئىدى. بۇ قوراللىق قىسىملارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خىتاي پۇقرالىرىنى ئۇيغۇرلاردىن ھەزەر ئەيلەش، قوغداش ۋە مۇداپىئە قىلىش ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆي ماكانىنى تاشلاپ ئىچكىرىگە كېتىش ئۈچۈن غۇلجا شەھەرلىك داشجىئە قاتناش بېكىتىگە كېلىپ يېتىۋالغان خىتايلار ئۇرۇمچىگە قاتنايدىغان ئۇزۇن يوللۇق قاتناش قىستاڭچىلىقى پەيدا قىلغان ئىدى.

بۇ خىل ئەھۋال 1974-ياكى 1975-يىللىرىدىمۇ ھاسىل بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. يەنى ئەينى يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى بومبا تاشلايدىكەن دېگەن گەپ-سوز چۆچەكلەر تارقالغان، خەندەك كولاش ئەۋج ئالغان يىللاردا، خىتايلارنىڭ قورقۇپ ئىچكىرىگە قېچىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكەتلىرى، قانچە كۈنلەپ ئۇزۇن ئۆچىرەتلەردە تۇرۇپ كەتكەن خىتايلار بىلەن ئالدىراش بولغان ئىكەن.

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك بولىدۇ ھەر جايدا، ھەر ماكاندا

خىتاي يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خىتايغا كۆچمەن چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي يىگىتلىرىگە ئۆيلىنىشكە قىستاۋاتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۇل بىلەن سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ يەنى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرىنى، ئار نومۇسى ۋە غۇرۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەخسى ھېسسىياتلىرىنى يالت-يۇلت قىلىدىغان تاۋار دۇردۇنلار بىلەن يۆگىمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بىر نۇقتىغا سەل قاراۋاتىدۇ روھى مەسىلىلەرگە سىياسىي تەدبىرلەرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتكە سەل قاراۋاتىدۇ. بۇ نۇقتا

ئۇيغۇرلار ئۇچۇنلا ئەمەس بەلكى خىتاي خەلقى ئۈچۈنمۇ شۇنداق. قوشماق تۇغقان سىياسىي دەيدىغان سۇئىي تۇغقاندارچىلىق، مەجبۇرىي بىر بىنادا قوشنا قىلىش سىياسىتى، شۇنداقلا دوقمۇش دوقمۇشتىكى تەكشۈرۈش چارىلىرى ۋاھاكازالار، بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ھامان بىر كۈن خىتايلارنىمۇ بىئارام قىلىدىغان بىر باش ئاغرىقىغا ئايلىنىشى ۋە ئالە شەھىرىگىنى دەيدىغان نۇقتىغا ئەكېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ئۇيغۇر ئانا تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئۆرۈپ ئادەتلىرى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى تۇغقان ۋە ئالتۇن بۆشۈكىدە ئەللەيلەپ يېتىشتۈرگەن مۇستەھكەم قورغان.

ئەگەر مەھەللىلىرىمىز قولدىن كەتسە ھەممە نېمىمىز قولدىن كېتىدۇ.

2000-يىللاردىن كېيىن غۇلجا شەھىرىگە شەھەر باشلىقى بولۇپ كەلگەن جائو بائو خۇئا ئىسىملىك بىر خىتاي، غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللىلەرنى بۇزۇپ چېقىش ئىشىنى ناھايىتى رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بارغان خىتاي مۇستەملىكە رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى مۇھىم رايونلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خېرىدار چاقىرىپ سېتىشتا داڭ چىقارغان. ئۇ غۇلجا شەھىرىگە يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكلىرىگە ئىگە خەنبىڭ يېزىسى بىلەن، شەرقىمەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشنى سىياسەتلەشتۈرگەن.

2010-يىلى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىگە ئۆز شىكايىتىنى ئاڭلاتقان غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزىلىق مەرزىيەم ئىسىملىك بىر ئايال، قورۇ جايىنىڭ جائو بائو ھۇئا تەرىپىدىن ناھايىتى ئەرزان باھادا مەجبۇرىي تارتىۋېلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلغان. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ قورۇ جايىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن خىتاي دائىرىلىرى قوراللىق كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان بولۇپ، سەللا چاتاق چىقسا ئېتىپ تاشلايدىغاندەك ئەھۋالدا بولغان. مەرزىيەم خانىم يەنە ئەھۋال بىلدۈرۈپ، مەجبۇرىي تارتىۋېلىشنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ، يانفون ئىشلىتىشنى قەتئىي چەكلىگەنلىكىنى، يانفون ئارقىلىق رەسىمگە تارتىش ۋە ياكى تېلېفوندا سۆزلىشىش مەنئى قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. دېمەككى خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي ماكانلىرىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلايدىغان بىردىن بىر قورغىنى ھېسابلانغان مەھەللىلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ جىنايى قىلمىشىنى دۇنيانىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان. مەرزىيەم خانىم يەنە مۇخبىرغا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قورۇ جايىنى ئەرزان باھادا ھۆكۈمەتكە ساتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتايىن قوپاللىق قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى تەپكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ۋەتىنىمىزگە بېرىپ، نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، بۆلۈتلاردىن ھالقىغان تۇلپار ناملىق كىتابنى يازغان روبېرت ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە نېمە قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزلىرى دۇچار بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى

تونۇتۇش ۋە ئاڭلىتىش ئۇچۇن، يالغۇز ھۆكۈمەتلەر ۋە سىياسىيونلارغىلا ئاڭلىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى خەلقلەرگە ئاڭلىتىش خىزمىتىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، يەنى ئۇيغۇر بولمىغان باشقا ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىشى، كۆپلەپ دوست تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مەيلى ئامېرىكا، كانادا ۋە ياۋروپادا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسۇن يەرلىك خەلقلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىشى ئۇيغۇر داۋاسىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەھۋاللارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلقئارادىكى ھەرخىل تەشكىلاتلار ۋە گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلار يەنە خەلقئارادىكى ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېشىنچى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەش باھانىسىدە، ئېغىر ئەمگەك ۋە ئەرزان باھادا ياش قىز يىگىتلەرنى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىپ تىل، ئۆرپ ئادەت قاتارلىقلار ھېچقانداق ئوخشىمايدىغان خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىدەك پاكىتلارنى قەرەللىك ھالدا يوللاپ تۇرۇش كېرەك".

# ئۇيغۇر تىلىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالىشىمىز مۇمكىن؟

(شۆھرەت تىكىن)

ئۇيغۇر تىل ۋە يېزىقى ھەر مىللەت ئۆز تىل-يېزىقىنى ئەركىن قوللىنىش ئىمكانىيىتى ئەڭ زور بولغان بۈگۈنكى كۈندە ئوچۇق-ئاشكارا چەكلىنىش ھالىغا كېلىپ قالدى. ئۇيغۇر تىلى تارىختا ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك خەتەرگە دۇچ كەلگەن ئەمەس دېيىشكە بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىرى 100 يىللار بۇرۇن دۇنيادىكى باشقا مۇستەملىكىچىلەر قىلىپ بولغان ۋە بۈگۈنكى كۈندە خاتا ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان بىر مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى. ئەگەر بىز ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنىۋاتقان بۇ بۇزغۇنچىلىققا قارىتا يېتەرلىك تەييارلىق كۆرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىش-پىلانلار بىلەن قارشى تۇرىدىغان بولساق زىياننى كۆپ ئازايتقىلى ۋە شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۇيغۇر تىلىنى يوقىتىش پىلانىنى يوققا چىقارغىلى بولىدۇ. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە خىتاينىڭ تىلىمىزغا قىلىۋاتقان بۇزغۇنچىلىقلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىدىغان بارلىق ئىشلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋەتىنىمىزدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىكى كۈچلۈك ئاساس بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى مىللىتىمىزنىڭ روھى

ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغان قېرىنداشلىرىمىز دائودېت (Alphonse Daudet) نىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەرس دېگەن ھېكايىسىنى بىلىدۇ. بۇ ھېكايە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا قىسمىدا بار ئىدى. بۇ ھېكايىنى ئوقۇغان ئادەم ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ قىسمەتنىڭ بىر كۈنلەردە خەلقىمىزنىڭ بېشىغىمۇ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلماي قالمايتتى. ھېكايىدە ناتسىستلار گېرمانىيەسى بېسىۋالغان فىرانسىيەنىڭ ئالزاس لوررېن (Alsace Lorraine) ئۆلكىسىدىكى كىچىككىچە بىر مەكتەپتە بولغان ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. فرانز كەپسىز بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئانا تىل دەرسىنى پەقەت ياخشى كۆرمەيتتى. دەرس ئۇنىڭغا شۇنچە ئېغىر ۋە زېرىكىشلىك ئىدى. ئەمما فىرانسۇزچە ئۇلارنىڭ مەكتىپىدە چەكلەنگەندە ئوقۇتقۇچىسى ئۆتكەن ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس ئۇنىڭغا شۇ قەدەر تەسىر قىلغان. ئۇ فىرانسۇزچىنىڭ ئۇ قەدەر گۈزەل ۋە يېقىملىق تىل ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ ۋە بۇرۇنراق بىلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنىدۇ. كۆپلىگەن ئۇيغۇر بىلىم ئىگىلىرى بۇ كۈننىڭ ھامىنى بىرگىمۇ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاقىۋەت، 2000. يىللاردىن باشلانغان خىتاينىڭ بۇ ئىستراتېگىيەسى مانا بۈگۈن ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئامېرىكا مائارىپچىسى ۋە پسىخولوگى داۋىد ۋاللاس ئادامس (David Wallace Adams)) ئۆزىنىڭ

نەسىل قۇرۇتىدىغان مائارىپ (Education for Extinction) دېگەن ئەسىرىدە 19-ئەسىردىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق قىلىپ ئىندىئان ئۆسمۈرلىرىنى ياتاقلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش باھانىسى بىلەن يۇرتىدىن ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئايرىپ ئىنگلىز تىلى مۇھىتىدا تەربىيەلىگەنلىكى، شۇنداقلا قانداق قىلىپ ئىندىئانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتقانلىقىنى پاكىتلار بىلەن سۆكۈپ بەرگەن. ئادامىسنىڭ كىتابىدا بايان قىلىنغان پاجىئەلەر بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا تەكرارلانماقتا.

بىر تىل قانداقتۇر نوقۇل ھالدىكى ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپلا قالماستىن ئۇ بىر مىللەتنىڭ ۋە بىر ئادەمنىڭ روھى بىلەن، ئاڭ-تەپەككۇرى بىلەن، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس بولغان ھېسسىياتلار بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئەگەر تىل ئۇنتۇلسا ئادەمنىڭ بىر مىللەتكە خاس بولغان روھى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئارىسىدىكى رىشتە ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ ۋە يىلتىز كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە روھى بار. ئۇيغۇر تىلى قانداقتۇر نۇرغۇن سۆزلۈكلەر ۋە ئۆزگىچە گرامماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ گەۋدىسى بولماستىن بەلكى ئۇيغۇر مەنىۋىيەتىنىڭ ماددىي دۇنيادا ئىپادىلىنىش شەكلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ روھى دۇنياسىدىن ماددىي دۇنياغا توشۇيدىغان بىر قاتناش ۋاستىسى. ئۇيغۇر تىلى يىراق قەدىمدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى ۋە ئىدىيەسى، بىز ياشىغان تۇپراقلار ۋە بېشىمىزدىن كەچۈرگەن قىسمەتلەردىن ھاسىل بولغان روھى ھالەتلەر، ۋۇجۇدىمىزدىكى كۈچ -قۇۋۋەت ۋە ئەقىل-پاراسەتلەرنىڭ بىر يىغىندىسىدىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر تىلى شۇ قەدەر گۈزەل بىر تىل

مەن 2007-يىللىرى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئەتراپىمىزدا ئۇيغۇر يوق دېيەرلىك بولغاچقا ئۇيغۇرچە سۆزلەش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. پەقەت دىلىمدا، كاللامدا توختىماي ئۇيغۇرچە ئوي بولاتتى. خىيالىمدا نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزلىشەتتىم. بىر كۈنى كومپيۇتېر قىرائەتخانىسىدا بىر ۋەتەنداش تونۇشۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ۋە قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتۇق. نېرىدا ئولتۇرغان بىرەيلەن بىر چاغدا سالام قىلىپ يېنىمىزغا كەلدى ۋە ماڭا " سىلەر فىرانسۇزچە سۆزلىشىۋاتامسىلەر" دېدى قىزىقىپ. بۇنداق ئەھۋال كېيىنمۇ بولدى. يىراقتىن كەلگەن بىر دوستۇم بىلەن ئۇستەر بازاردىن چىقىپ ماشىنىمىزغا قاراپ كېتىۋاتاتتۇق، بىر قارا تەنلىك يىگىت كېلىپ ئەھۋاللاشتى ۋە "سىلەر ھوللاند( Dutch) تىلىدا سۆزلىشىۋاتىسىلەر، شۇنداقمۇ ؟" دەپ سورىدى. فىرانسۇزچىنىڭ دۇنيادا گۈزەل تىل دېگەن داڭقى بار، ھوللاند تىلىنىمۇ كىشىلەر بەك چىرايلىق تىل دېيىشىدىكەن. ئۇيغۇر تىلى بىز ئويلىغاندىنمۇ گۈزەل ئاڭلىنىدىغان تىل بولۇپ، ئۆزىمىزگىلا ئەمەس باشقىلارغىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئاڭلىنىدىكەن. مەكتەپ پۈتتۈرۈشتىن ئاۋۋال دىسسېرتاتسىيە ئۈچۈن بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشمە قىلىدىغان چاغدا، مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى كۆرۈشمە سوئاللىرىنىڭ ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا مەن ئۇيغۇرچە سوئاللارنى ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى بىلەن تەييارلاپ تاپشۇرغان ئىدىم. ئاشۇ باھالاشقا مەسئۇل ئورگاننىڭ دىرېكتورى ئۇيغۇرچە خەتلەرنى كۆرۈپ ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاجايىپ بىر گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى سۆزلەپ كەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان سۆز يوق

ھازىر دۇنيادىكى 7 مىليارد نوپۇس پەقەت 6000 دىن ئارتۇق تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ. دۇنيا نوپۇسىنىڭ 95% ى سۆزلىشىدىغان تىللارنىڭ سانى 100 ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى مۇشۇ تىزىملىكتە 50 نىڭ ئىچىگە كىرىدۇ( ئەڭ ئازدا 20 مىليون ئۇيغۇر بار دېيىلسە) قالغان 5% ئادەم سۆزلىشىدىغان 5900 دىن ئارتۇق تىلنىڭ ئۇچتىن ئىككىسى كېلەر ئەسىرگىچە يوقىلىپ كېتىدۇ دەپ قارالماقتا. ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل تىللارنىڭ بىرى بولۇپ 2000 يىلدىن ئارتۇق يېزىق تارىخى داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ھازىرقى زاماندىكى تىللارنىڭ ئىچىدە بەزى تىللاردا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ سانى 100 مىليوندىن ئاشسىمۇ، بۇ تىللارنىڭ يا فونېتىكىلىق يا لېكسىكىلىق چەكلىمىلىكلىرى دۇنياۋى تەرەققىياتلاردا ئاجىزلىقىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى مەيلى قايسى جەھەتلەردىن بولسۇن بۇنداق ئاجىزلىقلاردىن خالى بولۇپ، تىلنىڭ قۇلايلىقى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارى جەھەتلەردە ھەرقانداق دۇنياۋى تىللار بىلەن رىقابەتلىشەلەيدۇ. بۇ بايانلار پەقەت ھېسسىياتقا تايىنىپ ئېيتىلغان سۆز بولماستىن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلىدىغان نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورتاق قارىشىدۇر. باشقا تىللارغا ئەسلى ئۇسلۇبى بىلەن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان خىتاي كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن قىزىل راۋاقتىكى چۈش قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا يۈكسەك نەپىسلىكتە تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىتاي تىلىدىن كەم ئەمەس بەلكى ئارتۇقلۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. خىتاي تىلىدىمۇ باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئاز ئەمەس، پەقەت ئاھاڭ ۋە يېزىق جەھەتتىن پەرق ئەتمەك تەس. خىتاي تىلىغا قوبۇل قىلىنغان كۇلۇب ( 俱乐部)، رومانتىك ( 浪漫)، تەيفېڭ (台风) دېگەندەك سۆزلەر خىتايچە كۆرۈنسىمۇ ئەمما ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن. خىتاي بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتاي تىلىنى ئىنگلىزچىنىڭ ئىستېلاسىدىن قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا. ئەگەر ئۇيغۇر تىلى خىتاي تىلى ئىگە بولغان بارچە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولسا خىتاي تىلىدىن كۆپ ئۈستۈن بىر تىل بولۇشىدا شەك يوق ئىدى. ئۇيغۇر تىلى بىر ئالاقىلىشىش قورالىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ روھى ۋە قېنى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بىر مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر شەكلى. ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ھېچ مەزمۇن ۋە سۆز يوق.

ئانا تىل شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى:

1. تىل بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ئۈچۈن بەك مۇھىم بولغان بىر پارچە، چۈنكى بىر مىللەتنىڭ كىشىلىرى ئورتاق تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى شۇ بىر مىللەت سۈپىتىدە ئىپادە قىلىدۇ. ئەگەر تىل يوقالسا كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر پارچىنى يوقاتقان بولىدۇ. بۇ ئامىل تىلنى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان تەرەپكە ئايلاندۇرغان. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز مەدەنىيىتى ساقلاپ قېلىشتا كۈچلۈك ئاساس بولۇپلا قالماستىن، بىر مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقىغا ئايلانغان. بىر مەدەنىيەتنى يوقىتىشنى كۆزلىگەنلەر ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ ئاجىز نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

2. تىل يوقالغاندا شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئۇنى بىلىشتىكى ئالاھىدە ئىقتىدار (ماھارەت)مۇ يوقىلىدۇ. بۇ مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئۇنى بىلىشتىكى ئالاھىدە ئىقتىدار (ماھارەت)لارنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئانا تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ياكى ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىدە ئانا تىلى ئاساسىي رول ئوينايدۇ.

3. بىر تىل يوقىلىدىكەن ئىنسانلار ئارىسىدىن بىر تەپەككۇر، ئىلىم دۇنياسىدىن بىر بىلىم مەنبەسى يوقىلىدۇ. تىلشۇناسلىقتىكى، تارىختىكى، ئانتروپولوگىيەدىكى، پسىخولوگىيەدىكى بىر ئۆزگىچىلىك ۋە بايلىق يوقالغان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى بىر قەبىلىنىڭ ياكى كىچىك قوۋمنىڭ تىلى ئەمەس بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بىر بۈيۈك مىللەتنىڭ تىلى.

4. تىللار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ، يۈكسىلىپ كەلدى. بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۇنىڭ پۈتۈن تارىخى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر دېگەن بىر سۆزنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ تارىخىمىزنى ئەڭ قەدىمكى چاغلارغىچە باشلاپ بارىدۇ.

5. تىل ئېنىقكى بىر مىللەت ئۇچۇن بولمىسا بولمايدىغان قورال. مىللەت تىل ۋاسىتىسى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدىنى، ۋە ئىقتىسادى ھاياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشى تىلىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

6. بىر تىل پەقەت بىر توپ ئۇچۇن ئىدىيە ئىپادىلەشتىكى، ئۆزئارا چۈشىنىشتىكى، قىممەت قاراشلىرىنى ئالماشتۇرۇشتىكى ۋاستە بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئىجتىمائىي كىملىكىنى نامايان قىلىشتىكى ئاساسى بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

7. ئانىنىڭ تىلى بالا قەلبىگە خۇددى ئانا سۈتى بىلەن سىڭگەندەك، ئادەمنىڭ بالا چېغىدا ياخشى كۆرگەن ۋە سۆزلىگەن تىلى ئۇنىڭ روھىغا سىڭىدۇ. بىر تىل ئارقىلىق سىڭگەن مېھىر-مۇھەببەت ۋە يېقىنلىق بىر مىللەتنىڭ ئادەملىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە. تىل ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئادەملىرى بىر بىرىنى تونۇيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بىر قانغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار تىل ئارقىلىق بىر بىرىمىزگە باغلىنىپ تۇرىمىز. بۇ قىممەتلىك ئومۇمى ھېسسىيات بىز يوقاتساق قەتئىي بولمايدىغان نەرسە.

8. تىل مەدەنىيەت تۇغقانچىلىقى ھېسسىياتىنى تۇتۇپ تۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل

ئەگەر چەتئەلدە نەتىجە قازانغان بىرەيلەننىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ شەخسنىڭ بىز بىلەن بىر تىلدا سۆزلەيدىغان ئادەملىكىنى بىلگىنىمىزدە بۇنىڭدىن خۇشاللىق ۋە پەخىر ھېس قىلىمىز. ئەگەر ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ياخشى ئوقۇپ چىققان ۋە بۇ تىلدىكى بىلىمى ئارقىلىق ياخشى خىزمەتكە ئېرىشكەنلەر بولغىنىدا، ئۇيغۇر تىلدا سۆزلەشكۈچى پۈتۈن ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي كىملىكىنى ئىپادىلىشى ئۇچۇنمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

9. بىزنىڭ تىلىمىز بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. بىزنىڭ تىلىمىز بىزگە بىز

بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغانلارغا بولغان كۈچلۈك تەۋەلىك تۇيغۇسى بەرسە، بىز بىلەن ئوخشىمايدىغان تىلدا سۆزلىشىدىغانلارغا قارىتا كۈچلۈك پەرق تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئەگەر بىرى تىلىمىزغا ھۇجۇم قىلسا، تىلىمىزنى كەمسىتسە بىز پۈتۈن مىللەت ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندەك ۋە كەمسىتىلگەندەك تۇيغۇدا بولىمىز. بىر تىلنى چەتكە قاققانلىق ئاشۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلارنى چەكتە قاققانلىق بولىدۇ. تىلىمىزغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بىزگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

10. تىل كىملىكنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ۋە مىللەتنىڭ كىملىكىنى ساقلاشتىكى ئاچقۇچ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردەك چەتكە قېقىلىۋاتقان ۋە كىملىكى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان بىر مىللەت ئۇچۇن تىل ئۇيغۇرلارنى باشقا كىملىكلەردىن بولۇپمۇ خىتاي دۆلىتى كىملىكىدىن ئايرىيدىغان ئەڭ زور ئوخشىماسلىقنىڭ بىرىدۇر. تىلىمىز بىزنى خىتايدىن ۋە خىتاي دۆلىتى ئىچىدىكى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ ساقلاپ تۇرىدۇ. تىل بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بىر تەرەپ. ئەگەر تىل يوقىلىدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى قىسمى يوقىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇ مىللەت سۆزلىشىدىغان تىلنى ساقلاپ قېلىش كېرەك.

بىز قىلىشقا زۆرۈر بولغان ۋە قىلالايدىغان ئىشلار

1. كىتاب ۋە نەشرىياتچىلىق

كىتاب چىقىرىش ۋە تارقىتىش بىر تىلنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىدىن بىرى. ھازىر بۇ ساھەدە ئاللىقاچان بىر قىسىم ئىشلار باشلىنىپ بولدى. كىتاب چىقىرىش ئىشىنى ناھايىتى يۈكسەك بىر سەۋىيەگە كۆتۈرەلىسەك ئۇنىڭ ئۈنۈمى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدىغان پايدىسى بەك زور بولىدۇ. تەدبىرىياي نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇرۇن ۋە كېيىن بېسىلغان كىتابلارنى قايتا بېسىشى ۋە ئەركىن سىدىق قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كىتابلىرىنى قەغەز ۋە ئېلېكترونلۇق شەكىللەردە بېسىپ تارقىتىشى بۇ جەھەتتىكى بىر ئۈلگە.

ئۇندىن باشقا دەرسلىك تۈزۈش ئىشىنى كەڭ كۆلەملىك ۋە يۇقىرى سەۋىيەدە جانلاندۇرۇش كېرەك. ۋەتەندە بۇرۇن تۈزۈلگەن نۇرغۇن دەرسلىك كىتابلارنىڭ ھازىرمۇ پايدىلىنىش قىممىتى بەك يۇقىرى. ئاشۇ كىتابلارنى رەتلەش ۋە قايتا نەشر قىلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ۋەتەن سىرتىدا يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئېلىپبە دەرسلىكلىرى پەقەت بىر باشلىنىش.

2. لۇغەت تۈزۈش

چوڭ تىپتىكى لۇغەتلەرنى تۈزۈش ۋە قوللانما كىتابلارنى تۈزۈش ئىشى ئۇيغۇر تىلىدا چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر بىر ئىش. ۋەتەندە نەشر قىلىنغان ۋە ھازىر بولغان ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ زور ھەجىملىك لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقىش بەكمۇ زۆرۈر. شۇ ئاساستا ئۇيغۇرچە -ئىنگلىزچە قوش يۆنىلىشلىك لۇغەتلەرنى يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش مۇمكىن. بۇ بىر ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاساسى قىسمىنى پىلان بويىچە ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇندىن باشقا تۈرلۈك قوللانما كىتابلار، مەخسۇس لۇغەتلەر، مەنىداش سۆزلەر ۋە قارىمۇ قارشى سۆزلەر لۇغەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك. بالىلار ئۈچۈن رەڭ ۋە ھايۋاناتلار لۇغىتى، تېببىي پەن لۇغەتلىرى، پەلسەپە لۇغىتى، كومپيۇتېر لۇغىتى قاتارلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئېنىقكى نۇرغۇن ئىلگىرىلەش پەيدا قىلىدۇ. ۋەتەندە ئىلگىرى تۈزۈلگەن لۇغەتلەر گەرچە بەزى چەكلىمىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ يەنىلا

يېڭىسىنى تۈزۈش ئۈچۈن زۆرۈر ماتېرىيال بولالايدۇ.

3. تەرجىمە

كىتاب ۋە باشقا زۆرۈر ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىشتىكى مۇھىم ئۇسۇللارنىڭ بىرى. تەرجىمە كىتاب ۋە يازمىلارنى تەرجىمە قىلىش، كىنو-فىلىم ۋە ئۈن-سىن ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش، سېلىشتۇرما لۇغەت ۋە ئاتالغۇلارنى بېكىتىش، كومپيۇتېر ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئاتالغۇ ۋە يۇمشاق دېتاللارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئۆسمۈر بالىلار ئەڭ قىزىقىدىغان ۋە بۈگۈنكى كۈندە كەڭ تارقالغان بەزى كارتۇنلار ۋە ئويۇنلار ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلسا ئۇنىڭ ئۈنۈمى شۈبهىسىز يۇقىرى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بار. ئۇلارنى قوللاش ۋە بۇ ئىشلارنى كېڭەيتىش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم دۇنياسىدىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلار تەرجىمە ۋاسىتىسى بىلەن خەلقىمىزگە يېتىپ بارىدۇ. تەرجىمە ئارقىلىق تىلىنىڭ ئىجادچانلىق قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈش بەكمۇ زۆرۈر، چۈنكى نۇرغۇن يېڭى ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇرچىدا قانداق ئېلىش بىزدىن كۆپ ئىجادچانلىق ۋە تەپەككۇر تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىلمى جەمئىيىتى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ تۆھپىسى بىلەن كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرىدىغان بەزى ئەمگەكلەر بارلىققا كەلدى. بۇنى چوقۇم زور كۈچ بىلەن داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. كومپيۇتېر پروگراممىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى بەك زور.

4. ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىش

ئۇيغۇر تىلىنى ئۈنۈملۈك ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۆگىتىش ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىش خىتايلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بەلگىلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرچە ئۆگىتىش تېخى ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە. خارۋارد ۋە ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە مەكتەپتىلا ئۇيغۇرچە دەرس تەسىس قىلىنغان. ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى تۈزۈش ۋە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇش نۆۋەتتە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. بىر مىللەت ئۆز تىلىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش يولى بىلەن تىلىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىغا قىزىقىدىغان ۋە ئۇيغۇرچە ئۆگىنىدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن روزېتتا ئىستون(Rosetta Stone) غا ئوخشاش ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك.

5. ئۇيغۇرچە توربېكەتلەرنى كۆپەيتىش

ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە توربېكەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدىنى ھاياتىدا زور رول ئويناپ كەلگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن ئىدى. 5. ئىيۇل قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران قىلىنغان ئۇيغۇر تورچىلىقى قىسقا مەزگىللىك ئەسلىگە كېلىشتىن كېيىن قايتا ۋەيران قىلىندى. تور دۇنياسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي قامال قىلىنىشى خىتاينىڭ بۇ ۋاسىتىدىن قانچىلىك قورقىدىغانلىقىنى ۋە توربېكەتلەرنىڭ بىزنىڭ پىكىر ئالاقە ۋە تەشكىللىنىشىمىز ئۈچۈن قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

6. بارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن تىل داۋاسى قىلىش

بارلىق قانۇنى يوللار ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ

چەكلىنىشىنى خەلقئارا سەھنىدە تېخىمۇ كۆپ تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش كېرەك. 2000-يىللارنىڭ بېشىدا ئۇرۇمچىدىكى بەزى ئوتتۇرا مەكتەپلەر جىددىي ھالدا كۇتۇپخانىلىرىغا ئۇيغۇرچە كىتاب توشقۇزۇش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بارغان. سەۋەبى بىرلەشكەن مىللەتلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى قوللىنىش ھوقۇقىنى تەكشۈرگىلى بىر گۇرۇپپا كەلمەكچى بولغان ئىكەن. گەرچە بۇگۈنكى خىتاي بۇ جەھەتتىن تېخىمۇ يولسىز بولسىمۇ، يوللۇق ئەرز شىكايەتلەر خەلقئارا جەمئىيەتتە خىتايغا يەنىلا بېسىم بولىدۇ ۋە ھەققانىي داۋالىرىمىزنى تونۇتۇشتا چوڭ رولى بولىدۇ.

7. ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن بىر ئورگان بەرپا قىلىش

ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خالىس ئەمگەكلەر ۋە بۇ جەھەتتە بەزى تەشكىللىنىشلەر بولغان بولسىمۇ يەنىلا كۈچلۈك بىر ئۇيغۇر تىلى ئورگىنى قۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش پىلانلىرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ھەرىكەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇيغۇر تىلىغا پىششىق مۇتەخەسسىسلەر، ئىجادكارلار ۋە تىل ۋە تەرجىمىدە ياخشى بولغان ئادەملىرىمىزدىن بىر قوشۇن تەشكىللەش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا ۋە تىل مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئىقتىسادى ئۇنۇم يارىتىشقا بولىدۇ.

8. ئۇيغۇر تىلىنى ئائىلىلەردە ئومۇملاشتۇرۇش

ئۇيغۇر ئائىلىلەردە " بالا تالاغا چىقسا شۇ يەردىكى چەتئەل تىلىدا سۆزلەش، ئۆيگە كىرسە ئۇيغۇرچە سۆزلەش" نى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر ئاتا-ئانا ئۆز تىلىنى ياخشى بىلسە تەبىئىيكى بالىلار ئۇنى داۋاملاشتۇرىدۇ. چەتئەللەردە ياشاۋېتىپمۇ ئۆز ئانا تىلىنى نەچچە ئەۋلادقىچە يوقاتمايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۈلگىسى بولغان تۈركلەردە ئەنە شۇ ئەنئەنە ئىزچىل داۋام قىلغان. تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆيدە تۈركچە، تالادا چەتئەلچە سۆزلىشىش يولىنى بىز قوللانساق ئەلۋەتتە بولىدۇ.

9. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئارا ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى كۈچەيتىش

ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ھاياتىدا توي-تۆكۈن، مېھماندارچىلىق ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ۋە مىللىيلىكنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىر تۈزۈلمىگە ئايلانغان. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بىر قىسىم جايلاردا شۇنداق شەكىلدە ئىجتىمائىي ھاياتنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. مۇمكىنقەدەر توي -تۆكۈن، يىغىلىش، تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلىش ۋە بالىلارنى قىزىقتۇرۇش كېرەك. ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش يوللىرىنى بىلەن بالىلارنى ئۇيغۇرچە ئالاقىدە بولۇشقا يېتەكلەش ئۈنۈملۈك يولدۇر.

10. قېرىنداش تىللار ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە تىل قوغداش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش

چەتئەللەردە ياشاۋاتقان تۈركلەر ۋە ئۆزبېكلەر بىلەن بەزى پائالىيەتلەرنى بىللە ئۆتكۈزىدىغان ھالەتنى كېڭەيتىش ۋە بۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئالاقىدە ئۇيغۇر تىلىنى ۋە تۈرك تىلىنى( ئۇيغۇرچىلاشقان تۈركچىنى) ئىشلىتىشنى داۋام قىلىشمۇ تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىلىمىزنى ئەستە ساقلىشىدا مەلۇم رول ئوينايدۇ. تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن مەدىنى ۋە تۇغقاندارچىلىق ئالاقىنى كۈچەيتىش مۇھىمدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن خەتەر ئاستىدىكى تىللار ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ۋە خەتەر ئاستىدىكى تىللارنى قوغداش ئۈچۈن ئاۋاز قوشۇشمۇ باشقىلارنىڭ بىزنى قوللىشىغا يول ئاچىدۇ.

تىلىمىزنى قوغداپ قېلىشتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تونۇپ يېتىش بىر مەسىلە، لېكىن تونۇپ يەتكەن ئىشلارنى پىلانلىق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش باشقا بىر مەسىلە. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ شاھنامىسى ئارقىلىق ئىراننى ۋە پارس تىلىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقنى جاكارلىغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى، تەپەككۇرى، ۋە ئىستىقبالى بىلەن باغلىغان ئۇيغۇرلاردىن ساناقلىق ئادەم ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىشتا زور رول ئوينىشى مۇمكىن. ئىسپانىيەنىڭ سانتىياگو دې كومپوستەلا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تىلشۇناس ۋە ئانالىزچى خوزېي مىرا ( Jose Mira) نىڭ قارىشىچە، ئىككى خىل تىلنىڭ بىر خەلق ئىچىدە تەڭ مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتى بار. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شۇ خەلقنىڭ تىلىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشى ئاز بىر قىسىم ئادەملەرگە يەنى مىللەتنىڭ ئىچىدىكى تىلنىڭ باشلامچىلىرىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. يەنى پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇش بولماسلىقى مىللەت ئىچىدىكى بىر قانچە شەخسنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىچىدە "مەنلا بولسام ئۇيغۇر تىلى ئۆلمەيدۇ" دەيدىغان قاراشتىكى بىلىملىكلەر ۋە تەپەككۇر ئىگىلىرى قانچە كۆپ بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

# ئانا تىلىمىزنى جان تىكىپ قوغدايلى!

(قۇتلۇق ئوردا)

2017-يىل 1-سېنتەبىر: تارىخىمىزدىكى يەنە بىر قارا كۈندۇر!

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى، بۇ يىل 1-سېنتەبىردىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى بارلىق باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى!

بۇ مەن 2017-يىلى كىرگەندىن بۇيان ئاڭلىغان، ۋەتەندىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان شۇم خەۋەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامان، ئەڭ قورقۇنچلۇق، قوبۇل قىلىش ئەڭ تەس بىر خەۋەر ئىدى!
ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەكتەپلەردە چەكلىنىشى ئەمەلىيەتتە، ئانا تىلىمىزنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم ئېتىلىشى ئىدى. بۇ ئاقىۋەتتە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە يوق بولۇپ كېتىشىدىن دېرەك بېرەتتى!

2017-يىل 1-سېنتەبىر، ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلى، ئۆزى يارالغان ئانا ۋەتىنىدە چەكلەنگەن، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىلگەن ئېچىنىشلىق قارا كۈن سۈپىتىدە تارىخىمىزغا يېزىلىدۇ!

ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىنىشى -بىر تۈرلۈك تىل ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىدۇر!

تىل، بىر مىللەتنىڭ مىللىي كىملىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ ھالقىلىق ئامىل. بىر مىللەتنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنىڭ ئانا تىلىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.
ئۇيغۇر تىلى، ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق يازما تارىخقا ئىگە، سىناقلاردىن ئۆتكەن، سوز بايلىقى مول، ئىپادىلەش كۈچىگە باي، گۈزەل بىر تىل. تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز مۇشۇ تىل بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قىلغان -ئۇيغۇرنىڭ تىلى! ئۇيغۇر تىلى -ئۇيغۇرلۇقىمىزنىڭ جېنى!

دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىباھا تۆھپە بولۇپ قوشۇلغان مىراسلىرىمىزدىن «قۇتاتقۇ بىلىك»، ناۋايى ئەسەرلىرى، ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ۋە يەنە ئەجدادلىرىمىز بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن كۆپلىگەن تارىخى، ئەدەبىي، تېبابەتچىلىك ۋە باشقا تۈرلۈك ساھە ھەم ژانىرلاردىكى قىممەتلىك يادىكارلىقلار مۇشۇ تىل بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر تىلى، بۈگۈن دۇنيادا ھايات ياشاۋاتقان 10 نەچچە

مىليون ئۇيغۇرنىڭ تىلى بولۇپلا قالماي، بىزدىن بۇرۇن ياشىغان تەۋەررۈك ئەجدادلىرىمىز، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، مەھمۇت قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر ناۋايى، مەلىكە ئامماننىساخان، ئابدۇرېھىم نىزارى، نۇزۇگۇم، سادىر پالۋان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ..... لەرنىڭ تىلى، ھەم شۇنداقلا، بىزدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان مىليونلىغان ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تەۋەررۈك ئانا تىلى!

ب د ت يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنلىرىدا، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئوز-ئانا تىلىدا ئوقۇش، تەربىيەلىنىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى ئېنىق بېكىتىلگەن. خىتاي ئۆزى تۈزگەن ئاپتونومىيە قانۇنلىرىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ مائارىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىش ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. لېكىن خىتاي مۇستەملىكچىلىرى بۇ قېتىم، نە ب د ت قانۇنلىرىغا نە ئۆزى تۈزگەن قانۇنلارغا ئەمەل قىلمىدى.

تارىختىن بېرى مۇستەملىكچى، زالىم ھاكىمىيەتلەرنىڭ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشتا ئىشنى ئۇلارنىڭ تىلىنى يوقىتىشتىن باشلىغانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. خىتايلار ھەم شۇلاردىن بىرى.

2000 -يىللارنىڭ بېشىدا جۇ كۇنرېن ئىسىملىك بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارى يېزىپ تەييارلىغان ۋە كېيىن ئاشكارا بولۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدا يۈزەكى مۇھاكىمە» دېگەن دوكلاتتا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «تىل بىر مىللەتنىڭ جېنى، بىر مىللەتنى كۆڭۈلدىكىدەك كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى -ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىشتىن ئىبارەت. خۇ ياۋباڭ سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ خاتالىق شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يول قويىدى...» (1) دېيىلگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىنى قانداق يوقىتىش ھەققىدە تەپسىلىي تەكلىپ ۋە چارە-تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاخىرقى 15 يىلدا خىتايلار كۈچەپ يولغا قويغان ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپلىرى»، «قوش تىللىق مائارىپ» ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىنى مەكتەپلەردىن تامامەن چەكلەش تەكلىپلىرىمۇ ئاشۇ دوكلاتتا يەر ئالغان.

دېمەك، خىتاي بۇ قېتىم نىقابىنى تامامەن يىرتىپ تاشلىدى، ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت قارا نىيىتىنى ئۇيغۇرلارغا ۋە دۇنياغا ئاشكارا جاكارلىدى! شۇڭا بۇ قېتىم ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەكتەپلەردە رەسمىي يوسۇندا چەكلىنىشىنى، خىتاي مۇستەملىكچى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە يۈرگۈزگەن بىر قېتىملىق تىل ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى دەپ ئاتىساق ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز!

بۈگۈنكى كۈندە، ھەر خىل مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنيادا باراۋەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ. يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن قەبىلە-مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار،

ئادەملەرنىلا ئەمەس، ھەتتىا نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان ھايۋاناتلار، قۇشلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچلەرنى سەرپ قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر دەۋردە، جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بىر مىللەتنىڭ تىلى-ئۇيغۇر تىلى ۋە بۇ تىلنى ئەسىرلەر بويى ياشنىتىپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى، خىتايدىن ئىبارەت بىر مۇستەبىت، زوراۋان ھاكىمىيەت تەرىپىدىن، زورلۇق بىلەن تارىخ سەھىپىدىن ئۆچۈرۈلسە، بۇ يالغۇز بىز ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلىق ئالىمى ۋە بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيا ئۈچۈن ھەم بىر تراگېدىيە، بىر زور يوقىتىشتۇر!

مىليونلىغان سەبىي ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى -مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ بىۋاستە قۇربانلىرىدۇر!

يېقىندا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بىر نەچچە سېكۇنتلۇق بىر سىن كۆرۈنۈشى تارقالدى، ئۇنىڭدا 3-4 ياشلاردىكى بىر ئوماق ئۇيغۇر ئوغۇل بالىنىڭ يەسلىدىكى خىتاي تەربىيەچىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن «گو چى» (دۆلەت بايرىقى) ۋە گۇو خۇي (دۆلەت گېربى) دېگەن خىتايچە سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا قانچىلىك قىينىلىۋاتقانلىقىنى، 10 قېتىملاپ تەكرارلاپمۇ خىتاي ئوقۇتقۇچىنى رازى قىلالمىغان چاغدىكى بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. مانا بۇ، نۆۋەتتە خىتايلار ناھايىتى زور مەبلەغ سېلىپ، ۋەتەنىمىزنىڭ چەت-يېزا قىشلاقلىرىغىچە تېز سۈرەتتە ئومۇملاشتۇرۇۋاتقان ئاتالمىش «قوش تىل» يەسلىسىگە بېرىۋاتقان 3-6 ياش ئارىسىدىكى مىڭلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن!

بۇ باللار، خوتەننىڭ، قەشقەرنىڭ ۋە ئاقسۇنىڭ 100% ئۇيغۇر ياشايدىغان يېزا-مەھەللىلىرىدە تۇغۇلغان، ئانا تىل-ئۇيغۇر تىلىدا تىلى چىققان. ئەمدى ئۇلار 3-4 يېشىدىن باشلاپ يەسلىگە بېرىشقا، يەسلىدە خىتايچە ئۆگىنىشكە مەجبۇر! روھى دۇنياسى گويا بىر پارچە ئاق قەغەزدەك پاك، بۇ دۇنيادا مىللىي زۇلۇم، ئاسسىمىلياتسىيە، تەڭسىزلىك، دېگەن نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەيدىغان ۋە ئۇنى بىلىش ھەم چۈشىنىش يېشىدىن تېخى ئۇزاقتا بولغان بۇ بىغۇبار پەرزەنتلىرىمىز، ئۇيغۇردىن ئىبارەت مەھكۇم بىر مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولۇپ تۆرەلگەنلىكى ئۈچۈن بالىلىق ھاياتىنىڭ ئەڭ غەمسىز، ئەڭ تاتلىق چاغلىرى خىتايچە ئۆگىنىش بېسىمى بىلەن نابۇت قىلىنىدۇ. بۇ بىر پاجىئە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاجىئەسى، ئۇيغۇر باللىرىنىڭ پاجىئەسىدۇر!

بۇندىن 10 يىللار ئىلگىرى، مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر ئالىمى، دوكتور ئەركىن سىدىق ئەپەندى، خىتايلار ئەينى چاغدا ۋەتەندە يولغا قويغان ۋە ياخشى دەپ-تەشۋىق قىلىۋاتقان ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» ھەققىدە كەڭ ئىزدەنگەن ۋە بۇ ھەقتە بىر قاتار ماقالىلەرنى يېزىپ ۋەتەن ئىچىدىكى تورلاردا ئېلان قىلغان ئىدى.(2) (بۇ يەردە بۇ ماقالىلەردىكى مەزمۇنلارنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئىمكانى يوق، تېخى ئوقۇپ باقمىغانلار ۋە ياكى قايتا ئوقۇشنى خالىغانلار بۇ ئۇلىنىشتىن ئوقۇۋالسا ياكى ساقلىۋېلىپ كېيىن ئوقۇۋالسا بولىدۇ)

بۇ ماقالىلەردە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاتالمىش « قوش تىللىق مائارىپ» نىڭ ئەمەلىيەتتە يەككە تىللىق، يەنى خىتاي تىلى مائارىپى ئىكەنلىكى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئىلمىيلىققا تامامەن يات بولغان خاتا بىر ئۇسۇل ئىكەنلىكى، بۇنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلى تەرەققىياتى، دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە توسالغۇلارنى پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى بالىلارنىڭ روھى دۇنياسىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىدىلەيدىغانلىقى، بالىلارغا ئىككىنچى يات تىلنى ئەڭ ياخشىسى باشلانغۇچ 4-سىنىپتىن باشلاپ ئۆگەتسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى.... سۆزلەنگەن ۋە بۇ نۇرغۇن دەلىل -پاكىتلار بىلەن شەرھلەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئەينى چاغدا بۇ ماقالىلەر ۋەتەندىكى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، بىر قېتىملىق ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر كىملىكى بويىچە مىللىي ئويغىنىش دولقۇنىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تور بەتلەردە قوش تىللىق مائارىپنىڭ سەلبىي ئاقىۋەتلىرى ۋە ئانا تىلىمىزنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە قىزغىن بەس-مۇنازىرىلەر مەيدانغا كەلگەن ئىدى. مانا بۈگۈن ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپ، ئۇيغۇر تىلى مائارىپتىن تامامەن سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، بۈگۈن شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان 100% خىتايچىلاشقان مائارىپ ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار، بېسىملار ھەم بۇنىڭدىن پەيدا بولغان روھى زەخمەت، بۇندىن 9 يىل بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ. ئەينى چاغدا نامدا بولسىمۇ «قوش تىللىق مائارىپ» ئىدى. ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسى بولسىمۇ ئۇيغۇرچە ئۆتۈلەتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار، ھېچ بولمىسا ئۇيغۇرچە ساۋاتىنى چىقىرىش، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئۇر توقماق» قا ئوخشاش بىر قىسىم مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، مەسەللىرى، نەسىردىن ئەپەندى ۋە سەلەي چاقان لەتىپىلىرى، سادىر پالۋان قوشاقلىرىغا ئوخشاش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى ئوقۇش ۋە بۇ ئارقىلىق ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ئاز-تولا بولسىمۇ تونۇشۇش ۋە ئۇنى چۈشىنىش پۇرسىتى بولاتتى. ئەمدى ئاشۇ كىچىككىنە ئىمكانىيەتمۇ يوق قىلىندى!

مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەسلىلەر، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مىليونلىغان سەبىي ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش چوڭ سىياسىي سۇيىقەستىنىڭ بىۋاستە قۇربانلىرى، ئەڭ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلىرىدۇر!

بۇ قەبىھ سۇيىقەستنىڭ نۆۋەتتىكى يەنە بىر بىۋاستە قۇربانلىرى -ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلاردۇر! ئالدىنقى 10 نەچچە يىل داۋامىدا يۈرگۈزۈلگەن ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» سىياستى يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، نۇرغۇن تەجرىبىلىك، قابىل ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار خىتايچە دەرس بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچى ھېسابلىنىپ، ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن مەجبۇرىي قوغلانغان. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆز كەسپىگە ھېچ ئالاقىسى بولمىغان كەسپلەرگە ئالمىشىشقا، بالدۇر پېنسىيەگە چىقىشقا، ھەتتا ئىشتىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلانغان. ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىتاي ئوقۇتقۇچىلار سەپلەنگەن. ئەمدىلىكتە پۈتۈن دەرسلەر خىتايچە ئوقۇتۇلىدىغان بولغان شارائىتتا، قېلىپ قالغان ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ پەيدىن-پەي ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن ئايرىلىشى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىچكى

ئۆلكىلەردىن خىتايلار كېلىپ ئورۇنلايدىغانلىقى ئېنىق.

يەنە 50 يىلدىن كېيىن، ۋەتەندە ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىغان ئۇيغۇردىن قانچىلىك قالار؟

مائارىپتا ئىشلىتىلمەيدىغان، مەكتەپلەردە قوللىنىلمىغان تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. خىتاينىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ تەرەققىيات پىلانىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي يېقىن كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستاندا 15 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرىدىكەن. بۇنىڭ 3 يىلى يەسلى، 12 يىلى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، 2020-يىلغىچە يەسلىگە كىرىش نىسبىتىنى 98% كە، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇش نىسبىتىنى 90% كە يەتكۈزمەكچىكەن. (3) بۇ دېگەنلىك، ھازىر ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ۋە بۇندىن كېيىن تۇغۇلىدىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلەرنىڭ 90% تىن كۆپى 3-4 يېشىدىن باشلاپ 15 يىل مەجبۇرىي خىتايچە ئوقۇيدۇ، تەربىيىلىنىدۇ دېگەن سۆز!

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئەگەر ھەممە ئىشلار خىتاي پىلان قىلغاندەك بولسا، يەنە 20 يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ خېلى زور قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلار چوڭ ئادەم بولۇپ جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ. ئۇلار خىتايچە سۆزلەيدىغان، ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمەيدىغان ياكى يېرىم-يارتا سۆزلەيدىغان، ئۇيغۇرچە ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىزىقمايدىغان، تامام يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر، تېخىمۇ توغرىسى يېڭى بىر ئەۋلاد خىتايلاشقان ئۇيغۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ! ئۇ چاغدا كۆرىدىغان ئادەم يوق -دەپ ئۇيغۇرچە تېلېۋىزور قاناللىرى يېپىلىدۇ، ئۇيغۇرچە ئوقۇيالايدىغانلار ئازلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرچە گېزىت-ژۇرنال، كىتابلار بىر-بىرلەپ نەشر قىلىنىشتىن توختايدۇ.

يەنە 50 يىلدىن كېيىنچۇ؟ ھازىر ھايات ياشاۋاتقان، ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ھايات ياشاۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمەيدىغان بولىدۇ، 100 يىلدىن كېيىنچۇ؟ ...

بىپەرۋالىقمۇ ياكى چارىسىزلىكمۇ؟

1952-يىلى 21 -فېۋرال كۈنى، ئەينى چاغدا پاكىستاننىڭ بىر قىسمى بولغان شەرقىي بېنگال (ھازىرقى بېنگال دۆلىتى) نىڭ مەركىزى داكادىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، بېنگال تىلىنىڭ ئوردۇ تىلى بىلەن باراۋەر دۆلەت تىلى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ تىنچلىق نامايىشى ئېلىپ بارىدۇ. ساقچىلار نامايىشچىلارغا ئوق چىقىرىپ نەق مەيداندا بىرقانچە نامايىشچى ئوقۇغۇچىنى ئەتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا خەلقئارادا ئىنتايىن چوڭ تەسىر قوزغىغان بولۇپ، شۇندىن كېيىنكى زامانلاردا ئانا تىلنى قوغداش كۆرىشىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلىدۇ. 1999 -يىلى ب د ت پەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى (UNCO) ئاشۇ ۋەقەنى، ۋەقەدە ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، 21-فېۋرالنى خەلقئارا «ئانا تىل»

كۆنى قىلىپ بېكىتتى. «ئانا تىل» كۈنىنىڭ يەنە بىر مەقسىتى، كۆپ خىل تىللارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، باراۋەر تەرەققىي قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭدەك، ئوخشىمىغان تىل ۋە مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، ھۆرمەت ۋە ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. 2000-يىلدىن باشلاپ «ئانا تىل» كۈنى دۇنيا مىقياسىدا خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋەتىنىدىكى مەكتەپلەردە چەكلەنگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر دۇنياغا مەلۇم بولغىلى ئۈچ ئاي، رەسمىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان ئاي بولۇپ قالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋەتەن ئىچىدە خۇددى بۇندىن 65 يىل بۇرۇن داكادا يۈز بەرگەندىكىدەك بىرەر نامايىش، نارازىلىق ھەرىكىتى يۈز بەرگىنى يوق. ئەلۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي دۆلەت تېررورى قاپلىغان بۈگۈنكىدەك كۈندە بۇنداق بىر ئىشنى ۋەتەندىكىلەردىن كۈتۈش تازا ئادىللىق بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما تامامەن سۈكۈت قىلىش ۋە جىمجىتلا قوبۇل قىلىشمۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ. ھازىر ۋەتەندە ئۇيغۇر بولۇشتىن باشقا ھېچ بىر گۇناھى بولمىغان 10 مىڭلارچە ئۇيغۇر بىگۇناھ قاملىۋاتقان ئەھۋالدا، «يېتىپ ئۆلگۈچە ئەتىپ ئۆل» دېگەندەك، ئازدۇر كۆپتۇر بىر نارازىلىق، بىر قارشىلىق ئىنكاسىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر ئىدى. ناۋادا شۇنداق بىر ئىش بولغان ۋە بۇ ئىش دۇنياغا ئاشكارا بولغان بولسا، بۇنىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر ۋە خەتەرلىك ۋەزىيەتنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ۋە خىتاينىڭ قارا نىيىتىنى پاش قىلىشتا مىسلىسىز رولى بولغان بولاتتى! ئۇندىن باشقا بۇنداق بىر نارازىلىق ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلاردىن چىقسا، بۇنىڭ تەسىرى، بىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىنىشىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ۋە قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشتىن 100 ھەسسە ئارتۇق بولاتتى!

تولىمۇ ئەپسۇس، 2017-يىلى 1-سېنتەبىر-يەنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى، ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى ئۆز ئانا ۋەتىنىمىزدە چەكلىگەن، ئۇيغۇر تىللىق مائارىپىمىز ئۇزۇل-كېسىل بەربات قىلىنغان مۇشۇنداق بىر ئېچىنىشلىق قارا كۈن -ئادەتتىكى بىر كۈندەك، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى!

ئەسلى بۇ كۈن، ئۇيغۇر تارىخىغا قان-ياش بىلەن يېزىلىدىغان بىر كۈن بولۇشى كېرەكتى! بۇ كۈن، بۈگۈن ھايات ياشاۋاتقان، ئۆزىنى ئۇيغۇرمەن دېگەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرلۇق يۈرىكىگە، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇق ۋىجدانىغا بىر قارا خەنجەر ئۇرۇلغان كۈن ئىدى! ۋە بۇ زەربىدىن ھەر بىر ئۇيغۇر سىلكىنىپ قايتا ئويغىنىدىغان، دۇنياغا ئۇيغۇر بولۇپ قايتا كۆز ئاچىدىغان بىر كۈن بولۇشى كېرەكتى!!

ئەپسۇسكى، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنكاسىمۇ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولدى. ھازىرغىچە بۇ ھەقتە تورلاردا بىرقانچە پارچە يازما ئېلان قىلىش، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ب د ت نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا ۋەزىيەتنى ئاڭلىتىش ۋە بۇ ھەقتە ئىمزا توپلاش ئىشلىرى قىلىندى.

8-ئۆكتەبىر كۈنى مەركىزى ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى بىلەن ئامېرىكىنىڭ فىلادېلفىيە شتاتىدىكى درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مائارىپى» ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ

ۋەتەندە چەكلىنىش مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تېما مۇھاكىمە قىلىنىدى. بەلكىم بۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىگەنلىكىگە قارتا، يېقىنقى ئىككى ئايدىن بېرى چەتئەلدە قىلىنغان مۇشۇ ساھەدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت بولسا كېرەك.

تىلىمىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەك ۋە نېمە قىلالايمىز؟

نۆۋەتتە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، بىرەر ئىش قىلىش ئارقىلىق خىتاينى، ئۇيغۇر تىلىنى چەكلەش قارارىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر قىلالايدىغان بىر ئىمكانىيەتكە ئىگە ئەمەس. ب د ت ۋە باشقا خەلقئارا ئورگانلار، ئامېرىكا ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭمۇ بۇ مەسىلىدە خىتاينى ئۈچۈق تەنقىد قىلىش ۋە خىتايغا «بۇ قىلمىشىڭنى توختات» دېيىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن بەل قويۇۋەتمەسلىكىمىز، ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز، تىلىمىزدىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك! چۈنكى، ئۇيغۇر تىلى بىزنىڭ تىلىمىز، ئۆزىمىزنىڭ مۇقەددەس ئانا تىلى! مەيلى ۋەتەن ئىچىدىكى ياكى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ھەممىمىزنىڭ ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار.

(1) بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر ئۇيغۇر ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىر قېتىملىق روھى تەييارلىق باسقۇچىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك، ھەر بىر ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىمىز، يەنى ئۇيغۇرلۇقىمىز ئۈستىدە قايتا بىر ئويلىنىشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ جېنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئۆزىدە مىللىي بۇرچ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشى كېرەك!،

مەسىلەن، ۋەتەن ئىچىدىكىلەرنى ئېيتساق، خىتاي تىلىمىزنى مائارىپ-مەكتەپلىرىمىزدە چەكلىگىنى بىلەن، ئۆيدە، كوچا-كوي، يىغىلىشلار.. دا چەكلىگىنى يوق. شۇنداق بىر كۈن، يەنى خىتايلار ئانا تىلىمىزدا سۆزلەشنى ئائىلىلەردىمۇ چەكلەيدىغان-كۈن كېلىشتىن بۇرۇن، ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى ئانا تىلىمىزنى قوغدايدىغان، ساقلاپ قالىدىغان بىر مۇستەھكەم قورغانلىق رولىنى ئوينىشى كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانا، ئۆيدە باللىرىغا ئانا تىلدا سۆزلەشنى، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشنى باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتىم ۋە مەجبۇرىيىتىم دەپ بىلىشى لازىم!

(2) بۇنداق بىر مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. بۇنىڭدىن سىرت، ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ ئائىلىدە، پەرزەنتلىرى بىلەن، ئۇيغۇرلار يىغىلغان باشقا سورۇنلاردا باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن چوقۇم ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى، بىر مىللىي مەسئۇلىيەت دەپ قارىشى، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى، مەلۇم ساندا ئۇيغۇرلار ياشايدىغان جايلاردا چوقۇم بىر ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى/سىنىپى ئېچىپ، پەرزەنتلىرىنى

شەنبە -يەكشەنبە ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە شۇ ئانا تىل مەكتىپىگە ئاپىرىشى كېرەك. بۇ ئىشنى ھەربىر دۆلەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى دەپ تونۇشى ۋە مەسئۇل بولۇشى لازىم. ئۇيغۇر تەشكىلاتى بولمىغان دۆلەت ياكى جايلاردا ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، جامائەت ئەربابلىرى، چوڭلىرىمىز باش بولسا بولىدۇ.

(3) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە باشقا مەركىزى تەشكىلاتلىرىمىز، ب د ت ۋە باشقا ھەرقايسى خەلقئارا تەشكىلاتلار، ئورگانلارغا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئاڭلىتىشى، بۇ ھەقتە دوكلاتلارنى يوللىشى، ئۇلارنى خىتاينىڭ ئانا تىلىمىزنى چەكلەش قىلمىشىنى ئەيىبلەشكە چاقىرىشى، بۇ ئورگانلاردا ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ھەققىدە بەزى قارارنامىلەرنىڭ ئېلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

(4) ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى خىتاي ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى، شۇ دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەت، پارلامېنت ۋە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلات-ئورگانلارغا ئەھۋالنى ئاڭلىتىشى، دوكلاتلارنى يوللىشى، ئۇيغۇر تىلىنى قوغداپ قېلىش ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشى، بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلاتلار ۋە ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى خىتاينىڭ ئانا تىلىمىزنى چەكلەش قىلمىشىنى ئەيىبلەشكە چاقىرىشى، ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ھەققىدە بەزى قارارنامىلەرنىڭ ئېلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

(5) چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بارچە ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرىمىز، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ھەققىدە، ئانا تىلىمىزنى سۆيۈش، ئۇنى قوغداش ۋە ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ماقالە، نۇتۇقلارنى تەييارلاپ، ئۇنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا، تورلاردا، جامائەت يىغىلغان چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا كەڭ تارقىتىشى، سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ۋە قۇتقۇزۇشنى مەركەز قىلغان بىر قېتىملىق مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى لازىم. مۇمكىن بولسا، بۇ خىل تەشۋىقاتنى ۋەتەن ئىچىگىمۇ يەتكۈزۈشنىڭ ئىمكانلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىش كېرەك.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىتى بۈگۈن، ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەڭ ئېغىر بىر خەتەرگە، يەنى مىللەت سۈپىتىدە يوق بولۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى! بۇنداق بىر خەتەر بىزگە، ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك يېقىن ۋە بۇ قەدەر كۈچلۈك بولۇپ باققان ئەمەس.

ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش، مىللىتىمىزنىڭ بۇ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قېلىش ياكى قالالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى. شۇنداق ئىكەن، قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك، جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش ۋە قولىمىزدىن كېلىشىچە بىر ئىش قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋاز كېچىش، پەرۋاسىزلىق ۋە ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇۋېلىش -ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرلۇق ۋىجدانىنى سىنايدىغان بىر ئىمتىھاندۇر، خالاس!

ئىزاھلار:

(1) «ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ۋە يوقىتىشقا ئائىت ئىچكى ھۆججەتلەر»

(2) *http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinc6_QoshTil2.htm*

*http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinb2.htm*(

(3)

*http://www.rfa.org/uyghur/qisqa_xewer/uyghurda-15yilliq-maarip-10072017233949.html*

2017-يىل، 25-ئۆكتەبىر

# ئۇيغۇر تىلى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالارمۇ؟

(سەھەر)

تىلىم ئامان بولسا ئەجدادىم ئامان،
مەھشەر ئوتلىرىدا ئەۋلادىم ئامان.
يېشىلىپ پۇتلىرىغا چىرماشقان تۇگۈن،
ئۆزگە ئىقلىملارغا يوللىرى راۋان.
(مەھمۇد قەشقىرى)

كانادا ئىندىئانلاردىن ئەپۇ سورىدى ئەمما، خىتاي.......

ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن خىرىسلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك؟ خىتايدىن ئىبارەت دۇنيادىكى زومىگەر كۈچنىڭ تەھدىتى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر تىلى كەلگۈسى 100 يىل ئىچىدە دۇنيادىكى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قالارمۇ؟ دېگەن سوئاللار ئانا ۋەتىنى شەرقى تۈركىستان، خىتاي مۇستەملىكىسىدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرنى ئويلاندۇرماي تۇرالمايدىغان سوئاللار. كانادا، ئۆتكەن ئەسىردە، ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئانا تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش ئاسسىمىلياتسىيە سىياستىنى يۈرگۈزۈپ، كانادانىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان يەرلىك ئىندىئانلارنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن دۇنيا ئالدىدا ئىندىئانلاردىن ئەپۇ سورىدى. ئەمما خىتاي بۇ خىل ئوخشاش خاتانى قىلچە تەپ تارتماي داۋاملاشتۇرماقتا. 2008-يىلى كانادا باش مىنىستىرى Stewen Xarper كانادا پارلامېنتىدا سۆز قىلىپ، ئۆتكەن ئەسىردە كانادانىڭ 150 مىڭدىن ئارتۇق يەرلىك ئىندىئاننىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئائىلىسى، مەھەللە جامائىتى ۋە ئۆرپ ئادەت مەدەنىيەتلىرىدىن ئايرىپ كانادانى ئۆز چېگە ئالغان 130 چېركاۋدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ۋە ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى خاتالىق ئۈچۈن، ئىندىئانلاردىن ئەپۇ سورىدى.

Stewen Xarper، كانادانىڭ بۇ قىلمىشىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە خورلاش خاراكتېرىنى ئالغان تارىخنىڭ ئاچچىق تەجرىبە ساۋىقى دېدى.

كانادانىڭ سابىق باش مىنىستىرى Stewen Xarper ئەپۇ سوراش باياناتىدا، نۇرغۇنلىغان ئىندىئان ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جانلىق ۋە باي مەدەنىيەتلىرى شۇنداقلا، ئۆرپ ئادەتلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىنىشىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ۋە ئىندىئان جامائىتىدە بىر بوشلۇق ياراتتى. كانادا ھۆكۈمىتى ئۆتكەن ئەسىردە ئېلىپ بارغان، ئىندىئان پەرزەنتلىرىنى مەجبۇري ئائىلىسىدىن ئايرىشىنىڭ، تارىخى بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا

ۋە بۇ خاتانى ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۆزۈر تىلەيمىز دېگەن.

ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاتالمىش شىنجاڭ سىنىپلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى، ئائىلىسى، تۇرمۇش مۇھىتى، ئۆرپ ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە ئانا تىلىدىن ئايرىپ ئۇلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي يات بولغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياتاقلىق مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈنلەي خىتاي مۇھىتى ۋە ئۆرپ ئادىتى ئىچىدە خىتايچە مائارىپ تۈزۈلمىسى يۇرگۈزگەندىن باشقا، بۇ يىل سېنتەبىردىن ئېتىبارەن، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى يەسلى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن تامامەن سۈپۈرۈپ تاشلىدى. خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى پەقەت ئۇيغۇر تىلىغىلا قىلىنىۋاتقان خىرىس ئەمەس بەلكى كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى ۋە ئۇيغۇر رومانچىلىقى، ئۇيغۇر تور بەتچىلىكى، ئۇيغۇر رادىئو-تېلېۋىزىيە ساھەسىگە جۇملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىگە قىلىنىۋاتقان بىر خىرىستىن ئىبارەت. گەرچە كانادادەك تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرى، ئىنگلىز بولمىغان مىللەتلەرنىڭ نازۇك ھېسسىياتلىرى ھېسابلانغان ئانا تىلى ۋە ئۆرپ ئادەتلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆتكەن ئەسىردە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سوراۋاتقان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە تەتۈر تاناسىپ بولغان بۇ خىل رەزىل ئاسسىمىلياتسىيە ۋە يوق قىلىش سىياسىتىنى قىلچە تەپ تارتماي پەردازلاشقا تىرىشماقتا ۋە كۈچەپ يۈرگۈزمەكتە. دېمەك زومىگەر تاجاۋۇزچىلارنىڭ، تارىخنىڭ پايتىمىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىگە سەۋەب بولغان تارىخى خاتالىق ۋە بىمەنىلىكلەرنى قايتا تەكرارلاشتەك خۇي پەيلى ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدۇ. بىز داۋاملىق خىتاينى مۇشۇ دەۋردىمۇ يەنى مۇشۇنداق ئىلغار ئۈچۈر دەۋرىدىمۇ، پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇنداق بىر جىنايەتنى ئۆتكۈزەلەرمۇ؟ دەپ ئۆز-ئۆزىمىزگە سوئال قويىمىز. ئەمما ئېرىشكەن جاۋابىمىز. «ھەئە ئۆتكۈزىدۇ» بولدى. شۇڭا ھەر بىر ئۇيغۇر ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك.

بىر مىللەتنى بىر بەدەن بىر تەن دەپ قارىساق، ئانا تىل بۇ بەدەندىكى بىر ئەزادىن ئىبارەت. ئانا تىلنىڭ شۇ مىللەت تىلىنى ئىشلىتىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىدىن مەجبۇرىي ئېلىپ تاشلىنىشى بەدەندىكى بىر ئەزانىڭ كەسىپ تاشلىنىشى، ئېغىر ھالدا تەن جازاسىغا ئۇچرىشىغا ئوخشايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئۇ مىللەت بىر مەجرۇھ مىللەتكە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئېغىر زەربە يەنى تەن جازاسى ئىنسان بەدىنىدە ئەگەشمە مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانغا ئوخشاش، شۇ مىللەت تىلىنىڭ يوق قىلىنىشى كېلەچەكتە بۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يوق بولۇشىنى قەلەم تەۋرىتىدىغان ئەدىب، يازغۇچى شائىر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يوق بولۇشىنى، تەرجىمانلىرىنىڭ يوق بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك ئۇيغۇر تىلىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېتىلغان ھەر بىر قەدەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاچىقىغا چېپىلغان پالتا ياكى قىڭراقتۇر.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشمەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدلىرىم.

1-گۈگىل ئىزدەش ماتورىدىن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللار دەپ تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە

يازغان ۋاقتىمدا، ئالدىمغا 10 خىل تىل چىقتى. بۇ تىللار بىلەن سۆزلىشىدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000 ئەڭ ئاز بولغاندا، 5 كىشى بىلەن چەكلىنىدىكەن. بۇنى كۆرۈپ «ئاللاغا مىڭ شۈكۈر» دەپ ئۇھ تارتتىم خۇشاللىق بىلەن. ھەر ھالدا سۆيۈملۈك ئانا تىلىمنى شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي ئۆزى ئېلان قىلغان سان بىلەن ئېيتقاندىمۇ، 9 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ھازىرقى دەۋردىكى زامانىۋى ئۇچۇر ئالاقىسىدە بىمالال قوللىنىپ كەلمەكتە. چەتئەللەردە بولسا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر سۆزلىشىدۇ. ھەر ھالدا ئۇيغۇر ئانا تىلىم، خىتايدىن ئىبارەت بۇ يالماۋۇزنىڭ يالماپ يەيدىغان ئېغىزىغا پاتمىغۇدەك بىر كۈچ ۋە جاسارەت بىلەن تۇرۇپتۇ. ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قېلىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەرنى ئېلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقتىمۇ قازىنالايدىكەنمىز دەپمۇ ئويلىدىم. ئەمما بۇ بىخۇدلۇق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ. ئەلۋەتتە ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ «ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى» دەپ چۇقان سالغىدەك مادارى يوق. ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا خىتاي ھاكىمىيىتى ئېيتىۋاتقان «ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالدى» دېگەن سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىشتەك يۇكسەك مەسئۇلىيەت مۇھاجىرەتتىكى بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەنگەن. مۇھاجىرەتتىكى يازغۇچى شائىرلىرىمىز، تەرجىمانلىرىمىز قىسقىسى بارلىق قەلەمكەشلىرىمىز قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرى يازايلى ۋە دۇنياغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىتاي ئېيتقاندەك دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە ماسلىشالمايۋاتقان بىر تىل بولماستىن بەلكى يىلتىزى ئەڭ چوڭقۇر، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن قوغدىلىشقا ساقلىنىشقا ۋە ئىشلىتىشكە ئەرزىيدىغان نەپىس ۋە پاساھەتلىك بىر تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلايلى. يەنە بىر تەرەپتىن كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر ئانا تىل بوستانلىقلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ چاڭقىغان دىللىرىغا ئابىزەمزەم ئىزدىگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەر ۋە ماقالىلەر بۇلىقى قالدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق بىر تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلىكى، دۈشمەن ھەرقانداق ھىيلە ۋە نەيرەڭلىرىنى شۇنداقلا دۇنياغا كۆز-كۆز قىلىۋاتقان قۇدرەتلىك كۈچلىرىنى كۆرسىتىپمۇ بىزنىڭ يېزىقچىلىق ۋە قەلەمدىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك قورالىمىزنى يوق قىلالمىسۇن.

2-2003-يىلىدىن 2005-يىلىغا قەدەر تۈركىيەدە بولغان چاغلىرىمدا، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناس، سىبىرىق ئۇيغۇرلار، قاتارلىق تارىخى كىتابلارنىڭ ئاپتورى، Gülchin Jandarli Oghlu بىلەن كۆپلىگەن سۆھبەتلەردە بولغان ئىدىم. ئەلۋەتتە كۆپىنچە ھاللاردا سۆھبەت تېمىمىز ئۇيغۇر تىلىغا مەركەزلىشەتتى. Gülchin خانىم ماڭا: "سەن ئۇيغۇر تىلى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالارمۇ دەپ كوپ ئەنسىرىمە، ئۇيغۇر تىلى يىلتىزى بەك مۇستەھكەم بىر تىل، ھەتتا تۈرك تىلى ۋە باشقا تۈركى تىللارنىڭمۇ يىلتىزى ئۇيغۇر تىلىغا تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇر تىلى 1500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە تۈرك تىلىنىڭ ئانا يىلتىزى. مەسىلەن ساڭا بىر مىسال سۆزلەپ بېرەي، بىر ئۇيغۇر شەرقى تۈركىستاندىن يولغا چىقىپ، ئادىراتىك دېڭىزىغا قەدەر سوزۇلغان بۇ كەڭرى جۇغراپىيەدىكى دۆلەتلەردە ئۆز ئانا تىلى ھېسابلانغان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىپ مەقسەت ۋە نىيەتلىرىنى ئۇقتۇرالايدۇ. ئەمما بىر خىتاي شۇنداق قىلالامدۇ؟" دېگەن ئىدى ئۇ ماڭا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

3-يېقىندا مەن ماتېرىيال كۆرۈۋېتىپ، بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى، ئابدۇرەئوپ پولات (ئەدەبىي لەقىمى تەكلىماكانىي) ئەپەندىنىڭ 2002-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى يېڭىلا قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى سىقىپ چىقىرىشقا

ئۇرۇنۇۋاتقان مەزگىللەردە يازغان، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەيىن» گىچە (http://ellturk.blogspot.jp/2009/05/blog-post_11.html) ناملىق ماقالىسىنى ئۇچۇرتۇپ قالدىم. ماقالىدا

خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنى بېسىۋالغاندىن بۇيان، خىتاينىڭ بارلىق ئەمىر پەرمان سىياسەت، يولىيورۇقلىرىنى ھېچ خاتاسىز ھالدا ئۇيغۇرلارغا بىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانداق قىلىپ، چەتكە قېقىلىش ۋە سىقىپ چىقىرىلىش گىردابىغا كېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن. بۈگۈمىز ئەلىشىر ناۋايىنىڭ 15-ئەسىردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتلىك بىر تىل ئىكەنلىكىنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە يازغان، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدىن مىساللار ئېلىش ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى يورۇتۇلغان. بۇ ماقالە 25 يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان بولۇپ، مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەتەن ئىچىدىمۇ ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قوغدايدىغان ئوت يۈرەك، ۋىجدانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ، ئۇستازلىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن سۆيۈندۇم، ئۈمىدلەندىم، غۇرۇرلاندىم، پەخىرلەندىم.

4-مەرىپەت تورىدىن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئالىمى، NASA ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ ئوپتىك ئىنژېنېرى، مۇتەخەسسىس ئەركىن سىدىق ئەپەندى 2007-يىلى يازغان، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ شەرقى تۈركىستان مەكتەپلىرىدە، قوش تىللىق ئوقۇتۇش باھانىسىدە قالدۇرۇلۇۋاتقانلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھى ئىپادىلەنگەن ماقالە، «قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىق مائارىپمۇ» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىنى ئوقۇپ ناھايىتى سۆيۈندۈم. چۈنكى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىمىزمۇ خۇددى ئەلىشىر ناۋايىدەك كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قەدىمى، پاساھەتلىك ئۇيغۇر تىلىمىزنى قوغداش ئۈچۈن چۇقان سېلىۋېتىپتۇ.

5-خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2017-يىلى سېنتەبىردىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر ئانا تىلىنى مەكتەپلەردىن ئېلىپ تاشلاش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر ئويغىنىش ۋە جانلىنىش بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلىۋاتىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئىلمىي لېكسىيەلەر تەشكىللەنگەندىن باشقا ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۇيغۇر ئانا تىل سىنىپلىرى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ كېلەچەك ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىلىنى ئۆگىنىشىگە پۇرسەت يارىتىلىۋاتىدۇ.

دۇنيادىكى ئۆلگەن تىللار ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە قايغۇلىرىم.

ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، رۇسلار چار رۇسىيە دەۋرىدە، سىبىرىيەدىكى يەر ئاستى بايلىقلىرى ئەڭ كوپ بولغان كەت مىللىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن كۆمۈر قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىدۇ. كەتلەرنىڭ ئۆز يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن باشقا كىرىم مەنبەسى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر قىسمى ئاچلىقتىن، بىر قىسمى ھەرخىل كېسەللىكلەردىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ بىر قىسمى رۇسلىشىپ كېتىدۇ. ئەينى چاغدا 11 مىڭ نوپۇسى بار كەتلەر 1990 يىلىدا 500 كىشى، 2011-يىلىدا 100 كىشى قالىدۇ. كەت خەلقى تاجاۋۇزچىلىقىقا ۋە بېسىمغا ئۇچۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، يوق بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولغاچقا كەت تىلىمۇ سۆزلىشىش ۋە يېزىلىشتىن بارا بارا قېلىپ

ئۆلۈك تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقى، چار رۇسىيەنىڭ ئەينى يىللاردا كەت مىللەتكە يۈرگۈزگەن تاجاۋۇزچىلىقىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىمۇ كەت تىلىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق تراگېدىيەنىڭ بوسۇغىسىدا.

ئارناۋۇت ۋە ماكەدونىيا لىقلار سۆزلىشىدىغان ئىللىر تىلىمۇ ئاينى ئاقىۋەتتە بولۇپ، بۈگۈن ئۆلگەن تىللار ئارىسىدىن يەر ئالماقتا.

شىمالى ۋە جەنۇبى ئامېرىكىدا، ئافرىقىدا، ئاۋستىرالىيەدە، ياۋروپالىق تاجاۋۇزچىلار يەرلىك خەلققە قاراتقان بېسىم سىياستى ئارقىلىق يەرلىك تىللارنى ئۆلتۈرمەكتە. ئەسلىدە ياۋروپالىقلار كېلىشتىن بۇرۇن ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نوپۇسى 100 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەرلىكلەرنىڭ نوپۇسى بىر مىليونغا چۈشۈپ قالغان.99 مىليون ئىنسان نەگە كەتكەن؟ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئامېرىكىلىق يەرلىك خەلقنىڭ تەقدىرىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، شەرقى تۈركىستاندا غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن ۋە بۈگۈنكى كۈندىكى، بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار نوپۇسى، خىتاي ئىجرا قىلغان ئۆلۈم جازاسى، تۈرمىلەردىكى تەن جازاسى، ۋە ئىز دېرەكسىز غايىب بولۇش، خىتايلارنىڭ ئورگان تىجارىتى، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى قاچۇرۇش قاتارلىق رەزىل ۋاسىتىلىرى نەتىجىسىدە، كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەپ بارماقتا. بۇنىڭغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئانا تىلى ۋە ئۆرپ-ئادەت يۇرت جامائىتىدىن ئايرىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئاچقان ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپلىرى» غا ئېلىپ كېتىلىشى، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ مەكتەپلەردىن ئېلىپ تاشلىنىشى شۇنداقلا ئۇچۇر ئالاقىدىن قالدۇرۇلۇشى قوشۇلغاندا، ئامېرىكىلىق يەرلىك خەلقلەر بېشىغا كەلگەن تراگېدىيەنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدا چۆرگىلەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مېكسىكىدا 1520-يىلى ئومۇمى نوپۇسى 25 مىليون بولغان قىزىل تەنلىكلەر 1601-يىلى يەنى 80 يىلدىن كېيىن بىر مىليونغا چۈشۈپ قالغان. بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر خىل ناملار ئاستىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان يوقىتىش سىياستىنى داۋاملاشتۇرسا ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىمۇ خۇددى قىزىل تەنلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن.

كۈچلۈك مىللەتلەر ئاجىز مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك قىرغىنچىلىقلار، بېسىملار ۋە ئىشغال قىلىشلار تىللارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولماقتا.

مەسىلەن مايا تىلى ئۆلگەن بىر تىل، ئۇندىن باشقا تانزانىيەدە، ئاۋستىرالىيەدە، گىنەدە، قىرىمدا، شەرقى تۈركىستاندا، ئوخشىمىغان تىللار تەھدىت ھالىتىدە تۇرماقتا.

بۈگۈن بىز جەنۇبى ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ رەسمىي تىلىنىڭ ئىنگلىزچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز.

دېمەك ئەگەر خىتاي ئۇيغۇر تىلىنى يوق قىلىش قەدىمىنى ھازىرقىدەك تېز ئالىدىغان بولسا ئەگەر، ئۇيغۇرلار جىددىي تەدبىر ئالمىغان تەقدىردە، خۇددى ھازىرقى ئافرىقىلىقلار ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ ئىنگلىزچە سۆزلەشكەنگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ خىتايچە سۆزلىشىدىغان پاجىئەگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

كۆچۈش ۋە سۈرگۈنلەرنىڭ تىلنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان تۈركىيەلىك تىل تەتقىقاتچىسى Rékin Ertem تىللارنىڭ ئۆلۈشىناملىق ماقالىسىدە،

كۆچۈش ۋە سۈرگۈنلەرنىڭ بىر تىلنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "سىياسىي ۋە ئىقتىسادى سەۋەبلەر پەيدا قىلغان كۆچمەنلىكتىن بىر تىلنى سۆزلىشىدىغان خەلقلەر پارچىلىنىدۇ. بىر قانچە پارچىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ پارچىلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىدىن ئۇزاقلاشقانچە، ئۆزى قوشۇلغان خەلقلەر ئىچىدىكى ئاساسلىق تىلنىڭ بېسىمى بىلەن شۇ تىلنىڭ ئىچىدە ئېرىشقا باشلايدۇ. دۆلەت تەرىپىدىن ھېچقانداق بىر بېسىم قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ پەقەت ئاساسى تىلنىڭ بېسىمىنىڭ تەسىرىدە، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارنى چۈشىنىش نەتىجىسىدە ئانا تىلنى قوللىنىش ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. نەتىجىدە ئۇ تىل ئۆلىدۇ " دەيدۇ.

ئۇ يەنە: "كۆچمەن بولغان خەلقلەر يېڭى بىر تىل بىلەن ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە، ھېس تۇيغۇ، چۈشەنچە ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئامېرىكىغا مەجبۇرىي قۇل قىلىنىپ كەلتۈرۈلگەن زەنجىلەر، بۈگۈن ئانا تىلنى ئۇنتۇغاننى ئاز دەپ ئامېرىكىلىق بولغانلىقلىرىدىن پەخىرلىنىپ ياشىماقتا. پولشا ۋە لىتۋانىيەگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان قىرىم تاتارلىرىمۇ تاتارچىنى ئۇنتۇپ زومىگەر تىلنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئافغانىستاندىن ئامېرىكىغا، ئافرىقىدىن ئەنگلىيەگە، شىمالى ئافرىقىدىن ئىسپانىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەگە كۆچمەن بولۇپ بارغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئانا تىللىرى يوق بولدى ۋە ياكى بىر قانچە نەسىلدىن كېيىن يوق بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. خىتاي زۇلۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي 1930-يىللىرىدا تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشكەن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ چوڭلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىن قالغان ياشلىرى ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش ئېھتىياجى قالمىغاندىن كېيىن بارغانچە تۈركىيەگە ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلى ھازىر ئۆلگەن تىل بولۇپ قالدى "دەپ يازىدۇ. دېمەككى تىل تەتقىقاتچىلىرى، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ تۈركىيەدە ئۆلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا. سوئال ئۇيغۇر ئانا تىلى يېقىن كېلەچەكتە، دۇنيادىكى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالارمۇ؟

چەتئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر، ئانا تىلىمىزنى قوغداشتىكى ناۋايى بولايلى.

ئەلىشىر ناۋايى، 15-ئەسىردە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى پاساھەتلىك ۋە سەن'ئەتلىك بىر تىل ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك شېئىرى داستانلىرىدا نامايان قىلغان ۋە بۇ خىل قاراشنى قوغداشقا تىرىشقان شائىر ۋە ئەدىب. ئۇ ئەينى دەۋردە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ خىرىس قىلىشىغا دۇچ كەلگەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىممىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلغان بىلىم ئادىمى ۋە دۆلەت ئەربابىدۇر.

ئەلىشىر ناۋايى، ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋردە مودا بولۇۋاتقان ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ياخشى بىلىدىغان بىر ئەدىب، بولغىنىغا قارىماي، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىپ ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ شان شەرىپى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىغان. ناۋايى ئۆز دەۋرىدە يېزىقچىلىق ۋە دۆلەت باشقۇرۇشتا ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان ئەدىب، شائىر ۋە دۆلەت ئادىمى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىشى پارس تىلى ھۆكۈمرانلىقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ دەۋردە، ئۇيغۇر تۈرك تىلىنىڭ خۇددى يۇلتۇزدەك پارلىشىغا سەۋەب بولغان. ناۋايى روھى ھازىرمۇ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ۋە قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئەلىشىر ناۋايى، 11-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مەخمۇد قەشقىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ۋە

شان شەرىپىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك خىزمەت كۆرسەتكەن كىشى بولۇپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇ "مۇھاكىمەتۇل-لۇغەتەيىن" ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ناھايىتى كۆپ يەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن. ناۋايىنىڭ بۇ ئەسىرىنى، ئەينى دەۋردە ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەرەبچە ۋە پارسچە ئەسەر يېزىۋاتقان كىشىلەرگە قارىتىپ يازغانلىقى مەلۇم. بۇندىن باشقا ئۇيغۇر تارىخىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ 11-ئەسىردىمۇ بۈگۈنكىدەك يوق بولۇش خىرىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئۇ دەۋرلەردە مەخمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانى-لۇغەتىت-تۈرك» ناملىق شاھانە ئەسەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتلىك ۋە گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك بىز تارىخنى ۋاراقلىغان ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر 5 ئەسىردە بىر قېتىم خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز.

ئەمما ھەر دەۋردە، ماخمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر ناۋايىدەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىنى جان تىكىپ قوغدىغان. 21-ئەسىردە يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر ئانا تىلىمىز ھايات مامات كۈرىشىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ كۈرەشتە، بىزنىڭ يېڭىلىپ قېلىشىمىز ۋە ياكى غەلىبە قىلىشىمىز ئەلۋەتتە ھەر بىرىمىزنىڭ بىردىن ناۋايى ۋە مەخمۇد قەشقىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان ۋە چىقالمايدىغانلىقىمىزغا باغلىق.

يەھۇدىيلار ئۆلگەن تىلنى تىرىلدۈرۈشتە ئالاھىدە ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مىللەت بولۇپ، بىلگىنىمىزدەك مىلادىدىن بۇرۇنقى 587-ۋە مىلادىدىن كېيىنكى 70-يىللاردا ئىككى قېتىم ھاكىمىيىتى چۈككەن يەھۇدىيلار، دۇنياغا تارىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ئېتىقادلىرى ۋە ئۆرپ ئادەتلىرىنى قوغداپ قالالىغان بولسىمۇ ئەمما، تىللىرىنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇشقا باشلىغان بولۇپ، بىللە ياشاشقا مەجبۇر بولغان باشقا بىر توپلۇمنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشكە تولۇق يۈزلەنگەن ئىدى. يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، رۇسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ۋە گېرمانىيەنىڭ ياردەم قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆز زېمىنلىرىغا قايتقان يەھۇدىيلار بىر-بىرىنى چۈشىنەلمەس ھالەتكە كەلگەن ئىدى. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىبرانى تىلى ئۆلگەن ئىدى. يەھۇدىيلار دەرھال ئىبرانىچە كۇرسلار ئاچتى، يەھۇدىي تىلىنى جانلاندۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارىلىپ كەتكەنلىكلىرىگە قارىماي، ئۆز مىللىي كىملىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئانا تىلى ئىبرانىچىنى قايتا تىرىلدۇردى.

11-ۋە 15-ئەسىرلەردە ئوخشاش خىرىسقا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر تىلى 21-ئەسىرگە كەلگەندە خىتايدىن ئىبارەت بۇ تاجاۋۇزچىنىڭ ئىقتىسادى، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېغىر تالان-تاراج قىلىشىغا دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىشتا ھەممىمىز بىر ماخمۇت قەشقىرى، ناۋايى بولايلى

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئۇيغۇر ئانا تىلىشىمىزنى قوغداپ قېلىشتا ئالدىنقى سەپتىن يەر ئېلىشى كېرەك.

يازايلى، يازايلى، يازايلى، ئۇيغۇر تىلىدا توختىماي شېئىر قوشاق، داستان، سۆز ئويۇنى، ماقالە، مۇلاھىزە، تەرجىمە، باللار چۆچەكلىرى، ئېپىزوت، ھېكايە، پوۋېست، رومان.........ئۇيغۇر تىلى ئىپادىلىنىدىغان نېمە بولسا يازايلى. يېتەركى ۋەتەندە مەجبۇرىي ئۈچۈر ئالاقىدىن، دۇنيا سەھنىسىدىن

قالدۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر تىلى چەتئەللەردىكى ھەر بىر پىدائىي، مەخمۇت قەشقىرى ۋە ناۋايىلارنىڭ جاسارىتىدىن، ئۆزىنىڭ 21-ئەسىردىمۇ پاساھەتلىك گۈزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى، ئىپادىلەش جەھەتتە خىتاي تىلىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان، بىر قەدىمى چوڭ تىل ئىكەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىسۇن.

دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان تارقىلىپ يۈرۈۋاتقان مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمان ۋە شائىر ئابدۇكېرىم خوجايۇپ ئاكىمىز بىلەن، بىر خىتاي يازغۇچى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى دىئالوگنى قىستۇرۇشنى لايىق كۆردۇم.

بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ھوجايۇپ ئاكىمىز ئۈرۈمچىدىكى بىر ئاپتوبۇستا بىر خىتاي يازغۇچىسى بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ قېلىپتۇ. خىتاي يازغۇچى ئابدۇكېرىم خوجايۇپتىن، ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەيسەنغۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

سىلەرنىڭ، ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە، غەربكە ساياھەت قاتارلىق قەدىمى كىتابلىرىڭلارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، دەپتۇ ئابدۇكېرىم خوجايۇپ خىتاي يازغۇچىغا.

بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان خىتاي يازغۇچى، ھە..... ئۇيغۇر تىلى بۇنىڭغا يەتتىمۇ دەپ سوراپتۇ. ھازىر جاۋاب ئابدۇكېرىم خوجايۇپ ئەپەندى خىتاي يازغۇچىغا، ۋاي يېتىپ ئېشىپ قالدى دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ ناھايىتى ئاددىي ۋە مەنىلىك جاۋاب، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانچىلىك باي، قانچىلىك پاساھەتلىك قانچىلىك يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇر تىلى دۈشمەنلىرىگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر مائارىپ، ئىلىم -پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى.(UNESCO) ھەر يىلى 10 تىلنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھازىر ئۇچۇر ئالاقىدە ياشاۋاتقان 6 تىلنىڭ بىر قىسمىنىڭ 100 يىل ئىچىدە ئۆلىدىغانلىقى دىققەت چەكمەكتە.

شۇڭا ئۇيغۇر تىلى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارغا نىسبەتەن سەزگۈر بولۇش ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن تەدبىر ئېلىش بىز بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەن'گېن مۇھىم ۋەزىپە.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا قاراپ تۇرمايلى!.

# ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن خىرىسقا قارىتا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەك

(كۆرشاتئوغلى)

12-1-2017

كىرىش سۆز

2017-يىلدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىنى ئۇيغۇر مائارىپ سېپىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ چىقاردى. ۋە بۇ سىياسەت يالغۇز ئۇيغۇرلار بىلەنلا قالماي دۆلىتىم بار يۆلەنچۈكۈم بار دەپ ئۇيغۇرلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ تۇرغان قىرغىز، قازاق مىللەتلىرىنىڭ مىللىي مائارىپىدا بىردەك يۈرگۈزۈلگەن. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا بۇ يىلنىڭ بىشىدىن باشلاپ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىغان ئىككى سىياسىي ھەرىكەت، يەنى" ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە زەربە بېرىش" ھەرىكىتى بىلەن" ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش" سىياسىتى، ئەزەلدىن چەتتە قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. ھەممە ئۇيغۇرنىڭ كاللىسىدا بىرلىككە كەلگەن بىر سوئال كېچىشكە باشلىغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنىق سىياسىتى ئىكەن. ئۇنىڭدىن ھېچ قانداق ئۇيغۇر ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ بولالمايدىكەن. قانداق قىلىمىز؟ ئۇيغۇرلۇقنى قانداق ساقلايمىز؟ ئۇيغۇرلۇقنى ئەۋلادلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلدۇرىمىز؟

تىل بىر مىللەت كاتېگورىيەسىدىكى توپلامغا خاس بولۇپ، ئۇنى ئەۋلادلارغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇشمۇ ئائىلە ۋە توپلامنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكىشى ۋە ئۆز-ئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇپ كېلىنگەن. ئەگەر توپلامدىن ئايرىلغان ياكى غەيرىي ئانا تىللىق توپلام ئىچىدە يەككە ئايلە ھالىتىدە ئانا تىلنى قوغداشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولامدۇ دېگەندە، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاسسىمىلياتسىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەگەر ئۇيغۇرلۇقنى قوغداش ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئۈنۈملۈك ئورۇنلاش كېرەك دېگەندە ئۇيغۇر توپلاملىرىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك.

مەزكۇر يازمىدا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان جەمئىيەت تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغان ھالدا، تۈركىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاشتا ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارغا بېرەلەيدىغان تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئارقىلىق، بىز ئۇيغۇرلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككى ئامىلنى، يەنى "توپلام" ۋە "ئانا تىل" نى ساقلاشنى قانداق ھەل قىلىش ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارىمىز. تەھلىل قىلىشتا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن مەزكۇر يازمىدا توپلام ئاتالغۇسى ئورنىدا دىئاسپورا ئاتالغۇسى قوللىنىلدى ۋە بۇ ھەقتە يازمىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئىزاھات بېرىلدى. مەزكۇر

يازمىدا نەقىل قىلىنغان جەمئىيەتشۇناسلىقتا، جۈملىدىن كۆچمەنشۇناسلىقتا ئالاقىدار ئىلمىي نەزەرىيەلەر، ۋە ئۇيغۇر دىئاسپوراسىغا ئالاقىدار ستاتىستىكا -سانلىق مەلۇماتلار، ئۇيغۇر دىئاسپوراسى ئۈستىدىن يېزىلغان بىر پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئاساس قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ مەنبەلىرىگە قارىتا ئايرىم-ئايرىم ئىزاھات بېرىلمىدى. بۇ ئىلمىي ماقالىنىڭ ئۇلىنىشى بىرىنچى ئىزاھاتتا بېرىلدى.

بىرىنچى قىسىم؛ دىئاسپورا ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار

ۋەتەن سىرتىدىكى مۇسۇلمان بولمىش ئۇيغۇرلارنى دىئاسپورا ئۇقۇمى بىلەن باغلاش بىر قىسىم دىنىي ئۆلىمالارنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلايدىغان مەسىلە. شۇ سەۋەبتىن ئالدىدا دىئاسپورا ئاتالغۇسى ۋە ئۇنى ئۇيغۇر توپلاملارغا ئىشلىتىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى بۆلەك؛ دىئاسپورا ئۇقۇمى ھەققىدە

دىئاسپورا ئۇقۇمى ئەسلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن دۇنيادا سەرسان بولۇپ يۈرگەن يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان خاس ئۇقۇم ئىدى. تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ئىسرائىلىيە دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەر يېرىگە چېچىلىپ كەتكەن. بىر قىسىم گىرېتسىيەگە يەرلەشكەن يەھۇدىيلار "تەۋرات" نى گىرېك تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا "تەۋرات" تىكى ئىسرائىل قوۋمىغا ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا يېتىشىشتىن بۇرۇن بەشىدىن كەچۈرىدىغان سەرسان-سەرگەردانلىق ھاياتىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر ئۇقۇمغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، گىرېكچە" ئۇرۇق"ۋە" چېچىش" دېگەن سۆزنىڭ بىرىكمىسى بولغان" دىئاسپورا" دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. بۇ سۆزلۈك كېيىنچە مەخسۇس سەرسانلىقتىكى يەھۇدىيلارنىلا ئىپادىلەيدىغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن تەڭ يەھۇدىي دىئاسپوراسىغا خاتىمە بېرىلگەنمۇ دېگەندە بۇنىڭغا قارىتا يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئوخشاش كۆز قاراش مەۋجۇت ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى "تەۋرات" تىكى ۋەدە قىلىنغان زېمىنغا قارىتا يەھۇدىي پوپلىرىنىڭ كۆز قارشى بىرلىككە كەلمىگەنلىكى سەۋەب بولغان. مەسىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى كەينىدە ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم يەھۇدىي دىئاسپوراسى ئامېرىكىنى يەھۇدىيلارغا ۋەدە قىلغان زېمىن دەپ قارىسا، يەنە بەزى يەھۇدىيلار يەھۇدىيلارغا "ۋەدە قىلىنغان زېمىن" غا ئېرىشىشنىڭ ۋاقتى كەلمىدى. ئىسرائىلىيە دۆلىتى يەھۇدىيلارغا "ۋەدە قىلىنغان زېمىن" ئەمەس دەپ قاراپ، ئوتتۇرا شەرقتە( ھازىرقى پەلەستىن زېمىنىدا) ئىسرائىل دۆلىتىنى قايتا قۇرۇشقا قارشى تۇرغان. ئۇلار ئارىسىدىكى بەزى دىئاسپورا توپلىمى ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قاراتقان ئىرقى قىرغىنچىلىقىنى تەڭرى" ۋەدە قىلغان زېمىن "غا ئېرىشىش ئالدىدىكى يەھۇدىي قوۋمى تارتىشقا تېگىشلىك ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇشقا ۋە دۆلەتنى قايتا قۇرۇشقا قاتناشمىغان. ۋە شۇ سەۋەبلىك بۇ بىر قىسىم يەھۇدىيلار ئىسرائىلىيە دۆلىتى تەرىپىدىن" خائىن " دەپ ئېلان قىلىنغان. زور بىر قىسىم ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئاۋاز قوشقان يەھۇدىيلار بولسا قايتا قۇرۇلغان ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى تەڭرى يەھۇدىيلارغا ۋەدە قىلغان زېمىن دەپ قاراپ يەھۇدىي دىئاسپوراسىغا خاتىمە بەرگەن.

ئەمما جەمئىيەتشۇناسلىقتا بولسا دىئاسپورا ئۇقۇمى كۆچمەن تەتقىقاتى داۋامىدا كېڭىيىپ بارغان.

بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىككى جەھەتتىن بولغان. بۇنىڭ بىرى يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ يەھۇدىي دىئاسپوراسىغا خاتىمە بېرىلگەن بىلەن شۇنى سەۋەب قىلىپ پەيدا بولغان پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ سەرسان-سەرگاندانلىقىقا مۇپتىلا بولۇش ئەھۋالى كېلىپ چىققان، ۋە پەلەستىنگە ئوخشاش ئۇرۇش سەۋەبىدىن يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىنسانلار توپى دىئاسپورا ئۇقۇمى بىلەن كاتىگورىيەلەشتۈرىدىغان بولغان. ئىككىنچىسى بولسا، يەرشارىلىشىش ھادىسىسىنىڭ تەسىرىدە مۇستەقىل دۆلىتى بولسىمۇ ئىقتىسادى مەنپەئەت سەۋەبىدىن ئۆز دۆلىتىدىن ئۆزگىلەرنىڭ دۆلىتىگە كۆچ ئەتكەن ئىنسانلار توپلىمىمۇ دىئاسپورا كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى كۆچمەن تەتقىقاتى يەنە بىر جەھەتتىن دىئاسپورا تەتقىقاتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك ئۇيغۇرلار ۋە دىئاسپورا

نوقۇل كۆچمەن تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى دىئاسپورا بىلەن ئىپادىلەش توغرا بولسىمۇ، بۇنى يەنە ئازراق چۈشەنچە بىلەن شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمان بولمىش ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدىن ئۆزگىلەرنىڭ يۇرتىدىكى ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان" مۇھاجىر" ئاتالغۇسىنىڭ بولۇشىدا.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئورۇن يۆتكىلىشىگە ئالاقىدار بىرقانچە ئۇقۇم، مەسىلەن" ھىجرەت"،" مۇھاجىرەت"، مۇھاجىر" ئاتالغۇسىنىڭ ھەممىسى "كۆچۈش" مەنىسىنى بېرىدىغان ئەرەبچە كەلىمە" مۇھاجىرىن" نى يىلتىز قىلغان. بۇ بىر تەبىئىي ئاتالغۇ بولۇپ ئىسلام دۇنياسىدا بۇ سۆزنى ئىشلىتىش كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم دىنى ئېتىقادى چىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئەسلىدىنلا يەھۇدىيلارنى ئىپادىلەيدىغان خاس سۆزلۈك بولمىش" دىئاسپورا" ئاتالغۇسىنى مۇسۇلمان توپلاملىرىغا جۈملىدىن ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر توپلىمىغا ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ.

ئەمما ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى دىئاسپورا دېيىش بۇ كۆچمەن تەتقىقاتىغا ئۇيغۇن بولغاندىن سىرت، مۇھاجىر كەلىمىسىگە قارىغاندا دىئاسپورا ئاتالغۇسى ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىقىغا تەخمۇ مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن "مۇھاجىر" ئاتالغۇسى كۆچ ۋە يۇرتىدىن ئايرىلغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ ئەمما ۋەتىنى بار يوقلۇقىدىن قەتئىي نەزەر ئۆز يۇرتىدىن ئۆزگىلەر يۇرتىغا يۆتكەلگەن مۇسۇلمان تائىپىسىدىكى شەخس ۋە توپلامنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما دىئاسپورا ئۇقۇمى بولسا دەل يەھۇدىيلارنى ئەينى چاغدىكى ۋەتەنسىز ھالىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەنلىك سەۋەبىدىن، بۇ ئاتالغۇ يەنە بىر جەھەتتىن ۋەتەنسىز ئۇيغۇرلارغا ئۆز قىسمىتىنى خاتىرىلىتىدىغان ھەر ۋاقىت ئېسىگە سېلىپ تۇرىدىغان، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ۋەتەنسىزلىكنى "خاتىرىلىتىپ" تۇرىدىغان ئۇقۇم بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا قارىماي دەل باشقا مۇسۇلمان مەملىكەتلەردە خىتاينىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى سەۋەبىدىن قوغداشقا ئېرىشەلمەي ئەكسىچە زەربىگە ئۇچۇرۇشى، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى يالغۇز مۇسۇلمانچىلىق كاتېگورىيەسىدە ھەل قىلىشنىڭ رىيال ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھىرىگە ئورۇنلاشقان ئۇيغۇر توپلامىنىڭ كۆچ تارىخىنى كۆرۈپ ئۆتسەك، ئۇلار 1960-يىلى ھۆر دۇنياغا ئۇيغۇرلارنىڭ نىداسىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلغان بولسىمۇ، 4 يىلدىن كېيىن، يەنە 1964-يىلى تۈركىيەگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئىككىنچى

قېتىملىق كۆچۈشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئافغان ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇرلارغا مۇسۇلمانچىلىق نۇقتىسىدىن مۇھاجىر قاتارىدا ئۆز دۆلىتىدە ياشاشقا يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويمىغان، ۋە سىياسىي پائالىيەتنى مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىشقا ئاتلانغاندا ئۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بۆلۈنۈپ بىر قىسمى ئوتتۇرا شەرققە يەنە بىر قىسمى تۈركىيەگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ ھايات قىسمىتى بىزگە، ئاخىرقى خەلىپىلىكنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن تەڭ ھەرقايسى مۇسۇلمان مىللەتلەر مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق ئۇممەتچىلىكنى ئەمەس مىللەتچىلىكنى ئوز دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى قىلغانلىقتەك رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئورۇن يۆتكەش سەۋەبىدىن مۇھاجىر خاراكتېرىنى ئالغان شەخس ياكى توپلۇملارنى ئۆز قوينىغا ئالسىمۇ، ئەمما ئۆز تېررىتورىيەسىدە دۆلىتىنى قۇرۇش ھەرىكىتىدە بولغان مۇسۇلمان توپلىمىنى مىللىي دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ سىياسىي جەھەتتىن سىتىپ پايدىلىنىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بىزگە ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇھاجىر تائىپىسى بىلەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە ئوخشاش دىن ئوخشاش مەزھەپتىكى ئىنسانلار تەرىپىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە سېتىلىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىر قىسىم ئۇيغۇر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى قىسمىتىنى ئەينى چاغلاردىكى يەھۇدىي دىئاسپوراسىغا تەتبىقلىشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى قىسمىتى دەل ئەينى چاغدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەر دۆلەتتە ئۇچۇرغان قىسمەتلىرى بىلەن ئوخشاشلىقىدا ئىگە بولغانلىقىدا. شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىيلار دىئاسپورادىن قانداق قۇتۇلغان بولسا ئۇيغۇرلارمۇ پەقەت دۆلەت قۇرۇش بىلەن تەڭ دىئاسپورالىق ھالىتىگە خاتىمە بېرەلەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى دىئاسپورا دەپ ئاتاش تەخمۇ رېئاللىققا ئۇيغۇندۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنى دىئاسپورا بىلەن باغلاشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 2017 -يىلدىن باشلانغان، ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن تەڭ ئۇيغۇرلار ۋەتەن ئىچى سىرتىدا پۈتۈن سەپ بويىچە دىئاسپورا دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدا.

يەنە بىر جەھەتتىن، ھازىرقى ئوتتۇرا شەرقتىكى شەرىئەت تۈزۈمى بىلەن دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى زىددىيەت، مىللىي دۆلەت (Nation State) قۇرۇلمىسى بىلەن شەرىئەت تۈزۈلمىسىنىڭ بىر-بىرىگە ماس كەلمەسلىكى سەۋەبىدىن بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى مىللىي دۆلەت ئېنىقلا دىنىي بىرلىك ئەمەس ئېتنىك بىرلىكنى ئاساس قىلىپ“ئۆي ئايرىش” نى كۆرسىتىدۇ، شەرىئەت بولسا ئېتنىك پەرقىدىن قەتئىي نەزەر، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئىگە ئۇممەت دۆلىتىنى مەقسەت قىلىدۇ. مىللىي دۆلەت قۇرۇلمىسى بىلەن شەرىئەت تۈزۈلمىسىنى بىرلەشتۈرۈش خۇددى ئاپتوموبىل ئېلىپ ئۇنى كالىغا قېتىپ قوشقا سالغاندەكلا مەنتىقسىز. بەلكىم بۇ يەردە بەزىلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق سەرسان ھاياتىغا ئۇلارنىڭ دىنى سەۋەب بولغان، ۋە شۇنىڭدەك ئاخىرقى ھېسسپتا پەلەستىنگە قايتىپ دۆلەت قۇرۇشىغىمۇ ئۇلارنىڭ دىنىنى سەۋەب بولغان، شۇنداق ئىكەن بىز نېمە ئۈچۈن دىنىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ بۇ سەرسان ھاياتىمىزنى كاتېگورىيەلەشتۈرمەيمىز دېيىشى مۇمكىن. بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ دىئاسپورا ئاتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق دىئاسپوراغا خاتىمە بېرىشىغا

كەلسەك، يەھۇدىيلار بولسا بىر مىللەت بىر دىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەرسان بولۇشى دۆلەت زېمىن تالىشىشقا ئوخشاش سىياسىي سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا، مىللىي مەۋجۇتلۇقنى چىقىش قىلىپ خەلقئارالىق سىياسىي ئويۇنلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ دۆلەت قۇرغان دېيىش مۇۋاپىق. بۇنى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئەسىردە ئەنگلىيەنىڭ ئويناپ كەلگەن "ئۇچ يۈزلىمچىلىك دىپلوماتىيەسى" ۋە يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كونكرېت سىياسەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ يەردە ئېنىقكى مۇھاجىرەت ئاتالغۇسىغا قارىغاندا دىئاسپورا ئاتالغۇسى ئۇيغۇر توپلاملىرىغا تەخمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتلاردا مەيلى دۇنياغا چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلار بولسۇن ۋە ياكى پەلەستىنىدە قېلىپ قالغان يەھۇدىي توپلاملىرى بولسۇن ھەممىسى دىئاسپورا ئۇقۇمى ئاستىدا كاتېگورىيەلەشتۈرۈلگەن. ئەمما بىزگە مەلۇمكى ئۆز ماكانىدىن ئايرىلمىغان مۇسۇلمان ۋەتەنسىز بولسىمۇ ھەرگىز مۇھاجىر ھېسابلانمايدۇ. ئەمما دىئاسپورا تېخىمۇ ئوچۇق بىر مەنىسى دەل ۋەتەنسىزلەرگە قارىتىلغانلىقىدا.

شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار بۇ ۋەتەنسىزلىككە ۋە سەرسان ھاياتقا خاتىمە بېرىشنى مەقسەت قىلىدىكەن، ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ۋە ياكى سىرتتىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ھازىرقى ھالىتىنى ئەڭ رېئال ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇمنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. دىئاسپورا دەل شۇنداق ۋەتەن ئىچى سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنسىز ھالىتىنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ دەپ ئىشىنىمىز. ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار بۇ دىئاسپوراغا خاتىمە بېرىشنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قۇرماقچى بولغان دۆلىتىنىڭ شەكلى ئېنىق مىللىي دۆلەت, تۈزۈلمىسى دېموكراتىيە بولۇشى كېرەكمۇ؛ ۋە شۇنىڭدەك بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش، بارلىق ئۇيغۇر دىئاسپورا توپلاملىرىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇشىنىڭ ۋە ئىستراتېگىيە پىلانلىرىنىڭ ئاساسى بولۇشى كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش مەزكۇر يازمىنىڭ مەقسىتى ئەمەس بولغانلىق سەۋەبىدىن بۇ يەردە ئارتۇق توختالمايمىز.

ئىككىنچى قىسىم؛ ئۇيغۇر دىئاسپورا توپلىمىنىڭ شەكلى

ۋەتەن سىرتىدا توپلام ھالىتىدە يەرلەشكەن ئۇيغۇرلار دېگەندە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتىكى توپلامنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈركى دۆلەتلەردە يەرلەشكەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا پەقەت تۈركىيەنىڭ قەيسېرى شەھىرىدىكى بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار بۇ خىل توپلامغا كىرىدۇ.

ئەمما يېقىنقى شۇ ئىككى بۆلەك توپلامنى ھېسابقا ئالمىغاندا ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى تارقاق ھالەتتە سىرتقا يۆتكەلگەن ۋە تارقاق ھالەتتە يەرلەشكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ قوشنىدارچىلىق ھالەتتىكى توپلام بولۇپ ئۇيۇشۇشى ناھايىتى مۈشكۈل. ئەمما ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار تارقاق ھالەتتە بولسىمۇ ئۇلار شۇ يەردىكى بىرقانچە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئورگانلارغا باغلىنىپ تورلىشىش شەكلىدىكى بىر قانچە توپلام ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر خىل دىئاسپورا توپلىمى بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئۈلگە بولالايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى "شەرقى تۈركىستان مائارىپ دەرنىگى" نى ئېلىپ ئېيتساق بۇ دەرنەك ئۆزىگە ئۇلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى، سىياسىي ئېھتىياجلىرىغا يار-يۆلەك بولغاندىن سىرت كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئانا تىل ۋە دىن تەربىيە ئېلىشى ئۈچۈنمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىماقتا.

ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ئورگانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئەزەلدىن تارتىپ ئېھتىيات قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئورگان ۋە شەخس ئىككىلا تەرەپنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تەھلىل قىلىش زۆرۈر.

ئالدىدا ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ۋە ئورگانلارنىڭ قۇرۇلۇش مەقسەتلىرى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانى ۋە يۆلىنىشلىرىدىن تەھلىل قىلساق، زور كۆپچىلىك تەشكىلاتلار "بېرە ئىش قىلىشنى" مەقسىتىدە قۇرۇلغان. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب زور كۆپچىلىك ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەت ۋە رايوندىكى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى دېسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىستىخىيەلىك ھالەتتە بىرقانچە ئون كىشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان پارتىزانچە تەشكىلاتلاردىن ئىبارەت. ئۇلار بىر ئىدىيە بىر ئىستراتېگىيە ۋە بىر يۆلىنىشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولماستىن، "ئۇيغۇر ئۇچۇن" دېگەن بىر چوڭ كاتېگورىيە ئاستىدا ھەر خىل مۇددىئا مەقسەتلەر ئۇچۇن قۇرۇلغانلىق سەۋەبىدىن بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشى مۇشكۈل بولماقتا. بۇ بىزگە نېمە ئۇچۇن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر دائىم قالايمىقان، تەشكىلسىزلىكتىن قۇتۇلالماسلىق سەۋەبىنى يەكۈنلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن بۇ يەردە ئىستانبۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان "شەرقى تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى" نى ئېلىپ ئېيتساق، ئوتتۇرا شەرقتە دىنىي تەلىم ئالغان ۋە تۈركىيەگە يەرلەشكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر ئىلغارلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى دىن تەرەپكە خېلى ئاغقان بولۇپ، بۇنىڭغا يارىشا ئۇلار مەسىلەن تەرجىمە ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلاردا ئوتتۇرا شەرقتىكى دىندار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە ۋە شۇنىڭغا يارىشا دىنىي مەزمۇننى ئاساس قىلغان نەشرى بۇيۇملىرى زور سالماقنى ئىگىلىمەكتە. ۋەتەندىن چىققان نىسبەتەن "لايىق" ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئارىسىدا ئارىلىق بار. ئەكسىچە دىنغا تەقۋا ئوتتۇرا ياكى تۆۋەن مائارىپ تەربىيەسىدە بولغان ئۇيغۇرلار بۇ تەشكىلاتقا مايىل. شۇ سەۋەبتىن ئوخشاش "ئۇيغۇر ئۇچۇن" قۇرۇلغان تەشكىلاتلارغا بېرىپ ئوخشىمىغان مۇئامىلە ۋە نەتىجىلەرگە ئېرىشىش، ئوخشاش "ئۇيغۇر ئۇچۇن" ۋەتەننى تېرىك ئەتكەن ئۇيغۇرلارنى گاڭگىرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىق ساقلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالغان.

شەخس تەرەپتىن بۇنى كۆزەتكەندە، ۋەتەنسىزلىك قىسمىتىگە دۇچار بولغىلى ئۇزۇن زامانلار بولغان ئۇيغۇرلاردا ۋەتەن مىللەت تەربىيەسى سۇسلاپ ياكى يوقاپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى. بۇ يەردە ئۇزۇن بولدى دېيىشنى كونكرېت قىلساق، ئىككىنچى شەرقى تۈركىستان قۇرۇلغان غۇلجىنى مەركەز قىلغان شىمالدا، قۇرئان يادلاتقان مەرھۇم بوۋىسىدىنمۇ، بېقىپ چوڭ قىلغان دادىسىدىنمۇ ئاپتور مىللەتچىلىك ھەققىدە ئاڭلىغىنى يوق. ئەمما چوڭلارنىڭ بەرگەن تەربىيەسى بولسا، "سىڭگەن نېنىڭنى يە، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشما" بولغان.

غۇلجىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان ئىككىنچى "شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" دەۋرلىرىگە ئاپتورنىڭ مەرھۇم بوۋىسىنىڭ قىرانلىق ۋاقىتلىرى توغرا كەلسە، ئاتىسىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بار بولغان بالىلىق ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئەمما مىللەتچىلىكنى نېمە سەۋەبتىن ئۆز ئەۋلادىدىن پىنھان تۇتۇشىغا كەلسەك، ئەۋلادىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاشقان بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلايمىز. خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئىشغالىيىتىدىن كېيىنكى يەر ئىسلاھاتىدىن باشلانغان ۋە "مەدەنىيەت چوڭ ئىنقىلابى" دېگەندەك سىياسىي ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان ئۇيغۇر

ئات-ئانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى كېيىنكى ئەۋلادلارنى قانداق قىلغاندا بىخەتەر ساقلاش بولۇپ قالغان. ۋە شۇ سەۋەبتىن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مەركەزلىك زەربە بېرىش نىشانى بولۇپ كېلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىدىن ئۆز ئەۋلادلىرىنى يىراق تۇتۇش شەرقى تۈركىستاندىكى زور كۆپچىلىك ئاۋام خەلقىنىڭ تاللىشى بولۇپ كەلگەن. ئەمما ئۇيغۇر زىيالىي قاتلىمىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاۋام خەلقىنىڭ بۇ تاللىشىدىن ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىشىنى توسۇپ قالغان. ئوغۇزخان ئېپوسى ئارقىلىق ئۇيغۇر نامىنىڭ كېلىپ چىقىش قىسسىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ياسىلىشى، قەشقەردە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مەقبەرىسىنى تىكلەش، يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن ناۋايىغىچە مەشھۇر شەخسلەرنى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەقسەت نىشانلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ" ئۇيغۇرلاشتۇرۇش"، ۋە سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى" ئېغىز ئەدەبىياتى" قاتارىدا ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈشتەك خىزمەتلەرنى مىللىي مائارىپ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇرنى ئاستىدا ئەقلى-ھوشيارلىقى بىلەن "مىللەت" ئېڭىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا سىڭدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا ھەرقانداق ۋاقىتتا ياندىغان ئوت ھالىتىگە ئەكېلىپ تاشلىغان ئىدى. ئاپتور ئۆزى بىۋاستە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ھەققىدىكى قىسە، لېكسىيە، ياكى ۋەزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان بىلەن،" ئوغۇزخان " قىسسىنى ئوقۇغان،" ئۇيغۇر" نامىنىڭ قەدىمىيلىكىنى بىلگەن، مەھمۇد قەشقىرى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا چوڭ بولغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىدىن ھېچقانداق مىللەتچىلىك قىسسىلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئەكسىچە" بېشىڭنى ئىچىگە تىقىپ ياشا " دېگەن تەلىملەردە چوڭ بولغان بولسىمۇ، 19 يېشىدا تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» كىتابىنى ئوقۇغاندا نېمىدۇ بۇ دەپ گاڭگىرىمىغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تەبىئىي رەۋىشتە ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇپ ماڭالىغان ئىدى. دېمەكچى بىزدىكى زور كۆپچىلىك ياشلاردا مىللەت توغرىسىدا تەييارلىقى بار ئاساس بار. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە بۇلارنى توغرا يېتەكلىمەي، مىللەتچىلىكتىن باشقا نىشانلارغا قايمۇقتۇرىدىغان كەينىگە چېكىندۇرىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ بولۇشىدا.

ئەگەر ئۇيغۇر دىئاسپوراسى بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى بولغان ھالەتتە، بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىئا-مەقسەتلىرى بىرلىككە كېلىپ ھەممە ئۇيغۇرغا ئوچۇق بولۇش ھالىتىگە كېلىپ، بىرلىكسەپ قۇرۇلۇشىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە يەنە ئىش تەقسىماتىغا قاراپ دىئاسپورا تەشكىلاتلىرى كەسپىلىشىشكە قاراپ مېڭىشى كېرەك. يەنە دىئاسپورا تەشكىلاتى نوقۇل سىياسىي تەشكىلات بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلار مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە شۇ دۆلەتتىكى قانۇن ھوقۇقلىرىنى قوغداشنى مەقسەت قىلسا، ئۇندىن باشقا تاپاۋەتسىز تەشكىلاتلارمۇ (ن. پ. و) قۇرۇلۇشى، ۋە ئۇلار كەسىپ ئايرىپ تەرەققىي قىلىشى كېرەك. ئاۋسترالىيەدىكى ئۇيغۇر مەكتىپى، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ۋە ئۇيغۇر يار فوندىلار بۇنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بولالايدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا" زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق" دېگەن ئەقلىيە سۆزى بار. كەسپىلىشىش ئىش ئۈنۈمىنى يۇغۇرى كۆتۈرۈپ، بىر توپلامنىڭ زامانغا لايىق ھالدا ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىخىيەلىك ھالدا بىر قانچە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا باغلىنىپ ئۆز ئالدىغا توردەك ئۇلىشىپ توپلام شەكىلدە يەنە" تور توپلام " ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى

دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدە تارقاق ھالەتتە كۆپىيىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ "تور توپلام" ھالىتىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشنى ئەملى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەملى تەكشۈرۈشلەردىن كەلگەن خۇلاسىلەردىن بىز" قوشنىدارچىلىق توپلام" قۇرۇشنىڭ تەبىئىي رەۋىشتە مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى بىلىمىز. ئەمما" تور توپلام" قۇرۇش بولسا سۈنئىي رەۋىشتىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار بولۇپ، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەۋلادى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى خالايدىغان ھەر قانداق ئۇيغۇر، ئامال بار ئۇيغۇرلار نىسبەتەن كۆپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرگە ئورۇنلىشىپ قوشنىدارچىلىق ھالىتىدە بولمىسىمۇ تور شەكلىدە بىر-بىرىگە ئۇلىنىشى ۋە شۇ توپلامنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى قوللايدىغان ئورگان قۇرۇشى كېرەك.

ئەمدى ئەۋلاد تەربىيەلەش مەسىلىسىگە كەلسەك، مىللەتچىلىكنى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى بىزنىڭ زىيالىيلارنىڭ قانداق ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. يىلدا نەچچە قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان نامايىش ئەۋلادلارنىڭ" مىللەتچى " بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا يېتەرلىك دەستەك بولالمايدۇ، ۋە نوقۇل سىياسىي ئىدېئولوگىيەنىلا تېڭىش ئارقىلىق مىللەتچى قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئەمەس. ئەۋلادلارغا مىللەتچىلىكنى سىڭدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى سىياسىي شوئاردىن كۆپرەك ئىلمى يوسۇندا ئۇيغۇر تىلى، تارىخى، ئەدەبىيات-سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇچۇرلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بالىلارغا سىڭدۈرۈش كېرەك. شۇنىڭغا كېرەكلىك مۇنتىزىم دەرس تېكىستلىرىنى تەييارلىيالايدىغان ئىلمى ئادەملىرىمىز ھازىر بىخەتەر دۆلەتلەردە تەييار بار. مەسىلەن ئوتتۇرا-باشلانغۇچ سەۋىيەسىدە ئەدەبىيات، تارىخ دەرسلىكىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلالايدىغان كىشىلەردىن در. ئەسئەت سۇلايمان، در. نەبىجان تۇرسۇن قاتارلىق ئۆز ئىلمى ئەمگەكلىرى بىلەن ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن نوپۇزلۇق زىيالىيلىرىمىز بار. تۈركىيەدە بولسا بۇ زىيالىيلار بىلەن ئىشبىرلىكى ئېلىپ بېرىپ بۇ كىتابلارنى تۈزۈش ۋە نەشرگە تەييارلاش ھەتتا بېسىپ تارقىتىشقا قەدەر تەييار ھالەتتىكى زىيالىيلار، كەسىپ ئەھلى ۋە نەشرى ئورگانلار بار. بۇلارنى قوللايدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار تەشكىل قىلىنسا توپلام ھالىتىدە ئەۋلاد تەربىيەلەشكە تېگىشلىك دەرسلىكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ھېچقانداق توسالغۇ مەۋجۇت ئەمەس. خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى ۋەتەن ئىچىدە مىللىي مائارىپنى سىستېمىلىق يوقىتىشتا غەلىبە قىلغان بولسا، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە توپلام ھالىتىدە ئۇيۇشۇپ مىللىي مائارىپنى سىستېمىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك. شۇنداق بولمايدىكەن ئۇيغۇرلار ۋەتەن ئىچى – سىرتىدا ئانا تىلنى ساقلاش، ۋارىسلىق قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن قەدەممۇ قەدەم مەھرۇم بولۇشى ۋە ئەڭ ئاخىردا پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

خۇلاسىلىگەندە، پەقەت توپلامنىڭ نامىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان پارتىزانچە" مىللىي داۋالار " غا خاتىمە بېرىلىشى، مىللىي" مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن" دەيدىغان بىر مەقسەتكە ئۇيۇشۇپ، شۇ مەقسەت ئۈچۈن پىلانلىق، سىستېمىلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئىشلار سىستېما ھالىتىگە كەلگەندە بارماقلار ئاجىز بولسىمۇ ئۇيۇشسا مۇشت بولۇپ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلىگەندەك، دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارمۇ كۈچلىنىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولالايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

ئۈچىنچى قىسىم؛ دىئاسپورا توپلىمىنىڭ ئانا تىلنى قوغداشتىكى رولى ھەققىدە بىر مىسال

ئانا تىل تەربىيەسى تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرۈش شەكلىدە ھەر ئائىلىنىڭ شەخسى ئىشى قاتاردا مۇئامىلە قىلىنماسلىقى كېرەك. پەقەت ئۇيغۇر دىئاسپورا توپلىمى شەكىللىنىپ خۇدى بىر پارچە ئورماندەك ھالەتكە كەلگەندە ئانا تىل تەربىيەسىگە مۇناسىپ مۇھىت ھازىرلىيالايدۇ. ئانا تىل تەربىيەسىمۇ شەخسى ئائىلىلەرگە بېسىم بولۇپ قالماي توپلام ئىچىدە كوللېكتىپ ھالدا تەبىئىي رەۋىشتە ھەل قىلىنىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. بىز بىر توپلامنىڭ ئانا تىلىنى قوغداشتىكى رولىنى تۈركىيەنىڭ قەيسىرى شەھىرىگە جايلاشقان ئۇيغۇر مەھەللىسى( تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ت مەھەللە دېيىلدى) ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئەمىلى تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدىن كۆرۈپ ئۆتىمىز.

-1 پاراگراف داۋاملىشىۋاتقان تىلنىڭ مودېلى

ت مەھەللە ئاھالىسى 1964-يىلى ئافغانىستاندىن تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھىرى ئەتراپىغا كۆچۈپ يەرلەشكەن ئۇيغۇر توپلىمى بولۇپ، بىرىنچى ئەۋلادىنىڭ بارلىق ئەزاسى، ھەمدە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلادىنىڭ بىر قىسمى شەرقى تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر تىلى مۇكەممەل دەپ ئېيتالىساقمۇ، تۈركىيەدە مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيەسى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇيغۇر تىلىغا ۋارىسلىق قىلالىغانمىدۇ، دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. تۈركلەر بىلەن ئوخشاش مەكتەپكە قاتراپ، تۈرك تىلى مۇھىتىدا يېتىلگەن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ سىرتقى قىياپىتى، تۈرك باللىرى بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ت مەھەللىسىدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ۋارىسلىق قىلدۇرىدىغان ئالاھىدە تىل ئۆگىنىش مودېلى مەۋجۇت.

ت مەھەللىسىدىكى باللار ئىككى مۇھىت ئىچىدە تەڭ ياشاپ كېلىدۇ. بىرى چوڭ مۇھىت بولۇپ، بۇ تۈركىيە جەمئىيىتىدىن ئىبارەت. ئىككىنچىسى بولسا ت مەھەللىسىدىن ئىبارەت كىچىك مۇھىت. بۇ ئىككى مۇھىت ئىچىدە قالغان كېيىنكى ئەۋلادلار، بۇنىڭغا نىسبەتەن پەرق بارلىقىنى ھېس قىلامدىغاندۇ؟ تۈركىيە جەمئىيىتى دېگەن بۇ چوڭ مۇھىت ئىچىدە كېيىنكى ئەۋلادلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنى قانداق شەكىلدە ھېس قىلىدىغاندۇ؟ يەنە ت مەھەللىسى ئىچىدە، كىچىك مۇھىتنىڭ كىملىكىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانداق يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقاندۇ؟ تۆۋەندە بىز بۇ سوئاللارغا كونكرېت جاۋاب بېرىپ ئۆتىمىز.

تىل تەربىيەسى

تۈركىيە پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ت مەھەللىسىدىكى باللار مەجبۇرىي مائارىپتىن ئالىي مائارىپقىچە تۈركىيەنىڭ ئومۇمى مائارىپ تەل-تەربىيەسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. باللار ئومۇمىي مائارىپ تەلىم-تەربىيە جەريانىدا تۈركلىشىشنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ت مەھەللىسى ئىچىدىكى ئۇيغۇر كۈلتۈرىغا ئائىت تەلىم-تەربىيەنىمۇ قوبۇل قىلىپ ماڭىدۇ. ت مەھەلىدىكى تەلىم-تەربىيەنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر تىلى تەربىيەسىدىن ئىبارەت.

ھەر يىلىنىڭ يازلىق ۋە قىشلىق تەتىل ئارىسىدا، تۈركىيەدە باللار قۇرئان كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ دىنىي تەلىم ئالىدۇ. ت مەھەللىسىدىكى باللارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس بولۇپ، قىز، ئوغۇل ئايرىم ھالدا ت مەھەللىسىدىكى مەسچىتتە ئېچىلغان قۇرئان كۇرسىغا باردۇ. قۇرئان كۇرسىدىن باشقا ت مەھەللىسىدە باللار بولۇپمۇ يازلىق تەتىلدە "شەرقى تۈركىستان كۈلتۈر ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى(تۆۋەندە "كۈلتۈر جەمئىيىتى" دەپ ئېلىندى)" گە يىغىلىپ ئوغۇل قىزلار بىللە ئۇيغۇر

تىلىدىن دەرس ئاڭلايدۇ. كۇرسقا قاتناشقان بالىلار 7 ياشتىن 14 ياش ئارىلىقىدا.

ئۇيغۇر تىلى كۇرسى 1993 -يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ( 2009) ھەر يىلىنىڭ يازلىق تەتىلىدە ئېچىلىپ كېلىنمەكتە. ئوقۇتقۇچى بولسا شەرقى تۈركىستاندىن يېڭى يېڭى كېلىپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي پاناھلانغۇچىلار ئۈستىگە ئالىدۇ. 1993 -يىلدىن 2002 -يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلگىنى شۇنداق سىياسىي پاناھلىق تىلەپ تۇرۇۋاتقان ياش ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ 2002 -يىلى ئۆزىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا سۇنغان سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ، كاناداغا كەتكەنگە قەدەر ت مەھەللىسىدە بالىلارغا ئۇيغۇر تىلدىن دەرس بەرگەن. 2003 -يىلدىن باشلاپ باشقا بىر ئۇيغۇر سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچى دەرس ئۆتۈپ كەلگەن.

تىل كۇرسى دەسلەپتە، ئەينى يىللاردا "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" دا بېسىپ تارقاتقان ئېلىپبە كىتابىنى دەرسلىك كىتاب قىلىپ ئىشلىتىپ كەلگەن. 2007 -يىلى تۈركىيەگە سىياسىي پاناھلىق تىلەپ كەلگەن ۋە ت مەھەللىسىگە ئولتۇراقلاشقان ئا ئەپەندىم يېڭىدىن ئېلىپبە دەرسلىكىنى كىتاب قىلىپ تۈزگەن ۋە تۈركىيەدە نەشر قىلدۇرغان. ئا ئەپەندىم بولسا تۈركىيەگە كېلىشتىن ئىلگىرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئوقۇشىنى تاماملىغان.

ئاپتور ت مەھەللىدىكى تىل كۇرسىنى تۈگىتىپ ئۇيغۇرچە يېزىش ئوقۇشنى ئۆگەنگەن بىر سابىق ئوقۇغۇچىنى ت مەھەللىدە ئۇچۇرتۇپ زىيارەت قىلغاندا، ئۇ ئەينى چاغدا ئۆزى ئىشلەتكەن دەرسلىك كىتابىنى ئاپتورغا كۆرسەتكەن ئىدى. مەزكۇر دەرسلىك كىتاب بولسا 1983 -يىلى "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىكەن. بۇ دەرسلىك كىتابنى ئاپتورمۇ باللىق چاغلىرىدا ئۇيغۇرچە كونا يېزىق ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن نۇسخا بولۇپ، 2009 -يىلى ئوخشاش مەزگىلدە "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" دىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان ئېلىپبە دەرسلىكىمۇ 1983 -يىلىدىكى بۇ نەشر نۇسخىسىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا ئاپتور زىيارەت قىلغان ئوقۇغۇچى كۆرسەتكەن دەرسلىك كىتابتا، جۇڭگوغا ئالاقىدار بولغان دۆلەت گېربى، دۆلەت بايرىقى قاتارلىقلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بويىۋېتىلگەن. 2007 -يىلدىن باشلاپ ت مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى كۇرسى بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر يوق بولغان ئا ئەپەندى تۈزگەن ئېلىپبە نى دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان.

ئاپتور ئانا تىل ئۆگىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ت مەھەللىسى ئاھالىسىگە 100 دانە ئانكېت تارقاتقان. مەزكۇر ئانكېتنىڭ سول ئۈستى تەرىپىگە تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ يېشى، ئوتتۇرىسىغا جىنسى ئايرىمىسى، ئوڭ ئۈستى تەرەپكە ئانكېت نومۇرى يېزىلىدىغان ئورۇنلار بېرىلگەن. ئانكېتلار يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئىناۋەتلىك ئانكېتلارغا ئاپتور نومۇر قويۇپ، 18 ياشتىن( 18 ياشمۇ ئىچىدە) يۇغۇرلارنى چوڭلار گۇرۇپپىسى، 18 ياشتىن تۆۋەنلەرنى بالىلار گۇرۇپپىسى قىلىپ ئايرىغان. ئانكېت جەمئىي 10 سوئالدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بارلىق سوئاللارنىڭ ئاستىغا كۆپ تاللاش مۇمكىنچىلىكى بار جاۋابلار سەپلەنگەن. بۇ خىل كوپ تاللاشقا مۇمكىن بولغان جاۋابلار ئارقىلىق ئاپتور ت مەھەللىسى ئاھالىسىنىڭ سۈبيېكتىپ چۈشەنچىلىرىنىڭ( تەپەككۇر قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ) كېلىش مەنبەسىنى بىلىشنى ئانكېت تەكشۈرۈشنىڭ قوشۇمچە مەقسىتى قىلغان.

ت مەھەللىسىدىكى 18 ياشتىن تۆۋەنلەرگە قارىتىلغان ئانكېت تەكشۈرۈشتىن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىدىغان ئىككى سورۇنى بار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز .بۇ ئىككى سورۇن ئائىلە ۋە كۇلتۇر جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بولغان.

ئالدى بىلەن ئائىلە ئىچىدە ئاتا -ئانىسى ئىشلىتىدىغان تىل بالىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىغان . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئانكىتنىڭ3، 4، 5 ، 8 -سوئاللار تىلغا ئالاقىدار .بالىلار گۇرۇپپىسىدىن يىغىپ ئېلىنغان ئىناۋەتلىك ئانكىت 36 دانە بولسىمۇ، كۆپ تاللاش ئىمكانىيىتى بېرىلگەنلىك سەۋەبىدىن، جاۋاب 36 دىن ئارتۇق بولغان .شۇ سەۋەبتىن ئانكىت تەكشۈرۈشتىن كەلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا قارتا ئېھتىياجغا قاراپ چۈشەنچە بېرىمىز .ئالدى بىلەن بۇ 36 دانە ئانكىتتىكى سوئال 3،4 ، 5 لەرنى كەلگەن نەتىجىسى بىلەن بىللە كۆرۈپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن 3 -سوئالنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە.

3 -سوئال، ئۇيغۇر تىلىنى،

A. ياخشى سۆزلەيمەن (5نەپەر)
B. يامان ئەمەس سۆزلەيمەن (27 نەپەر)
C. ئانچە سۆزلىيەلمەيمەن (1نەپەر)
D. پەقەتلا بىلمەيمەن (5نەپەر)

يۇقىرىدىكى سوئالنىڭ نەتىجىسىدىن كۆپ سانلىق بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسىگە قارتا ئىشەنچى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

بۇنىڭ بىلەن قوشۇپ 4 ۋە 5-سوئاللارنىمۇ بىللە كۆرۈپ ئۆتەيلى.

4 -سوئال، ئۆيىڭىزدە قېرىنداشلىرىم بىلەن

A. پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن 2 (نەپەر)
B. پۈتۈنلەي تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن (15 نەپەر)
C. ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن (14نەپەر)
D. تۈركچە ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن (10نەپەر)

5 -سوئال، ئۇيغۇر دوستلىرىڭىز بىلەن ئالاقە قىلغاندا

A. پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن (3نەپەر)
B. پۈتۈنلەي تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن (16نەپەر)
C. ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن (11نەپەر)
D. تۈركچە ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن (11نەپەر)

يۇقىرىدىكى جاۋابلارنىڭ ئىچىدە، 4 -سوئالدىكى جاۋاب ب 15) نەپەر) بىلەن 5 -سوئالدىكى جاۋاب ب 16) نەپەر) گە ئاساسەن ت مەھەللىسى ئىچىدە تۈرك تىلىنىڭ ئاساسىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. لېكىن ئاپتورنىڭ كۆزىتىپ تەكشۈرۈشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئانكىتتىن كەلگەن نەتىجىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئانالىز قىلغاندا، دىققەت 4 ۋە 5-سوئاللارنىڭ C ۋە د جاۋابىغا مەركەزلىشىدۇ.

ئالدى بىلەن 4 -سوئالنىڭ C ۋە د جاۋابىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. جاۋاب C، يەنى، ئائىلە ئىچىدە ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلەيمەن دېگەن تاللاش 14 نەپەر ئومۇمىي سان ( 36) نىڭ 38.9%نى ئىگىلىگەن. جاۋاب د 10 نەپەر بولۇپ 27.8% بولغان. سوئال 5 نىڭ جاۋابى C بىلەن د بولسا 11 نەپەر

30.6% بولغان. تۆۋەندە بىز بۇ نەتىجىلەرنى ئاپتورنىڭ ئەمەلىي كۆزىتىشى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ كۆرۈپ ئۆتىمىز.

ئاپتور تارقاتقان ئانكىتقا يېشى ۋە جىنسىي ئايرىمىسى تولدۇرۇش ئورنى بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىسىم فامىلىسى يېزىش تەلەپ قىلىنمىغان. شۇنداق بولسىمۇ ئارىسىدا 15 نەپەر بالا ئىسمىنىمۇ يېزىپ تاپشۇرغان. بۇ 15 ئانكىتنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئاپتور ئەمەلىيەتتە يۈزتۇرانە زىيارەت قىلىش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق ئېگە بولغان مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرغاندا قىزىقارلىق نەتىجە كېلىپ چىققان. تۆۋەندە بۇنى ئەمىلى مىسالالار بىلەن كۆرۈپ ئۆتىمىز.

27 -نومۇرلۇق ئانكىتنى تولدۇرغىنى 10 ياشلىق قىز بالا بولۇپ (ئانكىت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان 2008-يىلىدىكى شۇ مەزگىلدە)، بۇ يەردە ئۇنى م دەپ ئاتىدۇق. م نىڭ دادىسى شەرقى تۈركىستانىڭ قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئانىسى ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلغان ئۇيغۇر. م بولسا ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، يەنە 2006 -يىلى ئائىلىسى بىلەن بىللە تۈركىيەگە كەلگەن ۋە ت مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان. يەنى، م تۇغۇلۇپ تۈركىيەگە كەلگۈچە ئۆزبېكىستاندا چوڭ بولغان.

ت مەھەللىسىدە بولسا، م نىڭ ئاتا -ئانىسى ئوي ئىچى سىرتىدا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئاتا بىلەن بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا ئاتا ئۇيغۇر تىلىدا، بالىلار ئۆزبېك تىلىدا، ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا بولسا ئۆزبېك تىلىنىلا ئىشلىتىپ كەلگەن. 2007 -يىلى 3 -ئايدا، ئاپتور ت مەھەللىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە، م ۋە ئۇكىلىرىئايرىم -( ئايرىم هالدا 8، 5، 3 ياش بولۇپ ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلغان) ئاپتور بىلەن پۈتۈنلەي ئۆزبېك تىلىدا سۆزلەشكەن ئىدى. شۇ يىلى 8 -ئايدا ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا، م ۋە ئۇنىڭ ئۇكىلىرى ئاپتور بىلەن سۆزلەشكەندە تۈركچە ئارىلاشقان ئۆزبېك تىلى ئىشلەتكەن. شۇنىڭدىن بىر يىل كېيىنكى 2008 -يىلنىڭ 8 -ئايدىكى 3 -قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋاقتىغا كەلگەندە ئۆزبېك تىلى ئارىلاشمىغان ساپ تۈرك تىلىغا ئۆزگەرگەن ئىدى. يەنى، م ۋە ئۇكىلىرى ئۆزبېك تىلىنى تۈرك تىلىغا تېگىشكەن ئىدى. بۇ مەزگىلدە م نىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز -ئارا يەنىلا ئۇيغۇر تىلى ئىشلەتسىمۇ، بالىلار بىلەن بولغان پىكىر ئالماشتۇرۇشلار پۈتۈنلەي تۈرك تىلىغا ئۆزگەرگەن ئىدى.

ئەمما م نىڭ ئانكىتتىكى جاۋابىغا قارساق، 3 -سوئالنىڭ ئا جاۋابىغا ئا (ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى سۆزلەيمەن) بىلەن ب( يامان ئەمەس سۆزلەيمەن) نى تەڭ تاللىغان ئىدى. يەنە، 4 ۋە 5 -سوئاللاردىمۇ ئا( پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن) بىلەن س (ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن) نى تەڭ تاللىغان ئىدى.

بۇ يەردە بىز م نىڭ جاۋابىنىڭ زىددىيەتلىك بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ توغرىلىق مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئانكىتتىكى 8 -سوئالنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

8 -سوئال، ئۇيغۇر تىلىنى

A. شەرقى تۈركىستاندا ئائىلىدە قېرىنداشلىرىمدىن ئۆگەندىم (10 نەپەر)
B. تۈركىيەدە ئائىلىدە ئۆگەندىم (24 نەپەر)
C. دوستلىرىمدىن ئۆگەندىم (1 نەپەر)
D. كۇلتۇر جەمئىيىتىدە ئۆگەندىم (2 نەپەر)

8 -سوئالدا، ب نى تاللىغانلار 24 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سان (36) نىڭ %66.7 نى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن قالسا جاۋاب ئا 10 نەپەر %27.8 نى؛ د ئىككى نەپەر، %5.6 نى ئىگىلىگەن. بۇ ئانكېت نەتىجىسىدىن بالىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئاساسەن ئائىلىدە ئۆزلەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئاپتورنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆيدە ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشىگە قاراپ بالىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسىمۇ پەرقلەنگەن.

ئائىلە ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىش ئەمەلىيىتىگە قاراپ بالىلاردا كۆرۈلىدىغان تىل سەۋىيەسىدىكى پەرقنى، بىز تۆۋەندە تىلغا ئالغان يەنە بىر مىسال ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. يۇقىرىدىكى ئىسمى يېزىلغان 15 دانە ئانكېتىنىڭ ئىچىدە ئۇ( 9 ياش، ئوغۇل) بىلەن ت( 14 ياش، ئوغۇل) نىڭ ئانكېت نەتىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىمىز. ئۇ بولسا ئاتىسى ئۇيغۇر، ئانىسى تۈرك، ت نىڭ بولسا ئاتىسى تۈرك ئانىسى ئۇيغۇر. ئۇ بولسا 3 -سوئالغا جاۋاب ب (ئۇيغۇر تىلىنى يامان ئەمەس سۆزلەيمەن) نى تاللىغان بولسا، ت نىڭ جاۋابى د (پەقەت سۆزلىيەلمەيمەن) بولغان. ئۇ نىڭ 4 -سوئالغا تاللىغان جاۋابى ئا( پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن) بولغان بولسا، ت نىڭ تاللىشى بولسا ب( پۈتۈنلەي تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن) بولغان. يەنە ت نىڭ ئانىسىنىڭ ئۇيغۇر بولۇشىغا قارىماي ت ئائىلە ئىچىدە تۈرك تىلىدىلا سۆزلىشىدىكەن.

يەنە، ئۇ نىڭ 5 – سوئال (ئۇيغۇر دوستلىرىم بىلەن بولغان ئالاقىدە) غا تاللىغان جاۋابى ب( ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن) بىلەن د( تۈركچە ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن) بولغان. بۇ يۇقىرىدىكى م نىڭ تاللىشى بىلەن ئوخشاش زىددىيەتلىك تاللاش بولغان. تەھلىلىنى كېيىنگە قويۇپ ت نىڭ تاللىشىنى كۆرسەك ت نىڭ 5 -سوئالدىكى تاللىشى ب( پۈتۈنلەي تۈرك تىلىدا ئېلىپ بارىمەن) بولغان بولۇپ، ئۇ ئائىلىدىمۇ، ت مەھەللىسىدىمۇ پۈتۈنلەي تۈرك تىلىلا ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ت بولسا ئاپتور بىلەن پاراڭلىشىپ باققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىسى بولسا تۈركچە ئارىلاشقان ئۇيغۇرچە بولۇپ، ئۆزى تاللىغان 3 -سوئالنىڭ جاۋابىدەك، ئۇيغۇرچىنى پۈتۈنلەي سۆزلىيەلمەيدىغان ھالەتتە ئەمەس بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن يەنە ئۇيغۇرچىنى پەقەت سۆزلىيەلمەيمەن دەپ تاللىغاندۇ؟

ت نىڭ 8 -سوئالغا تاللىغان جاۋابى بولسا د( ئۇيغۇرچىنى كۇلتۇر جەمئىيىتىدە ئۆگەندىم) بولۇپ، كۇلتۇر جەمئىيىتىدىكى ئۇيغۇر تىلى كۇرسىغا قاتناشقان. يەنى، ت كۇلتۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلىدە كۇلتۇر جەمئىيىتىدە تۇرۇشلۇق سىياسىي پاناھلانغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تونۇش پۇرسىتىدىمۇ بولغان دەپ ئويلاشقا بولىدۇ. ت بولسا ت مەھەللىسىدىكى ھېيت – ئايەمدىكى كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە تۈرك بولغان ئاتىسى قاتناشمىسىمۇ، مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر دوستلىرى بىلەن قاتنىشىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنى مەلۇم نىسبەتتە سۆزلەپ مەشىق قىلىدىغان پۇرسەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

بۇنىڭغا قارىتا ئۇ نىڭ 8 -سوئالغا تاللىغان جاۋابى ئا بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى شەرقى تۈركىستاندا قېرىنداشلىرىمدىن ئۆگەندىم دېگەن. بۇ يەردە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئۇ نىڭ ئاتىسى ت مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ مۇ ت مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنداقتا ت مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇ نىڭ تاللىغان جاۋابىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇنى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان م نىڭ جاۋابى بىلەن بىر تەكشىلىككە قويۇپ ئانالىز قىلىمىز.

م نىڭ 8 -سوئالغا تاللىغان جاۋابى ئا( ئۇيغۇر تىلىنى شەرقى تۈركىستاندا ئائىلىدە

قېرىنداشلىرىمدىن ئۆگەندىم) بىلەن س( دوستلىرىمدىن ئۆگەندىم) بولۇپ، كۆپ جاۋاب تاللىغان. م مۇ ئۇ غا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىنى شەرقى تۈركىستاندا ئائىلىدە قېرىنداشلىرىمدىن ئۆگەندىم دېگەن جاۋابنى تاللىغان. ئەمەلىيەتتە م بولسا ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ دىن پەرقلىق ھالدا ئۆزبېك تىلى مۇھىتىدا چوڭ بولغان. ئوخشىمايدىغان تىل مۇھىتىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ ئىككىسىنىڭ تاللىغان جاۋابنى ئۇلارنىڭ بەزى بىر كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسا 7 يېشىدا ئاتىسى بىلەن بىللە شەرقى تۈركىستانغا بېرىپ 3 ئاي تۇرغان. يەنى ئۇ ئۆزى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا تۇرغان مەزگىلىدىكى كەچۈرمىشنى جاۋاب قىلىپ تاللىغان ئىدى. تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقى تۈنجى ئۇچراشقان كىشىگە نىسبەتەن چوڭ بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، تۈرك بولسۇن ياكى ئۇيغۇر بولسۇن قارشى تەرەپنىڭ تىل مۇھىتىدا تۇرۇپ قالسا تىلى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ پەقەت تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىلا كۆرۈلىدىغان ھادىسە بولۇپ قالماستىن، بارلىق تۈركىي تىللىق قوۋملار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ھادىسە. ئاپتورمۇ باللىق چاغلىرىدا يازلىق تەتىلدە چارۋىچى قازاقلارنىڭ چېدىرىدا تۇرۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قازاق تىلىدا سۆزلىشەلەيدىغان ھالەتكە يەتكەن كەچۈرمىشى بولغان. ئاپتور ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلىگەندە، ئۇ مۇ ئۆز خاتىرىسىدە قالغان ئۇيغۇر تىلىنى ئەڭ ياخشى ئۆزلەشتۈرگەن ۋاقتىنى جاۋاب قىلىپ تاللىغان دەپ ئېيتالايدۇ. م نىڭ مىسالىمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ.

م نىڭ ئاتىسى تۈركىيەگە پاناھلىق تىلەپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئائىلىسىنى ئېلىپ ئۆزبېكىستاندىن يۇرتى قەشقەرگە يانغان، ۋە 5 ئايدىن كېيىن ئۆزبېكىستانغا قايتىپ، ناھايىتى تېزلا تۈركىيەگە پاناھلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن بىز ئۆزبېكىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن م نىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا تۇرغان كەچۈرمىشىنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز. ھەمدە م گە نىسپەتەنمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋاقتى شۇ 5 ئاي قەشقەردە تۇرغان مەزگىلى دېيەلەيمىز. يەنى، ئۇنىڭ جاۋاب س نىمۇ تەڭ تاللىغانلىقىنى ئانالىز قىلساق، م بەشىدىن كەچۈرگەن ئۈچ مۇھىت( ئۆزبېكىستان، ت مەھەللىسى ۋە شەرقى تۈركىستان) ئىچىدە، ئۆزبېكىستاندا ئۆزبېك تىلى ئىشلەتكەن بولسا، ت مەھەللىسىدە بولسا يۇقىرىدا ئاپتور كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك دوستلىرى بىلەن تۈرك تىلىدىلا سۆزلىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئېيتىپ ئۆتتۇق. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ “دوستلىرىم بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن” دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان، شەرقى تۈركىستاندا تۇرغان مەزگىلىدىكى دوستلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. 8 -سوئالنىڭ جاۋابىغا ئا نى تاللىغان قالغان 9 بالىمۇ ھەممىسى ت مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، زىيارەت تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولغان نەتىجىلەر بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تاللىشىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بارغان ۋاقتىدىكى كەچۈرمىشنى جاۋاب قىلىپ تاللىغان دېيەلەيمىز.

ئۇ بىلەن م نىڭ مىسالى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئانالىزدىن، بىز بۇ ئىككىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلى ئىشلەتكەن كەچۈرمىشىنىڭ بولغانلىقىنى بىلدۇق. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا 3 -سوئالنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە ب نى يەنى، ئۇيغۇر تىلىنى ئادەتتىكىچە سۆزلىيەلەيمەن دەپ تاللىغان. ئەمەلىيەتتە ئاپتور 2008 -يىلى 8-ئايدا كۇلتۇر جەمئىيىتىدە ئۇچۇرغان م گە ئۇيغۇر تىلىدا سۆز قىلغىنىدا، م ئاڭلىسىمۇ تولۇق چۈشىنەلمىگەن، ۋە بەرگەن جاۋابى پۈتۈنلەي تۈرك تىلىدا بولغان ئىدى. ۋە ئۇ مۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىدى. ئەكسىچە ت بولسا ئاپتورنىڭ سوئالىغا تۈركچە ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلىدا جاۋاب بەرگەن ئىدى. قىسقىسى ت

مەھەللىسىدىكى بالىلار تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقىنى چۈشەنگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولسا ت مەھەللىسى ئاھالىسى تۈرك تىلى بىلە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقىنى قاچان چۈشىنىدىغاندۇ؟ تۆۋەندە بىز بۇ مەسىلىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئانكېتىتىكى 4 -ۋە 5 -سوئاللارنىڭ س ۋە د جاۋابى ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ ئۆتىمىز.

1-1 "خاتىرە" بولۇپ قالىدىغان تىلىنىڭ پەرقى

تۈركىيەدە تۈرك تىلى تۈركچە" دېيىلىسىمۇ، باشقا تۈركىي تىللار بىلەن بىلە تىلغا ئېلىنغاندا تۈركىيە تۈركچىسى" دەپ ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر تۈركچىسى، ئۆزبېك تىلى بولسا، ئۆزبېك تۈركچىسى دەپ ئىپادە قىلىنىدۇ.

ت مەھەللىسىدە 10 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسى، 10 ياشتىن يۇقىرى بولغان بالىلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا تۆۋەن. ت مەھەللىسىدىكى بالىلار ئاساسەن كۇلتۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇر تىلى كۇرسىغا قاتنىشىپ ئوخشاش ۋاقىتتا باراۋەر ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىپ مەشىق قىلىدىغان يەر، كۇلتۇر جەمئىيىتىنىڭ يىغىلىشى ۋە ياكى ت مەھەللىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھېيت -بايراملاردىكى يىغىلىشلارغا، 10 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ قاتنىشىش پۇرسىتى، شۇ ياشتىن يۇقىرى بالىلاردىن ئاز. ت70( مەھەللىنىڭ خەرىتىسىگە ئاساسەن رەت نومۇرى 70 بولغان ئائىلىدە ئولتۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ) ئائىلىسىنىڭ چوڭ ئوغلى ئى بولسا، ئاپتور تۇنجى قېتىم ت مەھەللىسىگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن 2007 -يىلى 16 ياشتا بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى نورمال ئىشلىتەلەيدىغان سەۋىيەدە بولۇپ، تۈركچە ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتەتتى. ئەمما 2009 -يىلى 8 – ئايدىكى تەكشۈرۈشتە ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسى تېخىمۇ يۇقىرىلىغان بولۇپ، تۈركچە ئارىلاشمىغان ئۇيغۇر تىلىدا ئاپتور بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان ئىدى. ئى نىڭ ئۈچ سىڭلىسى بار بولۇپ، ئايرىم ئايرىم ھالدا، ئا 17 ياش؛ ئە 14 ياش؛ ز 11 ياش( 2009-يىل 8-ئايدا). چوڭ سىڭلىسى ئا نىڭ ئۇيغۇر تىلىنى نورمال سۆزلىشىگە سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرانچى سىڭلىسى ئە بولسا ئۇيغۇرچىنى ئاڭلاپ چۈشەنسىمۇ، سۆزلىيەلمەيتتى. كىچىك سىڭلىسى ز بولسا ئۇيغۇر تىلىنى ئازراق ئاڭلاپ چۈشەنسىمۇ، تۈركچە چۈشەنچە بەرمىسە تولۇق چۈشەنگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئوخشاش ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسىدە نېمە ئۈچۈن بۇنداق پەرقلەر كېلىپ چىقىدىغاندۇ؟

ت مەھەللىسىدە بالىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا كۆرۈنەرلىك ئالاقىسى بار بولغان ئامىل بولسا ئالدىدا، بىرىنچى ئەۋلاد كىشىلىرى تېخى ھايات بار بولغان ئائىلىلەردە بالىلار ئۇيغۇر تىلىنى تېز ئۆگىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى چوڭلار باللىرى ۋە نەۋرىلىرىگە ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىدىغانلىقى سەۋەب بولىدۇ.

يەنە، ت مەھەللە ئىچىدە، ئوغۇل بالىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى قىزلارغا قارىغاندا تېز چىقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ت مەھەللىسىدە بولۇپ تۇرىدىغان كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتى قىزلارغا قارىغاندا ئوغۇل بالىلارغا كۆپرەك بولۇشىدا. ئۇنىڭدىن باشقا مەھەللىدە سىياسىي پاناھلىق تىلەپ تۇرىدىغانلار ئاساسەن ئەركەك بولۇپ، مەھەللىدىكى ئوغۇل بالىلارغا ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىدا پاراڭلىشىش پۇرسىتىنىڭ بولۇشى بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ.

ت مەھەللىسىدە مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇش، ياكى رامىزان مەزگىلىدىكى ئىپتارغا چاقىرىش

قاتارلىقلار مۇقىم بولۇپ تۇرىدىغان كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ دىنىي تۇس ئالغان كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە، ئاياللارنىڭ قاتنىشىشى چەكلىمىلەرگە ئىگە بولغانلىق سەۋەبىدىن، قىزلار ئاساسەن قاتناشمايدۇ. بۇ خىلدىكى كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچى ئاساسەن ت مەھەللە ئاھالىلىرى بولسىمۇ، ئىشلىتىدىغان تىلى ئاساسەن تۈركچە بولىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن سىياسىي پاناھلانغۇچىلار بار مەيداندا، ئۇلارنىڭ تۈرك تىلى سەۋىيەسى ناچار بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئۇچراشقان باللار ئۈچۈن، بۇ ئۇچۇرۇشۇش ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ۋە ئۇيغۇر تىلى كۇرسىدا ئۆگەنگەن ئۇيغۇرچىسىنى مەشىق قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت بولىدۇ.

بۇ يەردە ئازراق كەينىگە يېنىپ، ئانكېت تەكشۈرۈشىنىڭ 4، 5 -سوئاللارغا تولۇقلىما ئىزاھات بەرسەك، س ۋە د جاۋاب بولغان تۈركچە ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان تۈرك تىلى گە قارىتا، باللارنىڭ تاللىشى ئۇلارنىڭ يېشى ۋە جىنسىغا ئاساسەن پەرقلىق تاللاش كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە 12 ياشتىن تۆۋەن باللار ئەگەر ت مەھەللىسىدە تۇغۇلغان ۋە شەرقى تۈركىستاندا تۇرۇپ باققان تەجرىبىسى بولمىسا، تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقىنى چۈشەنمەيدۇ. يەنىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتىپ ئۆتسەك، ئانكېت تەكشۈرۈشكە قاتناشقان 12 ياشتىن تۆۋەن باللارنىڭ، س ۋە د جاۋابىنىڭ قايسىسىنى تاللاشتا پەرقىنى ئېنىق بىلىپ ئېلىپ بارغان تاللاش بولماستىن، ھېسسىي تاللاش دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى يەنە ئانكېت تەكشۈرۈشتىكى ئەمەلىي مىساللاردىن كونكرېت كۆرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىسمى يېزىلغان ئانكېتلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئاكا ئۇكا بار بولۇپ، ئانكېت نومۇرى 29 بولغان 12 ياشلىق ئوغۇل( بۇ يەردە 29 -نومۇر دەپ ئىسىم قويۇپ تۇرىمىز) بىلەن 23-نومۇرلۇق 15 ياشلىق ئوغۇل( 23 نومۇر دەپ تۇرىمىز) دىن ئىبارەت. ئىنىسى 29 نىڭ 4 ۋە 5 -سوئالنىڭ جاۋابى سۇپىتىدە ئوخشاش جاۋاب د نى تاللىغان. يەنى ئائىلىدە قېرىنداشلىرى بىلەنمۇ ۋە ت مەھەللىسى ئىچىدە دوستلىرى بىلەنمۇ تۈركچە ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن دەپ تاللىغان. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئاكىسى بولغان 23 بولسا 4 -سوئالغا ب نى؛ 5 -سوئالغا بولسا س نى تاللىغان. يەنى، 23 بولسا ئائىلىدە قېرىنداشلىرى بىلەن پۈتۈنلەي تۈرك تىلىدا سۆزلەشسىمۇ، ت مەھەللىدە دوستلىرى بىلەن ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن دېگەن.

بۇ ئاكا -ئۇكىنىڭ مىسالدىن بىز 12 ياشلىق ئۇكىسىغا قارىغاندا 15 ياشلىق ئاكىسى تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقىنى بىلگەن دەپ كۆرسىتىپ ئۆتەلەيمىز.

بۇنىڭغا ئوخشاش مىسالدىن يەنە بىرىنى ت70نىڭ ئۈچىنچى قىزى ز نىڭ ئانكېتىدىن كۆرۈپ ئۆتىمىز. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ز مۇ ئانكېتقا ئۆز ئىسمىنى يېزىپ تاپشۇرغان بولغاچقا، ئاپتور بىلىدىغان ز نىڭ ئائىلە ئەھۋالى بىلەن ئۇنىڭ تولدۇرغان ئانكېتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ز بولسا 4 -سوئالغا جاۋاب س نى، 5 -سوئالغا د نى تاللىغان. يەنى، ز بولسا ئائىلىدە قېرىنداشلىرىم بىلەن ئۇيغۇرچە ئارىلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىمەن دەپ، مەھەللىدە بولسا دوستلىرىم بىلەن تۈرك تىلى ئارىلاشقان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمەن دېگەن. ئەمما ئانكېت تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان شۇ مەزگىلدە، ز نىڭ ئاپتور بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىدىن مەلۇم بولغاندەك ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنى ئاڭلاپ تولۇق چۈشەنگۈدەك سەۋىيە يوق ئىدى. ھەمدە ئائىلە ئىچىدىمۇ پۈتۈنلەي تۈرك تىلىدا سۆزلىشەتتى. بۇنىڭدىن بىز 10 ياشلىق ز نىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ پەرقىنى تېخى

بىلمەيدۇ دەپ بىلىمىز.

يۇقىرىدىكى ئانالىزلاردىن بىز ت مەھەللىسىدە 12 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەرقىگە نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىگە ئېگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بولۇپمۇ ئانكىت تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى بۇنى ئېنىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەزكۇر بابنىڭ 1-1 سەھىپىسىدە تىلغا ئالغان م گە ئوخشاش، بىر قىسىم ئانكىت تولدۇرغۇچىلارنىڭ زىددىيەتلىك كوپ تاللاش ئېلىپ بارغانلىقىدىنمۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلارنىڭ بۇ ئىككى يېقىن بولغان تىلنىڭ پەرقىنى بىلمىگەن ھالدا ئوخشاش تاللاشنا بولغان دەپ ئېيتالايمىز.

12 ياشتىن يۇغۇرى بالىلارنىڭ مىسالىدىن، ت مەھەللىسىدىكى مۇھىت ئىچىدە، بۇ خىل تىلدىكى پەرقنى بىلمەسلىك مەسىلىسىنىڭ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تەبىئىي ھالدا ئوڭشىلىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتىپ ئۆتسەك، ت مەھەللىسىدە تىل ئاسسىمىلياتسىيەسىگە بولغان ئەندىشىلەر مەۋجۇت بولماستىن، ئۇيغۇر بالىلار تۇنجى تىلى تۈركچە بولۇپ چىقسىمۇ، ت مەھەللىسىدىكى رىتىملىق بولۇپ تۇرىدىغان كوللېكتىپ پائالىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەچ يېڭى ئەۋلادلار تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئارىسىدىكى شۇ ئازراق پەرقىنى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ پەرقلەندۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭىدۇ، ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا بۇ پەرقنى ئۆزلەشتۈرىدىغان مۇھىت ۋە مەيدان ھازىرلاپ بېرىدۇ.

قەيسەرىدىكى بۇ ئۇيغۇر توپلىمى ئۇستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن بىز ئانا تىلنى ئەۋلادلارغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇپ مېڭىشتا توپلامنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىمىز. يەنە ت مەھەللىسىدە كېيىنكى ئەۋلادلار چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن كىچىكىدىن تۇنجى تىلى تۈركچە بولغان بولسىمۇ، ئائىلە ۋە دىئاسپورا توپلىمى ئىچىدىكى كىچىك مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن تۈرك تىلىغا يېقىن تۇغقان بولغان ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئاستا – ئاستا ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭىدىغانلىقىنى، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى پەرقلەندۈرۈشكە باشلايدىغانلىقى ۋە قۇرامىغا يەتكۈچە بولسا ئەسلى ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۇق.

## خاتىمە

ھاياتلىق ئىلمى بىزگە تۈرلەرنىڭ ھاياتلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتقا يارىشا ئۆزگىرىش ياسىشىنىڭ پەقەت فىزىئولوگىيەلىك ۋە بىئولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇھىتقا ماسلىشىش ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .ئىنسان ئۈچۈن تىل، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان بىر قورالدىن باشقا نەرسە ئەمەس .بولۇپمۇ سەبىي بالا ئۈچۈن تىلنىڭ ئۇستىقۇرۇلما جەھەتتىكى رولى ئەھمىيەتسىز بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىش دەرىجىسىدە ئەمەس .شۇ سەۋەبتىن بالا ئۈچۈن قايسى تىل ئۆز ئېھتىياجىنى بەكرەك قاندۇرسا شۇنى ئۆزلەشتۈرىدۇ .ئەۋلادلارنىڭ ئانا تىل ئۆگىنىشىمۇ خۇددى شۇنداق بولۇپ، بالىلارمۇ سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن دىققەت ئېتىبارى چوڭ مۇھىتنىڭ تىلنى ئۆگىنىشكە مەركەزلىشىپ، ئائىلە مۇھىتىدىن باشقا يەردە ئىشلەتمەيدىغان ئانا تىلدىن يىراقلىشىدۇ ۋە ئاسانلا ئۇنتۇيدۇ .شۇ سەۋەبتىن ئانا تىل ئۆگىنىش، ئوخشاش تىللىق ئىنسان توپلىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

ئەگەر ئۇيغۇر دىئاسپوراسى ئۇيغۇر تىلىنى ئەۋلادلىرىغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش نىيىتى بولىدىكەن،

چوقۇم توپلام ھالىتىنى شەكىللەندۇرۇش زۆرۈر .پەقەت توپلام بولغاندا توپلام ئىچىدە تىل ئۆگىنىش مۇھىتى بەرپا قىلىنسا، يەككە ئايىلە مۇھىتىدا بالىنىڭ" ئېھتىياجى بولمىغان "تىلنى زورلىغاندىن كۆپ ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

كۆچمەن تەتقىقاتىدىن كەلگەن مەلۇماتلار شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، دىئاسپورا ئۆزىنىڭ تىل ۋە كۇلتۇر ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا توپلام ھالىتى ھالقىلىق رول ئوينىغان . ئامېرىكىنى مىسال ئالغاندا ئامېرىكا جەمئىيىتىدە بىر مەھەل غوۋغا كۆتۈرگەن" تاق كۇلتۇرلۇق " ئامېرىكا جەمئىيىتى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان پىچ – مەش نەزەرىيەسى ئاخىرغا كەلگەندە ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ كۆپ كۇلتۇر بولۇپ مەۋجۇت بولۇشىنى توسۇپ قالالمىغان .پىچ-مەش نەزەرىيەسى بىر خىل ئىدېئولوگىيە) ئامېرىكىچە قىممەت قارشىنى (ۋە بىر تىل)ئىنگلىزچە (نى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەر خىل ئېرىق ۋە ھەر خىل كۇلتۇردىن كەلگەن كۆچمەنلەرنى" بىر ئامېرىكا مىللىتى "ئىچىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى تەكىتلىسىمۇ ئەمما ھەر مىللەتنىڭ ئۆز توپلىمى بولغاچ، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى ۋە ئەن-ئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن توسۇپ قالالمىغان .ۋە يېڭى كەلگەنلەر ئۆز كۇلتۇر توپلىمىغا دامالىق تۈردە قوشۇلۇپ ئۇنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن .

ئانا تىلنى قوغداش ئۈچۈن بۈنچىلىك ئەزۋەيلەش ھاجەتمۇ دېگەندە، ئەگەر ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايمىز دەيدىكەن بۇ ھاجەت .ياراتقۇچى يالغۇز بىر ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئالدىدا پۈتۈن بىر دۇنيانى ياراتقان .بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئەركىن ئازادە ياشىشى ئۈچۈن بىر يەر شارى يارىتىلغان ۋە يەر-شارىدا شۇ ئادەمگە كېرەكلىك ھاياتلىققا كېرەك ھەممە ئامىللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن كۈن، كۈننىڭ يەر شارىغا يېقىن كېلىپ قېلىپ كۆيدۈرۈۋەتمەسلىكى ياكى يىراق كېتىپ قېلىپ يېتەرلىك ئىسسىقلىق بېرەلمەس بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى تارتىپ تەڭشەپ تۇرىدىغان پۈتكۈل كائىنات يارىتىلغان .بىر تىلنى قوغداشمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق شۇنداق كەڭ كۆلەملىك تەييارلىق كېرەك .ئەگەر بىز ھازىرغا قەدەر ۋەتەندە بار بولغان ئانا تىل مۇھىتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغان بولساق، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ مۇھىتنىڭ پېيىنى پۈتۈن قىرقىپ بولدى .بۇ ھالەتتە بىزگە ۋەتەن سىرتىدا ئۇيغۇر دىئاسپوراسى ئانا تىلنى ساقلاشقا كېرەك بولغان مۇھىم ئامىللارنى چوقۇم ئۆز ئالدىغا ھازىرلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئۇيغۇر دىئاسپورا توپلىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن نېمە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى خىزمەتلىرىنىڭ باش نۇقتىسى قىلىشى كېرەككى ھەرگىز، ئۆز نىشان مەقسەتلىرىنى، ئۇ ھەتتا دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تەقدىردىمۇ دىئاسپورا توپلىمىغا مەجبۇرلاپ تاڭماسلىقى كېرەك .چۈنكى ئۇيغۇر دىئاسپورا توپلىمى بىرلىك ھالىتىگە كەلمىسە، ئۇيۇشمىسا، زورايمىسا ئانا تىلنى قوغدايمىز دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ئەسلا ئەھمىيىتى يوق .ۋە كەلگۈسىدە ۋەتەن قۇرمىز دەپ ئاۋارە بولمىساقمۇ بولىدۇ .چۈنكى شۇ ۋەتەن قۇرۇلغۇچە ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ بولغان بولىدۇ .ئەگەر ۋەتەن بىز قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان مول ھوسۇل دەپ قارىساق، ۋەتەن ئۈچۈن ئاتلانغانلار شۇ مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن تىكىلگەن مايسىلار بولىدۇ .ئەمما دىئاسپورا توپلىمى بولسا شۇ مايسىلار ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك بولغان بوز يەر بولىدۇ .مول ھوسۇل ئالىمىز دەيدىكەنمىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك.
http://jairo.nii.ac.jp/0156/00004359[1]

# 4-بۆلۈم

# روھىي ھالەت

# خەير خوش ئەنسىرەش، تەشۋىش، قورقۇش، ۋە ئۈمىدسىزلىك

(سەھەر)

## كېپىنەكنىڭ كۈچى

كېپىنەك كىچىك ۋە ئاجىز بىر جانلىق. ئەمما ئۇ جانسىز ئاجىز قاناتلىرى بىلەن توختىماي ئۇچۇپ ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ. تۇخۇم چىقىرىدۇ، پىلى قۇرۇتى شەكلىگە كىرىدۇ، غوزىلايدۇ ۋە ياشايدۇ.

ئامېرىكىلىق ماتېماتىكا ئالىمى ئادۋارد نورتون لاۋرەنس (adward northon lawrens) 1963-يىلى كېپىنەك تەسىرى دەپ ئاتىلىدىغان نەزەرىيەنى ھاۋا رايى ئەھۋالىنى مۆھاكىمە قىلىۋېتىپ بايقىغان. ئۇ دەسلەپتە ئۇ 0.506127، ئىككىنچى قەدەمدە 0.506 قاتارلىق 2 رەقەمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سىناق قىلغان. ئەينى چاغدا ئۇ تاللىغان بۇ ئىككى سان رەقەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى كىچىك بولۇپ، پەقەت مىڭدەن بىر ئىدى.

ئەمما بۇ كىچىك پەرققە قارىماي، بۇ رەقەملەرنى ھەرىكەتلەندۈرگەن ۋاقىتتا كېلىپ چىققان نەتىجىدە ناھايىتى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت بولغان.

كېيىن lawrens بۇ ئەھۋالغا كاۋس نەزەرىيەسى دېگەن نامنى بەرگەن. كېيىنچە بۇ نامنى كېپىنەكنىڭ تەسىرى ياكى كۈچى دېگەن نامغا ئۆزگەرتكەن.

lawrence بۇ نەزەرىيەسىدە ھاۋادىكى بىر كېپىنەكنىڭ قانات قېقىشىنىڭ، مەلۇم بىر جايدىكى بىر ئىشنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇشى ۋە ياكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۇسالغۇ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

گەرچە بۇ، تەتقىقات ئەمەلىيەتتىن ئۆتمىگەن بىر نەزەرىيە بولسىمۇ، ئەمما بۇ نەزەرىيە بىزگە كىچىك ئىشلار بىلەن چوڭ ئىشلار، كۈچسىزلەر بىلەن كۈچلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا تەڭشەپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۈمىدسىزلەنمەي، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان ھالدا ياشىشىمىزغا ئىلھام بېرىدىغان بىر نەزەرىيە. ئادۋارت نورتون(Adwar Northon) كىچىكلىكتىن باشلىنىپ، چوڭقىيىشقا قاراپ ماڭغان بىر قانچە ياغاچ تاختايلارنى رەتلىك تىزىپ، ئەڭ ئالدىدىكى ئەڭ كىچىك تاختاينى ئىتتىرىۋەتكەندە بۇ تاختايلار ئارقىسىدىكى تاختايلارغا سوقۇلۇپ نەتىجىدە ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۈچلۈك تاختاينىڭمۇ ئۆرۈلۈشىگە سەۋەب بولغان.

كېپىنەك نەزەرىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى كىچىك ئىشلاردىن باشلانغان ھەرىكەتلەر زەنجىرىنىڭ

ناھايىتى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىنچىلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىچىك-كىچىك كۈچلەر ئۆز ئارا بىرلەشكەندە، چوڭ كۈچلەرنى ھالاك قىلغىلى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەلۋەتتە تاغدەك يوغان تاش بىلەن، دېڭىز ساھىلىدىكى ئالىقانغا ئېلىپ ئوينىغىلى بولىدىغان كىچىك تاش ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا زور پەرق بار، تاغدەك يوغان قورام تاشنى ھېچكىم دۈشمىنىنىڭ بېشىغا ئاتالمايدۇ ئەمما، ئۇششاق تاش بىلەن دۈشمەنىنىڭ بەشىنى يېرىۋەتكىلى بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بىر سۆزى بار كىچىك ئىشلارنى ياخشى قىلغاندا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ دەيدىغان. يەھۇدىيلار يەنە، بىر نەرسىگە سەۋر تاقەت قىلالماسلىق ئاقىۋەتتە تېخىمۇ ئۇزۇن سەۋر تاقەت قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ دەيدۇ. چۈشكۈنلۈك سەۋر تاقەت قىلالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. تولۇپ تاشقان جاسارەت ۋە ئۆز ئۆزىگە ئىشەنچى بار مىللەتلەرلا “كېپىنەكنىڭ كۈچى” نەزەرىيەسىنى ئۆزىگە تەتبىقلاپ كىچىك-كىچىك كۈچلەردىن تەشكىللەنگەن چاتما كۈچلەر زەنجىرى يارىتالايدۇ ۋە بۇنى دۈشمىنى ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ. يۇقىرىدا مەن تىلغا ئالغان دېڭىز ساھىلىدىكى ئۇششاق تاشلار بىلەن، تاغدەك قورام تاشنىڭ سېلىشتۇرمىسى بىزگە ھەممە كۈچنىڭ ھەممە يەردە ئىشلىنىۋەرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى نەزەرىيەلەر قۇرئاندا ھەر بىر ئىشنىڭ بىر ھېكمىتى بارلىقى بىلەن شەرھلىنىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق زۇلۇمغا نىسبەتەن سەۋر بىلەن ئاقىلانە پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەكىتلەيدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان داڭلىق مۇكاپاتلار ساھىبى، ئەڭ ئالقىشلانغان پىسخىك يازار ( david P. schlos) مۇنداق دەيدۇ.

«قورقۇش ۋە ئەنسىرەش ئارزۇ ئارمانلارنىڭ قاتىلى. ئىنسانلاردا بار بولغان بارلىق قورقۇشلار كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار ئەسلىدە بىر توپلۇمغا ئىتائەت قىلىشتەك بىر قورقۇش ئىچىدە تۇغۇلمايدۇ.

بۇ ھالەت بىز تۇغۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان سەلبىي ھالەتتۇر.

بىز مەغلۇپ بولۇش ئەندىشىسى ئىچىدە، مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. ئەمما ئەڭ توغرا بولغىنى، بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، ئەگەر مەن مەغلۇپ بولسام، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا بېشىمغا قانداق ئىش كېلەر؟ ئەڭ قورقۇنچلۇقى نىمىدۇر؟ دېگەننى چۈشىنىشىمىز كېرەك».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ. «غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن راھەتلىك رايونىڭىزنىڭ سىرتىغا چىقىڭ. ئەگەر سىز ھاياتىڭىز بويىچە، راھەت ھېس قىلغان ئىشلىرىڭىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتسىڭىز ئانچە مۇكەممەللىشەلمەيسىز. ھاياتتا ئىلگىرىلەش، ۋە مۇكەممەللىششنى خالىسىڭىز، سىزنى راھەتلىك رايوندىن چىقىشقا زورلايدىغان، چەك-چېگرىدىن ئازراق بولسىمۇ ئېشىشىڭىزغا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللارغا يۈزلىنىڭ. سىزنى ئازراق بولسىمۇ راھەتسىز قىلىدىغان ۋە زورلايدىغان يوللارنى تاللاڭ. قورقۇشنى ئۆلتۈرىدىغان ئىككى مۇھىم نەرسە بىلىش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈش. بىلىم قورقۇشقا قارشى ھازىرلىقتۇر. ئۆزىڭىزگە قارشى دۇرۇس بولۇڭ. قورقۇشلىرىڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلىڭ. ئاندىن ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ. ھەممە كىشىنىڭ قورقۇشلىرى باردۇر. ئەمما بەزى كىشىلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشى نەدىن كېلىدۇ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. بۇ خىل پەرقلىق كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىدە بىر قورقۇش ۋە ۋەھىمىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەربىيەلەيدۇ. ۋە مەقسەت نىشانلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. يەنە بىر تۈركۈم ئىنسانلار بۇنداق قىلىشنى ئەمەلگە

ئاشۇرالمايدۇ. جاسارەت دېگەن نەرسە دەل مۇشۇ. جەسۇر بولۇش دېگەنلىك بىر ئىنساننىڭ ھېچقانداق قورقۇشى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز قورقىدىغان نەرسىلەرگە قارىتا ئىسيان قىلغان ۋاقتىڭىزدا، سىزدىن قورقۇش غايىب بولغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بىر كېچىدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان نەتىجە ئەمەس. ئەمما شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭكى، ھەقىقەتەن بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى قىلسىڭىز، ئۇ ئىشقا چوقۇم ئېرىشەلەيسىز. قورقۇشلىرىڭىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغانلىرىڭىزغا زىيان يەتكۈزۈشىگە ھەرگىز رۇخسەت قىلماڭ».

ئۇنداقتا نۆۋەتتە ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار نىمىدىن بەكرەك قورقىدۇ. بۇ قورقۇش ۋەھىمە ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟

ۋەتەندىكى چاغلىرىمدا، مەلۇم سورۇنلاردا ئولتۇرۇپ قالسام ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەجەبا بۇ سورۇندا بىلىپ-بىلمەي ھۆكۈمەت ياقتۇرمايدىغان بىرەر گەپ ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتكەنمىدۇ دېگەن بىئارامچىلىق ئىچىدە قېنىپ ئۇخلىيالمايتتىم. سەھەردە ئويغانسام ئىچىمدە بىر خىل ئاچچىق، تەشۋىش ۋە راھەتسىزلىك ئىچىدە ئويغىناتتىم. مەنلا ئەمەس خىتاي جەمئىيىتىدىكى مەيلى كادىر بولسۇن مەيلى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن ھەممىسى ئوخشىمىغان ۋەھىمە، قورقۇش ۋە ئەنسىرەش ئىچىدە ياشايتتى. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلالمىدۇق. بىرەر خىتايغا قارشى تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ قويسا ۋە ياكى قاچان كەلدىڭىز، خىتايدا ۋەزىيەت قانداق؟ دەپ سوراپ قويسا، نېمە ئۈچۈن بۇ مەندىن بۇنداق سوئاللارنى سورايدىغاندۇ دېگەن ۋەھىمە، ئەندىشە ۋە قورقۇش ئىچىدە بىئارام بولۇپ ياشىدۇق. ئەگەر بېشىنى سۇس لىڭشىتىپ سوغۇق مۇئامىلە قىلسا، بۇنىڭدىن ئۆزىمىز بىلە ئۆزىمىز نۇرغۇنلىغان يېڭى مەنىلەرنى چىقىرىپ، بىئارام بولدۇق بۇ بىئارامچىلىقىمىزغا، ۋەتەندىكى ئاتا-ئانا ئۇرۇق تۇغقان دوست بۇرادەرلىرىمىز بىلەن تېلېفوندا ئۇچۇق يورۇق سۆزلىشەلمەسلىكىمىز، ۋەتەنگە بېرىش ئۈچۈن ۋاقتىدا ۋىزا ئالالماسلىقىمىز، ئۆلۈم-يىتىم، ئاغرىق-سىلاقلاردا ئاتا-ئانا ئۇرۇق تۇغقانلىرىمىزنىڭ يېنىدا بولالماسلىقىمىز قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئامىللار قوشۇلغاندا، بىز ئەركىن دۆلەتلەردىكى ئەركىنلىكنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئەمەس بەلكى ئوخشاشلا ۋەھىمە ئىچىدە قالدۇق. بۇ ۋەھىمە كىمنىڭ ۋەھىمىسى؟ كىم كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ۋەھىمە. بۇ ئەلۋەتتە غايەت زور كۈچ خىتاينىڭ ۋەھىمىسى. دۇنياغا قول سوزۇۋاتقان ناھايىتى دەھشەتلىك بىر يالماۋۇزنىڭ ۋەھىمىسى. ئەگەر بۇنداق ۋەھىمە ۋە قورقۇش ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان ھالەتتە بىر شەخسنىڭ ۋە بىر مىللەتنىڭ پسىخىكىسىدا ناھايىتى زور بۇزۇلۇش ۋە خوراش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل پسىخىك بۇزۇلۇش ۋە خوراش چۈشكۈنلۈككە سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل چۈشكۈنلۈك، دۈشمىنىمىز ھەققىدە چوڭقۇر بىلىم ئىگىلەش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشىمىزگە توسالغۇ بولىدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئەۋج ئېلىۋاتقان، ۋاي خىتاي كۈچلۈك بولۇپ كەتتى! بىز نېمە قىلالايتتۇق دېگەن ۋاز كېچىش ۋە بەل قويۇۋېتىش پسىخىكىسى ئەنە شۇنداق چۈشكۈنلۈكنىڭ بىخ سۈرۈشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۆز دۈشمىنىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە باش ئېگىش ۋە بۇ ھەقتە ھەرىكەتكە ئۆتەلمەسلىك ۋە ھەرىكەتكە ئۆتكەنلەرنى ئەخمەقلەر دەپ قاراش بىر مىللەتتىكى روھى جەھەتتىكى زەئىپلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىردىن بىر چارە ئىچىمىزدىكى قورقۇش ۋە ۋەھىمىنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە پسىخولوگ David Schlos ئېيتقاندەك ئىچىمىزدىكى سۇنئىي راھەتلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان زىخمۇ كۆيمەيدىغان رايوننىڭ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلاپ،

ئازراق كاۋاپ ۋە زىق كۆيىدىغان يوللارغا مېڭىشنى سىناپ باقايلى يەنى ھەرىكەتكە ئۆتەيلى. ھەرىكەتكە ئۆتۈش سىزنى ۋە مېنى ئۈمىدكە باشلايدىغان، بىر نۇرغا باشلايدىغان يول.

بىر تال مىخ بىر تاقىنى، بىر تاقا بىر ئاتنى، بىر ئات بىر قوماندانىنى، بىر قوماندان بىر ئارمىيەنى، بىر ئارمىيە بىر دۆلەتنى قۇتقۇلدۇرىدۇ. ھېچ بولمىغاندا بىر تال مىخ، بىر تال تاقا بولايلى. بۇ ئەنسىرەش ۋەھىمە ۋە قورقۇشلاردىن قۇتۇلۇشىمىزدىكى بىر ئىزدىنىش ۋە چارە بولۇپ قالسۇن.

henri tendi، 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىز ھەربىي قىسمىنىڭ بىر ئەسكىرى ئىدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا، ئوق تېگىپ يارىلانغان ئىنتايىن بىچارە ھالەتتىكى بىر گېرمان ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. henri tendi، مىلتىقىنى بۇ ئەسكەرگە تەڭلىدى. ئەمما ئۇنىڭ، چارىسىز بىچارە ھالەتتىكى بۇ ئەسكەرنى ئۆلتۈرگۈسى كەلمىدى ۋە ئۆلتۈرمىدى. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بۇ كىشى گېرمانىيەنىڭ لىدىرى بولدى ۋە 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان adolf gitler ئىدى. henri tendi ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان گىتلېر 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا 60 مىليوندىن 80 مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى.

ئەگەر henri tendi ئادولف گىتلېرنى جەڭ مەيدانىدا ئېتىۋەتكەن بولسا، بەلكىم 2-دۇنيا ئۇرۇشى بولمىغان ۋە 80 مىليون ئادەم ئۆلمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى..

ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى jonif kénnidi 1963-يىلى 22 نويابىر كۈنى داللاستا يۈز بەرگەن بىر سۇيىقەستتە ھاياتىدىن ئايرىلدى. كېنىدى سوغۇق ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ، ئۇرۇشقا ئاجرىتىلغان مالىيە خام چوتىنى، سامان يولى سىستېمىسى ۋە تاشقى پلانېتا ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى پىلان قىلغان ئىدى. ئەگەر كېنىدى سۇيىقەستكە ئۇچۇرمىغان بولسا ئىدى ئامېرىكا ۋە دۇنيا تارىخى پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كەننىدىنىڭ قۇربان بولۇشىغا سەۋەب كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرى ئۇ 20 ياش ۋاقتىدا يۈز بەرگەن بىر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. سۇيىقەست يۈز بېرىشتىن 23 يىل ئاۋۋال كېنىدى چېنىقىۋېتىپ بېلىنى قايرىۋالغان ئىدى. ئۇ بېل ئاغرىقى سەۋەبىدىن ئۇزۇن يىللارغىچە بېلىگە بەللىك تاقاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. ئۇ بېلىگە بەللىك تاقىغان چاغلىرىدا، تىك ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۇچۇن ئېگىلەلمەي قالاتتى.

كېنىدى سۇيىقەستكە ئۇچۇرغان كۈنمۇ بېلىگە بەللىك تاقىغان ئىدى. كېنىدىنى قارىغا ئالغان سۇيىقەستچى 1-پاي ئوقنى كېنىدىگە تەگكۈزەلمىگەن. بۇ پۇرسەتتىن ئەگەر ئۇنۇملۇك پايدىلىنالىسا ئىدى، كېنىدى ئېگىلىپ بېشىنى تۆۋەن قىلىۋېلىش ئارقىلىق تامامەن بۇ سۇيىقەستتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ بېلىگە تاقىۋالغان بەللىكى سەۋەبىدىن ئۇ دەرھال بېشىنى ئېگىپ يوشۇرۇنالماي قالدى نەتىجىدە بۇ پۇرسەتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان سۇيىقەستچى 2-پاي ئوق بىلەن كېنىدىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

ئەگەر كېنىدى قارغىش تەگكۈر ئۇ كۈندە چېنىقمىغان بولسا ئىدى، زەخىملەنمىگەن بولاتتى. ئەگەر زەخىملەنمىگەن بولسا بەللىك كىيمىگەن بولاتتى. ئەگەر بەللىك كىيمىگەن بولسا ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئېگىلىپ بېشىنى تۆۋەن قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى. دېمەك كېپىنەكنىڭ كۈچى ياكى تەسىرى نەزەرىيەسى كىچىك ئىش ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ زەنجىرسىمان

بىرلىشىشى ئارقىلىق ناھايىتى زور تەسىرلەرنى، پاجىئەلەرنى، ئۇمىد ۋە ئىشەنچلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق مىساللارنى ئۇيغۇر تارىخىدىنمۇ كۆپلەپ كەلتۈرەلەيمىز.

1877-يىلى زو زۇڭتاڭ ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلىپ داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە، لوندون يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيەنى چار رۇسىيە، برىتانىيە، ۋە مەنچىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىتەرەپ سېپىتىدە ساقلاپ قېلىش تەكلىپىنى بەردى. لېكىن بۇمۇ رەت قىلىندى. ئەگەر ئەنگلىيەنىڭ بۇ تەكلىپىگە چار رۇسىيە ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتقان بولسا ئىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتى ساقلىنىپ قالغان بولاتتى. بىز بۈگۈن 1933-يىلى قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ 84، ۋە 1944-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 73 يىللىقىنى خاتىرىلەپ ئولتۇرمىغان بەلكى مۇستەقىل قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ئەركىن ۋە بەختلىك پۇقرالىرى بولغان بولاتتۇق.

ئۇيغۇرلارنىڭ سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان دىنى مەزھەپلەرنىڭ تەبرىقچىلىقلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار كۈرىشى، شەرقى تۈركىستاننىڭ موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن، كەڭ كۆلەملىك ئېتنىك جەھەتتىكى ئارىلىشىشلار نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مىللىي پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە قوشۇلۇپ، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر تۈركى ئېتنىك تەركىبىنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە سەلبىي تەسىرلەر ئېلىپ كەلدى. ياقۇپ بەگ 1-ھۆجۇمدىلا رەقىبلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن بولسا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخى تامامەن باشقىچە يېزىلغان بولار ئىدى. «ئەگەر ياقۇپبەگ قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالىغان بولسا ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئۆز دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 140 يىللىقىنى تەنتەنە قىلغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنداقلا دۇنيا سىياسەتلىرىدە مۇھىم روللارنى ئوينىغان بولاتتى» دەپ يازىدۇ تارىخ پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر ناملىق ماقالىسىدە.

قەشقەرىيەنىڭ يىقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى ئەڭ چوڭ پۇرسەتنى كەتتۈرۈپ قويۇشى ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلار بۇ پۇرسەتنى كەتتۈرۈپ قويمىغان بولسا ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇرلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەكتىن ئاشقان بۇنداق ئېغىر زۇلۇمىغا دۇچار بولمىغان بولاتتى.

يالتا يىغىنىدىن كېيىن يەنى 1945-يىلى 8-ئايدا ستالىن بىلەن جاڭكەيشى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى. نەتىجىدە 1944-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مۇ ئۇرۇش توختىتىپ ئەخمەتجان قاتارلىقلارنى جاڭكەيشى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇ ئىشلار يالتا يىغىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

گومىنداڭنى شىددەت بىلەن سۈر توقاي قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار، تۇيۇقسىز ستالىندىن ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقى تاپشۇرۇپ قالدى. جەڭگىۋار ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ماناس دەرياسى بويىدا يېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇمۇ يالتا يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەسكەرلىرى، ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالمىغان بولسا ئىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى يەنە باشقىچە پىچىلغان بولار ئىدى.

يەنە بىر قېتىم ئەگەر، شەرقى تۈركىستان ئەينى چاغدا ستالىنغا تەقسىم قىلىنغان بولسا، خۇددى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلىرىدەك ئۇيغۇرلارمۇ ئاللىقاچان مۇستەقىل بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۆز مۇستەقىللىقىنى تەنتەنە قىلغان ۋە ھازىرقىدەك ئېغىر زۇلۇملارغا دۇچار بولمىغان بولار ئىدى.

دېمەك، بەلكى ھاياتىڭىزدا ئالغان كىچىك بىرەر قارارمۇ خۇددى قار توپىنى يۇمىلىتىش ئارقىلىق چوڭايتقانغا ئوخشاش چوڭ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. كېپىنەك تەسىرى نەزەرىيەسى مۆلچەرلىگۈسىز بىر تەسىردىن ئىنسانلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ كەلمەكتە. شۇڭا ھەرقانداق تاللاش ۋە قارارلىرىمىزنى كىچىك كىرمەسلىكىمىز لازىم. بەلكى بىزنىڭ ئالغان ئەڭ كىچىك بىر قارارىمىزمۇ ئەتراپىمىزدىكى ئىنسانلارغا ۋە دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئالغان قەدەم ۋە قارارلىرىڭىزنى كىچىك چاغلىماڭ بەلكى، بۇ كىچىك قارارلار دۇنيانى ئۆزگەرتىپ قېلىشى مۇمكىن. كىچىك-كىچىك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرلىشىپ غايەت زور مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىمۇ ئوخشاشلا بۇ جۈملىدىندۇر. كىچىك-كىچىك قەدەملەر، كىچىك-كىچىك ھەرىكەتلەر بىرلىشىپ ناھايىتى چوڭ قۇدرەتلىك كۈچكە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

شۇنداقلا 2017-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن خىتاي، ئۇيغۇرلارغا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىل سىياسەتلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. خىتاينىڭ بۇ رەزىللىكى قارا قويۇق بولدى، ساھە ۋە دەرىجە ئايرىپ ئولتۇرمىدى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، كادىر-زىيالىي، دىنى زات، ئوقۇغۇچى، تىجارەتچى، ئالىم پروفېسسوردىن تارتىپ، دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەنگە قەدەر قارا قوللىنى ئۇزاتتى. خىتاي تۈرمىلىرى بىگۇناھ كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. خىتاي خۇددى گىتلېرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، تەربىيەلەش لاگېرى نامىدىكى نۇرغۇن لاگېرلارنى قۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ۋەھىمىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى. ئىز دېرەكسىز غايىب بولغانلار شۇنداقلا قارانچۇقى يوق يېتىم باللار ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. ئەگەر خىتاي بۇنداق بىر رەزىل سىياسەتنى قوللانمىغان بولسا بىز قانداق بىر رېئاللىق بىلەن يۈزلىشىۋاتقان ئىدۇق؟

چەتئەللەردىكى ئەڭ يۇقىرى قاتلام ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوتتۇرا قاتلام ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، دىنى ساھە، سىياسىي ساھە ۋە شۇنداقلا باشقا ساھەلەردە ئۇيغۇرلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىچكى زىددىيەتلەر بىلەن ئۆز ئارا ئاخىرى چىقمايدىغان مەنىسىز تالاش تارتىشلار ئىچىدە، بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ خۇددى قۇياش نۇرى شۇنداقلا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئاستا ئاستا ئېرىپ كېتىدىغان توڭ مۇزلاردەك. ئېرىپ تۈگەپ كېتىۋاتاتتۇق ۋە ياكى، بوران چاپقۇنلار سەۋەبىدىن دېڭىز يۈزىدە بىردە ئۇ يەرگە لەيلەپ، بىردە بۇ يەرگە لەيلەپ يۈرىدىغان مەنىسىز سامان چاتقال قالدۇقلىرىدەك ئۇششاق گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىۋاتاتتۇق.

بۇلار تۆۋەندىكىدەك روھى ئاجىزلىقلار ئىدى. سىياسىيغا ئارىلىشىدىغانلار ئارىلاشمايدىغانلار( گەرچە ھەر بىر ئۇيغۇر خىتاي نەزىرىدە بىر سىياسىي ئوبيېكت بولسىمۇ)، ئىنقىلابچىلار ۋە مۆتىدىللەر، ۋەتەنگە قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك بېرىپ كېلىدىغانلار ۋە بارالمايدىغانلار(بۇ ئىچكى قورساق كۆپۈكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى پىلتا ئىدى.) نامايىشقا چىقىدىغانلار ۋە چىقمايدىغانلار، ئۇيغۇرلار بار يەرلەرگە كېلىدىغانلار ۋە كەلمەيدىغانلار، ناماز ئوقۇيدىغان ۋە ئوقۇمايدىغانلار، ياغلىق چىگىدىغان ۋە

چىگمەيدىغانلار، نىقابلىنىدىغان ۋە نىقابلانمايدىغانلار، خىتاي بەك كۆچلىنىپ كەتتى شۇڭا نەغمە ناۋا ئويۇن كۆلكىدىن باشقىسى بىكار دەپ قارايدىغانلار، ئاتا-ئانا ئۇرۇق تۇغقانلىرى ۋەتەندە بەلگىلىك ھوقۇقى بارلار، مېنىڭ بېشىمغا ھېچ ئىش كەلمىگەندىن كېيىن سەن بىلەن نېمە كارىم دەيدىغانلار.

نۇر بەكرىدەك خىتايغا سادىق بىر غالچىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىككى يۈزلىمچىلىك بىلەن ئەيىبلىنىپ، تەكشۈرۈلۈشى، ئۇيغۇر ئاكادېمىكلىرى، ھوقۇقدارلىرىنىڭمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولۇپ ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك بەتناملار بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلىنىشى، ئىز دېرەكسىز غايىب بولۇشى، تەربىيەلەش مەركەزلىرى ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئېلىپ كېتىلىشلىرى ئۇيغۇرلارغا: «سەن كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىي نەزەر زالىمنىڭ زۇلۇمى ئالدىدا ھەممە ئۇيغۇر باراۋەر، خەلق بىلەن بولغان ئۆلۈم بەجايىكى توي» دېگەن قانۇنىيەتنى خاتىرىلەتتى. ئۇيغۇرلار تارىختا خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانۇنىيەتنى نۇرغۇنلىغان ئاچچىق تەجرىبە ساۋاقلار ئارقىلىق يەكۈنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما پات-پات ئۇنتۇپ قالاتتى ئەستىن چىقىرىپ قوياتتى-دە، خىتايدىن يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى تامە قىلىدىغان، ئۈمىد كۈتىدىغان، چوڭ بىلىدىغان ئەھۋالنى قايتا تەكرارلايتتى.

ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ رەزىل سىياسەتنى قوللانمىغان، ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى پۈتۈنلەي ئىشلىتىلىشتىن قالدۇرمىغان، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر «ئۇيغۇر» بولسىلا دۈشمەن دەپ قارىمىغان بولسا بىز يەنە بىخۇدلۇق ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ، يەنىلا خىتايدىن بىرنەرسىلەر تېما قىلىپ ياشىغان بولاتتۇق. ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ زۇلۇم بىزنى ئويغاتتى. زۇلۇم ئالدىدا ھەممىمىزنى ئېگىز-پەس ئەمەس باراۋەر قىلىپ قويدى. خۇلاسىلىگەندە، ئەگەر خىتاي بۇ زۇلۇمنى بىرقانچە بالداق يۇقىرىلاتمىغان بولسا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار باشقا ئۇششاق چۈشەك زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، بۈگۈنكىدەك ئىتتىپاقلاشمىغان ئىدىيە بىرلىككە كەلمىگەن بولاتتى.

ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە توسالغۇ بولىدىغان تۈزاقلار.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى Jon Makswell مەغلۇپ بولۇشنىڭ 11 تۈرلۈك تۈزىقىنى رەتكە تۈرغۇزۇپ چىققان.

1-خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قېلىشتىن قورقۇش تۈزىقى. بۇنداق چاغدا يوقىتىش بىزنى ئەسىر قىلىۋالىدۇ.

2-ھارغىنلىق تۈزىقى. ۋاي بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىم ئەتە قىلاي. بۇنداق روھى ھالەتتە بولغان ۋاقتىمىزدا، يوقىتىش بىزنى ھارغۇزۇپ قويىدۇ.

3-سېلىشتۇرۇش تۈزىقى. باشقىلار ماڭا قارىغاندا بۇ ئىشنى قىلىشقا مۇۋاپىقمىكىن دەپ قاراش. بۇ خىل ئەھۋال بىزنى روھى ھالەت جەھەتتىن تۆۋەن كۆرۈلۈشكە باشلاپ بارىدۇ.

4-ۋاقىت تۈزىقى. ھازىر ۋاقتى ئەمەس دەپ قاراش. بۇنداق چاغدا يوقىتىش بىزنى ئىككىلىنىش ۋە خىجىل بولۇشقا باشلاپ بارىدۇ.

5-مەنىۋى تۈزاق. بۇنداق چاغلاردا بىز بۇ ئىشنى ھازىر قىلىشنى خالىمايمەن دەپ قارايمىز ئۇ چاغدا يوقىتىش بىزنى ھەرىكەتسىز ھالەتكە ئەكېلىپ قويىدۇ.

6-باھانە تۈزىقى. بەلكىم بۇ ئىش بەكمۇ مۇھىم ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا بىز مەسىلىلەرنى

ئالدىن كۆرەلىكىمىزنى يوقىتىمىز.

7-مۇكەممەل بولۇش تۇزىقى. بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ئەڭ مۇكەممەل يولىنى تاپقاندىن كېيىن ئاندىن باشلايمەن دەپ قاراش.

بۇ بىزنى ئۆز ئۆزىمىزنى سوراق قىلىشقا باشلاپ بارىدۇ.

8-شېرىن ئارزۇ-ئۇمىد تۇزىقى. مەن بۇنى بەك ئوڭاي دەپ ئويلىغانتىم ئەمما ئانچە ئوڭاي ئەمەسكەن دەپ قاراش. بۇ بىزنى زور قىيىنچىلىقلارغا باشلاپ بارىدۇ.

9-تەرەپسىزلىك ياكى دېلىغۇللۇق تۇزىقى. بىز بۇ ئىشنى قىلىدىغان كىشى مەن ئەمەس بولۇشۇم كېرەك ئىدى دەپ ئويلايمىز. بۇنداق چاغدا يوقىتىش بىزنىڭ ئۆزىمىزدىن نېمىشقا مەن دېگەن سوئالنى سورۇشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ.

10-جامائەتنىڭ نازارىتى تۇزىقى. بىز ئەگەر مەغلۇپ بولسام ياكى بۇ ئىشنى قىلالماي قالسام ئەتراپىمدىكىلەر نېمە دەر دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالىمىز. بۇ چاغدا يوقىتىش بىزنى پالەچ قىلىپ قويىدۇ.

11-ئۆز-ئۆزىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش تۇزىقى. بۇنداق چاغدا بىز ئەگەر مەن بۇ ئىشنى قىلالماي قالسام بۇ مەغلۇپ بولغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش، بۇ بىزنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان كۆزىتىشىمىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى بۇ 11 تۈرلۈك تۇزاق يوقىتىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن ئىبارەت. شۇنداقلا يۇقىرىدىكىلەر بىلىش بىلەن قىلىش ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق ھاسىل قىلغۇچى نەرسىلەردۇر. ئەگەر بىز نەتىجە قازانماقچى بولساق بۇ بوشلۇققا كۆۋرۈك سېلىشىمىز لازىم

مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا نېمىنى ئۆگىنىسىز؟ مەغلۇپ بولغاندا ياكى يوقاتقاندىچۇ؟ كىشىلەر ئارزۇ ئارمانلىرى ھەققىدە سۆزلەشنى بەك ياخشى كۆرىسىمۇ ئەمما يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە ھازىر ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر خاتالىرى ۋە مەغلۇبىيىتى ھەققىدە سۆزلەشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. خاتالىرى ۋە مەغلۇبىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەشتىن خىجىل بولىدۇ.

يازغۇچى ۋە ناتىق Les Brown كۆڭۈللۈك چاغلارنى يانچۇقىمىزغا سالىمىز، كۆڭۈلسىز چاغلارنى قەلبىمىزگە دەيدۇ. بۇنى ھەممىمىز ھاياتىمىز بويىچە ھېس قىلدۇق. ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە ھازىر قانچە كىلولىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر يىلتىز تارتىپ يېتىپتۇ. كۆڭۈلسىز ئىشلار بىزگە كۆڭۈللۈك ئىشلارغا قارىغاندا بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. قايغۇرۇش، قورقۇش ئىنسانلارنى ئاجىزلىتىدىغان ھېسسىياتلاردىن ئىبارەت. يوقىتىشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

قار تويى ئەمەس، قار توپىنى يۇمىلاتقۇچى بولايلى.

نورۇز ئېشى، بىر ئادەمنىڭ داش قازانغا بىر نەرسە تاشلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ ھەر نەرسە تاشلىشى بىلەن نورۇز ئېشى بولىدۇ. ھەممىمىز بىرلىكتە نورۇز ئېشىنىڭ داش قازىنىغا بىر نەرسە تاشلاشتەك ھەربىكەتكە ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا ئاندىن بىز، ئەندىشە، تەشۋىش، ۋە قورقۇش بىلەن خوشلىشالايمىز. ئىچىمىزدىكى خىتاي كۈچلىنىپ كەتتى دەيدىغان قورقۇنچنى يېڭەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، بىلىش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشنىڭ پەيتى ئالللىقاچان كەلدى. شۇڭا مەن بۈگۈن ئىنتايىن مەردانە قىياپەتتە، خەير خوش ئەندىشە، تەشۋىش ۋە قورقۇش مەرھابا ئۈمىد دېمەكچىمەن.

# ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئۈمىد بار – فىنلاندىيە مۇستەقىللىقىدىن ئۆگىنىدىغانلىرىم

(تارىمئوغلى)

2017-يىلى 15-نويابىر

ھازىر غەرب ئەللىرىدىكى كۆپلىگەن خىتاي زىيالىيلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سالاھىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، زامانغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنى قوغداپ قېلىش شەرتلىرىنى ھازىرلىيالمايدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا يېقىن كەلگۈسىدە ئۇنىڭ چوقۇم يىقىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە خىتاي كومپارتىيەسى يىقىلىپ چۈشسە، خىتاي دۆلىتىدە بىر چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۆز پەرەزلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى دۇنياغا داڭلىق، «خادسون ئىنستىتۇتى» (Hudson Institute) دەپ ئاتىلىدىغان ئويلاش ئامبىرىدىكى بىر قانچە مۇتەخەسسىسلەر 2015-يىلى ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سىياسىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئاشۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى چارلىس خورنېر (Charles Horner) مۇنداق كۆز-قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى [1]:

«ھازىر دېڭىز ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر ئۆزگە ئىشەنمەسلىك كرىزىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشىدىن ئىبارەت جۇڭگونىڭ ئىچكى مەسىلىسى، ھەمدە مەلۇم شەكىلدىكى جۇڭگو – ئىسلام دۇنياسى مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش مەسىلىلىرى، ھەمدە جۇڭگو ئۈچۈن يېقىن شەرقتىكى ئەللەرگە قارىغاندا يىراق شەرقتىكى ئەللەر (مەسىلەن ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان) بىلەن كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بىر بەلۋاغ ۋە بىر يول ئىستراتېگىيەسىگە مۇشۇنداق بىر نۇقتىدا تۇرۇپ قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر جۇڭگونىڭ بۇ ئىستراتېگىيەگە سېلىۋاتقان مەبلىغى بىلەن باشقا ئىشلارغا سېلىۋاتقان مەبلىغىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى بايقايمىز: ئەڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئەھۋال جۇڭگونىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ئاجرىتىۋاتقان غايەت زور مىقداردىكى مەبلىغى. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار رايونى بولغان شىنجاڭ ھازىر پۈتۈنلەي مىخلاپ قويۇلغان بولۇپ، بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا شىنجاڭدىكى قوراللىق قوشۇنلارنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.»

بۇ يەردە مېنىڭ دىققىتىمنى ئەڭ تارتقان نۇقتا «بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا شىنجاڭدىكى قوراللىق قوشۇنلارنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتتى»، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئەگەر بۇ مۆلچەر توغرا بولىدىكەن، خىتاي دۆلىتىدە بىر چوڭ قالايمىقانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر ئېلى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ 2009-يىلىدىكى 5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، ياكى پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئېڭى ۋە مىللىي ئىرادىسى يېقىنقى 5 – 6 ئەسىر جەريانىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئۆسۈپ ۋە كۈچىيىپ كەتتى. شۇڭلاشقا ئەگەر خىتاي دۆلىتىدە بىر چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدىكەن، ۋەتەندىكى بارلىق ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن بارلىق ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىپ كېتىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىنى ئۇيغۇر زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش يولىدا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئەمما، ئەگەر بىز ھازىر ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى 15 مىليون دېسەك، چارلىس خورنېرنىڭ يۇقىرىدىكى مۆلچىرى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر 15 ئۇيغۇرغا بىردىن خىتاي قوراللىق ئەسكىرى توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تولىمۇ پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر بىز 1992-يىلىدىكى بارىن قىرغىنچىلىقى، 1997-يىلىدىكى غۇلجا قىرغىنچىلىقى، 2009-يىلىدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى، ۋە 2014-يىلىدىكى يەكەن قىرغىنچىلىقىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئىسيان كۆتۈرگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچ بىر ئىككىلەنمەي خىتاي ئەسكەرلىرىگە ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدىغانلىقىنى، خىتاي ئەسكەرلىرىمۇ ھېچ بىر ئىككىلەنمەستىن، ئىنسانلىق خاراكتېرىنى يوقاتقان ياكى ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىققان ھالدا ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشقا ئۆتىدىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. بۇ ئەھۋال پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى، جۈملىدىن مېنى ناھايىتى قاتتىق ۋەھىمىگە سالىدۇ. ناھايىتى قاتتىق ئەندىشىگە سالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھازىر بىر قىسىم ۋەتەنداشلارنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەمما، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۈمىد بار. مىللىتىمىز ئۈچۈن ئۈمىد بار. ئۇنداقتا ئاشۇ ئۈمىد نەدىن كېلىدۇ؟ تورلاردا بۇ يىل ئېلان قىلىنغان بىر ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر خىتاي دۆلىتىدىكى ئاكتىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ سانى 2.353 مىليون ئىكەن [2]. چارلىس خورنېر مۇشۇ ئەسكەرنىڭ ئىچىدىكى بىر مىليوندەك كىشى ھازىر ئۇيغۇر ئېلىدە، دەۋاتىدۇ. ئەگەر خىتاي دۆلىتىنىڭ كومپارتىيە ھاكىمىيىتى يىقىلىپ، خىتاي دۆلىتى بىر خىل چوڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىدىكەن، بېيجىڭدىكى خىتاي ھەربىي باش قوماندانلىرى ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ، ئۇ يەردىكى جىنايى ئىشلارنى توسۇش، قالايمىقانچىلىقلارنى كونترول قىلىش، ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە باشقا بارلىق ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ جېنىنى قوغداشقا مەجبۇرىي بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنى ئازاد قىلىش پۇرسىتى كېلىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆزلەر بىر خىل قۇرۇق خىيال ئەمەس. تارىختا ئەنە شۇنداق ئىش بولۇپ باققان. فىنلاندىيە ھازىر ئاران 5 مىليون نوپۇسى بار بولغان بىر كىچىك دۆلەت بولۇپ، ئۇ نەچچە ئەسىر چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى بىر كىچىك زېمىن بولۇپ كەلگەن. ئەمما، لېنىن

يېتەكچىلىك قىلغان 1917-يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لېنىننى قوغداۋاتقان قىزىل ئارمىيە رۇسىيەنىڭ ئاق ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لېنىن فىنلاندىيەدىكى رۇس ئەسكەرلىرىنى موسكۋاغا يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇري بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن فىنلاندىيە خەلقى ئۈچۈن بىر ھەربىي بوشلۇق پەيدا بولىدۇ. ھەمدە ئۇلار مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، رۇسلاردىن قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ [3, 4]. ئەگەر خىتاينىڭ كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، خىتايدا چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدىكەن، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن فىنلاندىيەدىكىدەك بىر ئۇلۇغ پۇرسەتنىڭ كېلىدىغانلىقىغا مەن خېلىلا ئىشەنچ قىلالايمەن.

يۇقىرىقىدىن باشقا، ھازىرقى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر، ئۆزىنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ساقلاپ مېڭىشقا ناھايىتى پايدىسىز نۇقسانلىرى بار. شۇنداقلا يېقىنقى بىر-ئىككى ئەسىرنىڭ مابەينىدە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مىللىي ئىنقىلابتىن بىرەرىمۇ مەغلۇپ بولۇپ باققان ئەمەس. بۇ ئىككى تېما ھەققىدە مەن كېيىنچە يەنە مەخسۇس توختىلىمەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئىنتايىن باتۇر خەلق. ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان خەلق. مېنىڭ ئىلىدىكى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئەسكەر بولغان بىر تۇغقىنىم مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ماڭا ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن قورقماس ۋە ئىنتايىن باتۇر بولۇپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنى، شۇڭلاشقا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن ناھايىتىمۇ قورققانلىقىنى، نەتىجىدە بىر ئاتلىق ئۇيغۇر ئەسكىرى 30 – 40 نەپەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تەڭ كەلگەنلىكىنى دەپ بەرگەن ئىدى. مەن چوڭلاردىن 1960-يىللىرىدىكى خىتاي-ھىندىستان ئۇرۇشىدا خىتاي ئەسكەرلىرى ناھايىتى قورقۇنچاقلىق قىلىپ، ھىندىستان ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي، ئاخىرى ھىندىستان قوشۇنىنى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن يەڭگەنلىكىنى ئاڭلىغان. 2009-يىلىدىكى 5-ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن خىتاي ھۇجۇملىرى جەريانىدا، قولىدا پىچاق ۋە كالتەك كۆتۈرۈۋالغان 3 – 5 نەپەر ئۇيغۇر ياشلار كوچىلاردا نەچچە يۈز خىتايلارنى قوغلاپ سۈرگۈن توقاي قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئاشۇنداق مەنزىرىنى مەزمۇن قىلغان رەسىملەردىن بىر قىسمى بىر مەزگىل تورلاردا كەڭ تارقىلىپ يۈردى.

قورالنىڭ ئىگىسى بار، ئەمما ئۇنىڭ ئىگىسىگە ساداقەتمەنلىكى يوق. قورالنىڭ ئىگىسى بار، ئەمما ئۇنىڭ كۆزى يوق. قورالنى كىم ئالسا شۇ ئاتالايدۇ. قورال كىمنىڭ قولىغا چىقسا، ئۇنى شۇ ئادەم ئىشلىتەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقتىنچە كىمنىڭ قولىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەزىدە قوراللارغا يېقىنراق ياشىغاننىڭ ناھايىتى زور پايدىسى بار. مەسىلەن، 1940-يىللىرى ياپونلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىزىل خىتاي ئارمىيەسى (解放军) خىتاي مىللىي (国民党) ئارمىيەسىنىڭ قولىدىكى قوراللارنىڭ پايدىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆردى. يەنى، قىزىل خىتاي ئارمىيەسى ئۈچۈن قورالغا يېقىن تۇرۇشنىڭ پايدىسى ئاخىرىدا خىتاي مىللىي ئارمىيەسىنى تەيۋەنگە قوغلىۋېتىش دەرىجىسىدە بولدى. بۇنى «يامان ئىشنىڭ ياخشى ئىشقا ئايلىنىشى» نىڭ بىر مىسالى دېيىشكە بولىدۇ. ھېچ كىم «بۇنداق مىسال ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۈز بەرمەيدۇ»، دەپ كېسىپ ئېيتالمايدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ئۈمىد بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر سىز بىر ھەقىقىي ئۇيغۇر بولسىڭىز چوقۇم ئۈمىدۋار ياشاڭ.

پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

[1] China's Road Through Pakistan
https://www.youtube.com/watch?v=u1ahrMhq9LQ&t=109s
[2] People's Liberation Army
https://en.wikipedia.org/wiki/People%27s_Liberation_Army
[3] 王澄博士談南疆獨立和民族分裂（上）
https://www.youtube.com/watch?v=aJck07J35sw&t=4s
[4] Finnish Civil War
https://en.wikipedia.org/wiki/Finnish_Civil_War

## ئۈچ گۇرۇھ ھەققىدە قىسسە

(تۇنيۇقۇق)

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغان 96 يىلدىن بۇيان خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان فاشىست جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىچىدە ئەزەلدىن ئىچكى زىددىيەت، ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ئۈزۈلۈپ باققان ئەمەس. 1949-يىلى كومپارتىيە يېڭى جۇڭگونى قۇرغاندىن كېيىن بۇ خىل ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن. فېئودال پادىشاھلاردەك ھاكىممۇتلەق سىياسەت يۈرگۈزۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا، نوپۇزىغا تەھدىت پەيدا قىلغان ھەرقانداق كىشىنى ھەتتا ئايالىنىمۇ ئاياپ قويمىغان.

ماۋ زېدۇڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئىلىپ بارغان چوڭ سەكرەپ ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە كوپىراتسىيە ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈچ يىللىق قاتتىق ئاچارچىلىقتا 30 مىليوندىن ئارتۇق خىتاي ئاچلىقتىن ئۆلگەن. بۇ ئېغىر ئاقىۋەتنى تىلغا ئالغانلارنى ماۋ زېدۇڭ «ئوڭچىل كۈچلەر» دېگەن نامدا تۈرمىدە ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرگەن، قارشى چىققانلارنى بولسا قانلىق باستۇرغان. 1960-يىلى ماۋ زېدۇڭ سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەتنى بۇزغان، سوۋېتنىڭ ياردىمىنى رەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي كرىزىس تېخىمۇ ئېغىرلىغان. 1966-يىلى ماۋ زېدۇڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى قوزغىغان، قىزىل قوغدىغۇچىلارنى تەشكىللىگەن. ماۋ زېدۇڭنىڭ سىياسىي خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن پېڭ دېخۇەي بولسا ئوڭچىلارنى يوقىتىش ھەرىكىتىدە، لىيۇ شاۋچى بولسا تۆتنى يوقىتىش ھەرىكىتىدە ھوقۇقتىن ئايرىلىپ تۈرمىگە پالانغان. لىيۇ شاۋچى كېسەل بولۇپ قالغاندا تولا ئوكۇل يەپ تومۇرلىرى تېشىلىپ كەتكەن. ھېچكىم ئۇنىڭ تەرىتىنى تازىلاپ، كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا پېتىنالماي، دوختۇرخانىدا سېسىپ كەتكەن. ماۋزېدۇڭ پارتىيە يىغىنىدا لىيۇ شاۋچىنى «خائىن، ساتقىن، ئوغرى»

دەپ پارتىيەدىن چىقىرىۋەتكەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قان قۇسۇپ ئۆلگەن. ماۋزېدۇڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىقنى ئايالى جىياڭچىڭ باشلىق تۆت كىشىلىك گۇرۇھقا دۆڭگەپ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھنى يوقاتقان. 1935-يىلىدىن بۇيان ماۋزېدۇڭ سىياسىي رەقىب كۆرىدىغان جۇدى ئاغرىپ قالغاندا، دوختۇرنىڭ داۋالىشىنى چەكلىگەن ۋە خاتا دورا بېرىپ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان. ماۋزېدۇڭ يەنە جۇ ئىنلەيگە قارشى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئاكىسى مېيىت، ئوغلى مېيىپ بولۇپ قالغان دىڭ شياۋپىڭنى قايتىدىن ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. جۇ ئىنلەي ئۆلگەندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ يەنە دىڭ شياۋپىڭنى پۈتۈن ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىغان.

1976-يىلى جۇ ئىنلەي، جۇدى، ماۋزېدۇڭلار ئۆلۈپ، يېڭى رەئىس بولغان خۇا گوفېڭ تۆت كىشىلىك گۇرۇھنى يوقىتىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقان. خۇا گوفېڭ دىڭ شياۋپىڭنىڭ ھوقۇق تالىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمىگەن. 1977-يىلى دىڭ شياۋپىڭ خۇاگوفېڭ بىلەن ھوقۇق تالاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋەدىنامە يازغاندىن كېيىن، ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ بىر يىلدىن كېيىنلا خۇا گوفېڭنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇياۋباڭنى تىكلىگەن. شۇنداق قىلىپ 1949-يىلىدىن 1978-يىلىغىچە بولغان 30 يىللىق ماۋزېدۇڭ مۇستەبىت دەۋرى ئاياغلىشىپ، دىڭ شياۋپىڭ رەھبەرلىكىدىكى پېشقەدەم رەھبەرلەر كوللېكتىپ باشقۇرۇش دەۋرىگە كىرگەن.

1978-يىلىدىن 1989-يىلىغىچە بولغان 11 يىلدا دىڭ شياۋپىڭ دۆلەت رەئىسلىككە ئالدى-كەينى بولۇپ خۇ ياۋباڭ، جاۋ زىياڭ، جىياڭ زېمىن قاتارلىقلارنى ئولتۇرغۇزغان، كىم خەلقنى باستۇرۇشتا قاتتىق قول بولسا شۇنى تاللاپ ئۆستۈرگەن. 1989-يىلىدىكى 4-ئىيۇن ئوقۇغۇچىلار دېموكراتىك نامايىشىنى قانلىق باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن جىياڭ زېمىن دىڭ شياۋپىڭنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشىپ، 1989-يىلى رەئىس بولغان. شۇڭا دىڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكى 1978-يىلىدىن 1997-يىلىغىچە، ئۇنىڭ تەسىرى بولسا جىياڭ زېمىن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھوقۇق تۇتقان 2012-يىلىغىچە، جەمئىي 34 يىلغا سوزۇلىدۇ.

ئەنە شۇنداق تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش سەۋەبىدىن 2017-يىلى 10-ئايدىكى ج ك پ 19-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى جۇڭگونىڭ كەلگۈسى 30 يىلغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. 1978-يىلىدىن 2017-يىلىغىچە داۋاملىشىۋاتقان پارتىيەدىكى ئىچكى توقۇنۇشلار ۋە بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ئاساسلىق ئۈچ گۇرۇھ: جىياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى شاڭخەي گۇرۇھى، لى كېچىياڭ باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقچىلار گۇرۇھى ۋە شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى ۋەلىئەھدلەر گۇرۇھىنىڭ پۈت تېپىشىش نەتىجىسى 19-قۇرۇلتايدا ئايان بولىدۇ. ئەمما بۇ يىغىندا دېموكراتىيەدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ دېموكراتىيەلىشىشى 1989-يىلى تيەنئەنمېن 4-ئىيۇن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە سەۋەب بولغان خۇياۋباڭنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بەربات بولغان. شۇ ھەرىكەتنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن خاتىمە بېرىلگەن.

ئەمدى گەپنى مۇشۇنىڭدىن باشلايلى. شۇنىڭدىن پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە 19-قۇرۇلتاينىڭ نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتەلەيسىلەر.

1987 -يىلى 1-ئايدا جۇڭگونىڭ رەئىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇ ياۋباڭ، دىڭ شياۋپىڭ باشلىق ج ك پ پېشقەدەم ئەربابلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن دۆلەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىدۇ. ئۇنداقتا نېمىشقا ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ؟

چۈنكى خۇ ياۋباڭنىڭ ئىسلاھاتچىل بىر تۈرلۈك سىياسەتلىرى پارتىيە ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ پېشقەدەملەرنىڭ چىرىكلەشكەن مەنپەئەتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىدە ئۆمۈرۋايەت تۇرۇش تۈزۈمىنى بىكار قىلماقچى بولۇشى دېڭ شياۋپىڭ شەكىللەندۈرگەن پېشقەدەملەر ھوقۇق تۇتۇش ئەندىزىسىگە قار شى ئىدى. 1986-يىلىدىكى دېموكراتىيە ۋە شەخسىي ئىگىلىكنىڭ ئەركىنلىشىشىنى تەلەپ قىلغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرمىدى. شەخسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇشى كوممۇنىزمغا قارشى ئىدى. تېخىمۇ چاتاق يېرى، خۇ ياۋباڭ يۈرگۈزگەن مىللىي سىياسەت مۇستەبىت ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىتىگە تۈپتىن قارشى بولۇپ، كاتتىۋاش دېڭ شياۋ پىڭ، كومپارتىيە دەۋرىدىكى شىڭ شىسەي-ۋاڭ جېن قاتارلىقلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

خۇ ياۋباڭنىڭ مىللىي سىياسەتلىرى:

خۇ ياۋباڭ مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە خىلى كەڭ قول سىياسەت يۈرگۈزگەن. مىللىي كادىرلارنى كۆچەپ ئۆستۈرگەن، نۇرغۇنلىغان پايدىلىق قانۇن-نىزاملارنى تۈزگەن. مىللىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى قوغدىغان.

خۇ ياۋباڭنىڭ ئالتە تۈرلۈك سىياسىتى: تىبەتكە قارىتا يەرلىك كادىرلار ئۆز ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قوغداشقا جۈرئەتلىك بولۇش، دېھقانلارغا باج كەچۈرۈپ قىلىش، مالىيە ياردىمىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىش، ئىقتىسادى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، تىبەت مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، خەنزۇلار ھوقۇقنى تىبەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق بىر قاتار سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن. يەنە تېخى تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ تىبەتكە كىرىشىگە يول قويغان. بۇ سىياسەتنىڭ تەسىرىدە تىبەتتىكى 80% ختاي كادىرلار چېكىنىپ چىقىش پىلانلانغان. ئەمما 1-تۈركۈم كادىرلار چېكىنىپ چىقىپ، 2-تۈركۈم كادىرلار چېكىنىپ چىقىش باسقۇچىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىكار قىلىۋېتىشى بىلەن توختاپ قالغان. بۇ خىل سىياسەت 1980-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭدىمۇ يۈرگۈزۈلۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، شىنجاڭنىڭ زالىم ۋالىيسى ۋاڭ جېن توسۇۋالغان. ھېچ بولمىغاندا خۇ ياۋباڭ 1955-يىلىدىن بۇيان مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار دەپ تۈرمىگە قامالغان كىشىلەرنىڭ ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ۋاڭ جېن ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق شۇنداقلا چوقۇم تونۇپ قويمىسا بولمايدىغان ئادەم.

خۇ ياۋباڭنىڭ ۋاپاتى 1989-يىلىدىكى 4-ئىيۇن تيەنئەنمېن ۋەقەسىگە سەۋەب بولغان. خۇ ياۋباڭ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ئىسلاھاتچى رەھبەرگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن يىغىلغان ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر يىگىتى ئۆركەش باشچىلىق قىلغان، ئىككى ئاي داۋاملاشقان بۇ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدە ئاساسلىق دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش، ئاخبارات ئەركىنلىكى، تەشكىلات ئەركىنلىكى بېرىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى تەلەپ قىلغان. ئاخىرىدا قاتتىق قول دېڭ شياۋپىڭ ۋە لى پېڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 6-ئاينىڭ 4-كۈنى قانلىق باستۇرۇلغان.

خۇياۋباڭ ئەنە شۇنداق ئىسلاھاتچى رەھبەر بولغانلىقى ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ باشلىق مۇتەئەسسىپ چىرىك رەھبەرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن ۋە ئاخىرىدا مەجبۇرىي ئىستېپا بەرگۈزۈلگەن. ئەمما خۇ ياۋباڭ ھايات ۋاقتىدا قول تۇتۇپ باشقۇرغان ۋە يېتەكلىگەن جۇڭگو

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە ئۇ تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن بىر نەچچە مۇھىم رەھبەرلەر كېيىنكى " تەشكىلات" يەنى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ يارقىن نامايەندىسىدىن سابىق رەئىس خۇ جىن تاۋ، ھازىرقى زۇڭلى لى كېچىياڭ شۇنداقلا بىزلەرگە تونۇشلۇق ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىقلار بار. شۇنداق قىلىپ " ئىتتىپاق ئەزالىرى"نىڭ كېلىپ چىقىشى بايان قىلىندى.

ئەمدىكى گەپ جىياڭ زېمىن باشلىق قاتتىق قوللار گۇرۇھى توغرىسىدا بولىدۇ.

جىياڭ زېمىن ئەسلى شاڭخەي شەھىرىنىڭ باشلىقى. 1986-يىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قاتتىق باستۇرۇشتا بولسۇن، 1989-يىلىدىكى تىيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرۇشتا بولسۇن جىياڭ زېمىن ھامان دىڭ شياۋپىڭ باشلىق پېشقەدەم رەھبەرلەرنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىپ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن جىياڭ زېمىننى دىڭ شياۋپىڭ بىر قوللۇق يېتەكلەپ ئۆستۈرگەن.

1986-يىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار دېموكراتىك ھەرىكىتىگە كەڭ قوللۇق قىلىش خۇياۋباڭنىڭ ئۆرۈلۈپ، جاۋ زىياڭنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشىغا تۈرتكە بولغان بولسا، 1989-يىلىدىكى ئوقۇغۇچىلار دېموكراتىك ھەرىكىتىگە مۆتىدىل بولۇشنى تەرغىب قىلغان جاۋ زىياڭ ھوقۇقتىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا قاتتىق قول جىياڭ زېمىننىڭ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. جاۋ زىياڭ ئوقۇغۇچىلار دېموكراتىك ھەرىكىتىگە ھېسداشلىق قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن، شۇئان ھوقۇقتىن قالدۇرۇلۇپ، 15 يىللىق رېجىمدا ياشاپ ۋاپات بولغان.

جىياڭ زېمىن ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئورنىغا شاڭخەي شەھەر باشلىقى بولغان جۇرۇڭجىنى زۇڭلى قىلدى ۋە شاڭخەي گۇرۇھىغا ئاساس سالدى. ئاندىن بارا-بارا ئۆزىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يىغىنلىرىنى تاللاپ ئۆستۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ " شاڭخەي گۇرۇھى" دەپ ئاتالغان " جىياڭ گۇرۇھى"نى رەسمىي شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنى 20 يىل باشقۇرغان ۋاڭ لىچۈەن، كېيىنكى جاڭ چۈنشيەن، 7.5 قانلىق باستۇرغان جۇڭگو ساقچى باشلىقى جوۋيوڭكاڭ، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر چوڭچىڭ شۇجىسى بۆ شىلەي قاتارلىقلار بار. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كېيىن شى جىنپىڭ بىر-بىرلەپ يوقاتتى.

ئۇدا ئىككى قېتىم رەئىسلىكتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، 2002-يىلى 16-قېتىملىق قۇرۇلتايدا جىياڭ زېمىن پارتىيە شۇجىسى، مەركىزى سىياسىي بيۇروۋ دائىمىي كومىتېتى باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنى خۇ جىنتاۋغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.2003-يىلى دۆلەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەمما ئۇ خۇجىنتاۋنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى 7 كىشىلىك دائىمىي كومىتېتنى 9 كىشىلىك قىلىپ كېڭەيتىپ، بۇ 9 كىشى ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئالتە ئادىمىنى كىرگۈزدى. خۇجىنتاۋ بىلەن ۋېن جىياباۋ يېتىم قالدۇرۇلدى. يەنە بىر ۋەلىئەھدلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزاسىنىمۇ كېيىنچە جىياڭ زېمىن سىقىپ چىقاردى. جىياڭ زېمىن ئىككى يىلغىچە ھەربىي ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەي، 2005 -يىلىغا بارغاندا ئاران تەستە ئۆتكۈزۈپ بەردى. 2007-يىلىدىكى 17-قۇرۇلتايدا دائىمىي كومىتېت 9 نەپەر ئەزادىن 5 نەپىرى جىياڭ زېمىننىڭ، لى كېچىياڭ بىلەن خۇ جىنتاۋ " ئىتتىپاقىنىڭ، شى جىنپىڭ بولسا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ۋەلىئەھدلەر گۇرۇھىنىڭ ئىدى. شۇنداق قىلىپ جىياڭ زېمىن ھوقۇقتىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ، گۇرۇھۋازلىق ئارقىلىق پۈت دەسسەپ تۇرالىدى.

خۇ جىنتاۋنى خۇ ياۋباڭ تەربىيەلەپ چىققان " ياشلار ئىتتىپاقى"نىڭ غوللۇق رەھبەرلىرىدىن ئىدى. خۇ جىنتاۋ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ئىچكى ھاكىمىيەت جەھەتتىن تولۇق ھوقۇققا ئىگە ئەمەس، تاشقى سىياسەت جەھەتتىن بوشاڭ سىياسەت قوللانغاچ خۇ جىنتاۋنى شوخلا دەپ زاڭلىق قىلىدىغانلار بار.

خۇ جىنتاۋ ئۇدا ئىككى قارار، 10 يىل رەئىس بولغاندىن كېيىن، 2012-يىلى 11-ئاي، 18-قۇرۇلتايدا پارتىيە شۇجىسى ۋە ھەربىي ھوقۇقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھوقۇقنى بىراقلا شى جىنپىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئارقىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا دۆلەت رەئىسلىك ھوقۇقىنىمۇ شى جىنپىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. خۇ جىنتاۋ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق جىياڭ زېمىنىنىڭ قۇيرۇقىنى كەستى، شى جىنپىڭ بىلەن بولغان سودىدا " ياشلار ئىتتىپاقى" نىڭ نوپۇزىنىمۇ ساقلاپ قالدى. ئەمما شى جىنپىڭنىڭ بۇ ھوقۇققا ئېرىشىشىمۇ ئاسان بولمىدى. ئۇنى 18-نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي يېقىنلاشقاندا قەستكە ئۇچرىغان، شۇڭا 10 نەچچە كۈن قەتئىي سىرتقا چىقمىغان دېگەن قاراشلارمۇ بار. بۇ سۆزلەرنىڭ راستلىقى بۇ يىلقى 19-قۇرۇلتاينىڭ قاتتىق چەكلىمىلەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. جىياڭ زېمىن قالدۇق كۈچلىرى شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتلەق بولسا ئۆزىدىن قىساس ئېلىشىدىن قورقۇپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشى مۇمكىن.

ۋەلىئەھدلەر گۇرۇھى ۋە شى جىنپىڭ

شى جىنپىڭ يېتەكچىلىك قىلغان ۋەلىئەھدلەر قوشۇنى يەنە " قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار پارتىيە ۋە دۆلەت قۇرغان بىرىنچى ئەۋلاد قىزىل كوممۇنىستلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، دادىلىرىنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەلىئەھدلەر بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بەزىسى ئۇلارنىڭ شوركا گۇماشتىلىرى.

شى جىنپىڭ ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رەئىسلىكىگە ۋاڭ چىشەننى قويدى. ئاندىن بىر تۈرلۈك "چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش" ھەرىكىتى قوزغاپ، پارتىيە ئىچىدىكى دۈشمەنلىرىنى يوقاتتى. ئۇ جىياڭ گۇرۇھىنى تازىلاشتا ياش كۈچلەرنى جايلاش، قېرى كۈچلەرنى پېنسىيەگە چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنى 20 يىل باشقۇرغان ۋاڭ لېچۈەن، كېيىنكى جاڭ چۈنشيەن، ئۇرۇمچى 5-ئىيۇل نامايىشىنى قانلىق باستۇرغان جۇڭگو ساقچى باشلىقى جوۋيوڭكاڭ قاتارلىقلار بار. ئەمدى نۆۋەت ھازىرقى ساقچى باشلىقى مىڭ جىيەنجۇغا كېلىشى مۇمكىن. ئۇ بىر تەرەپتىن جىياڭ گۇرۇھىغا قارشى تۇرسا، بىر تەرەپتىن ئىتتىپاق گۇرۇھى بىلەن كۈرەش قىلمىسا بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ گۇرۇھى ئىچىدىكى ئىزباسارلىرىدىن خەۋپسىرەيدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ ئورۇنباسارى دەپ قارالغان سۇن جىڭسەي جىياڭ تاللاپ ئۆستۈرگەن سەركەردە ئىدى. ئەمما بۇ يىل 7-ئايدا ئۇ "چىرىكلەشكەنلىكى" ئۈچۈن دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى ۋە تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ زەربە جىياڭ زېمىنىنىڭ جان يېرىگە تەگدى. بۇ ئارقىلىق شى جىنپىڭ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىزباسار بولىدىغان ئادەمنى يوقىتىپ، 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا يەنە رەئىس سايلىنىش نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. شى جىنپىڭ مۇشاۋىرى ۋاڭ چىشەن 68 ياشقا كىرىپ قالسىمۇ، شى جىنپىڭنىڭ يەنىلا ئۇنى ساقلاپ قالماقچى بولۇشى ئەمەلىيەتتە پارتىيە

ئىچىدىكى 68 ياشتا پېنسىيەگە چىقىشتىن ئىبارەت خۇياۋباك تۈزگەن غەيرىي رەسمىي نىزامنى بۇزۇپ تاشلاش، شۇ ئارقىلىق 2022-يىلى 69 ياشقا كىرگەندىمۇ يەنىلا قايتا سايلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا سۈن جېڭسەينىڭ ئورنىغا چىن مىنئىرنى تىكلەپ، ئۆزىنىڭ ئىزباسارى قىلىپ، 2022-يىلى رەئىس بولالمىسىمۇ، پەردە ئارقىسىدىن باشقۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

دېمەك، ھازىر ھاكىمىيەتلەق شى قوشۇنى:" ۋەلىئەھدلەر گۇرۇھى"، مۇتەئەسسىپ، جاھىل جىياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى " شاڭخەي گۇرۇھى" ۋە مۆتىدىل لى كېچىياڭ باشچىلىقىدىكى " ئىتتىپاق قوشۇنى" دىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي كۈچ پۈت تېپىشىپ تىركىشىۋاتىدۇ.

شۇڭا 19-قۇرۇلتاينىڭ مۇھىملىقى، شۇ كىشىلىك دائىمىي كومىتېتقا ئەزا ئادەملەرنىڭ كىملىكىنى بەلگىلەيدىغان ناھايىتى مۇھىم يىغىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىغىن ئارقىلىق جۇڭگونى يېقىن كەلگۈسىدە كىم باشقۇرىدۇ؟ كىملەر يەنە قورچاق ھاكىمىيەت تەشكىللەيدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. 19-قۇرۇلتاي بىر ھەپتە يەتتە كۈن ئېچىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن، يىغىننىڭ خۇلاسىسى 2 كۈن قىلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا دائىمىي كومىتېتنىڭ 7 ئەزاسى ئېلان قىلىنىدۇ. كەلگۈسىدىكى رەئىسمۇ شۇ 7 ئادەم ئىچىدىن تاللاپ چىقىلىدۇ. ئەگەر بۇ 7 ئادەمنىڭ ئىچىدە كەلگۈسى رەئىسلىككە نامزات قارالغان شەخستىن ئىككىسى كۆرۈلسە ھوقۇق تالىشىش كۆرۈشى يەنىلا داۋاملىشىدۇ دېگەن گەپ. جىياڭ زېمىننىڭ سەركەردىلىرى بولسا قىرىپ كەتكەن، بىرىدىن باشقىسى بىۋاستە شاللىنىپ كېتىدۇ. ئەڭ قابىل سەركەردىسى سۈن جېڭسەيمۇ 7-ئايدا موللاق ئاتتى. ئاڭغىچە شى جىنپىڭنىڭ مۇشاۋىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈشنىڭ باشلىقى ۋاڭ چىشەن يىغىندا چىرىكلىككە قارشى دوكلات بېرىپ، شى جىنپىڭ ئۈچۈن توسالغۇلارنى تازىلىغاچ تۇرىدۇ.

ئەمما كىملا ھوقۇق تۇتسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قانخورلۇق قىلماي تۇرۇپ كومپارتىيەنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمەيدۇ. جىياڭ زېمىن شۇنداق بولدى، خۇ جىنتاۋمۇ تىبەتتە قانلىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ ئىشەنچكە ئېرىشكەن. تىبەت ۋە تۈركىستاندا قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈپ شى جىنپىڭنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن چېن چۈەنگومۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن.

2017-10-18

# جەنۇب ئىستراتېگىيەسىدە مەۋجۇتلۇقىمىز

(تۇنيۇقۇق)

2017 -يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى پاكىستان خىتايدىن كۆلىمىدىكى قىممىتى 140 مىليارد دوللار قىممەتتىكى سۇ توسمىسى قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي ياردىمىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. سەۋەبى، بۇ توسما پاكىستانغا قاراشلىق كەشمىر رايونىدا، كەشمىر ھىندىستان بىلەن تالاشتىكى جاي، چاتاق چىقسا دۆلىتىمىز مەنپەئەتىگە توغرا كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۆزىمىز پۇل جەملەپ ئۆزىمىز قىلىمىز" دېيىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى خەۋەرلەردە ئەزەلدىن خىتاينى ئاكام دەپ كېلىۋاتقان ساداقەتمەن پاكىستاننىڭ بۇ قىلىقى خەلقئارادا زور دىققەت تارتقان ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن خۇش بولۇپ كەتكەن ھىندىستان ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرى بولسا بولۇشىغا غۇلغۇلا قوزغىغان بولدى.

2017-يىلى 12-ئاينىڭ 8-كۈنى تۇنۇگۈن فىرانسىيە رادىئوسى ۋە باشقا خەۋەرلەردە پاكىستاندىكى خىتاي كونسۇلىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پاكىستاندىكى تېرروررچىلارنىڭ پاكىستاندىكى خىتاي ئورگانلىرى ۋە خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئاگاھلاندۇردى. پاكىستاندا بىر ئايدىن بۇيان قالايمىقانچىلىق چىقىۋاتقىنى راست. پاكىستان ئىچىدىكى قوراللىق كۈچلەر ئانچە-مۇنچە خىتايلارنى بۇلاپ-تالاپ، قاقتى-سوقتى قىلىپ تۇردۇ. قىزىق يېرى فىرانسىيە رادىئوسى بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، مۇنداق ئىككى ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويغىنى ئالاھىدە تۇيۇلدى .

«خىتاي بىلەن پاكىستان 2008-يىلى ئەركىن سودا كېلىشىمى ھازىرلىغان، خىتاي پاكىستاندا ئۆزلۈكسىز ئاساسىي ئەسلىھە تۈرلىرىگە قۇرۇلۇش ياردىمى بېرىپ كەلگەن، شۇنداقلا يەنە پاكىستاندىن ئەرەب دېڭىزى ۋە پارس قولتۇقىغا قارايدىغان چوڭ پورتى گىۋادار پورتىنى ئىجارىگە ئالغان. بۇ ئارقىلىق خىتاي ئوتتۇرا شەرقتە تەسىرى كۈچىنى كېڭەيتمەكچى. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، كەلگۈسى 40 يىل ئىچىدە گىۋادار پورتىدىن كىرىدىغان پايدىنىڭ 91% نى خىتاي ئىگىلىسە، ساھىب دۆلەت پاكىستان ئارانلا 9% پايدا ئالىدىكەن. بۇ پاكىستانلىقلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان». فىرانسىيە رادىئوسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۆزۈڭلار بىلىۋالساڭلار بولىدۇ.

مۇشۇ گىۋادار پورتى توغرىسىدا دېيىشەيلى.

گىۋادار پورتى پاكىستاننىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ھىندى ئوكيان/ ئەرەب دېڭىزى/ پارس قولتۇقى قاتارلىقلارغا چىقىشتىكى مۇھىم پورت ئېغىزى. خىتاي ئۇچۇن ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدە كورىيە، ياپونىيە، تەيۋەن، فىلىپپىندىن شەكىللەنگەن c شەكىللىك دېڭىز يولى زەنجىرى ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشتىكى مۇھىم چىقىش يولى ئىدى. بۇ پورت ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت دۆلەتلىرىگە يېقىن، 100 مىڭ توننىلىق نېفىت پاراخوتلىرى توختىيالايدۇ.





هازىر خىتاينىڭ 2/3 ئۇلۇش نېفىتى ئىمپورت قىلىشقا تايىنىدۇ، بۇنىڭ 80% قىسمى ئوتتۇرا شەرقتىن كېلىدۇ. ئىلگىرى ئوتتۇرا شەرقتىن نېفىت يۆتكەش ئۈچۈن چوقۇم مالايشىيانىڭ مالاكا دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى. ئۇندىن باشقا دۇنيا زاۋۇتى بولغان خىتاينىڭ 60% ئىمپورت-ئېكسپورت ماللىرىمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق يەتكۈزۈلەتتى. خىتاي ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىن مال يۆتكەش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتسە ئاۋۋال ھىندىستان دېڭىز تەۋەلىكى، ئاندىن مالايشىياغا قارايدىغان مالاكا دېڭىز بوغۇزى، ئاندىن سىنگاپورنىڭ تۇۋىدىن ئۆتىدۇ. سىنگاپوردا بولسا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي قىسمى بار. ئەگەر شۇنداقلا بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئامېرىكا ياكى بۇ يولنى قامال قىلىپ، خىتاينىڭ پاراخوتلىرىنى كونترول قىلالايدۇ. ھېچبولمىسا تەكشۈرۈش نامىدا ئۇزاق مەزگىل توختىتىپ قويالايدۇ. گىۋادار پورتىنى بۇرۇن ئامېرىكا تالاشقان بولسىمۇ، پاكىستاننىڭ باھاسىغا چىقىش قىلالمىغان، شۇنداقلا ئۇ ئوتتۇرا شەرق بىلەن ئالدىراش ئىدى، ھازىر بولسا بارمىقىنى چىشلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ئەمما گىۋادار پورتىنى خىتاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ مالاكا بوغۇزىدىن ئۆتۈشكە ئانچە ھاجىتى قالمايدۇ. خىتاي ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نېفىت، كان بايلىقى، خەلقئارا سودا ئىشلىرىنى گىۋادار سودا پورتى ئارقىلىقلا پۈتتۈرۈپ، خىتاي سەپ بەرگەن نېفىت تۇرۇبىسى ياكى تۆمۈر يول ئارقىلىق بىۋاسىتە قەشقەرگە، قەشقەردىن كورلىغا، كورلىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇپ ئەكىرەتتى. قەشقەردىن باشلانغان 1200 كىلومېتىرلىق قاراقۇرۇم يولى: قاراقۇرۇم، ھىندىقۇش، ھىمالايا تاغ تىزمىلىرى ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگو-پاكىستان چېگرا ئېغىزى قونجىراپتىن چىقىپ، ئۇدۇل پاكىستاننىڭ شىمالىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يولنى خىتاي 2030-يىلى گىۋادارغىچە تۇتاشتۇرۇش پىلانىنى ماقۇللاپ بولدى. بۇنداق بولغاندا خىتاي ئەسلىدىكى چىقىمنى ئوبدانلا تېجەپ قالالايدۇ. خىتاينىڭ پىلانىدا 2022-يىلىغا بارغاندا گىۋادار پورتىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پورتلاردىن بىرىگە ئايلاندۇرۇش بار. 2013-يىلى پاكىستان گىۋادار پورتىنىڭ 43 يىللىق ئىشلىتىش ھوقۇقىنى خىتايغا ئىجارىگە بەردى. 2015-يىلى 11-ئايدا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ قەدەمنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغىنى خىتاينىڭ بىر بەلۋاغ بىر يول ئىستراتېگىيەسىدە بەكمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەشقەرنىڭ مۇقىملىقى گىۋادار پورتىغا تۇتاشقان بۇ

ئىستراتېگىيەدە ئىنتايىن مۇھىم تۈگۈن، ئۆتەڭلىك رولىنى ئوينايدۇ. لەنتى خىتايلار شۇڭا قەشقەرنى ئامبۇردا قىسقاندەك چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ. بۇلارنى ئويلاپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى! خىتاي ناھايىتى، ناھايىتى تېز قەدەمدە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى، ئەزىز ماكان قەشقەرنى خىتايلار ئەنە شۇنداق يۇتۇپ كەتمەكتە. ئانا ۋەتەن كۇھقاپ ئېغىزىغا كەپ بولدى. خىتاينىڭ شۇ پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشسا، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز كۆرىدىغان كۈنى تېخى ئالدىدا. بىز بولساق، بۇ ئاشكارا قارا قوللارنىمۇ كۆرۈپ يېتەلمەي، بىلسەكمۇ پەرۋاسىز، يا بىرلىشەلمەي، يا ئامال قىلالماي، ئامال قىلالمىساقمۇ خىتاينىڭ رەزىل نىيەتلىرىنى بىلىش ۋە بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ تۈزۈك ھەرىكەت قىلالماي يۈرمەكتىمىز!




2017 -11-ئاينىڭ 15-كۈنى پاكىستان سۇ ئېلېكتر ئىنشائاتىنى بىكار قىلغان بىلەن، 11-ئاينىڭ 24-كۈنى خىتاي بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا يەنە " جۇڭگو-پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى" كېلىشىمى ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىم بويىچە گىۋادار پورتى، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، سانائەت ھەمكارلىقى قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ھەمكارلىق ئورناتتى. دېمەك، يېقىندىن بۇيان پاكىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئۆششاق جېدەللەردە، پاكىستان مېنىڭچە خىتايدىن كۆپرەك مەنپەئەت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بىراق يۈز ئۆرۈشى ناتايىن. ئۇندىن باشقا، پاكىستان خىتاينىڭ دېدىكى بولۇپ قىلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. پاكىستان نامرات ۋە تېخنىكا كەمچىل دۆلەت بولغاچ، خىتاينىڭ بىكارلىق يول ياساپ بېرەي دېگىنىگە ماقۇل دەيدۇ. خىتاينىڭ بۇ قۇرۇلۇشلىرى پاكىستاندا 2 مىليون خىزمەت ئورنى ھازىرلايدىغانلىقى مەلۇم. ئەمما دۆلەتنىڭ جان تومۇرى بولغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە خىتايغا يۆلىنىپ قىلىپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ھازىر بولسا خىتاي پاكىستاننى "مەبلەغ ئوغرىلىدى، ھېساباتى ئېنىق ئەمەس" دەپ ئىقتىسادى كارىدور قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇردى.

ھىندىستان بۇنىڭغا قارشى ئافغانىستان ۋە ئىران بىلەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئومان دېڭىز قولتۇقىدىكى ئىرانغا تەۋە چابھار دېڭىز پورتىدىن بىرلىكتە پايدىلىنىپ، ھىندىستان 50 مىليون دوللار مەبلەغ سالىدىغانغا پۈتۈشتى. بۇ پورت گىۋادار پورتىدىن 75 كىلومېتىرلا يىراقتا بولۇپ، ھىندىستان ئىراندىن نېفىت ئىمپورت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ماللىرىنى ئىران ۋە ئىران ئارقىلىق ئوتتۇرا

شەرققە ئىمپورت قىلىدۇ. ئافغانىستان بولسا ئوتتۇرىدىن يول ياساش، نېفتلىك ئىچىش، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق كۆپلىگەن پايدىلارغا ئېرىشىدۇ. چابهار پورتى بۇ ئارقىلىق گىۋادار پورتىغا رىقابەت ئېلان قىلىپ، خىتاي، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.




خىتاي يەنە پاكىستانغا يېقىن بىر نەچچە دۆلەت-بىرما ۋە بېنگال بىلەن تۈزگەن ئىقتىسادى كارىدور كېلىشىمىمۇ خىتاينىڭ گىۋادار پورتى بىلەن ئۇچبۇلۇڭلۇق مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرىدىغان مۇھىم تايانچ نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي يۈننەن-كۇنمىڭ-رۇيلى بويلاپ تۆمۈر يول، تاشيول ئارقىلىق بىرماغا كىرىپ، بىرمادىن ھىندى ئوكياندىكى بىرما دېڭىز قولتۇقىغا چىقالايدۇ. بۇ يولدىن خىتاي نېفت ۋە تەبىئىي گاز توشۇيدۇ. كۇنمىڭدا خىتاينىڭ نېفت پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى بار. خىتاي بۇ رايوننىڭ تىنچ بولۇشىنى خالايدۇ. خىتاينىڭ 19-قۇرۇلتايدا بىرمانىڭ روھىنگادىكى مۇسۇلمانلارنى قانلىق قىرغانلىقىنى قوللىشى بىكار ئىش ئەمەس. بۇ قوللاش بىر تەرەپتىن يەنە ئەگەر ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرمۇ روھىنگا مۇسۇلمانلىرىدەك غوۋغا چىقارسا ئاياپ ئولتۇرمايمىز دېگەن ئۇچۇرنىمۇ بېرىدۇ. خىتاي بىرمانىڭ دۆلەت ئەركانلىرى، مۇھىم ئەربابلىرىنى يېنىغا تارتىپ، خىتايپەرەس كىشىلەرنى ئالدىن بايقاپ ۋە يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، مال-دۇنيا، ساھىبجامال نازىنىن ئارقىلىق خىتايغا قارشى بارلىق كۈچلەرنى بۆلغاش ياكى ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىش بىلەن قولغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. يىغىندا ئاۋستىرالىيەنىڭ تاشقى سودا مىنىستىرىمۇ خىتايدىن زور مىقداردا پارا ئالغانلىقى، ئاشكارىلىنىپ، قولغا چۈشتى .

بۇ پەسكەش خىتاينىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇلى بولۇپ، ھونلار، تۈركلەرگىمۇ شۇنداق قىلغان ئىدى. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داڭلىق تارىخ ئوقۇتقۇچىسى، دۇنياغا

داڭلىق:" يىپەك يولى" دېگەن كىتابنى يازغان پىتىر فىرانكوپان مەزكۇر كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىدا مۇنداق دەيدۇ:" خىتايلار ھونلارنىڭ يىپەك رەختلەرگە ئامراقلىقىنى، ھونلارنىڭ مەدەنىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن غەلىبىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى. بىر خەنزۇ ئەمەلدارى ھونلارنىڭ قەبىلە باشلىقىغا:" ئەمدى سىلەر خىتاينىڭ ماللىرىدىن ئايرىلالمايسىلەر!" دېگەن ئىدى. نەتىجىدە خىتاي ھونلارنى غەربى يۇرتتىن ھەيدەپ چىقاردى ."

كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ شاھزادىسى كۆل تىكىن (731-يىلى ت) كۆلتىكىن مەڭگۈ تېشىدا: " خىتاي خەلقىنىڭ گېپى تاتلىق، سوۋغىسى ئېسىل ئىكەن. تاتلىق سۆزى، ئېسىل سوۋغىلىرى بىلەن يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆزىگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. ئۇلارغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ يامان ھىيلىلىرىنى چىقىرىدىكەن. ياخشى، ئەقىللىق كىشلەرنى، ناھايىتى باتۇر كىشلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن. بىر كىشى خاتالاشسا، ئۇنىڭ ئۇرۇقى، قوۋمى ۋە بۆشۈكىگىچە روناق تاپقۇزمايدىكەن. ئۇلارنىڭ تاتلىق سۆزىگە، ئېسىل سوۋغىلىرىغا ئىشىنىپ، نۇرغۇن تۈرك خەلقى ئۆلدۈڭلار. تۈرك خەلقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، قالغانلىرى جەنۇبتىكى چوغاي تېغىغا توپلىنىپ، يايلاقتا ئولتۇراقلىشايلى دېسە، يامان نىيەتلىك كىشىلەر تۈرك خەلقىنى شۇ يەردە ئۆلسۇن دەپ، ئەگەر خىتايغا يىراق بولساڭلار، ناچار سوۋغا بېرىدۇ. يېقىن يولساڭلار، ياخشى سوۋغا بېرىدۇ دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپتۇ. بۇ ھىيلىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۇ سۆزلەرگە ئىشىنىپ، خىتايغا يېقىن بېرىپ، نەتىجىدە نۇرغۇن كىشى ئۆلدۈڭلار. خىتايغا يېقىن تۇرساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆلىسىلەر" دەپ مەڭگۈ تاشلارغا مەڭگۈلۈك پەند-نەسىھەت قالدۇرغان ئىدى. ھېچ ئىبرەت ئالمايمىزغۇ-تاڭ!

ئەمما بىرما خەلقى خىتاينى ئانچە ياقتۇرمايدۇ، خىتاي مۇستەملىكە تارىخىدىن باشقا يەنە بىرمادا ئىلگىرى خىتاينى قوغلاپ چىقىرىش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتەك ئېغىر قانلىق ۋەقەلەرمۇ يۈز بەرگەن. بۇ يەردە خىتايغا قارىغاندا بەكرەك قارشى ئىلىشقا ئېرىشىۋاتقىنى 50 يىلدىن بۇيان بىرما خەلقىگە ھەقىقىي مەنپەئەت يەتكۈزۈۋاتقان ياپونىيە. 50 يىلدىن بۇيان، ياپونىيە بىرمالىقلارغا يول ياساپ بېرىش، توك ئۇلاپ بېرىش، مەبلەغ سېلىپ، كارخانا قۇرۇپ خىزمەت ئورنى يارىتىش، ياپونىيە ئالىي مائارىپىدا ھەقسىز ئوقۇتۇش دېگەندەك خەلقچىل ئۇسۇل بىلەن كۆڭلىنى ئۇتتۇۋاتىدۇ. بىرمادا خىتايغا قارشى يۈرگۈزۈلگەن نامايىش، خىتاي بىلەن قۇرۇلۇش ھەمكارلىقى ئورناتماسلىق قاتارلىق پاسسىپ ئىپادە بىلدۈرۈشلەرنىڭ كەينىدە ياپونىيە ۋە ياپون مەستانىلىرى بار. شۇڭا بىرما خىتايدىن رازى بولغۇدەك مەنپەئەتكە ئېرىشمىسە، خەلقىمىز قوللىمىدى دەپلا رەت قىلىۋەتكەن ئىشتىن نەچچىسى بار. ئامېرىكا بولسا باشتا بىرمىدا ئامېرىكىغا مايىل كۈچلەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، خىتاينىڭ يولىنى كەسمەكچى بولدى. بىرما ئارمىيەسى نەچچە قېتىم ئامېرىكىنىڭ كۈشكۈرتۈشىدە خىتاي چېگراسىنى " ئۇقۇشماي" خاتا پارتلىتىپ قويدى. بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ تۆمۈر يول، تاشيول، نېفىت تۇرۇبا قۇرۇلۇشلىرىنى توختىتىپ قويدى. ئەپسۇس، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرماغا ئاكاڭ مەن دەپ كاپالەتنامە بېرىلمىگەچ، بىرما يەنىلا خىتاينى تاللىدى. بىرمامۇ بىر بەلۋاغ، بىر يول ئىستراتېگىيەسىگە قاتنىشىپ خىتايغا يېقىنلاشتى. ئېنىقكى، بىرمادەك نامرات دۆلەت ئامېرىكا، ياپونىيە، خىتاي، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قايسىسى مەنپەئەت بەرسە شۇنىڭغا كۈچۈكلىنىپ جان باقمىسا كۈن ئالمىقى تەس .

چۈرامپ شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن بولۇشىغا پۇل سۇغىرىۋېلىپ كېتىپلا، يەنە دۈشمەنلىكىنى باشلىدى. بۇ يىل 11-ئايدا ياپونىيە، ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە قاتارلىقلار بىلەن تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ياپونىيەمۇ ھىندىستان بىلەن

بىرلىشىپ خىتايغا قارشى تەدبىرلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ. خىتاينىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولىۋاتىدۇ. يېرىم يىل ئىچىدە، يىل ئىچىدە نۇرغۇن پىلان بويىچە چوڭ قۇرۇلۇشلارنى پۈتتۈرۈپ مېڭىۋاتىدۇ. ئەگەر ھىندىستان پۇل بىلەن كۈچ چىقارسا، ياپونىيە تېخنىكا چىقارسا، ئامېرىكا قوللاپ ۋە قوغداپ بەرسە ئاران-ئاران خىتاينىڭ ئارقىدىن قوغلاپ يېتىشەلەيدۇ .

9-12-2017

# چەكلەنگەن پىچاق ۋە ساراسىمىگە چۈشكەن قۇرۇلتاي

(تۇنيۇقۇق)


ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇيغۇر ۋەتىنىدە پالتا-پىچاقلار دەسلەپتە كىملىككە سېتىلدى، كېيىن زەنجىرلەندى، كېيىن ئىككىلىك كود باستۇردى شۇنداقلا سېتىش چەكلەندى. ئەمدىلىكتە ج ك پ نىڭ 19-قۇرۇلتاي ئېچىلىش ئالدىدا يالغۇز ئۇيغۇر دىيارلىرىدىلا ئەمەس، يىغىن مەركىزى بولغان بېيجىڭ ۋە باشقا جايلاردا ھەرقايسى تاللا بازىرى ۋە دۇكانلاردىن پىچاق سېتىشقا بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇشلار كەڭ تارقالدى.

خىتاي تارىخىدا فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر كونتروللۇقنى كۈچەيتىش، خەلقنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوراللارنى يىغىۋالىدىغان، چەكلەيدىغان سىياسەتلەر تولا كۆرۈلگەن. مەسىلەن:

خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنى تۇنجى بولۇپ بىرلىككە كەلتۈرگەن خاقان چىن شىخۇاڭ خەلق قولىدىكى قوراللارنى يىغىۋېلىپ، كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئارانلا 15 يىل دەۋر سۈرگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن دەۋرداش بولغان، " سۇ بويىدا" رومانىدىكى سۇڭ سۇلالىسى 5 قېتىم " قورال چەكلەش پەرمانى" ئېلان قىلغان.

ھەممىدىن مەشھۇر بولغىنى، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان موڭغۇللار، خەنلەرنىڭ قورallىق قوزغىلاڭ قىلماسلىقى ئۈچۈن يالغۇز قوراللارنىلا ئەمەس بەلكى ئۆي قىغراق، پىچاقلارنىمۇ يىغىۋالغان. يۈەن سۇلالىسى: ھەر ئۈچ ئائىلىلىك بىر قىغراق ئىشلىتىدۇ، يەنە كېلىپ رەسمىي رويخەتكە ئالدۇرىدۇ-دەپ قاتتىق بەلگىلىمە بېكىتكەن. ئۇلار قىغراقلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن يوغان ماگنىت تاشنى كوچىمۇ-كوچا دومىلىتىپ ماڭارغەن، كىمنىڭ ئۆيىدە پىچاق بولسا ماگنىت تاش تارتىپ چىقىرىدىكەن. يوشۇرۇن پىچاق ساقلىغانلار قاتتىق جازالاشقا ئۇچرايدىكەندۇق.



چىڭ سۇلالىسى، چيەنلۇڭ خانىنىڭ ئوغلى يۇڭجىڭ دەۋرىدە ئاۋام خەلقنىڭ قىلىچ ئېسىپ يۈرۈشى، جامبازلىق ئۆگىنىشى چەكلەنگەن. خىلاپلىق قىلغانلار ئېغىر جازالانغان. خەنلەردە جامبازلىق

كېيىنچە مىنگو دەۋرى بىلەن قايتا راۋاجلانغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا شەرق كېسەل كۆرپىلىرى سەككىز دۆلەت جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشى كېرەكتى-دە. بۇ چەكلىمىلەرنى كۆرۈپ يۇرتلىرىمىزدىمۇ نېمىشقا جامبازلىق چەكلەنگەنلىكىنى تېخىمۇ بىلىپ يېتەلەيسىز.

ئۇنداقتا، 19-قۇرۇلتايغا بۇ قەدەر قاتتىق مۇقىملىقنى ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ 19-قۇرۇلتاينىڭ بۇرۇنقى قۇرۇلتايلارغا قارىغاندا قانداق ئوخشىمايدىغان يېرى بار؟

19-قۇرۇلتاينىڭ مۇھىم يېرى، بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ نەتىجىسى بىلەن جۇڭگونىڭ كېيىنكى 30 يىللىق تەرەققىيات يۆلىنىشى بەلگىلىنىدۇ. ئەمما دېموكراتىيەلىشىپ قالارمۇ دەپ ئويلاپ قالغانلار بولسا خاتالاشتىڭلار. جۇڭگونىڭ دېموكراتىيەلىشىشى 1989-يىلى تيەنئەنمىن 6.4 ھەرىكىتىگە سەۋەب بولغان خۇياۋباڭنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بەربات بولغان. شۇ ھەرىكەتنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن خاتىمە بېرىلگەن.

ھازىرقى ۋەزىيەتكە ئاساسلانغاندا، 19-قۇرۇلتاي ئىدىيە جەھەتتىن بېكىنمە، سىياسي جەھەتتىن جىددىي چېكىنىش ھاسىل قىلىدىغان قۇرۇلتاي. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال كۆرۈلمىسە، بۇ يىغىندىن كېيىن شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ھاكىممۇتلەقلىق ئورنى تېخىمۇ قوللاشقا ئېرىشىپ، سىياسي جەھەتتىن مۇستەبىت ماۋزېدۇڭغا، ئىقتىسادى جەھەتتىن دىڭ شياۋپىڭغا ئەگىشىدىغان يېڭىچە ھاكىممۇتلەقلىق پارتىيە نامىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دىڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋلار شەكىللەندۈرگەن " كوللېكتىپ رەھبەرلىك" تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى چەتكە قېقىلىدۇ. گەرچە ھەممىسى ئوخشاشلا كوممۇنىزم فاشىستلىرى بولسىمۇ، كوللېكتىپ رەھبەرلىك ھەرھالدا شەخسنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىدىن ياخشى، چۈنكى خاتا سىياسەت يۈرگۈزىدىغان كوللېكتىپ، "قەتئىي خاتالاشمايدىغان ئۇلۇغ داھىي" دىن ياخشىراق.

بۇ يىغىننىڭ قىزىق نۇقتىسى ئاساسلىقى ئىككى. بىرى: شى قوشۇنى، جياڭ تەرەپدارلىرى، تەشكىلاتىدىن ئىبارەت پارتىيە ئىچىدىكى ئۈچ ئاساسى كۈچنىڭ ئىككى يىل داۋاملاشقان سىياسي كۈرەش نەتىجىسىدە شى جىنپىڭ ئۇتۇپ چىقالىدىمۇ يوق؟ يەنە بىرى سىياسي بيۇرو مەركىزى كومىتېتىنىڭ 7 دائىمىي ئەزاسى كىملەر؟ دېگەندىن ئىبارەت. ئىككىنچى مۇھىم نۇقتىغا شى جىنپىڭنىڭ سادىق مۇشاۋىرى ۋاڭ چىشەن پېنسىيەگە چىقامدۇ – يوق؟ دېگەن مۇھىم مەسىلە ياندىشىدۇ. يەنە 3 كۈندىن كېيىنلا ئېچىلىدىغان 19-قۇرۇلتايدا پارتىيە دائىمىي كومىتېتى ئەزالىقىغا سايلىنىدىغان 7 ئادەم ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ 7 ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئارقىلىق پارتىيەدە قايسى تەرەپلەر بەكرەك ئەۋزەل ئورۇنغا چىققانلىقى بىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ 7 كىشىنىڭ ئارىسىدا شى قوشۇنى كۆپ بولسا ئۇنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش سىياستى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولىدۇ.

يىغىن ئېچىلىشقا ئۈچ كۈن قالدى. گەرچە ھەممە ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ئەزالار پەقەت ئالدىن يېزىلغان سېنارىيەگە ئاۋاز قوشۇپ رول ئېلىپ بەرسىلا بولىدىغان يەرگە كەلگەن بولسىمۇ، پەرەز قىلىپ باقايلى.

1-لايىھە:

3 ئادەم شى قوشۇنى، 3 ئادەم تەشكىلات، بىر ئادەم جياڭ زېمىن تەرەپدارى.

بۇنداق بولغاندا پارتىيە ئىچىدە كۈچ تەڭپۇڭلىشىدۇ. قىرىشقا يۈزلەنگەن جياڭ زېمىن تەرەپدارى پەقەتلا ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولى ئوينايدۇ.

2-لايىھە:

68 ياشلىق ۋاڭ چىشەن پېنسىيەگە چىقىش چىقماسلىق لايىھەچىسى. ئەگەر شى مۇشاۋىرى ۋاڭ نىزامغا خىلاپ ھالدا پېنسىيەگە چىقماي يەتتە ئەزانىڭ بىرى بولسا، ئۇنداقتا شى جىنپىڭ ئۇتتى دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كېلەر يىلى 3-ئايدا مەركىزى ئىنتىزام تەكشۈرۈشنىڭ باشلىقى بولىدۇ، پۇل-مۇئامىلە سىياسىتىنى بەلگىلەيدۇ، لى كېچياڭ ئورنىغا زۇڭلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيەتلىق پارتىيەدىكى ھوقۇقى ئېشىشىغا پايدىلىق.

3-لايىھە:

رەئىسلىك ۋە دائىمىي كومىتېتلىق تۈزۈمى. بۇ دېگەنلىك رەئىس سايلىنىشتىن باشقا، مەركىزى كومىتېت كېڭەيتىپ تەشكىللىنىدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە 11 كىشىگە كېڭەيتىلگەن. خۇ جىنتاۋ تۈنجى چىققاندا 9 كىشىگە كېڭەيتىلگەن. بۇ خىل پەرەزنىڭ سەۋەبى ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەت شۇ دەۋردىكىگە ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن. بۇنداق بولغاندا شى جىنپىڭ بۈيۈك قوماندان سۈپىتىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. دائىمىي كومىتېت بولسا پەقەت بۇيرۇق ئىجرا قىلىدۇ.

4-لايىھە:

دائىمىي كومىتېتنى پۈتۈنلەي ھالدا شى قوشۇنى ئىگىلەيدۇ. بەلكىم ھازىرقى زۇڭلى لى كېچياڭ تەشكىلاتقا ۋەكىل ھالدا قۇرۇق جازا سۈپىتىدە قالدۇرۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ لايىھەنىڭ ئىشقا ئېشىشى ناتايىن.

5-لايىھە:

كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى. بۇ دەل نېمىشقا ھەر جەھەتتىن مۇقىملىقنى قاتتىق قوغداش يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى.

قاراپ باقساق، بەشلا خىل لايىھەدە شى جىنپىڭ ئەڭ زىيان تارتقاندىمۇ 7 ئادەمنىڭ 3 كىشىلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شى جىنپىڭ ھوقۇق تۇتقاندىن بۇيان ھوقۇقنى مۇستەھكەملەشتىن باشقا ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەپ كەتمىدى. ئۇنىڭ " چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش" ھەرىكەتلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە دۈشمەن تازىلاش ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. 7.5 ۋەقەسىنى قانلىق باستۇرغان جۇ يۇڭكاڭ دەل شۇنىڭ قۇربانى.

شى جىنپىڭ ھوقۇق تۇتقان دەۋرىدە ئىقتىسادى جەھەتتىن ئىلگىرىلەش يوق، چۈنكى ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمە بىلەن ئىقتىسادى تەرەققىيات ماس كەلمەيدۇ. ئىچكى جەھەتتىن جان تالىشىۋاتقان جىياڭ زېمىن تەرەپدارلىرى قالايمىقانچىلىق تېرىپ كەلدى. بىر تەرەپتىن شىنجاڭ، شىزاڭ ۋە باشقا ئىچكى ئۆلكىلەردە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىش ئارقىلىق مەسىلە تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. شى جىنپىڭنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى قايتا قوزغىماقچى دەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق قارشىلىق كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ.

تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە بولسا جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى، جۇڭگو-چاۋشيەن مۇناسىۋىتى، جۇڭگو-ياپونىيە، جۇڭگو-ۋېيېتنام، جۇڭگو-ھىندىستان مەسىلىرى كرىزىس تۇغدۇرماقتا.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپكەن، بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ھامان بىزگە ياخشى كۈن يوقكەنغۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. شى جىنپىڭنىڭ كەلگۈسى شىنجاڭغا شۇجى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چېن چۈەنگونىڭ كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭغا باشتا شۇجى بولغان جىياڭزېمىن

تەرەپدارى جاڭ چۈنشيەن مۇخبىرلار سورىغان:" سىز شى جىنپىڭنىڭ قايتا رەئىس بولۇشىغا قانداق قارايسىز؟ دېگەن سوئالىغا: بۇنى كىيىن دېيىشەيلى" دەپ مۇجمەل جاۋاب بېرىپ، ساداقىتىنى ئېنىق بىلدۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن يۆتكەپ كېتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بولسا ئومۇمىي يىغىنغا شى جىنپىڭنىڭ رەسمىي چۈشۈرۈلگەن ئىزناك تاقاپ كىرىپ ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرگەن غالجىر ئىت چېن چۈەنگو سەپلەندى. رەئىسنىڭ ئىزنىكىنى تاقاپ كىرىدىغان ئىش ماۋزېدۇڭنىڭ زامانىسىدىلا كۆرۈلگەن ئەلۋەتتە. ھەر ئىككىسى ئىت بولسىمۇ، جاڭ ھەرھالدا چېن چۈەنگودەك غالجىر ئەمەس ئىدى. شى جىنپىڭنىڭ مۇستەبىتلىكى، ھاكىممۇتلەقلىقى كۈچەيدى دېگەنلىك چېن چۈەنگوغا ئوخشاش غالجىر ئىتلار بېشىمىزدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرىدۇ دېگەنلىك. ھازىر 62 ياشقا كىرگەن چېن چۈەنگو بەش يىل ۋەزىپىدە تۇرسا 67 ياشقا كىرىدۇ. پارتىيە نىزامىدا 68 ياشتا قەتئىي پېنسىيەگە چىقىدۇ. شى جىنپىڭمۇ بۇ يىل قايتا سايلىنىشى مۇقەررەر. ئۇمۇ يەنە 5 يىل ۋەزىپىدە تۇرسا ھەمدە ھاكىممۇتلەق بولالىسا ئۇيغۇرنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسلىشىدۇ، ۋەتىنىگە قايتىمىقى تەس بولىدۇ، ئاتا-ئانىسى بىلەن دىدارلاشمىقى تېخىمۇ مۇشكۈل بولىدۇ دېگەنلىك. بىزگە ھازىر يامانىنىڭ شۇملۇقىدىن قۇتۇلۇش تەس، ھېچ بولمىغاندا زۇلۇمنىڭ پەسىيىشىنى بولسىمۇ ئۈمىد قىلماقتىن باشقا ئامال يوق دەۋردە شى جىنپىڭنىڭ 19-قۇرۇلتايدا ئۆتۈپ چىقالماسلىقى كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئۈچۈن بىر ئاز بولسىمۇ تىنىق ئىلىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن.

# ۋەلىئەھدلەر گۇرۇھى ۋە شى جىنپىڭ

(تۇنيۇقۇق)

شى جىنپىڭ يېتەكچىلىك قىلغان ۋەلىئەھدلەر قوشۇنى يەنە " قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار پارتىيە ۋە دۆلەت قۇرغان بىرىنچى ئەۋلاد قىزىل كوممۇنىستلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، دادىلىرىنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەلىئەھدلەر بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بەزىسى ئۇلارنىڭ شورىكا گۇماشتىلىرى.

شى جىنپىڭ ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رەئىسلىكىگە ۋاڭ چىشەننى قويدى. ئاندىن بىر تۈرلۈك "چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش" ھەرىكىتى قوزغاپ، پارتىيە ئىچىدىكى دۈشمەنلىرىنى يوقاتتى. ئۇ جىياڭ گۇرۇھىنى تازىلاشتا ياش كۈچلەرنى جايلاش، قىرى كۈچلەرنى پېنسىيەگە چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنى 20 يىل باشقۇرغان ۋاڭ لېچۈەن، كېيىنكى جاڭ چۈنشيەن، ئۈرۈمچى 5-ئىيۇل نامايىشىنى قانلىق باستۇرغان جۇڭگو ساقچى باشلىقى جوۋيوڭكاڭ قاتارلىقلار بار. ئەمدى نۆۋەت ھازىرقى ساقچى باشلىقى مىڭ جيەنجۇغا كېلىشى مۇمكىن. ئۇ بىر تەرەپتىن جىياڭ گۇرۇھىغا قارشى تۇرسا، بىر تەرەپتىن ئىتتىپاق گۇرۇھى بىلەن كۈرەش قىلمىسا بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ گۇرۇھى ئىچىدىكى ئىزباسارلىرىدىن خەۋپسىرەيدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ ئىزباسارى دەپ قارالغان سۇن جىڭسەي جىياڭ تاللاپ ئۆستۈرگەن سەركەردە ئىدى. ئەمما بۇ يىل 7-ئايدا ئۇ "چىرىكلەشكەنلىكى" ئۈچۈن دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى ۋە تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ زەربە جىياڭ زېمىننىڭ جان يېرىگە تەگدى. بۇ ئارقىلىق شى جىنپىڭ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىزباسار بولىدىغان ئادەمنى يوقىتىپ، 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا يەنە رەئىس سايلىنىش نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. شى جىنپىڭ مۇشاۋىرى ۋاڭ چىشەن 68 ياشقا كىرىپ قالسىمۇ، شى جىنپىڭنىڭ يەنىلا ئۇنى ساقلاپ قالماقچى بولۇشى ئەمەلىيەتتە پارتىيە ئىچىدىكى 68 ياشتا پېنسىيەگە چىقىشتىن ئىبارەت خۇياۋباڭ تۈزگەن غەيرىي رەسمىي نىزامنى بۇزۇپ تاشلاش، شۇ ئارقىلىق 2022-يىلى 69 ياشقا كىرگەندىمۇ يەنىلا قايتا سايلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا سۇن جىڭسەينىڭ ئورنىغا چىن مىننىئېرنى تىكلەپ، ئۆزىنىڭ ئىزباسارى قىلىپ، 2022-يىلى رەئىس بولالمىسىمۇ، پەردە ئارقىسىدىن باشقۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

دېمەك، ھازىر ھاكىممۇتلەق شى قوشۇنى:" ۋەلىئەھدلەر گۇرۇھى"، مۇتەئەسسىپ، جاھىل " جىياڭ قوشۇنى" ۋە مۆتىدىل لى كېچياڭ باشچىلىقىدىكى " ئىتتىپاق قوشۇنى" دىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي كۈچ پۈت تېپىشىپ تىركىشىۋاتىدۇ.

شۇڭا 19-قۇرۇلتاينىڭ مۇھىملىقى، شۇ كىشىلىك دائىمىي كومىتېتقا ئەزا ئادەملەرنىڭ كىملىكىنى بەلگىلەيدىغان ناھايىتى مۇھىم يىغىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىغىن ئارقىلىق جۇڭگونى

يېقىن كەلگۈسىدە كىم باشقۇرىدۇ؟ كىملەر يەنە قورچاق ھاكىمىيەت تەشكىللەيدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. 19-قۇرۇلتاي بىر ھەپتە يەتتە كۈن ئېچىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن، يىغىننىڭ خۇلاسىسى 2 كۈن قىلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 ئەزاسى ئېلان قىلىنىدۇ. كەلگۈسىدىكى رەئىسمۇ شۇ 7 ئادەم ئىچىدىن تاللاپ چىقىلىدۇ. ئەگەر بۇ 7 ئادەمنىڭ ئىچىدە كەلگۈسى رەئىسلىككە نامزات قارالغان شەخستىن ئىككىسى كۆرۈلسە ھوقۇق تالىشىش كۆرۈشى يەنىلا داۋاملىشىدۇ دېگەن گەپ. جىياڭ زېمىننىڭ سەركەردىلىرى بولسا قىرىپ كەتكەن، بىرىدىن باشقىسى بىۋاستە شاللىنىپ كېتىدۇ. ئەڭ قابىل سەركەردىسى سۈن جېڭسەيمۇ 7-ئايدا موللاق ئاتتى. ئاڭغىچە شى جىنپىڭنىڭ مۇشاۋىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈشنىڭ باشلىقى ۋاڭ چىشەن يىغىندا چىرىكلىككە قارشى دوكلات بېرىپ، شى جىنپىڭ ئۈچۈن توسالغۇلارنى تازىلىغاچ تۇرىدۇ.

ھازىرچە ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك لايىھە بىر ئاز مۆتىدىل بولغان "ئىتتىپاق گۇرۇھى"، خۇجىنتاۋ تەربىيەلىگەن نامزات خۇ چۈنخۇا بىلەن شى جىنپىڭ تاللىغان چېنمىنئېر نىڭ تەڭدە-تەڭ چىقىشى. شۇنداق بولغاندا شى جىنپىڭ ھاكىممۇتلەق بولالمايدۇ، كوممۇنىزم قىزىل بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ خالىغانچە فاشىستلىق قىلالمايدۇ. كەلگۈسىدە مۆتىدىل خۇچۈنخۇا رەئىس بولسا خەلق بىر ئاز ئاپتاپ كۆرۈشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭغىمۇ ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى خۇجىنتاۋ ۋە خۇ چۈنخۇا ئىسلاھاتچى خۇياۋباڭنىڭ ئىزباسارلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭماغلىق. خۇجىنتاۋ ۋە خۇياۋباڭ ھەرئىككىسى تىبەتنى ئىچكى موڭغۇلنى باشقۇرغانلاردىن. ئۇلار شۇ يەردە قانخورلۇق قىلماي تۇرۇپ كومپارتىيەنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمەيدۇ. خۇددى تىبەت ۋە تۈركىستاندا قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈپ شى جىنپىڭنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن چېن چۈەنگودەك.

# نەتىجە ۋە خۇلاسە

(تۈنيۇقۇق)

پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، پۈتۈن خىتايىنى ساراسىمىگە سالغان 19-قۇرۇلتاي ئاخىرى ئاخشام 24-ئۆكتەبىر زېرىكىشلىك ئاياغلاشتى.

يىغىن ئېچىلگەن بىرىنچى كۈنىلا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورىگىنالىنى يادلاپ، ئوبدان رول ئېلىپ بەرسىلا بولىدىغان بۇ يىغىن ئەزالىرى گەرچە ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك بىردەكلىكىنى ساقلاۋاتقان ناھايىتى ئىتتىپاق بىر پارتىيە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولسىمۇ، يىغىن ئىچى-سىرتىدىكى ۋەھىمىلىك كەيپىيات ئۇلارنى چاندۇرۇپ تۇراتتى.

شى جىنپىڭنىڭ خۇ جىنتاۋ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىشى، جىياڭ زېمىنىنىڭ بولسا بىر تەرەپتىن تاقەتسىزلىنىپ، راھەتسىزلىنىپ كېتىشلىرى، كېيەنلىككە تەييار بولغان سوپۇن چىرايى يىغىنىنىڭ نەتىجىسىدىن ئالدىنئالا بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. لېكىن يىغىن يەنىلا تىنچ ھالەتتە ئاياغلاشتى. بۇ يىغىندىكى غەلىتە ئىشلار، ئالاھىدە ئەھۋاللار توغرىسىدا سۆزلىگۈم يوق. چۈنكى 19-قۇرۇلتاي قىزىمىدى. ئۇلارنى قورقۇتۇۋەتكەن جىياڭ زېمىن ئىش چىقارمىدى. ئۇلارغا قورۇق تىرە تاراقلاتقان ئاقماس گوۋشىگۈي قۇرۇلتاي كۈنىدىن باشلاپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى.

يەتتە كۈنلۈك يىغىنىنىڭ جەريانىدىن سىياسىي بىيورونىڭ يەتتە ئەزاسىنىڭ كىملىكىنى كەسكىن بىلىشمۇ تەسكە توختىدى، شۇنداقلا ناھايىتى يىپيىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلدى. دېمەك ئىچكى كۈرەش جىددىي ئېلىپ بېرىلغانىدى.

يىغىنىنىڭ نەتىجىسىگە كەلسەك، سىياسىي بىيورونىڭ دائىمىي يەتتە ئەزاسىدىن ئۈچى شى قوشۇنى، ئىككىسى ئىتتىپاقداشلار، ئىككىسى جىياڭ قوشۇنى بولدى. شى جىنپىڭنىڭ مۇشاۋىرى ۋاڭ چېشەن ئەزالىقتىن قالدۇرۇلدى.

يەتتە ئەزا:

| شى قوشۇنى | ئىتتىپاقچىلار |
| --- | --- |
| شى جىنپىڭ – دۆلەت رەئىسى، 64 ياش. | لى كېچىياڭ _ زۇڭلى، 62 ياش. |
| لى جەنشۇ -67 ياش. | ۋاڭ ياڭ- 62 ياش |
| جاۋ لېجى -60 ياش. | |

جىياڭ قوشۇنى: خەنجىڭ 63 ياش. ۋاڭ خۇنىڭ 62 ياش. ئەمما جىياڭ قوشۇنىنىڭ بۇ ئىككى ئەزاسى گەرچە شائخەيلىك، جىياڭ قوشۇنىغا تەۋە بولسىمۇ ئۆزگىرىشچان شەخسلەر بولۇپ، غوجىسى كىم بولسا شۇنىڭغا سادىقلاردىن. ئۆزلىرى ئېھتىياتچان، كەمسۆز كىشىلەر. شائخەيلىك ۋاڭ خۇنىڭ ياش ۋاقتىدىلا جىياڭ زېمىنىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە نۇتۇق تەھرىرى قىلىۋالغان. ئۇ جىياڭ زېمىنغا " ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش ئىدىيەسى" دېگەن شوئارنى تەييارلاپ بەرگەن. خۇ جىنتاۋغا بولسا پەن-تېخنىكا بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش نەزەرىيەسى" دېگەن

شوئارنى تەييارلاپ بەرگەن. ھازىر چوڭ ھوقۇق شى جىنپىڭغا تەۋە بولغانىكەن، جىياڭ زېمىنغا بەك سادىقلىق قىلىپ كەتمەيدۇ. ۋاڭ خۇنىڭ يەنە شى جىنپىڭغا ئوخشاش "غەرب دېموكراتىيەسىنى مەغلۇپ بولغان دېموكراتىيە، يەنىلا بىزنىڭ كومپارتىيەنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقى ياخشى" دەپ قارايدىغانلاردىن.

شى جىنپىڭنىڭ مۇشاۋىرى ۋاڭ چىشەن يېشى توشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن پېنسىيەگە چىقىرىلدى. ئەمما شى جىنپىڭ ئۇنى يەنىلا ئەتىۋارلاپ مەسلىھەت سەپ تۇرىدۇ دەپ قارايمەن. ۋاڭ چىشەننىڭ ئورنىغا جاۋ لېجى ئىنتىزام تەكشۈرۈشنىڭ شۇجىسى بولىدۇ. شى جىنپىڭ ئاتلاپ ئۆستۈرگەن، ئۇنىڭ ئىزباسارى دەپ قارالغان چېنمىنئېرنىڭ ئەزالىقتىن قالدۇرۇلدى. خۇ جىنتاۋ تەربىيەلىگەن خۇ چۈنخۇامۇ ئەزالىقتىن قالدۇرۇلدى. دېمەك كېيىنكى رەئىسلىككە نامزات بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان ئىككى نامزاتنىڭ ئىككىلىسى قالدۇرۇلدى. بۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ.

دېمەك، سىياسىي بىيورودىكى يەتتە ئەزالار قارىماققا ئۈچ گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭ ھالەتنى شەكىللەندۈرگەندەك كۆرۈنسىمۇ، جىياڭ قوشۇنىدىكى ئىككى ئۆزگىرىشچان نۇقتا ۋە باشقا مۇھىم ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى شى قوشۇنىغا تەۋەلىكى سەۋەبىدىن شى قوشۇنى يەنىلا ئۈتۈپ چىقتى دېسەك بولىدۇ. بۇ قېتىم " شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى" پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئىدىيەنىڭ كىرگۈزۈلۈشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى شى جىنپىڭنىڭ ئىسمىمۇ كىرگۈزۈلۈشى. بۇ دېگەنلىك شى جىنپىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى جەھەتتە جىياڭ زېمىن ۋە خۇجىنتاۋلاردىن ئېشىپ، ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئۆتتى دېگەنلىك. چۈنكى پارتىيە نىزامنامىسىگە ھازىرغىچە شۇ ئىككى خىتاينىڭ ئىسمى بىلەن ئىدىيەسى يېزىپ كىرگۈزۈلگەن. جىياڭ زېمىن بىلەن خۇ جىنتاۋنىڭ يوق. شى جىنپىڭ ھاكىممۇتلەقلىق جەھەتتە ماۋزېدۇڭنى، ئىقتىساد ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە دېڭ شياۋپىڭنى ئۈلگە قىلىپ ئىلگىرىلىمەكچى. شى جىنپىڭ ئىدىيەسىدىكى يېڭى دەۋر دېگىنى، 1949-يىلىدىن 1976-يىلىغىچە 30 يىلدا ماۋزېدۇڭ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنى يېڭىپ جۇڭگونى تىك تۇرغۇزغان بولسا، دېڭ شياۋپىڭ 1976-يىلىدىن 2017-يىلىغىچە 30 يىلدا جۇڭگو ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ باي قىلدى. مەن بولسام 2050-يىلىغىچە جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشى ئۈچۈن ئۇل سالىمەن، يېڭى دەۋر ئاچىمەن دېگىنى. شى خىتاينىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى سوتسىيالىزم يولىدا كۈچلەندۈرۈش ئىدىيەسى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سىياسىي ئىسلاھات قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خىتاي مىللەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئىستىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ خۇلاسە بەك ئالاھىدە نۇقتىلارنى كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يىغىندا ئالاھىدە بىرەر ئىش بولمىدى. ماڭا بۇ يىغىن تولىمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلدى. ئوقۇرمەنلەرگە يىغىن نەتىجىسىنى تېزرەك بىلدۈرۈش ئۈچۈن تېزرەك پۈتتۈرۈپ سەھەردىلا يوللىۋەتتىم. كېيىن تولۇقلىنىدىغان نۇقتىلار بولسا قوشۇمچە قىلىپ ياكى ئايرىم قىلىپ قالدۇرۇپ قويىمەن.

# ھىجاپقا خىتايچە تەپەككۇر

(تۇنيۇقۇق)

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئاللاھ مۇسۇلمان ئاياللارغا ھىجاب پەرز قىلغان. يۈزنى يېپىش – ياپماسلىق توغرىسىدا ئۆلىمالار ئارىسىدا نەچچە خىل قاراشلار بار. يۈزنى يېپىش، قارا رەڭلىك ھىجابلىنىش مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن تەقۋادارلىقنىڭ سىمۋولى بولغان بىلەن، خىتايلارغا نىسبەتەن بىكىنمە، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ نامايەندىسى. ئامېرىكىلاردا يۈزنى يېپىپ قارا ئورۇنغان ئاياللارنى ياپونىيە " ninjaسامۇراي" نىنجا" دەپ ئاتايدىكەن. خىتايلاردا بولسا ئامېرىكا كىنوسى " قىساسكارلار"دىكى ئايال پېرسوناژ ناتالىيانىڭ لەقىمى بويىچە "黑寡妇 black widow قارا تول خوتۇن" دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى قارا كىيىملىك مۇسۇلمان ئاياللار ئۇلارغا ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ. ئىنسان ھەققەتەن بىلمىگەن نەرسىسىنىڭ دۈشمىنى. خۇددى خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقاندەك [ سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن ئىشقا قانداقمۇ سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟]( كەھف:68).

خىتايلار ھىجابنى بولۇپمۇ قارا ھىجابنى مۇتەئەسسىپلىك، خەنلەرنىڭ خىتايلاشتۇرۇش ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە مۇخالىپ، دەھرىي ھاكىمىيەتكە قارشى كەيپىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارايدۇ.

نېمىشقا دەھرىي ھاكىمىيەتكە قارشى كەيپىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارايدۇ؟ چۈنكى خىتايلاردا " 非我族类， 其心必异 " مەن بىلەن بىر مىللەت بولمايدىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم نىيىتى باشقا" دېگەن مۇنداق بىر گەپ بار. خىتاي تارىخىدا شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم ھاكىم مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى زورلاپ تېڭىش، مەزلۇم مىللەتنىڭ مىللىي كىيىم – كېچەكلىرىنى چەكلەش، مىللىيلار ئۆز-ئارا تويى قىلىشىنى چەكلەش قاتارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئەنئەنىسى بار.

تارىختا خىتاينىڭ دەپ سانىغۇدەك ھاكىمىيەتتىن تۆتى بار. ئۇلار خەن سۇلالىسى (م ب-202-م9)، تاڭ سۇلالىسى( 618-907)، سۇڭ سۇلالىسى ( 960-1279) ۋە مىڭ سۇلالىسى ( 1368-1644). بۇنىڭدىن باشقا ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇششاق بەگلىكلەر ياكى باشقا مىللەتلەر قۇرغان ھاكىمىيەتلەر.

موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسىنى ئۆرۈپ، مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان جۇ يۈەنجاڭ خەنزۇلار تارىخىدا داڭدار شەخس. ئۇ خىتاي تارىخىدىكى بىردىنبىر قەلەندەر لىكتىن چىققان پادىشاھ، بىردىنبىر جەنۇبتىكى تېرىقچى مىللەتلەر شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ ھاكىمىيەت تىكلىگەن پادىشاھ. جۇ يۈەنجاڭنى تۇڭگان ئىدى دەيدىغان خۇيزۇلارمۇ بار. ئۇنىڭ كىملىكى بۇ تېمىدا مۇھىم ئەمەس، ئايرىم دېيىشەرمىز. ئەمما ئۇنىڭ يۈرگۈزگەن سىياسىتى بۇ يەردە دېيىلىدىغان مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

جۇ يۈەنجاڭ خاندانلىق قۇرغاندىن كېيىن قانلىق مىللىي سىياسەت يۈرگۈزگەن. ئۇ ياتلارچە

كىيىنىش، يات تىلدا سۆزلەش، ياتلارنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش، ياتلار بىلەن توي قىلىش ۋە ياتلار ئۆز-ئارا توي قىلىشنى چەكلەش پەرمانى چۈشۈرگەن. ئۇنداقتا ياتلار كىملەر؟ ياتلار دەل بارلىق خىتاي بولمىغان مىللەتلەر: موڭغۇللار، مۇسۇلمانلار، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربى ئاسىيا ۋە ياۋروپادىن كەلگەن بارلىق پەرەڭلەر. ئەجەبلىنەرلىكى، دادىسى خىتاي، ئانىسى ۋە ئايالى مۇسۇلمان جۇ يۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرۇشتا ئىراندىن تارقىلىپ كىرگەن مانى دىنى مەزھىپى " نۇر مەزھىپى" نىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھاكىمىيەت قۇرغان، موڭغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىشتا دەل شۇ ياتلارنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەن ئىكەن. ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىنلا ئۇلارنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈپ، ئەسىرگە ئېلىپ، قۇل قىلغان. خاتىرىلىنىشچە 800 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن، 600 مىڭ نەپەر ئەرنى پىچىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن ئاشقانلىرىنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن " ياتلارچە كىيىنىش، يات تىلدا سۆزلەش، ياتلارنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش، ياتلار بىلەن توي قىلىش ۋە ياتلار ئۆز-ئار ا توي قىلىشنى چەكلەش" پەرمانى چۈشۈرگەن. خىلاپلىق قىلغانلار دەررە يېگەندىن باشقا، بىر ئۆمۈر قۇل قىلىنغان. شۇ ئارقىلىق مىللەتلەر قوشۇلۇپ كېتىشنى يەنى خىتايلىشىپ كېتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

بۇ خىل قانلىق مىللىي سىياسەتكە خىتايلار مىڭ سۇلالىسى ئۆرۈلۈپ، مانجۇلار چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن خىتايلارنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن. ھەممىڭلارغا تونۇشلۇق بولغان " كاڭشى خانىدانلىقى" دېگەن كىنودا مۇنداق بىر مەزمۇن بار. كاڭشى خان تەيۋەننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشماقچى بولغاندا، تەيۋەن تەرەپ سۈلھى تەلەپ قىلىدۇ. مەنچىڭ خانىدانلىقى ئۇلارغا ئۈچ شەرت قويىدۇ. بۇنىڭ بىرى دەل چاچ چۈشۈرۈش، مانجۇچە كىيىنىش ئىدى. چاچ چۈشۈرۈش دېگەنلىك مانجۇلارغا ئوخشاش چاچنىڭ ئالدىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، يېرىم تاقىرۋاش بولۇش دېگەنلىك. مانجۇچە كىيىم دېگەنلىك ئەرلەر ئالدى تۈگمىسى ياندىن ئېتىلىدىغان ⌐| شەكىللىك پاسوندا كىيىم كىيىش دېگەنلىك. ئىسىڭلارغا كەلدىمۇ؟

مانجۇلار شەرقى شىمالدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە خىتايلارغا مانجۇچە كىيىنىش، چېچىنى چۈشۈرۈش بۇيرۇقىنى بەرگەن. خىلاپلىق قىلغانلار خانىدانلىققا قارشى چىققان ھېسابلىنىپ ئېغىر بىر تەرەپ قىلىنغان. چاچ چۈشۈرۈپ، مانجۇچە كىيىنىش مانجۇ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىق دەپ قارالغان. شۇڭا " چاچ قويساڭ بېشىڭ يوق، بېشىم ساق قالسۇن دېسەڭ چېچىڭ يوق" دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا چىققان. خىتايلار خىلى قارشىلىق قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ باققان بولسىمۇ يەنىلا قانلىق باستۇرۇلغان. كېيىن خەنلەرنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنى ئېشىشى ۋە مانجۇلارنىڭ خەنلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن بۇ خىل سىياسەتمۇ بوشاشقا باشلىغان.

1911-يىلى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، مەنچىڭ سۇلالىسى ئۆرۈۋېتىلدى. يېڭى قۇرۇلغان جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى ئىدىيەنى ئازاد قىلىش، كونىلىقنى يوقىتىپ، يېڭىلىقنى تارقىتىش ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچلارنى كەستۇرۇۋېتىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش چىقارغان. بۇ دەسلەپتە چەتئەلدە ئوقۇۋاتقانلار، ئاقارتىش تەرەپدارلىرى بولسىمۇ، كېيىنچە مەنچىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇن جۇڭشەن قاتارلىقلار نىڭ چاچ قىسقارتىپ، كاستۇم كىيگەنلىكى دەل مەنچىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش، ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلىگىنى ئىدى. سۇن جۇڭشەن رەئىس جۇمھۇر بولغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت

بويىچە ئۆرۈمە چاچنى مەجبۇرىي كېسىۋېتىش بۇيرۇقى چىقارغان. چاچ كەستۈرگەنلەرگە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىنغان. چاچ كەستۈرمىگەنلىك ئىنقىلابنى قوللىمىغانلىق دەپ قارالغان.

ئەمەلىيەتتە بۇ خىل چاچ قىسقارتىش، كاستۇم كىيىشنى يېڭىلىقتا كۆچۈشنىڭ ئالامىتى دەپ قارايدىغان ئەھۋال ياپونىيەدىمۇ يۈز بەرگەن. 1868-يىلى غەرب تاجاۋۇزچى دۆلەتلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆرە تۇرالمىغان ياپونىيە يېڭىلىقتا كۆچۈش، غەرببلىشىش ئارقىلىق قورچاق ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان. بۇ توغرۇلۇق تام خەنكىس ئىشلىگەن " ئاخىرقى سامۇراي" دېگەن كىنونى كۆرۈپ قويساڭلار بولىدۇ.

خۇلاسە كالام، خىتايلار ئەنە شۇنداق قانلىق قارا تارىخى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاياللىرى كىيگەن ھىجاب ۋە قارا جىلبابلارنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى ۋەھىمە، مىللىي ئاسسىمىلياتسىيەگە قارشى مۇتەئەسسىپلىك، دەھرىي ھۆكۈمەتكە قارىتا بويسۇنماسلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ تونۇيدۇ ۋە باستۇرىدۇ. ئۇلار يەنە قارا جىلبابنى ئافغانىستاندا سوۋېتقا قارشى شەكىللەنگەن تالىبان، تالىباننىڭ باشلامچىسى بىن لادىن، بىن لادىننىڭ ۋەتىنى سەئۇدى، سەئۇدىنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاساسى – ۋاھابىزىم، ۋاھابىزىم دائىشلارنىڭ شوئارى دەپ باغلاپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا قارا ھىجاب كىيگەنلىك تېررورچىلارغا مايىل بولغانلىق، ۋاھابىزىمنى قوللىغانلىق دەپ قارايدۇ.

شى جىنپىڭ 2016-يىلى 4-ئايدا ئاچقان جۇڭگودىكى دىنلارنى سوتلىيالىستىكلاشتۇرۇش ئومۇمىي يىغىنىدا " دىنلارنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش" دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دىنلارنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش" دېگەنلىك " دىنلارنى دەھرىيلەشتۇرۇش، دىنسىزلاشتۇرۇش" دېگەنلىك. شۇڭا تورلاردا مەسچىتكە شۇ مەزمۇندا ئېسىلغان پلاكاتلارنى كۆرەلەيسىز.

كاڭشى خان ئەينى ۋاقىتتا بۇتخانا، مەسچىت، چېركاۋلارغا:" 敬天助国 تەڭرىنى ئۇلۇغلاپ، دۆلەتنى قوللاش" دەپ يېزىلغان پلاكات ئېسىشنى بۇيرۇغان ئىكەن. دېمەكچى، سەن رەببىڭنى ئۇلۇغلا، نېمىگە ئىشەنسەڭ، قانداق ئىبادەت قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. ئەمما سەن ھاكىمىيەتكە ئاربلاشماسلىقنىڭ كېرەك، ھاكىمىيەتنى قوللىشىڭ كېرەك، دۆلەتنى قوللىشىڭ كېرەك".

بۇ ج ك پ نىڭ " ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش" دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پەرقلىق يېرى، شەرىئەت بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كۆرۈلگەندە، ج ك پ ۋەتەننى ئالدىغا قويۇش، دىننى كەينىگە قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

# ئۈمىدلەر ۋە تەشۋىشلەر

(تۇنيۇقۇق)

ئالدىنقى بىر ماقالەمدە " خىتايدا مۇستەبىت ھاكىمىيەت تېخىمۇ كۈچەيسە سىياسىي ئىسلاھاتقا تەشنا خەلق ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ دېموكراتىك ھەرىكەت قوزغىشى ئاندىن غەلىبە قىلىشى ياكى خىتاي ئەنئەنىسى بويىچە قانلىق باستۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئىككىلا خىل نەتىجىدە ئۇيغۇرلارغا ئازراق يورۇقلۇق بار. مەن بۇنىڭ 15 يىل ئىچىدە روياپقا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن" دېگەن ئىدىم. ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىلشات ھەسەن كۆكبۆرە ئەپەندى:" 19-قۇرۇلتايدىن كېيىنكى مىللىي سىياسەت يۆلىنىشى" دېگەن ماقالىسىدە تېخىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن:" ئەگەر كۆپچىلىك تىرىشىپ ئىشلەپ مۇستەبىت كومپارتىيەنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىسا، بەش يىلدىن 10 يىلغىچە بولغان كەلگۈسىدە مۇستەبىت كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئۆرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان پەرەز-ئەلۋەتتە!

ئاللانىڭ بىزلەرگە پات يېقىندا نىجاتلىق بېرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا بۇ نىجاتلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن بىز كۆرۈپ يېتەلەيدىغان تېگىشلىك سەۋەب ۋە شارائىتلارنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى!

جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇق ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار مەيلى سىياسىي ھەرىكەت، پارتىزانلارچە ھۇجۇم ياكى چوڭ كۆلەملىك قوزغىلىش كۆتۈرسۇن ئەمەلىي نەتىجە قازىنالىشىمىز ناتايىن. ھازىرقى خىتاينىڭ قورال-ياراق، ھەربىي كۈچى، تېخنىكا، ئىقتىساد، خەلقئارا تەسىر كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئالغاندا خىتاي بىلەن تىركىشىپ تۇرالىغۇدەك ئەمەلىي كۈچ ئۇيغۇرلاردا يوق. ئۇيغۇرلار مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن قوزغىلىپ چىقالايدىغان پۇرسەت ئىككى خىل ئەھۋالدا يارىتىلىدۇ. بىرى چوڭ دۆلەتلەر خىتاي بىلەن ھەربىي ئۇرۇش قىلىسا مۇمكىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئېھتىماللىقى يېقىن كەلگۈسىدە تۆۋەن. يەنە بىرى: خىتايلار كومپارتىيەگە قارشى زور كۆلەملىك قوزغىلىپ، ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە بۆلۈنۈش كۆرۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا يېتىشەلمىگەندە ئاندىن مۇستەقىللىق قوزغىلىڭى قىلىشقا پۇرسەت بولىدۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيە ھازىر خەلقنىڭ رايىدىن قالدى. پارتىيەنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقىنى ئىقتىساد ۋە ئارمىيە بولۇپ، ئېغىر ئىقتىسادى بوھران ياكى زور كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى كۆرۈلگەن ھامان كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئەجىلى كەلگەن بولىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە بۈنى تونۇپ يەتكەن بولغاچ بارلىق تاراتقۇ ۋاستىلىرىنى، ئۈندىدار، سىن، مۇنازىرە مۇنبەرلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىۋاتىدۇ. مەركىزى تېلېۋىزىيە، شىنلاڭ، خەلق گېزىتى قاتارلىق ئاساسلىق خەۋەر ئورگانلىرى ئۆتكەن يىلى ئۆزىنىڭ ۋاملىسى پارتىيە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋاملىسىنىڭ خەلق ئەمەس، ئارمىيە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى ئازادلىق ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىق خاتىرە كۈنى ھەربىيلەر پاراتتىن ئۆتكەندە، پارتىيە بايرىقى ئەڭ

ئالدىدا، ئاندىن دۆلەت بايرىقى ئاندىن ئارمىيە بايرىقى تىزىلدى. بۇ ئەسلىدە خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىغا خىلاپ بولۇپ، دۆلەت بايرىقى ئەڭ ئالدىدا بولۇش كېرەك ئىدى. شى جىنپىڭ بۇ ئارقىلىق "دۆلەتنىڭ فامىلىسى پارتىيە، ئۇنى قوغدايدىغىنى ئارمىيە" دېگەن بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي مىللەتچىلىكىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ خىتاي مىللەتچىلىكى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى توسۇپ قالماقچى، كومپارتىيەنىڭ ئۆرۈلمەسلىكىنى جۇڭگونىڭ پارچىلانماسلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ كۆرسەتمەكچى.

كوممۇنىستىك پارتىيە خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ كىچىك دائىرىدە كۆرۈلۈپ قوزغىلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كېڭىيىپ، تەسىر قوزغىۋېتىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا ھەرقايسى شەھەر، ئۆلكىلەردە نامايىش كۆتۈرۈلسىمۇ ئۇلار ئۇنى قەتئىي خەۋەر ۋاستىلىرىگە چىقارمايدۇ. ئەگەر بىرلا قوزغىلىپ غەلىبە قىلسا ۋە باشقا شەھەر-ئۆلكىلەرگە كېڭىيىپ كەتسە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئۇلى تەۋرەپ كېتىدىغانلىقى ئۇلارغا ئايان. شۇڭا ھازىرقى خىتايدا ساقلىنىۋاتقان يوشۇرۇن ئىچكى زىددىيەتلەر، جەمئىيەت مەسىلىلىرى بىرلا پارتلاپ چىققان ھامان، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇستەقىل بولۇشىغا بىر پۇرسەت يارىتىلغان بولىدۇ.

ئىچكىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئېغىر قالايمىقانچىلىق يۈز بەردىمۇ دەيلى. بۇ پەقەت بىزگە بىر پۇرسەت دېگەن گەپ. مۇستەقىللىق دەۋايىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت بارمۇ؟

ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، تىبەت بىلەن تۈركىستان تەڭلا قوزغىلىپ چىققان تەقدىردىمۇ بەزى ۋاقىتلىق يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى قۇرۇپ چىقالىشى، ئارمىيە تەشكىللەپ ۋەتەننى قوغدىيالىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋال ئىككى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىمۇ كۆرۈلگەن. ئەمما بۇ پۇرسەت كېلىشتىن ئاۋۋال ياخشى تەييارلىق كۆرمىگەن ۋە تەربىيەلەنمىگەن سەۋەبلىك كۈچلۈك بىر قوشۇننى شەكىللەندۈرەلىشى ناتايىن. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قوشۇنى جەڭدە باتۇر ۋە جەڭگىۋار بولسىمۇ، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئالدىدا تولا قىلتاققا دەسسەپ، تولا يېڭىلىپ قېچىپ يۈرۈپ جەنۇبقا كەلدى ھەتتا شىڭشىسەيگە ئەل بولدى.

بىزنىڭ ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، ئافغانىستان ۋە ئىراق، سۈرىيە تۇپراقلىرىدا چېنىققان، تەربىيەلەنگەن نەچچە مىڭ شىر يۈرەك باتۇر يىگىتلىرىمىز بىر-بىرىنى دۈشمەن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشۈپ نابۇت بولدى. ۋەتەننى ئازاد قىلىشتا ۋە قوغداشتا دەل ئاشۇنداق تەربىيەلەنگەن مەشقاۋۇللارغا ئېھتىياجىمىز بار ئىدى. كەلگۈسىدە شۇ مۇجاھىد باتۇرلاردىن ھايات قالغانلىرى ۋەتەننى ئازاد قىلىش ۋە قوغداش سېپىگە ئاتلاندى دېگەن تەقدىردىمۇ چوڭ جامائەت، كىچىك جامائەت، دائىش، نۇسرەت، سەلەپ، خەلەپ قاتارلىقلارنىڭ جېدىلىنى بېسىقتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر بايراق، بىر رەھبەر  قول ئاستىغا يىغىپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا لايىق ھەيۋەتلىك قوشۇن بەرپا قىلىش تولىمۇ مۈشكۈل. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدىكى ھەرخىل ئىنچىكە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالايدىغان، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىگە ئېرىشكەن نوپۇزلۇق دىنىي ئالىملارغا ئېھتىياجىمىز بار.

ئەنە شۇنداق ئىتتىپاق ھەربىي قوشۇننى شەكىللەندۈرگەن تەقدىردە، بىزگە بىرىنچى دۈشمەن بولىدىغىنى ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان تۈركىستاندا ئولتۇراقلىشىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن، يەرلەشتۈرۈلگەن 8 مىليون خىتاي بولىدۇ. تېخى قايسى كۈنى ئېلان قىلغان نوپۇس تەكشۈرۈشتە شىنجاڭلىق خىتايلارنىڭ نوپۇسى 8 مىليون چىقتى. بۇنىڭ ئىككى مىليونى بىڭتۇەنلىك يېرىم

ھەربىي يېرىم ئىشلەمچى خىتايلار. بۇ خىتايلار تۈركىستاندىكى ئاساسلىق ئىقتىسادى شەھەر-يېزىلارغا تارقالغان. ئۇلار نېفىتلىك، تۆمۈر يول، ئايرودروم، ئىقتىساد ۋە چېگرا ئېغىزلىرىنى ئىگىلەپ ياتىدۇ. ئارمىيە، ساقچى، قورال-ياراقلارمۇ خىتايلارنىڭ قولىدا. بۇ 8 مىليون خىتاي ئىچكىرىگە قايتىپ كەتسە جان باقالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تۈركىستاندا يەرلىشىپ ياشاپ كەلگەچ ئۆزىنى ھەقىقەتەن شۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى دەپ ئويلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئېنىقلا قولىدا بار ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلالىشى، ئىچكىرىنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان ھامان يەنە بىرزنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشى مۇمكىن.

بۇ ۋاقىتتا سىياسىي تەدبىرگە ناھايىتى قابىل ئۇيغۇر سىياسەتچىگە ئېھتىياجىمىز چۈشىدۇ. بەلكىم تۈركىستاندىكى خەنزۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە تەگمەيمىز، ئىچكىرىگە قايتىپ كەتسەڭلار يول ئوچۇق، قايتىپ كەتسەڭلار سىلەرگە زور دەرىجىدە ياردەم بېرىمىز. ئەمما سىلەر جاھىللىق بىلەن تۇرىۋالساڭلار ئەلپازى يامان بەزى كىشىلەر سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا خەۋپ يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. بىز سىلەرنى كېچە-كۈندۈز قوغداپ بولالمايمىز دەپ كۆپ قىسىم خىتايلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، تۈركىستاننى تاشلاپ ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشىنى قولغا كەلتۈردى دېسەك زور كاشىلىدىن بىرى يوقالغان بولىدۇ، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن مەسىلە پۈتۈن يوقىمايدۇ. خىتاي چېگرانى ئېتىۋېلىشى، ئۇلارنى يەنە ئامالسىز قارشىلىشىشقا مەجبۇرلىشىشى مۇمكىن. بۇ خىتاينىڭ خۇسۇسىيىتىگە بەك ماس كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، يەرلەشكەن خىتايلارغا قارشى ئۇيغۇرىستانغا چېگرىداش تۈركى مىللەتلەر-قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىقلار دىن قېرىنداشلىق ۋە دىنداشلىق يۈزىسىدىن ئازغىنە بولسىمۇ ياردەم كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازادلىقىغا كۆزى يەتمەي تۇرۇپ ھەرگىز ياردەم قولىنى سۇنالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بىزگە ياردەم قولىنى سۇنغان تەقدىردە سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆتۈك سالسا، كۈچلۈك دۈشمەن خىتاينىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرىستانغا كۆز تىكىپ كەلگەن رۇسىيە ئۇلارنى كۈشكۈرتسە ھەتتا ئۆزى بىزگە بىۋاستە ياردەم بەرسە ئاندىن خىتاي بىلەن تىركەشكۈدەك ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئۇيغۇرىستاننى تارىختىن بۇيان نەچچە قېتىم سېتىۋەتكەن، سابىت داموللام، ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى بىر قوللۇق يوقاتقان، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى كوممۇنىزم لاگېرىدا دىندىن ۋە تىل-مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈۋەتكەن كوممۇنىزمىنىڭ بوۋىسى بولمىش رۇسىيەگە تايىنىش بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلغاندەك بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن. بىلسەڭلار 1949-يىلى ستالىن لىيۇ شىياۋچىنى چاقىرىپ شەرقى تۈركىستاننى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، شەرقى تۈركىستانغا كۆپلەپ خىتاي يۆتكەپ نوپۇس نىسبىتىنى 50% تىن ئاشۇرۇۋېتىش مەسلىھەتىنى بەرگەن دەل شۇ ستالىن.

يەنە بىر خىل ئەھۋالدا ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن. يەنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى خىتاينىڭ قالايمىقانچىلىق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خىتاينى پارچىلىۋېتىشنى قارار قىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرسە، قوشۇن تۇرغۇزسا، تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن. خىتاينىڭ تۈركىستاندىن ئىبارەت نېفىت، تەبىئىي گاز، پاختا، ئالتۇن كانىنى ئىگىلىۋالسا، قان تومۇرى بولغان يىپەك يولىنى ئۈزۈۋەتسە خىتاي ئامېرىكىغا تەھدىت پەيدا قىلالمايدىغان بولىدۇ.

ئەمما بۇ ۋاقىتتا خىتاي چاۋشيەندىن ئىبارەت كاپ-كاپ كۆچىنى قويۇپ بەرسىچۇ؟ يادرو تېخنىكىسى، ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسىنى ئىرانغا سېتىپ بەرسىچۇ؟ ئامېرىكا شۇ زىيانلار بەدىلىگە تۈركىستانغا ياردەم بېرەمدۇ؟ خىتاي روسىيە بىلەن بىرلىشىپ ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشسىچۇ؟ ياكى بىۋاسىتە ھالدا ئامېرىكا بىلەن روسىيە تۈركىستاننى تالاشسىچۇ؟ ئۇ چاغدا شەرقى تۈركىستان ئىككىنچى ئافغانىستانغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ كۈچ سىنىشىش مەيدانىدا ھەممىدىن بەك زىيانغا ئۇچرايدىغىنى يەرلىك خەلقلەر بولىدۇ. جاھانگىرلار يامىنى كەلسە ئۇرۇشتىن كېيىن توپىسىنى قېقىشتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ.

بارلىق سىرتقى شارائىتلارنى ئۇيغۇرلار ئۆچۈن پايدىلىق ھالەتتە پەرەز قىلىپ باقايلى. ئۇيغۇرلار ئامېرىكا ئۈچۈشلۇق ھالدا تۈركىستاندا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى ئۆچۈن ھەرخىل ياردەمدە بولدى. قوشنا تۈركىي مىللەتلەر، مۇسۇلمان مەملىكەتلىرى خەلقئارادا مۇستەقىللىقىمىزنى قوللىدى. خىتايدا دېموكراتىك كۈچلەرنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۇلارغا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ بىسىم چۈشۈردى. ئاندىن خىتاينىڭ ئەسلى پروگراممىسىدىكى " مىللەتلەر ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى" ئارقىلىق، ئومۇمىي خەلقنىڭ بىلەت تاشلىشى بىلەن تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى پۈتۈن ئاۋاز غا ئېرىشتى. خەلقئارا تۈركىستاننى ئېتىراپ قىلدى، قانۇنى جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىندى. ئاندىن ب د ت تىنچلىق قوغداش قىسىملىرى گازارما قۇردى، تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئىشقا ئاشتى دەيلى.

تۈركىستان ئازاد بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ زېمىنى ھامان خىتاي بىلەن چېگرىداش بولىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە يىقىلسىمۇ، خىتاي يەنىلا دۇنيا زاۋۇتى، مىللەتپەرۋەر خىتايلارنىڭ مەبلىغى، شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى تەسىر كۈچى ئارقىلىق يەنىلا ئۆزىنى ئۇڭلاپ كېتەلەيدۇ. ئۇڭشالغان ھامان تۈركىستانغا يەنە قارا نىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار خىتايغا قارىتا چېگرا قوغداش، مۇستەقىللىقنى قوغداش كۆرۈشىگە تەييارلىنىپ ھەرۋاقىت سەگەك تۇرمىسا بولمايدۇ. زور مىقداردا ھەربىي كۈچ ۋە ئىقتىسادى كۈچنى خىتايدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئىشلەتمىسە بولمايدۇ. خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاقساپ قالىدۇ. ب د ت تىنچلىقنى ساقلاش قىسىملىرى ھەرۋاقىت سىزگە پوستا تۇرۇپ قوغداپ بېرەلمەيدۇ. سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ. قايتىدىن كۈچەيگەن خىتاينىڭ خىرىسىغا قارىتا يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈركىستان يالغۇز ھالدا تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئارمىيە ۋە ئىقتىساد جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن ئۇزاق بىر جەريان ۋە زامان كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەنىلا ئامېرىكا ۋە تۈركىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەردىن زامانىۋى قورال سېتىۋېلىشى، ئەسكەرلىككە ئادەم تەربىيەلىشى، ھەربىي ماھارەت، ئۇشتۇمتۇت جەڭلەرگە ھازىرلىق كۆرۈشى كېرەك بولىدۇ. ئۇيغۇردا بار كەسپى تېخنىك خادىملار يېتىشمەيدۇ، خىتايغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. پەرەڭلەردىن تېخنىكا خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ نىفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا زامانىۋى قۇدرەتلىك ئىسلامىي دۆلەت بولسۇن، دېموكراتىك دۆلەت بولسۇن دۆلەت قۇرۇش نىيىتى بارلار دۆلەت كۈچىنى ھەقىقىي تۇردە ئاشۇرالايدىغان پەن-تېخنىكا كەسپلىرىدە ئوقۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنى ئازاد قىلىپ، چېگراسىنى ئوبدان قوغدىيالىدى ياكى خىتاي ئاجىزلاپ تۈركىستانغا خىرىس پەيدا قىلالمىدى دەپ تۇرايلى. بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق دۆلەت قۇرۇش يەنە بىزگە قويۇلغان ئەڭ چوڭ سوئال بولىدۇ. كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىسلامچىلار بىلەن دېموكراتچىلار

ئارىسىدا، ئىسلامىي دۆلەت قۇرغۇچىلار بىلەن مىللىي دۆلەت قۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ زىددىيەت ئېغىرلاشسا ئاق تاغلىق بىلەن قارا تاغلىق پاجىئەسى قايتا يۈز بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنىنى سۆيىدۇ ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدۇ. ئۇلار ئۆ ۋەتىنى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ قارشى ئىلىنماسلىقى ئۇلارغىمۇ ئەلەم بولىدۇ، دۈشمەنلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىسلام دۆلەتلىرى كۆچىيىپ، ئىسلامچىلار مەدەتكە ئېرىشىپ، پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئىسلامىي ھاكىمىيەتنى خالايدۇ ھەم شۇنداق دۆلەت قۇرۇلدى دەپ تۇرايلى. ئىسلامچىلار بىراقلا قۇرئان-ھەدىسنى ئاساس قىلغان، شەرىئەتنى قانۇن قىلغان ئىسلامىي خىلاپەت قۇرۇشنى خالايدۇ. بۇ خاھىش شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئولتۇراقلاشقان، قىزىل كوممۇنىستلارنىڭ دەھرىي ھاكىمىيىتىدە 70 يىل ياشاپ كەلگەن نەچچە مىليون قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، موڭغۇل، تۇڭگان، تاجىك قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىمىزغا ئاۋاز قوشامدۇ ياكى خىتايىنى بەكرەك ياخشىكەن دەپ ئارقىمىزدىن پىچاق ئۇرامدۇ؟ خىتاينىڭ پارچىلاش سىياسىتىدە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بىرنېمە شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى دېگەندەك قۇرۇق ئاپتونوملارغا بۆلىۋەتكەن خىتايغا بىرلىشەمدۇ ياكى ئۇلارنى بارلىق ئىمتىيازدىن ئايرىۋەتكەن ئۇيغۇر بىلەنمۇ؟ خىتاينىڭ زۇلۇمىغا ئەمدىلەتىن ئۇچراشقا باشلىغان قازاقلار قازاقىستانغا ياردەم قىلامدۇ ياكى ئۇيغۇرىستانغىمۇ؟ قىرغىزلار قىرغىزىستانغا قوشۇلۇپ كېتىمىز دەمدۇ ياكى ئۇرۇش ئىچىدىكى ئۇيغۇرىستانغىمۇ؟ بۇمىللەتلەر سىزدەك ئىسلامنى خالاپ كېتىشى ناتايىن. ئۇلار پەقەت تۇرمۇشنىڭ ياخشى ئۆتىشىنى خالايدۇ. خىتايدا ياخشى ئۆتكەن بولسا خىتاي ياخشى، ئۇيغۇردا ياخشى ئۆتسە ئۇيغۇر ياخشى. خىتايلار ئۇيغۇرلارغا بولۇشىغا مىللىي كەمستىش، زورلۇق-زومبۇلۇق سالغان بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ ئازغىنە نوپۇسىغا يوغان ئاپتونوم ناھىيە، ئوبلاستلارنى قۇرۇپ بەرگەن. ئۇيغۇرلار تەلەپ قىلغان كىشىلىك ھوقۇق، دىنغا ئېتىقاد ئەركىنلىكى، مىللىي مۇستەقىللىق قاتارلىقلارنى ھاراقكەش موڭغۇل، قازاقلار، ۋەتەنپەرۋەر تۇڭگانلارمۇ تەلەپ قىلالايدۇ. بەلكى بۇلارنى خىتاي ئاستىرتىن قوللايدۇ. ئۇ گەرچە ھەقىقىي مەنىدىن ئاپتونوم بولمىسىمۇ ھەرھالدا بىراقلا ئىسلاملاشتۇرىمەن دېسىڭىز قوبۇل قىلالماي خىتاي ئاكىسىنى سېغىنىپ سىزگە قارشى چىقىشى تۇرغانلا گەپ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان ئەنگلىيە نۇرغۇن مۇستەملىكە دۆلەتلىرىنىڭ چېگراسىنى ئەنە شۇنداق قالايمىقان سىزىپ تاشلاپ قويۇپ، ئۇلارنى ئايىغى چىقماس ئىچكى ئۇرۇشلارغا تىقىۋەتكىنىنى ئارتۇق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

باشقا يەرلىك مىللەتلەر سىياسىتىنى ياخشى ھەل قىلالماي، ھەممىسىنى قورال كۈچى بىلەنلا بويسۇندۇرىمىز دېسىڭىز تۈگىمەس ئىچكى ئۇرۇش ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچراپ، تىزلا كۈچىڭىز خورايدۇ. خەلقئارا بىسمىنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىشى تۈرتكىسىدە قۇرغان ئىسلامىي خىلاپەتلىكىڭىزمۇ تۆت كۈنگە بارمايدۇ. تۈركىستانىنىڭ غەربىدىن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شەرقىگىچە جايلاشقان ھازىرقى زەئىپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ھېچبىرى سىزگە ياردەم بېرەلىشى ناتايىن! ئۇلاردىن ياردەم كەلسىمۇ دائىش بىلەن نۇسرەتكە ئوخشاش ئەقىدە-مەنھەج پەرقى سەۋەبىدىن ئىچكى ماجىرالىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ پۈتۈن خەلقى مۇسۇلمان، ھەممىسى ئەھلى سۈننەت

ئەقىدىسىدە بولغان ئۇيغۇر خەلقىگە زورلاپ خاۋارىچ، ئەشئەرى، ماتۇرىدى، مۇرجىئى، سەلەپى، مەدخەلى، مۇئتەزىلى ھەتتا شىئە ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئاندىن پىرقە-مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۆز-ئارا ئۇرۇشۇپ ئويناشقا ئوت پىلتىسى يىغىشى مۇمكىن. بۇنىڭ نامايەندىسىنى ئىراق ۋە سۇرىيەدىكى ئاللاھ يولىدا ئۆلگىلى چىققانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيەسىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋپتىمىز.

ئەگەر بۇ خىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر ئىزدەيدىغان، ئىتتىپاقداش مىللەتلەر ئىچىدىن دۈشمەن ئىزدەيدىغان ۋەزىيەت كونترول قىلىنماي، يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىقىمىز يىرىكلىشىپ كەتسە ئۇلارمۇ قوزغىلىپ كېتىشى، بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ. دېموكراتچىلار، مىللەتچىلەر، ھۆررىيەتچىلەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولغان، ئىسلام ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رايى ۋە قاتتىق بېسىملاردىن كېيىنكى كۈچلۈك دىنىي تەلپۈنۈشلىرىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەندە ھامان نارازىلىق قوزغايدۇ. نەتىجىدە ئازسانلىق مىللەتلەر كۆپرەك ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئىسلامىي كەيپىيات نىسبەتەن تۆۋەن بولغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئايرىم، ئۇيغۇرلار نىسبەتەن كۆپ ئولتۇراقلاشقان، ئىسلامىي كەيپىيات يۇقىرى بولغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئايرىم بولۇپ بۆلۈنۈپ كېتىشى مۇمكىن. يېقىنقى تارىختىمۇ جەنۇبتىكى قەشقەر، خوتەندە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئاتالمىدى. بۇنى ئەلۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەتتىن باشقا خەلقنىڭ رايىمۇ زور دەرىجىدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

بەلكىم بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن بۇرۇنقى پەدە بويىچە دۆلەت رەئىسى دىنىي ئالىم، ئاساسىي ھوقۇق سىياسىي رەھبەرلەردە بولا. ياكى دۆلەتنىڭ ئىسمىنى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قويۇۋالمىساقمۇ ھازىرقى تۈركىيەگە ئوخشاش ئىسلاملاشتۇرۇش، ئىسلاھ قىلىش يولىنى تۇتساق بولا. ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن مۇھەددىس، 20-ئەسىردىكى يىتۇك ئالىم ئالبانى رەھىمەھۇللاھنىڭ گېپى بويىچە ئېقىتقاندا ئاۋۋال " تەسفىيە ۋە تەربىيە" قەلبنى پاكلاش ۋە ئىسلامىي تەربىيەنى كۈچەيتىش، ئىسلامى ھاكىمىيەتنى خەلقنىڭ قەلبىدە قۇرغاندىن كىيىن ئاندىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسلاھات يولى بىلەن قۇرۇپ چىقىش بەكرەك سۈننەتكە مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ئىسلام جۇمھۇرىيىتى نامىنى قويۇۋالغان سۈننىي پاكىستان بىلەن شىئە ئىراننىڭ ھالىغا قاراپ باقايلى. ئىسلام نامىنى ئەمەس ئەرەبلىكىنى دۆلەت نامى قىلغان سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە قاراپ باقايلى. ھەرھالدا سەئۇدى ئەرەبىستان ئىسلام نامىنى سېتىۋاتقان ساتقىن پاكىستان بىلەن خائىن ئىرانغا قارىغاندا كۆپ ياخشى. شۇڭا ئىسمىنىڭ نېمە بولۇشىغا قارىغاندا ماھىيەتنىڭ نېمە بولۇشى، غايىگە قارىغاندا ئىمكانىيەتنىڭ قانداق بولۇشى بەكرەك ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندىمۇ تەييارلىقىمىزنىڭ يوقلۇقى ياكى ئىچكى ئىختىلاپ سەۋەبلىك مۇستەقىللىقنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرز قىلساق يۈزىمىز ئىككى دۇنيا قارا بولىدۇ.

خۇلاسە كالام، ئىسلامچىلارغىمۇ، دىموكراتچىلارغىمۇ، مىللەتچىلەرگىمۇ، مەۋجۇدىيەتچىلەرگىمۇ، دىنسىز، خىرىستىئان، شىئە ئۇيغۇرغىمۇ بىر ۋەتەن كېرەك. ئەمما ۋەتىنىمىز تۈركىستانغا ھەرقانداق شەكىلدىكى ئاشقۇنلار-ئاشقۇن ئىسلامچى، ئاشقۇن مىللەتچى، ئاشقۇن ھۆررىيەتچى، ئاشقۇن ئاتېزىمچى، ئاشقۇن شىئە كېرەك ئەمەس! ۋەتەنگە ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللام، ئىلىخان تۆرەم، مۇھەممەد

سالىھ داموللام، ئابلىمىت داموللاملار كېرەك! ۋەتەنگە مۇھەممەد ئىمىن ھەزرىتىم، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، رابىيە قادىر خانىم، ئىلھام توختىلار كېرەك! ۋەتەنگە تۆمۈر خەلىپە، غېنى باتۇر، ئوسمان باتۇر، ئەكبەر باتۇر، ھەسەن مەخسۇملار كېرەك! ۋەتەنگە مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ، ئايخان ئانا، مۇساباي، نۇرتاي ھاجىملار كېرەك! ئۇيغۇرغا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى تايانچىسى بولغان نىفىت، تەبىئىي گاز ۋە باشقا مەدەنلەرنى قازالايدىغان، ئېغىر-يېنىك سانائىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خىتايغا بېقىنمايدىغان كەسپى تېخنىك خادىملار كېرەك. ئۇيغۇرىستاندا مەكتەپلەردە دىننى، پەننى دەرس بېرەلىگۈدەك ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى ئۇستاز، دوكتور، پېروففىسورلار قوشۇنى كېرەك! ئەنئەنىۋى تىجارەتكىلا ماھىر بولماستىن، خەلقئارا ئىقتىسادتىن ئۇنۇملۇك پايدا يارىتالايدىغان مۇتەخەسسىسلەر كېرەك! گەپنىڭ قىسقىسى باشقا كۆز قاراش، ئىدىيەدىكى كىشلەرنى چەتكە قېقىپ، يېگانە سەلەپ ئەقىدىسىدە قۇرۇلغان بىر دۆلەت قۇرغان بىلەن قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ. شۇ دۆلەتنى قۇرۇش، قامداش ۋە قوغداش ئۈچۈن بىزگە ئۆملۈك كېرەك! ھەر مىللەت، ھەر ساھە، ھەرخىل ئىدىيەدىكى كىشلەردىن مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى كېرەك!

ئىككى جۇمھۇرىيەت مۇستەقىللىق كۈنىنى خاتىرىلەپ ئېيتىمەنكى: دىنىم ئىسلام، مىللىتىم ئۇيغۇر، ۋەتىنىم شەرقى تۈركىستان، دۈشمىنىم خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى!

# كوللېكتىپ پسىخىكىسىنىڭ قارىغۇلۇقى

(تۇنيۇقۇق)

فىرانسىيەلىك دوختۇر، جەمئىيەتشۇناس، ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىسى ئالىمى گۇستاف لىبون (1841-1931) 1894-يىلى يازغان "كوللېكتىپ پسىخىكىسى" دېگەن كىتابى گەرچە بۇنىڭدىن 123 يىل ئىلگىرى يېزىلغان بولسىمۇ، هازىرغىچە ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ساھەسىدە تولىمۇ بازارلىق دۇنياۋى كىتابلاردىن سانىلىدۇ. بۇ كىتابتىن سۆز ئېچىشىم ئاساسلىقى هازىرقى بىزدىكى تور دۇنياسىدا بولۇۋاتقان مۇنازىرىلەر، سەۋەبى، تەسىرى توغرىسىدا مەزكۇر كىتابنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىنەزەرلىرى ئاساسىدا تەھلىل قىلىپ بېقىش ئۈچۈن.

كوللېكتىپ لۇغەت مەنىسىدىن ئالغاندا كىشىلەر توپىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما پسىخولوگىيە نەزىرىدىكى كوللېكتىپ/جامائەت/ توپلام بولسا باشقىچە مۇھىم بولغان مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كوللېكتىپنى شەكىللەندۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى: ھېسسىياتى ۋە ئىدىيەسى ئوخشاش بىر يۆلىنىشكە بۇرالغان، ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، كوللېكتىپ پسىخىكىنى شەكىللەندۈرگەن توپ بولىدۇ.  كوللېكتىپ پسىخىكىسى شەكىللەنگەن هامان ۋاقىتلىق ئەمما ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى:

1-شەخس ئادەتتە يالغۇز هالەتتە ئاشكارىلاشتىن قورققان بەزى يوشۇرۇن ئوي-پىكىرلىرىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما كوللېكتىپقا تەۋە بولغاندا مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغىنى شەخس ئەمەس، كوللېكتىپ بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى چەكلەپ تۇرغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى پۈتۈنلەي يوقىلىپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي-پىكىرلەرنى قورقماي ئاشكارىلايدۇ. يەككە هالەتتە ئاجىز تۇرغان كىشىلەر كوللېكتىپ ئىچىدە ئۆزىنى كۈچلۈك هېس قىلىدۇ ۋە كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ. كوللېكتىپ خاتا قىلغان بولسىمۇ توغرا، كوللېكتىپنىڭ دېگىنى قانۇن، قىلغىنى ئەخلاق بولۇپ قالىدۇ. تاجاۋۇزچىلار دەل مۇشۇ خىل تۇيغۇ ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ خۇددى ياۋروپالىقلار جاھاننىڭ هەممە يېرىنى بېسىۋالغاندا ئۇلار ئۆزىنى مەدەنىيەت يەتكۈزگۈچىلەر، ئىسلاھ قىلغۇچىلار دەپ ئاتايتتى. ياپونىيە خىتاينى ۋە شەرقى جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىنى بېسىۋالغاندا، ئۇلارنى ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلدۇردۇق دەپ ئويلايتتى. خىتايلار بىزنىڭ ۋەتەننى بېسىۋالغاندا بولسا ئەزەلدىن بىزگە تەۋە ئىدى دەپ تەشۋىق قىلغانغا ئوخشاش. ئەنە شۇنداق كوللېكتىپ پسىخىكا ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ رەھىمسىز قانخورلۇقى، مۇستەبىتلىكى ئۇلارغا جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك هېس قىلدۇرمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلارغا غايەت زور كۈچ بېغىشلايدۇ.

2-تەسىرچانلىق هادىسىسىمۇ كوللېكتىپتا هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. 2011-يىلى ياپونىيەدە يەر تەۋرىگەندە يادرو ئىستانسىسى پارتلاپ كېتىپ ئېغىر ئاپەت بولدى. كىشىلەر ئارىسىدا ياپوندا يادرو ئىستانسىسى پارتلىسا، دېڭىز بۇلغىنىپ تۇز يېتىشمەي قىلىشىدىن ئەنسىرەش يۇقۇملۇق كېسەلدەك تاراپ كەتتى. پۈتۈن بازاردىكى تۇزلارنى ئالا قويماي سېتىۋالدى. بۇنىڭ تەسىرى هەتتا ياپونىيەدىن 7000

كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان قەشقەردىمۇ يۈز بەرگەن ئىدى. گەرچە بۇنىڭ ھېچقانداق ئىلمى ئاساسى بولمىسىمۇ، كىشىلەر ئەنە شۇنداق يالغان-ياۋىداق گۇمانلارغا ئىشىنىپ، ئەنە شۇنداق ئەخمىقانە خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىدۇ. مانا بۇ كوللېكتىپ تەسىرچانلىقنىڭ كۈچى.

3-يېگانە ھالەتتىكى ئۈزلۈككە سېلىشتۇرغاندا، كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئىشارەتلەرنىڭ تەسىرىگە بەك ئاسان ئۇچرايدۇ. بۇ ئاساسلىقى تەسىر قىلىش ھادىسىسىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. كوللېكتىپنىڭ يوشۇرۇن بېشارەتلەر تەسىرىدە ئىجابىي ياكى سەلبىي ئىپادە بىلدۈرۈشى، ئۇ قوبۇل قىلغان يوشۇرۇن بېشارەتلەرنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنى كىنو-فىلىملاردا تېرروررچى، قالاق، ياۋايى، ئۇرۇشقاق كۆرسىتىش ۋە بۇنىڭ دۇنياۋى تەسىرى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇيغۇرلارغا ئىچكىرىدە ئوغرى، ئاقچى بولسىمۇ كەڭرى قويۇۋېتىپ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئاز سانلىق مىللەت كۆرسىتىش، رايون ئىچىدە بولسا ئادەتتىكى جىنايى ئىشلارنىمۇ سىياسىي جىنايەت قىلىپ كۆرسىتىش خىتاينى ئۇيغۇرغا قەتئىي ئىچ ئاغرىتماسلىقى ئۈچۈن ئوينالغان ئويدان ئويۇن.

كوللېكتىپ پسىخىكىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:

1-ھاياجان، تۇراقسىز ۋە ئالدىراڭغۇ كۆلىدۇ. يەككە شەخس ئاڭلىق بولىدۇ. كوللېكتىپ بولسا ئاڭسىز بولىدۇ. يەككە شەخس ئاڭغا ئەگەشسە، كوللېكتىپ تۇيغۇغا ئەگىشىدۇ. كوللېكتىپتا لوگىكىلىق تەھلىل، سوغۇققانلىق بىلەن ئەقىل ئىشلىتىشتەك ئاڭلىق كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئورنىنى ھېسسىيات، ئىنسان تەبىئىتى، كۆڭۈل خاھىشى قاتارلىق ئاڭسىز ئامىللار ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيەنىڭ " دولقۇن" (Die Welle：《浪潮》) دېگەن كىنوسىنى كۆرۈپ بېقىشىڭلارغا تەۋسىيە قىلىمەن.

2-كوللېكتىپ سىرتقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە بەك ئاسان ئۇچرايدۇ ۋە ئاسان ئىشىنىپ قالىدۇ. كوللېكتىپ ئاڭسىز ھالەتتە بولغاچ، ئىلمىيلىقنى، سوغۇققانلىقنى يوقاتقان بولىدۇ. كوللېكتىپنىڭ بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇردا ئۇلار ئەمەلىيەتنى كۆرەلمەيدۇ، پەقەتلا ئابستراكت خىياللارنى كۆرەلەيدۇ. كوللېكتىپنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن كارى بولمايدۇ، پەقەتلا كاللىسىدىكى ئوبراز بىلەن كارى بولىدۇ.

كوللېكتىپ ئۇلار كاللىسىدا تىكلىۋالغان غايىۋى ياكى سەلبىي ئوبرازغا ئاساسەن تەپەككۇر قىلىدۇ. ئوبراز بولسا ئەسلىدىنلا ئۆزى بىلەن ھېچقانداق لوگىكىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر تالاي ئەگەشمە ئوبرازلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گەرچە ئەقلىمىز بىزگە بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق لوگىكىلىق باغلىنىش يوق دەپ ئېيتىپ تۇرسىمۇ، كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق سەۋەبىدىن چۈشەنمەيمىز. كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق بىزگە بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇرىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان خىيالىي تۇيغۇلارنى پولاتتەك ھەقىقەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. كوللېكتىپنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىيات بىلەن ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئايرىۋالمىقى ناھايىتى تەس. كوللېكتىپ ئۆزى كۆرگەن ھادىسىلەرنى نورمىلاپ چۈشىنىش ئۇسۇللىرى ھەرخىل. كوللېكتىپ ئىچىدە كىشى خىيالىدا شەكىللەنگەن ھادىسىلەر بىلەن رېئاللىقنىڭ قىلچىلىك مۇناسىۋىتى بولۇپلا قالسا، خىيالىنى راست دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

دەل شۇنداق بولغاچ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئىشلار گەرچە ھېچقانداق ئىلمىي پاكىتقا ئىگە بولمىسىمۇ، كىشىلەر كىچىككىنە ئىشتىن مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەن " نەتىجىلىرى" ئارقىلىق زور پىتنە-پاساتلارنى تېرىيالايدۇ. شۇڭا كوللېكتىپقا مۇھىم بولغىنى ئەمەلىيەت ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپنىڭ تەسەۋۋۇردىكى ئەمەلىيەت. گۇمانخورلۇق، جاسۇستىن

تەشۋىشلىنىش قاتارلىق بارلىق ئۇيغۇرلاردا بار كونا كېسەللەر ئەنە شۇنداق ھېچقانداق لوگىكىلىق باغلىنىشى يوق مول تەسەۋۋۇرلار ياردىمىدە تېخىمۇ تارقىلىدۇ.

3-كوللېكتىپنىڭ ئەقلى يەككە شەخسنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

يەككە شەخسكە نىسبەتەن ھەرقانداق بىر ئىش نىسپىيلىك ۋە زىددىيەتكە تولغان. ھەرقانداق ئىش ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما كوللېكتىپ مۇرەككەپ ئىشلارنى چۈشىنىشكە كاللىسى يەتمەيدۇ. كوللېكتىپنىڭ نەزىرىدە ئىشلار ياكى پۈتۈنلەي توغرا ياكى پۈتۈنلەي خاتا، ياكى ئاق، ياكى قارا، ئىككى قۇتۇپلاشقان، ئوتتۇراھاللىق يوق. شۇڭا ئۇلار مۇھاكىمە قوبۇل قىلمايدۇ. مەلۇم شەخس ياكى مەلۇم ئىشقا نىسبەتەن ياكى بىرالا بىر تاياقتا ھەيدەش كېرەك، ياكى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىش كېرەك، مۇنازىرە قىلغۇدەك ئورۇن يوق. كوللېكتىپ خاتا قىلغان بولسىمۇ توغرا، كوللېكتىپنىڭ دېگىنى قانۇن، قىلغىنى ئەخلاق بولۇپ قالىدۇ. گەرچە بەزى ئىشلار يەككە شەخسلەرگە نىسبەتەن ئەقلىي ئەمەس، ئاڭلىق تەپەككۇرغا يات بولسىمۇ، كوللېكتىپقا نىسبەتەن قوبۇل كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى "دۆلەتنى" قوغدىغۇچىلاردا ئۆز ئەكسىنى تولىمۇ ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ.

4-كوللېكتىپ گەرچە سوغۇققانلىق، لوگىكىلىق تەپەككۇردىن ئايرىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار يەنىلا ئاڭسىز ھالەتتە ئەخلاقنى ئۇلۇغلايدۇ. بىراق بۇ خىل ۋاقىتلىق ئەخلاق قارىشى كوللېكتىپنىڭ ئاشقۇن، بىرتەرەپلىمە، ئاڭسىز ھېسسىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

كىتابتىن ئىلىنغان ھاسىلاتلار مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى.

يىغىنىدىن بۇيان تور يۈزىدە بۇژغۇندەك، كۆپۈكتەك ئەۋج ئالغان تالاش-تارتىشلار ۋە بۇندىن كېيىن يەنە ئۆزلۈكسىز بولۇپ تۇرىدىغان جېدەللەر ئەنە شۇ خىل كوللېكتىپ پسىخىكىسىنىڭ قارىغۇلۇقىدىن دېيىشكە بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوللىغۇچىلىرى قارشى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز، ھەقىقىي ئوي – پىكىرىدىن خەۋەرسىز. تونۇيدىغىنى پەقەت شۇ تېلېفون، كومپيۇتېرنىڭ ئېكرانى. بۇ ئېكراندا سۆزلىگۈچىنىڭ چىراي ئىپادىسى، ئىنتوناتسىيەسى، نىيەت ئىقبالى مەۋھۇم ۋە مەجھۇل. گۇڭگۇرت پۇرىقى قويۇق پۇراپ تۇرغان مۇنازىرە مۇھىتىدا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىگە قارشى تىكلىۋالغان سەلبىي ئوبراز غا ئاساسەن قارشى تەرەپنىڭ ئادەتتىكى سۆزلىرىنىمۇ بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇرلار ياردىمىدە قىلچىلىك مۇناسىۋەتسىز ئىش ياكى نىيەتلەرگە باغلىۋېلىپ شىددەت بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۆزىنىڭ پىكىرىگە ئۇدۇل كەلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇن "كۆڭلۈمدىكىدەك دۈشمەندىن" بىرى شەكىللىنىپ بولغان. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپ ھەقىقەتنى ئەمەس، تەسەۋۋۇرىدىكى ياكى كۆڭۈل خاھىشىدىكى " ئەمەلىيەتنى" مۇھىم بىلىدۇ.

توردىكى بىز ئۆزىمىزنى ئەقلى تەھلىل يۈرگۈزۈۋاتىمىز دەپ ئويلايمىز. توردىكى بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەر بىر سۆزىمىزنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق داۋلىسى بار دەپ ئويلايمىز. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ توردىكى كۆندىلىك تالاش-تارتىشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى بىز ھەقىقەتنى ئەسلا چۈشەنمەيدىغان ئىشلار، نىيەت-ئىقبالىنى بىلىپ كەتمەيدىغان كىشىلەر ئۈستىدە قالايمىقان گۇمان قىلىشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

مىللىتىمىز ئىچىدە ئىچكى زىددىيەتلەر بىر باشتىن خەلقئالەمگە ئايان بولۇۋاتىدۇ. مىللەت ئىچىدىكى دىندار بولسۇن، دىنسىز بولسۇن، ئىسلامچى بولسۇن، دېموكراتچى بولسۇن، مىللەتچى بولسۇن، ئۈممەتچى بولسۇن ھەممە كوللېكتىپنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى تەۋە كوللېكتىپنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئىدىيە، تۇيغۇ ۋە ئاساسىي

نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ياقىلايدۇ. قايسى كوللېكتىپ بەكرەك ئەقىل-ئىدراكقا باي بولسا، شۇ كوللېكتىپ بەكرەك ئۆزلۈك ئېڭىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇلار زىددىيەتتىن كېلىپ چىقىدىغان پايدا-مەنپەئەتنى، كىشىلەرنىڭ ئاق-قارىنى پەرقلەندۇرۇش سەۋىيەسى، ياخشى-يامانىنى ئايرىش ئۆلچەملىرىنى بىلىدۇ. سوغۇققان ۋە ئېغىر-بېسىق بولىدۇ. ئاسانلا ھاياجانلىنىپ ئاشقۇنلۇق قىلمايدۇ.

كوللېكتىپ پسىخىكىسىنىڭ يۇقىرىقىلاردەك ئاجىزلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يازارمەنلەرگە كۇنۇپكا باسقاندا تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى سىز يېزىۋاتقان ۋە سىز چۈشەندۈرمەكچى بولغان نەرسە بىلەن ھەرخىل كوللېكتىپقا تەۋە شەخسلەر ئوقۇۋاتقان ۋە ئىلىۋاتقان مەنە ئوخشىمايدۇ. سىز ئۆپكە ساتسىڭىز، ئۇلار غا قۇيرۇق كۆرۈنىدۇ. سىز ئاڭلىق شەخس ھالىتىدە يازغان نەرسىڭىزنى، ئۇلار ئاڭسىز كوللېكتىپ ھالىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. ئايىغىدا سۆزۈمنى تۆۋەندىكى ئەقلىي سۆزلەر بىلەن ئاياغلاشتۇرىمەن.

" ھېچقانداق بىر تەشكىلات ياكى شەخس باشقىلارنى ئىنكار قىلىش ۋە ھاقارەتلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. بىر ەر كوللېكتىپ، تەشكىلات ياكى شەخس ئۆزىنى ھەقلىق دەپ قارايدىكەن، يالغۇز قۇرۇق گەپ-سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. ۋەتەن دەۋاسىنى، مىللىي ئىسلاھاتنى قايسى كوللېكتىپ، تەشكىلات ياكى شەخس ئۇنۇملۇك ئېلىپ بارالىسا خەلق شۇنى نوچى دەپ بىلىدۇ، ئۇلارنى قوللايدۇ ۋە ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىسا، شۇ چاغدا كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ئاۋام خەلق باھا بېرىدۇ. كىمگە ئەگىشىپ كىمنى قوللايدىغانلىقىغا ئاۋام خەلق قارار بېرەلەيدۇ":-مەمتىمىن.

" بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار يۆلەككە موھتاج، چۈنكى زالىم بىزنى يىقىتىۋەتتى. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تىلەككە موھتاج، چۈنكى ئادالەت بىزدىن يىراقلاپ كەتتى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر تەسەللىگە موھتاج، چۈنكى ۋىجدانلىق ھەر بىر ئۇيغۇر ھازىدار. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار مۇھەببەتكە موھتاج، چۈنكى دۈشمەنگە بولغان نەپرەت كۆزلىرىمىزگە بىر -بىرىمىزنىمۇ نەپرەتلىك كۆرسەتمەكتە. بۈگۈنكى ئۇيغۇر قەدىرلەشكە موھتاج، چۈنكى ھەر بىر ئۇيغۇر خەشەكتىن خار. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار قانچىلىك خاتالاشسۇن ئاشكارا تۆۋە قىلىسىلا چۈشىنىشكە موھتاج، چۈنكى ھەر بىرىمىزنىڭ بېشىدا بىر دەرد، قەلبىدە بىر ئەلەم، يەلكىسىدە بىر تاغار غەم. بۈگۈنكى ئۇيغۇر قوللاشقا موھتاج، چۈنكى ھەر قانچە پۇتلىشىپ، تىللىشىپ، چىشلىشىپ يۈرۈپ مەغلۇبىيەتنىڭ پاتقاقلىرىدا بىر بىرىمىزنىڭ كۆزىگە لاي چاچساقمۇ بىر بىرىمىزنى ئۇتالمايمىز. بىز ئاللىقاچان ئۇتتۇرۇپ بولغان، بىز ھەممىمىز ئىدىيەگە، تاماغا، نەپسانىيەتكە ھۆرلۈكىنى ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋاز يېتىمەكلەر. ئەمما ئۆيىمىز، ھويلىمىز بىر، چاقالمايمىز، ئۇيغۇرلۇق ئاللاھ سالغان يولدۇركى، يانالمايمىز، قېرىنداشلىق ئاللاھ چىگكەن باغدۇركى ئۈزەلمەيمىز":-ئابدۇۋەلى ئايۇب.

ئىنكاس:

يازغۇچى گۇستاف لىبون كوللېكتىپنى بەكرەك بىرتەرەپلىمە ھالدا سۆككەن. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى كوللېكتىپ قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان ماڭقۇرتلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈچى زور بولسىمۇ، تەپەككۇرى بىھوش قىلىنغان ھالەتتە بولىدۇ. مەن ماڭقۇرتلار دېگەن

سەلبىي سۈپەتنى بېرىشنى خالىمىغاچ، كوللېكتىپ دېگەن مۇتىدىل ئاتالغۇنى ئىشلەتتىم. بۇنىڭ مىسالىغا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار، سەكرەيدىغان سوپىلار، ستەمكار شىئەلەر دەلىل بولىدۇ.

ئۆتكەن يىلى ئافغانىستاندا مۇنداق بىر ۋەقە بولغان. «قۇرئان» تۇتۇپ پال ئىچىۋاتقان بىر رەمبال ئايالغا قۇرئان ئوقۇتقۇچىسى، قارىقۇرئان بىر ئايال رەمباللىقنىڭ ھاراملىقى، شېرىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان ۋە توسقان. قۇرئان دەپ تۇتىۋالغان كىتابىنىڭ تىلسىم خەتلەر بىلەن توشقانلىقىنى ئەيىبلىگەن. رەمبال ئايال بولسا شۇئان جار سېلىپ بۇ ئايال قۇرئانغا ھاقارەت قىلدى، قۇرئاننى يەرگە ئاتتى دەپ ئاللا تۆۋە كۆتۈرگەن. نەتىجىدە قارىغۇلارچە ھاياجانلانغان بىر توپ كىشىلەر قارىقۇرئان ئوقۇتقۇچى ئايالنى ئۇرۇپ -دەسسەپ نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ كىشىلەر شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە ئەقلىنى يوقاتقان بولىدۇ.

سىز دەۋاتقان كوللېكتىپ بولسا يەككە شەخسلەرنىڭ ئۆز-ئارا پاراڭلىشىش، مۇنازىرە قىلىش، بەھىرلىنىش ئارقىلىق ھەمكارلىق ئورنىتىدىغان كوللېكتىپنى كۆرسىتىدۇ.

ئېنىقكى، يۈكسەك مەدەنىيەتنى ئاز بىر قىسىم بۈيۈك ئاڭ ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۇلارنى ئاۋام -خەلق قوللاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ..

كېيىنكى ئۇزۇندىلەرنى مەن يەككە ھالدىكى ئاڭلىق شەخسنىڭ ئەقلى يەكۇنىدىن ئالدىم. ئەگەر سىز ئۇزۇندىلەرمۇ مەلۇم كوللېكتىپقا تەۋە دېسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇ بەكرەك ئاڭلىق بولغان بىر كوللېكتىپنىڭ سۆزى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇزۇندىلەرمۇ ئاڭسىز كوللېكتىپنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا ئاڭلىق ھالەتتە ئېيتىلغان شۇ سۆزى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھۆججەت بولىدۇ.

# تەزىيە ۋە تەسىرات

(تۇنيۇقۇق)

ئىلھام توختى مۇئەللىم 11-ئاينىڭ 30 – كۈنى گوللاندىيەدىكى دەنخاگدا تارقىتىلغان " ئەركىنلىك مۇكاپاتى"غا نائىل بولدى. تۇرمىگە كىرىپ كەتكىنىگە 3 يىل بولغان ئىلھام توختى مۇئەللىمگە ۋاكالىتەن تەشكىللىگەن گۇرۇپپا مۇكاپاتنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئىلھام توختى مۇئەللىم توغرۇلۇق ئەڭ دەسلەپكى خاتىرەم كوچا پاراڭلىرى ئىدى. تۇنجى قېتىم بېيجىڭغا بارغاندا ئىلھام توختى مۇئەللىمنى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئەڭ باي ئوقۇتقۇچى، ئوتتۇرا ئاسىياغا سالغان نەچچە مىليون دوللار مەبلىغى بار دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاغ "ئۇيغۇربىز" توربېتىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلەتتى. بېيجىڭغا يىلدا بىر ئىككى قېتىم بېرىپ تۇرغاچ، ھەر بارسام دادام ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان، ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئارماندا قالغان مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى يوقلاپ ئۆتەتتىم. ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ توپلاشقان مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىش، بوغدا، ئامانىساخان رېستورانلىرىدا غىزالىنىش خۇددى ئۈرۈمچىدە دۆڭكۆۋرۈككە بارغانغا ئوخشاش تۇيغۇ بېرەتتى. "ئۇيغۇربىز" مۇنبىرىگە ياردەملىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن بىر نەچچىسى بىلەن پاراڭلاشقان بولساممۇ، ئىلھام توختى مۇئەللىمنىڭ ئۆزىنى ئۇچرىتالمىغان ئىدىم. شۇ ۋاقىتلاردا مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار بېيجىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇستىدە: ئۇلارنىڭ سانى، كەسپى، كىرىم مەنبەسى، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى، قىيىنچىلىقلىرى، ئاقچى-كۆكچىلەر توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىكەن. ئىلھام توختى مۇئەللىم بىزگە2001-يىلى پاكىستانغا تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەندە كۆرگەن، بىلگەنلىرىنى ھەرخىل ئېغىر تېپتىكى قوراللارنىڭمۇ سەي بازىرىدىكى كۆكتاتلاردەك سېتىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇ يىلى 11-سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئامېرىكا ئافغانىستاننى بومباردىمان قىلغاندا ئىلھام توختى مۇئەللىمنى باشقىلار تۇتۇپ كېتىپ 4 ئاي قاماپ قويغانلىقى، ھۆكۈمەت ئىزدەپ تاپالماي مۇئەللىمنىڭ ئائىلىسىگە ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزگەنلىكى، كېيىن ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ئاقلىنىپ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كىنو قويۇپ بەرگەندەك بولۇپ قالغانىدىم. كېيىنلەردە ئىلھام توختى مۇئەللىمگە ياردەم بەرگەن ئوقۇغۇچىلار 2012-يىللىرى تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى خەۋەردىن كۆردۈم. ئارىسىدىن مەن ئوبدان تونۇشىدىغان ئىككى ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

2006-يىلى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار " تەڭرىتاغ پىدائىيلار ئەترىتى" دەپ بىر گۇرۇپپا قۇرۇپ، نامرات ناھىيەلەردە تەتىل مەزگىلىدە پىدائىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ، دەرس ئۆتمەكچى بولۇپتۇ. مەن بېيجىڭدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتى يېنىغا جايلاشقان نىيۇجى مەسچىتكە جۈمەگە بارغان بىر كۈنۈم بادام دوپپا، چىمەن كۆڭلەك، ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، ھىجابلانغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئەنە شۇ ئەترەت ئۈچۈن ئىئانە توپلاۋاتقان ئىكەن. كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر يېرى چىرايىدىن

بېيجىڭدا بازارچىلىق قىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان، تېخى بايىلا مەن مەسچىت ھويلىسىدا ئاق ساتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان بىر ئۇيغۇر ياش ئىئانە ساندۇقىغا يانچۇقىنى كولاشتۇرۇپ بارلىق پۇلىنى سېلىۋەتتى. ئۇلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئاقچى-كۆكچىلەر كەم دېگەندە 100 كويدىن بەس-بەستە ئىئانە بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار كۆپ ئوقۇمىغان، ئەمما ئوقۇشنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەر ئىدى. كېيىن بۇ "تەڭرىتاغ پىدائىيلار ئەترىتى"نى باش بولۇپ قۇرغان ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىلارمۇ 2007-يىلى ئېنىقسىز سەۋەبلەر بىلەن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ۋە ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم.

2009-يىلى سېنتەبىردە بېيجىڭغا يەنە بىر قېتىم باردىم. 5-ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئىلھام توختى مۇئەللىم ھۆكۈمەتنىڭ تەقىبى ئاستىدا كۆپ ھەرەج تارتقان، سالام قىلىشمۇ تەسكە توختايدىغان بىر سىياسىي شەخسكە ئايلانغان ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئىلھام مۇئەللىمنىڭ بانكا ھېساباتى توڭلىتىلغان ئىكەن. ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا پۇل يوق، مەكتەپ دوختۇرخانىسى بولسا ئاتچوت قىلىشنى رەت قىلغان، ئەينى چاغدىكى مىليونېر مۇئەللىم بىردىنلا پۇلى يوق، قاتتىق بىسىم ۋە مىللىي ئازاب سەۋەبىدىن يوقسۇل بىتابقا ئايلانغان ئىكەن. مەكتەپ ھويلىسىدا ئىلھام توختى مۇئەللىمنى ئۇچرىتىپ، ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشمەكچى بولدۇمىيۇ، مۇئەللىمنىڭ ئۆزىنى دالدىغا ئالغاندەك ئىما قىلىشى بىلەن بېشىمنى تۆۋەن تۇتقان ھالدا كېتىپ قالدىم. ئېنىقكى، ئىلھام توختى مۇئەللىمنىڭ ئالدى-كەينىدە پايلاقچى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ مۇئەللىمنىڭ شەنبە كۈنلىرى ئۆتىلىدىغان ئوچۇق دەرسلىرىگە قاتنىشىپ تۇردۇم. بۇ ئوچۇق دەرس 200 كىشىلىك چوڭ سىنىپتا ئۆتۈلىدىغان بولۇپ، ئورۇندۇق تولۇپ پەشتاقلارمۇ بىكار قالماي لىققىدە ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. بېيجىڭدىكى ھەرقايسى مەكتەپتىن كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 5-ئىيۇل ۋەقەسىگە قۇتراتقۇلۇق قىلغان دەپ قارىلانغان ئىلھام توختى مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يىراق-يىراقلاردىنمۇ كېلەتتى. مۇئەللىم ھېلىلا ساقچى تۇتۇپ ئەكېتىدىغاندەك سۆزلەرنى ھېچ قورقماستىن گۇر-گۇر ئاۋاز بىلەن سۆزلەيتتى. ئۆتكەن يىلى ئاڭلىسام ئىلھام توختى مۇئەللىمنىڭ مەزگىلىدە مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ سوراققا چۈشۈپتۇ.

ئىلھام توختى مۇئەللىمنىڭ ئەركىنلىكى ھەپسىگە ئېلىنغانغا ئۈچ يىل بولغان، ئەمما مۇئەللىمگە:" ئەركىنلىك مۇكاپاتى" تارقىتىلغان بۇ كۈندە مەن ئىلھام توختى مۇئەللىمنىڭ ئىلھامبەخش ماقالىسى:" مىنىڭ غايەم ۋە خىزمەت تاللاش مۇساپەم" دېگەن ماقالىنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. قايتا ئوقۇپ ئىلھام مۇئەللىمگە ھۆرمىتىم تېخىمۇ كۈچەيدى.

ئىلھام توختى مۇئەللىم مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەتكە چۈشكەن 1994-يىلىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېتىلگەن 2014-يىلىغىچە بولغان 30 يىل مابەينىدە مىللەت ئۈچۈن، خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتىنى چۈشىنىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، ئەركىنلىكى، مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تىرىشقان ئىدى. پۈتۈنلەي ھوقۇقدار ساقچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ زىيالىي ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ يالۋۇرۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ تەھدىت سېلىشى، مەكتەپنىڭ خىزمەتتىن چەكلىشى، پاكىستانغا ئەۋەتىۋېتىشى، ئىقتىسادىنى توڭلىتىۋېتىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق روھىي بېسىملارغا قەتئىي باش ئەگمىگەن ئىدى. ئۇ قىلىۋاتقان دەۋاسىدىن ۋاز كەچسە، كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان مىللىي خارلىق ۋە زىددىيەتنىڭ ھامان ئۇيغۇرلارنى يۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى. مانا بۇ ئىلھام مۇئەللىمنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق يۈزى. بۇ ھەقتە يۇتۇپتىن ئىزدەنسەڭلارمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ھېس قىلالايسىلەر.

ئىلھام توختى مۇئەللىمنىڭ مېنى تېخىمۇ بەك تەسىرلەندۈرگەن روھى بولسا مىللەت ئۈچۈن كۈرەشنى قۇرۇق دەۋا بىلەنلا قىلماستىن، بۇ دەۋانى تېخىمۇ ئىلمىي، ئۇنۇملۇك ۋە تەسىر دائىرىسى كەڭ قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىساد پەنلىرى بويىچە پروفېسسور ئاتالغان ئىلھام توختى مۇئەللىم 1994-يىلىدىن باشلاپ ھەر تۈرلۈك گېزىت-ژۇرناللارغا شىنجاڭ ئىقتىسادى ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدا كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغاندىن باشقا، خىتاينىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق، ئۇنۇملۇك تەھلىل قىلىش ئۈچۈن يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، جۇغراپىيەۋى سىياسەتشۇناسلىق قاتارلىقلاردا بىلىم ئاشۇرىدۇ. كەسپى تەتقىقات نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىنگلىزتىلىدىن باشقا يەنە كورىيان تىلى، ياپون تىلى، ئوردۇ تىلى، رۇس تىلى قاتارلىقلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدۇ. سىستېمىلىق ھالدا جەمئىيەت تەكشۈرىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ. مەغلۇپ بولغان مىللىي سىياسەتلەرنىڭ سەۋەبى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مىللىي سىياسەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئىزدىنىدۇ.

بىزدىكى مىللەتچىلىكتە كەم بولۇۋاتقىنى دەل مۇشۇنداق ئىلمىي روھ! مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كىتاب كۆرۈش، بىلىم ئاشۇرۇش، تىل ئۆگىنىش، سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىزدىنىش دەل بىز ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئىلمىي روھ!

كۆپلىگەن كىشىلىرىمىزدە مىللەتچىلىك ساددىلىق بىلەن توردا خىتاينى تىللاش، شوئار توۋلاش، نامايىشقا چىقىش، بەك بولسا ئازراق ئىقتىسادىي ياردەمدە بولۇش بىلەن كۇپايە بولماقتا. ئىقتىسادىي ياردەمدە بولالىغانلار ئەڭ سۆيۈملۈك مىللەتچىلەر بولماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىرلەشكە ۋە تەشۋىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، بىراق بۇ ھەرگىزمۇ يېتەرلىك ئەمەس. مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى، ئۆتمۈشى، كەلگۈسى توغرىسىدا ئىزدىنىشلەر تولىمۇ، تولىمۇ كەمچىل. خەلقئارانى، خىتاينىڭ سىياسەتلىرىنى چۈشىنىشتە، چۈشەنگەنلىرىمىزنى يەتكۈزۈشتە بىز ئاشۇ پەسكەش خىتايلاردىن تولىمۇ ئارقىدا تۇرىمىز. خىتايلارنىڭ رەسمىي مۇتەخەسسىسلىرى، تەتقىقاتچىلىرى، كەسپىي سىياسىي تەھلىلچىلىرىنى دېمەيلا قوياي، بۇلارنى دۆلەت سەۋىيەسىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتلار دېيىشكىلار مۇمكىن. ئەدناسى ئۇندىدار، سىن، مۇنبەر سۇپىلىرىدا ئاشكارا ھالدا خىلى سەۋىيەلىك ماقالە يازىدىغان سىياسىي، ھەربىي ئىختىيارىي تەھلىلچىلەرمۇ ساماندەك. ئەمما بىز ئۆزىمىزگە قارىساق ھەممىگە ئاشكارا دۇنيا ۋەزىيىتى تۇگۇل، كۆز ئالدىمىزدا، يېنىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىمۇ ئەتراپلىق تەھلىل قىلىشتىن مەھرۇم قىلىنىۋاتىمىز. بۇ خىل بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئاۋانگارت زىيالىيلىرىمىز بولسا ئاساسلىقى يەنە خەنزۇ دېموكراتچىلارنىڭ لېكسىيەلىرىنى تەرجىمىسىز چاپلاش، ئىنگلىز تەھلىلچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى يېڭى يېزىققا ئۆرۈپ، ئۆزىدىن باشقا كىشى بىلمەيدىغان تور بېكەتلەردە ئېلان قىلىش بىلەن بولۇۋاتىدۇ.

ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئىلھام توختى مۇئەللىم:" مەن تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق كەسپى ساھەلەردە ئوقۇشىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە كەسپتە ئېرىشكەن شەخسىي مۇۋەپپەقىيىتىنى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى بۇ كەسپلەر كىشىلەرگە سىستېمىلىق مېتود ئاتا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پاك، ساددا ۋە قىزغىن مىللىي ھېسسىياتىنى قايناپ تۇرغان ھېسسىي ئېنېرگىيەدىن ئەقلىي، ئىلمىي پوزىتسىيەگە ئايلاندۇرۇشقا ياردىمى بار. بۇنداق تەلىم ئېلىش ۋە نۇقتىئىنەزەرنى يېتىلدۇرۇش

ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تولىمۇ كەمچىل ۋە قىممەتلىك" دەپ يازىدۇ.

ئىلهام توختى مۇئەللىمنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ ئۇخلاپ قالدىم. سەھەر قوپسام " مەشھۇر تىلشۇناس، يېتۈك ئالىم، نەۋايىشۇناس، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «چاھار دىۋان»، «دىۋانى گۇمنام»، «قۇتادغۇ بىلىگ» (پەرغانە نۇسخىسى) قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە نەشرگە تەييارلىغۇچىسى، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى»، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى»، «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ يېڭىدىن بايقالغان غەزەللىرى» ناملىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى ھەققىدە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ بىرلەشمە مۇئەللىپى، خەلقئاراغا تونۇلغان داڭلىق تىلشۇناسىمىز مىرسۇلتان ئوسمان بۈگۈن 89 يېشىدا ئۈرۈمچىدە بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى." دېگەن تەزىيەنامىسىنى ئوقۇدۇم. ئىننە لىللاھى ئىننە ئىلەيھى راجىئۇن! يەنە بىر مىللەت ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلغان، ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە جان كۆيدۈرگەن ئۇستازىمىز بىزدىن ئايرىلىپ مەرھۇم بولدى، بىز ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدۇق.

ئۇستاز مىرسۇلتان ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ياشلار تەشكىلاتىدا كاتىپ بولغان يىتۈك شاھىتلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئۇمۇ 50-يىللاردىكى مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، ئوقۇتقان ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ ئانا تىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى باشلىغان. بوۋىمىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، ئاقسۇ، ئالتاي، لوپنۇر، چاقىلىق، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچىلەردە 50-يىللاردىن تارتىپ 90-يىللارغىچە 40 يىل تىل تەكشۈرۈش قىلغان. » ئورخۇن-يېنىسەي (تۈرك-رونىك) يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-يېزىقلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە مۇشۇ يېزىقلاردىكى كلاسسىك يازمىلارنى تەتقىق قىلغان. ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا تىل ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، خەنزۇ، پارس، قازاق، تۈرك تىللىرىدىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان سەۋيىيە يەتكەن ئىدى.

شۇنداق، مىللەتكە ھەقىقىي كۆيۈنگۈچىلەرنىڭ، شام كەبى كۆيگۈچىلەرنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئۆتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشقان بولسا، يەنە بىرى شۇ تىل-مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە ھىمايىسىدە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك قاماققا پالاندى. بىرى ئۆتمۈش ئۈچۈن، بىرى كەلگۈسى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان-تەر ئاققۇزدى، تىرىشتى، ئۆگەندى، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى، يازدى ۋە ئۆچمەس نامىنى قالدۇردى. گەرچە شەخسەن ئۇچرىشىپ باقمىغان بولساممۇ، ئىسىم-ئاتىنى تەۋەررۈك كىتابلاردا ھەر بىر قېتىم كۆرگەندە ھۆرمىتىم ئاشاتتى.

ئەزىز قېرىنداشلىرىم، مىللەتكە ھەقىقىي نەپ بەرگەنلەر مەيلى دىندا ئوقۇسۇن مەيلى پەندە ئوقۇسۇن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇغان، خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغان، ۋەزىيەتنى ياخشى تونۇپ، كېسەلگە قاراپ شىپالىق ئىزدىگەن كىشىلەردۇر! شۇڭا سىز مىللىتىڭىزگە مەيلى مۇسۇلمان مىللەت دەپ كۆيۈنۈڭ، مەيلى ئۇيغۇر دەپ كۆيۈنۈڭ ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەڭ، كېرەكلىك كىتابلارنى ئوقۇڭ، تورلاردىن ئىزدىنىڭ، ئۇنىۋېرسال بىلىمىڭىزنى ئاشۇرۇڭ. بۇ ھازىر سىزگە تولىمۇ قۇلاي. زىيالىيلار دۇنياۋى بىلىملەرنى، سىياسىي تەھلىللەرنى ئېرىنمەستىن ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ ھەممىگە قۇلاي فەيسبۇك سەھىپىسىگە يوللىسا، ھەممە ئورتاق مەنپەئەتلەنسە دەيمەن. تالىپلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتى، ئىسلام تارىخ، سىياسىي چۈشەنچىسىدىن مۇسۇلمان مىللىتىمىز دۇچ

كېلىۋاتقان خىرىسلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش، ئاۋامنىڭ ئىسلام چۈشەنچىسىنى قانداق ساپلاشتۇرۇش، مىڭ يىللىق ئىسلام دىيارى بولغان ۋەتىنىمىزنى قانداق قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا كىتاب كۆرۈپ، پىكرى ئوچۇق ئۆلىمالاردىن مەسلىھەت ئالسا ۋە مىللىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان بىلىملەرنى ئورتاقلاشسا دەيمەن.

بۇنداق قىلىش مەۋھۇم تور مۇھىتىدا ئاسانلا گەپ-سۆزدە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان مۇنازىرىلەردىن كۆپ ياخشى. مەيلى زىيالىي، مەيلى موللام بولسۇن ھەممىمىز ئىلمىي، ساغلام بولغان ئاۋازىمىز بىلەن خەلقىنىڭ رايىنى ئاشقۇنلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن ئۆزىمىزگە مايىل قىلىشىمىز، جەمئىيەت كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجابىي تەرەپكە يېتەكلىشىمىز ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى.

1-12-2017

# بىر يولغا ئۈچ نۇقتىئىنەزەر

(تۇنيۇقۇق)

11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسارايىنىڭ سابىق ھەربىي ئىستراتېگىيە مەسلىھەتچىسى، پىرېزىدېنت مەسلىھەتچىسى باننون ياپونىيەدە بىر قېتىملىق لېكسىيە سۆزلىدى. تۆۋەندە باننوننىڭ لېكسىيەدىن ئۆزۈم مۇھىم دەپ قارىغان نۇقتىلارنى ۋەت مۇناسىۋەتلىك تەھلىللەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

شى جىنپىڭ 19-قۇرۇلتايدا 2035-يىلى خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەت بولىدىغانلىقى، 2050-يىلىغا بارغاندا خىتاينىڭ دۇنياغا باشلامچى رەھبەر بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەش جەھەتتىن ناھايىتى ئېنىق كونكرېت ئۇچۇرلارنى بەردى.

2025-1 پىلانى. بۇ پىلاندا خىتاي دۇنيادىكى 10 خىل سانائەتنى قولىغا ئالماقچى. ئۇنىڭ ئىچىدە 3 خىل سانائەت كومپيۇتېر ئۆزەك سانائىتى، ماشىنا ئادەم، سۈنئىي ئەقلى ئىقتىدار قاتارلىق ساھەلەر بولۇپ، بۇلار جۇڭگونىڭ 21-ئەسىردە پۈتۈن دۇنيانىڭ سانائەت ئىگىلىكىنى كونترول قىلىشىغا پايدىلىق.

2-بىر بەلۋاغ بىر يول ئىستراتېگىيەسى. بۇ ئىستراتېگىيە جۇڭگونىڭ دۇنياۋى ئىستراتېگىيەسىنىڭ يادروسى. پەقەت مۇشۇ ئىستراتېگىيەلا ھەقىقىي تۈردىكى جۇغراپىيەلىك كېڭەيمىچىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما 12-ئاينىڭ 3-كۈنى بېيجىڭدا تۆت كۈنلۈك داۋاملاشقان دۇنيادىكى سىياسىي پارتىيەلەر چوڭ قۇرۇلتىيى، ئوخشاش كۈندە بېيجىڭدا ئېچىلگەن " دۇنيا ئىنتېرنېت دۇنياسى يىغىنى" ۋە بۇندىن كېيىن ئېچىلىدىغان ئالىلىقاناداق دۇنياۋى يىغىن قاتارلىقلار يۇمشاق كۈچ كېڭەيمىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. قاتتىق كۈچ دېگىنى ئىقتىساد ۋە ھەربىي كۈچنى كۆرسەتسە، يۇمشاق كۈچ دېگىنى مەدەنىيەت قارىشىقىممەت قارىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك يېرى بولسا20-ئەسىردىكى ئۈچ خىل جۇغراپىيەلىك سىياسەت نۇقتىئىنەزىرىنى بىر پۈتۈن مۇكەممەل گەۋدىگە ئايلاندۇرغانلىقىدا دەپ قارىساق بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل جۇغراپىيەلىك سىياسەت نۇقتىئىنەزىرى بولسا:

بىرىنچى-دۇنيا ئارىلى نۇقتىئىنەزىرى. بۇ جۇغراپىيەلىك سىياسەتشۇناس مەككىندىر 1902-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەر. دۇنيا ئارىلى دېگەندە ياۋرو-ئاسىيا، ئافرىقا قۇرۇقلۇقى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. "كىم دۇنيا ئارىلىدىكى تۈگۈنلەرنى ئىگىلىسە، شۇ دۇنيا ئارىلىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. كىم دۇنيا ئارىلىنى ئىگىلىسە شۇ دۇنيانى ئىگىلىگەن بولىدۇ" دېگەن. دۇنيا ئارىلىنىڭ تۈگۈنى، مەركىزى بولسا شىمالىي كەڭلىك پاراللېل سىزىقى 60 گرادۇستىن 30 گرادۇسقىچە بولغان مۆتىدىل بەلۋاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ. يىپەك يولىمۇ شۇنىڭ ئۈستىدە. دۇنياۋى ئىستېلاچىلار نىڭ ھەممىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلەتتى. شۇڭا شەرقتىن قوزغالغان ھونلار، تۈركلەر، موڭغۇللار غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغان. غەربتىن ئالېكساندىر ماكېدونى، چار پادىشاھ پېتىر، ناپالېيون قاتارلىقلار غەربتىن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلغان. مەككىندىر بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ

نۇقتىئىنەزىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گېتلىرمۇ بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ زامانىمىزدا ئەمەلگە ئېشىش شەرتى تۆمۈر يول ئىدى، ھازىر خىتاينىڭ تۆمۈر يولى كۆنده ئىككى يول ئۇرۇمچىدىن ياۋروپاغا قاتنايدۇ. بىر بەلۋاغ بىر يول ئىستراتېگىيەسىدىكى يىپەك يولىدا دۇنيا ئارىلىنىڭ مەركىزى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىن بىر رىلىس ئۈستىدە ئەنە شۇنداق باغلىنىدۇ.

ئىككىنچى-دېڭىز ھوقۇقى نۇقتىئىنەزىرى. يەنە بىر جۇغراپىيەلىك سىياسەتشۇناس، دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى ماخان دېڭىز – ئوكياندىكى ئاساسلىق دېڭىز يوللىرى زور دەرىجىدە تىجارەت ئۈنۈمى يارىتالايدۇ. كۈچلۈك بولغان دېڭىز ئارمىيەسى تاجاۋۇزچىلارنىڭ چېگرا ئاتلاپ دۆلەت ئىچىگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك بولغان دېڭىز ئارمىيەسى ۋە يېتەرلىك سودا كېمىلىرى ئارقىلىق پورتلارنى ئىگىلەش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىنىڭ جەنۇبى دېڭىزدا ئىككى قات دېڭىز مۇداپىئە زەنجىرى بار بولۇپ، تاشقى زەنجىر ئۈزۈلسە چوڭ زىيان كەلتۈرۈشى ناتايىن. ئەمما كورىيە، ياپونىيە، تەيۋەن، فىلىپپىندىن شەكىللەنگەن دېڭىز يولى زەنجىرى ئۈزۈلسە، ئامېرىكىنىڭ پاسىبانلىق ئورنى تەۋرەپ كېتىشى ئېنىق. ياۋرو-ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بوغۇزى جەنۇبى دېڭىز بىلەن سۈۋەيش قانىلى. شۇڭا خىتاينىڭ جەنۇبى دېڭىز، پارس قولتۇقى، جىبۇتى قاتارلىق جايلاردا دېڭىزدىن يول ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. خىتاينىڭ جەنۇبى دېڭىز ئاراللىرىنى تالىشىشى، دېڭىزدىكى يىپەك يولى ئېچىشى، نېپال، بېنگال ئارقىلىق ھىندى دېڭىزىغا، قەشقەر-پاكىستان تۆمۈر يولى ئارقىلىق ئەرەب دېڭىزىغا چىقماقچى بولۇشى دەل مۇشۇ جەنۇبى دېڭىزدىكى ئامېرىكا ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلماقچى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

ئۈچىنچى-چەت بەلۋاغلار نۇقتىئىنەزىرى. بۇنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئامېرىكىلىق جۇغراپىيەلىك ئىستراتېگىيە تەتقىقاتچىسى سىپايكمەن. بۇ نۇقتىئىنەزەر ئاساسلىقى ياۋروپا دېڭىز بويى رايونلىرى، ئوتتۇرا شەرق قۇملۇق رايونلىرى، ئاسىيا دېڭىز بويى رايونلىرى قاتارلىقلارنى كونترول قىلىش ئارقىلىق سىرتتىن دېڭىز قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش، قۇرۇقلۇقتىن ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز يولىنى قامال قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتاي ھازىر قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز يولى ئارقىلىق قانات يايدۇرۇۋاتقان يىپەك يولى ئىستراتېگىيەسى دەل يۇقىرىقى ئۈچ خىل جۇغراپىيەلىك سىياسەتنى ئۇنۇملۇك ھالدا مۇكەممەل بىرلەشتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

3-ئىش بولسا G 5 تورنىڭ ئېلان قىلىنىشى. خىتايG5 تور جەھەتتە ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىن كۆپ ئالدىدا. ئەگەر خىتايG 5 تورنى ئومۇملاشتۇرۇشنى باشقا دۆلەتلەردىن بۇرۇن تاماملىسا، ئۇنداقتا ئۇلار تېخنىكا نوپۇزى جەھەتتىن بىر بالداق ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىگەن بولىدۇ.

4-پۇل-مۇئامىلە تېخنىكىسى. جۇڭگونىڭ ھازىر غەرب دۆلەتلىرى ۋە ياپونىيە ئالدىدىكى بىر ئاجىزلىقى ئۇلار خالىسا جۇڭگونى دۇنيا ئىقتىسادى بازىرىدىن تېپىپ چىقىرىۋېتەلەيدۇ. ئۇلار خالىسا خىتاينىڭ شىركەتلىرىنى چەكلەيدۇ ياكى ئۇنىڭ بانكىلىرىنى دۇنيا ئوبوروت بازىرىدىن ھەيدىۋېتىدۇ ياكى ئۇنىڭ چوڭ بانكىلىرىنى دۇنيا ئىقتىسادى بانكىلىرىدىن ئايرىۋېتەلەيدۇ. ئەمما ھازىرقىدەك تۇرۇۋەرسە 5-10 يىلدىن كېيىن پۇل-مۇئامىلە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ خىل ئېھتىماللىق پۈتۈنلەي يوقاپ، ھېچكىم خىتاينى دۇنيا بازىرىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتەلمەيدىغان بولىدۇ.

5-خىتاي پۇلى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ دۇنياۋى ئوبوروت پۇلى قىلىش. بۇنداق بولغاندا دۇنيا ئىقتىسادىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.
بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ مۇھىمى بىر بەلۋاغ بىر يول ئىستراتېگىيەسى. ئىقتىساد، يۇمشاق كۈچ، تېخنىكا قاتارلىقلارنىڭ بولۇشى دۇنيا خاراكتېرلىك چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلەشكە يەتمەيدۇ، ئۇلار پەقەت قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. جۇغراپىيەلىك سىياسىي تەسىرنى كۈچەيتكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي تۈردە خوجا بولغىلى بولىدۇ.
بانىنون ۋە ئۇنىڭ لېكسىيەسىنىڭ يەشمىسى تۈگىدى. بۇلاردىن سىز يىپەك يولىنىڭ جاھانگىر دۆلەتلەرگە نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى، يىپەك يولى ئۈستىدە ياتقان ۋەتىنىمىزنىڭمۇ خىتايغا نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى، بۇ يولنىڭ مۇقىملىقى، خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ يەنە قانداق تالاپەتلەرنى تارتىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ.
ئۇنداقتا جۇڭگونىڭ بۇ قەدەر زورىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟
ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ياۋروپا جاھانگىرلىرىنى دۇنياغا خوجىلىق قىلىش ئورنىدىن چۈشۈرۈپ، ئامېرىكىغا بېقىندى ھالەتتە كەلتۈردى. سوتسىيالىزم لاگېرى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەمچۈك بولماسلىق ئۈچۈن، ياۋروپا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا ئامېرىكا بىلەن بىرلەشتى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىقتىسادى جەھەتتىن يىمىرىپ پارچىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ بولۇپ قالدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيا ئەندىزىسىدىن يەككە قۇتۇپلۇق، بىرلا دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت ئەندىزىسىدە ياۋروپا ئامېرىكىغا بېقىندى بولۇپ قالدى. ياۋروپا بۇ خىل پاسسىپ ھالەتنى ياقتۇرمايدۇ –ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيا سودا-ئىقتىساد ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىپ، خىتايغا كۆپلەپ مەبلەغ سالدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق جۇڭگونى كۈچلەندۈرۈپ، كۆپ قۇتۇپلاشقان بىر خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرمەكچى ۋە قوغداپ قالماقچى ئىدى. 70-يىللاردا ئامېرىكا جۇڭگو بازىرىنى غەربكە، ئامېرىكىغا ئاچساق، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشى، ئەركىن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى بىلەن جۇڭگونىڭ دېموكراتىيەلىشىشىمۇ ئالغا سىلجىپ ماڭىدۇ دەپ ئويلىغان. ھازىرقى خىتاينىڭ مۇستەبىت، ھاكىممۇتلەق سىياسىي ئەمەلىيىتى بولسا ئامېرىكىنىڭ ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ئەجەللىك خاتالىق ئامېرىكا، ياۋروپا، ياپونىيە ۋە ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاقداشلارنى ناھايىتى قىيىن بىر شارائىتقا مەھكۇم قىلدى.
بۇنداق بولغاندا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئەرزان ئەمگەك كۈچى بولغان دۆلەتلەرگە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، شۇ دۆلەتلەردە زاۋۇت قۇرىدۇ. سودىگەرلەر بۇ ئارقىلىق كۆپلەپ پۇل تاپىدۇ. ئەمما خەلقئارا ئەركىن سودا يەنە شۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشسىز قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بايلار بەك باي، كەمبەغەللەر تېخىمۇ كەمبەغەللىشىپ كېتىدۇ. ئامېرىكا ۋە چۈرامپ بولسا بۇ خىل خەلقئارالىق مۇناسىۋەتتە باشقا دۆلەتلەرگە سالغان مەبلىغى ۋە سودا مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك خالىغانچە زومىگەرلىك قىلالمايدۇ. شۇڭا ئامېرىكا ھازىر خەلقئارالىششقا قارشى. ياۋروپا بىلەن جۇڭگو بىرلەشسە، ئامېرىكا ھىندىستاننى يۆلەۋاتىدۇ. ھىندىستاننى ب د ت تىنچلىق يىغىنىدىكى ئامېرىكا جۇڭگوغا سېتىپ بەرمىگەن تېخنىكىلىرىنى ھىندىستانغا يېرىم باھادا سېتىپ بېرىۋاتىدۇ، ئىلغار قوراللارنى سېتىپ بېرىۋاتىدۇ. 19 -قۇرۇلتاي ئاياغلىشىپ، جۇڭگو 2050-يىلىغا بارغاندا ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئەتىسىلا ئامېرىكا ھىندىستانغا F16, F18قاتارلىق كۈرەشچى ئايروپىلانلارنى

سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو بىلەن ھىندىستان چېگرا تالىشىپ مۇناسىۋەت قاتمال ھالەتتە تۇرغان بۇ بىر يىلدا ئامېرىكىنىڭ ھىندىستاننى ھە دەپ قوللاپ بېرىشى جۇڭگونى ئىسكەنجىگە ئېلىش، ئۇنىڭ بىلەن كۈچىيىپ كېتىشىنى چەكلەش، شۇنداقلا 11-ئايدىكى چۇرامپىنىڭ خىتاي زىيارىتىدە سودىلىشىدىغان پىچىكلارنى كۆپەيتىش رولىنى ئوينىدى.

2016-يىلىدىكى سايلامدا چۇرامپىنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى، ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن چېكىنىپ چىقىشى مەلۇم مۇناسىۋەتكە ئىگە. بۇ ئىككىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىل بولسا جۇڭگو. جۇڭگونىڭ ئەرزان ئېكسپورت تاۋارلىرى ئەنگلىيەنىڭ مانچىستېر مەركىزى سانائەت بەلۋېغىنى زىيانغا ئۇچراتتى. ئامېرىكىنىڭ كارخانىلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئىشچىلار ئىشسىز قالدى. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىنى زىيانغا ئۇچرىدى. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكا قانداق قىلىدۇ؟

1-ئۇ كەڭ كۆلەمدە قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىنى توسىدۇ، قانۇنلۇق كۆچمەنلەرگىمۇ چەكلىمە كۆپەيتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا مۇسۇلمان يەتتە دۆلەتكە ۋىزا چەكلەش، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ قايتىدىن خىزمەتكە ئېرىشەلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. 2-ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى ئامېرىكىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىدۇ. 3-ئامېرىكا چەتئەللەردە 16 يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشلارغا قايتىدىن قارار بېرىدۇ.

12-ئاينىڭ 2-كۈنى ئامېرىكا 49غا قارشى 51 بېلەت بىلەن ترامپىنىڭ باجنى ئىسلاھات قىلىش لايىھىسىنى ماقۇللىدى. شۇنداقلا يەنە دۇنيا كۆچمەنلەر كېلىشىمىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ دۇنيا ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر قارار بولۇپ، ئىلگىرى دۆلەت ئىچىدىكى باجنىڭ يۇقىرىلىقىدىن قاقشاپ، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەرگە قۇرغان ئامېرىكا كارخانىلىرى ئەمدى قايتىدىن ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ. خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ ئېكسپورت دۆلىتى ئامېرىكا، خىتايغا ئەڭ جىق مەبلەغ سالغان دۆلەتمۇ ئامېرىكا، ئاندىن قالسا ياۋروپا. ئەگەر خىتاي تاۋارلىرىنىڭ باھاسى ئامېرىكا يەرلىك تاۋارلىرىنىڭ باھاسىدىن يۇقىرى بولۇپ كەتسە، خىتاينىڭ ئامېرىكىدىكى بازىرى ئۆلىدۇ.

شۇڭا ئامېرىكا مۇشۇ 11-ئاينىڭ 30-كۈنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا خىتاينىڭ ئىقتىسادى نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلماسلىق تەكلىپىنى سۇندى. ئۇندىن باشقا خىتايدىن ئامېرىكىغا كىرىدىغان مەھسۇلاتلارغا تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئەگەر باج نى ئازايتىش بىلەن تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش مۇشۇنداقلا داۋاملاشسا خىتايدىكى مىڭلىغان ئامېرىكا كارخانىلىرى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىدۇ، يەنە مىڭلىغان خىتاي كارخانىلىرى تاقىلىپ قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۇ بىر مەيدان باج ئۇرۇشى يەنە ئاز كۈندە كېيىنەك ئېففېكتى ھاسىل قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ دورىشىنى پەيدا قىلىدۇ. كورىيە، ياپونىيە بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قاتتى ۋە 2018-يىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئىچىدە باجنى كەڭ كۆلەملىك چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا ئەتە ئۆگۈن ياۋروپامۇ ئەگىشىدۇ. چۈنكى شۇنداق قىلمىسا بارلىق سانائەت دۆلەتلىرى بازار رىقابىتىدە پاسسىپ ھالەتتە قالىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا غەلىبىلىك ھالدا بۇ پىلانىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىيالىسا خىتايغا ناھايىتى زور زەربە بولىدۇ، دۇنيا سانائىتىگىمۇ يېڭىچە بىسىم ۋە رىقابەت ئېلىپ كېلىدۇ.

2017-12-7

# قۇددۇس ۋە يېرۇسالېم

(تۇنيۇقۇق)

تۈنۈگۈن 6-دېكابىر ترامپ قۇددۇسنى ئىسرائىلىيەنىڭ پايتەختى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنى قۇددۇسقا يۆتكەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما كۆچۈپ بارىدىغان ئورۇن، ۋاقىت قاتارلىقلارنى بىلدۈرمەي، تەييارلىق خىزمىتىگە بىر يىل كېتىدۇ دەپ قويدى. دېمەك بۇ يەردە بىر ئويۇن بار.

سابىق پرېزىدېنت كلىنتون 1995-يىلى ئىمزالىغان قانۇنغا ئاساسەن ئامېرىكا ئەلچىخانىسى چوقۇم قۇددۇسقا كۆچۈرۈلىدۇ دېيىلگەن. كۆچۈشنى كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكا پرېزىدېنتى چوقۇم ھەر ئالتە ئايدا بىر قېتىم كېچىكتۈرۈش بۇيرۇقى بېرىش كېرەك. ترامپنىڭ سايلام مەزگىلىگە كەلگەندە يەھۇدىيلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قۇددۇسنى ئىسرائىلنىڭ پايتەختى قىلىپ، ئەلچىخانا كۆچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇ سايلامدىن بىر يىل ئۆتۈپ بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئەلچىخانىنى قۇددۇسقا يۆتكەش قارارىنى چىقاردى.

20 يىلدىن بۇيان كېچىكتۈرگەن ئىشنى نېمىشقا ھازىر يۆتكەيدىغان بولۇپ قالدى؟ ترامپ ئەلچىخانىنى راستىنلا قۇددۇسقا يۆتكەمدۇ-يوق دېگەن مەسىلىدە ئىزدىنىپ يۈرۈپ، مۇنداق تەھلىللەرنى ئۇچراتتىم. ئويلىنىپ بېقىشىڭلارغا سۇنماقچىمەن.

پەلەستىن-ئىسرائىلىيە تىنچلىق خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقىنى ھازىر ياۋروپا. بۇ يىل بېشىدا 16-يانۋار بىر قېتىم پارىژدا ئۆتكۈزۈلدى، ئەمما ئانچە ئۇتۇقلۇق بولمىدى. بۇ يىل بېشىدا پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن پەلەستىن-ئىسرائىلىيە تىنچلىق يىغىنىغا نىيانتىنياخۇمۇ كەلمىدى، ئاباسمۇ كېلەلمىدى. مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يەنە بىر قېتىملىق تىنچلىق يىغىنىدىن بۇرۇن ئامېرىكا يېرۇسالېمنى ئىسرائىلىيەنىڭ پايتەختى دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئەگەر پەلەستىن ياۋروپاغا ئاغسا، ئۇنداقتا ترامپ ئەلچىخانىسىنى يۆتكەيدۇ. پەلەستىن مەسىلىسى ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ نېگىزى. پەلەستىننىڭ مالىيەسى ئاساسلىقى ياۋروپادىن كېلىدۇ. پەلەستىن ياۋروپاغا ئاغسا، ئوتتۇرا شەرققە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئوتتۇرا شەرققە تەسىر كۆرسەتتى دېگەنلىك ئوتتۇرا شەرق نېفىت باھاسىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ دېگەنلىك. نېفىت باھاسىغا تەسىر كۆرسەتسە ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتى ۋە نوپۇزىغا تەسىر كۆرسەتتى دېگەنلىك. شۇڭا ئەگەر پەلەستىن ياۋروپاغا مايىل بولسا يۆتكەيدۇ، مايىل بولماي جىم تۇرسا ياكى خوتنى يۆتكىسە، ئامېرىكىمۇ بىر يىلغىچە يەنە بىر گەپ قىلىدۇ.

ھازىر ئامېرىكا پارس قولتۇقىدىكى سەئۇدى باشلىق دۆلەتلەرنى ۋە ئىسرائىلىيەنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ياۋروپاغا ئېغىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا ئامېرىكا ئۇلارنى خەتەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. ئەمما خەلقئارا كاپىتالىزم كۈچلىرى سەئۇدى ۋە ئىسرائىلىيەگە تەھدىت سالماقتا. سەئۇدىغا نىسبەتەن تىنچ ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش، ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش ۋە سىرتقى

جەھەتتىن تەھدىت پەيدا قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا.

تىنچ ئىنقىلاب قىلىش بولسا قاتاردىكى ئەلجەزىرە قانىلى ئارقىلىق سەئۇدىغا قارشى جامائەت پىكرى توپلاپ، دېموكراتىيەنىڭ قەدىمىنى تىزلىتىش. بۇنىڭغا قارشى سەئۇدى باشتا قاتاردىن ئەلجەزىرەنى تاقىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ باقتى. ئايىغىدا قاتار بىلەن بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ كەسكىن تەدبىر قوللاندى.

ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش بولسا سەئۇدىدىكى كاپىتالىزمغا مايىل كۈچلەرنى كۈشكۈرتۈپ، ئوردا ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىش. بۇ ئۇسۇلمۇ مۇھەممەد سالمان تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. مۇھەممەد سالمان سەئۇدىدىكى ئۆزىگە تەھدىت پەيدا قىلىدىغان خان جەمەتى تۇغقانلىرىنى يوقىتىپلا قالماي، يەنە سەئۇدىدىكى ئەڭ چوڭ بايلارنىمۇ بىر يولىلا سۈپۈرۈپ يىغىشتۇرۇۋەتتى.

سىرتقى جەھەتتىن بولسا يەمەندىكى ھۇسىيۇنلارنى كۈشكۈرتۈپ، سەئۇدىغا ھەربىي تەھدىت پەيدا قىلىش. ياۋروپا ھۇسىيۇنلاردىن پايدىلىنىپ، سەئۇدىغا بېسىم چۈشۈرمەكچى بولغانلىقىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. ئالدىنقى مەزگىللەردە يەمەندىكى شىئە ھۇسىيۇنلار رىيازغا، مەككىگە نەچچە قېتىملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتتى. ھۇسىيۇنلارنىڭ ئۆزى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسىيالمايدىغانلىقى ئېنىق. بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبا بولسا ئۇكرائىنادا ئىشلەنگەن بومبا. ھۇسىيۇنلارنى قوللاۋاتقىنى ئىران ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، ھازىر ئىران بىلەن سەئۇدى ھەر ئىككىسى ئوتتۇرا شەرقتە ئۇرۇش بولۇشىنى خالاپ كەتمەيدۇ. بۇ يىل ئۆكتەبىردە سالمان پادىشاھ پۇتىن بىلەن كۆرۈشۈپ، تىنچلىق توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ، قايتىپ كېلىشىگىلا ئىران دوستانىلىك بىلدۈردى.

كاپىتالىستلار ئىسرائىلىيەنىمۇ ياۋروپاغا ئېغىشقا زورلاۋاتىدۇ. ئۇلار قانۇن كۈچى ئارقىلىق نىيانتىياخۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرلۇك " چىرىكلىكلىرىنى" يايما قىلىۋاتىدۇ. يېقىندا تېخى ئىككى تۇمەندىن ئارتۇق ئىسرائىلىيەلىك تىلئابىبتا نىيانتىياخۇنى چۈشۈپ كەتسۇن دەپ نامايىش قىلدى.

خوش، ھازىر ئامېرىكا قۇددۇسنى پۇتۇنلەي يېرۇسالېم قىلىمىز دەپ جار سېلىۋاتىدۇ. بۇ ئوتتۇرا شەرقتە زوڭ كۆلەملىك داۋالغۇش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىراق داۋالغۇش پەيدا قىلالماسلىقى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن. چۈنكى ئوتتۇرا شەرقتە زور كۆلەملىك داۋالغۇش ياكى ئۇرۇش پەيدا بولسا نېفىت باھاسى ئۆرلەپ، ياۋروپا قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا شەرقتىن ئېنېرگىيە يۆتكەش يوللىرىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى قۇددۇسنىڭ يېرۇسالېم ئاتىلىشىغا قارشى بەك بولسا خەلقئارا قارشىلىق كەيپىياتى پەيدا قىلالايدۇ، ئەمما چوڭ ھەرىكەت قوللانمايدۇ.

------------------

تېمىدىن سىرتقى ئېغىز گەپ.

تارىختا قايتا نەزەر سالساق، يەھۇدىيلارنىڭ 120 يىل ئاۋۋالقى ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇش قۇرۇق ئارزۇ قىلدى. بۇ قۇرۇق ئارزۇ نەق 100 يىل بۇرۇنقى 1917-يىلىدا ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدا مەخپىي ئىمزالانغان كېلىشىمدە يەھۇدىيلارغا پەلەستىندە دۆلەت قۇرۇپ بېرىشكە ئاساس سالدى. 1948-يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ بوغۇزىدا مۇتلەق مەغلۇبىيەتكە قارىماستىن ئىسرائىل دۆلىتىنى جاكارلاش، كېيىنكى بەش قېتىملىق جەڭدە مۆجىزىلەرچە غەلىبە قىلىش، ئاخىرىدا بولسا ئىسرائىلىيەنى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشلار كۆزىمىزگە كۆرۈنىدۇ. بۇ كارتىنىلاردىن

ئۇيغۇرلارغا بەزى ئۇمىدلەر چاقنايدۇ.

# «سوبىبوردىن قېچىش» ۋە ئۇيغۇرلار

(سەھەر)

**(سادىر پالۋاندىن بۇگۈنگە قەدەر---يامۇلدا تولا ياتىپ، چېچىم بىر قۇچاق بولدى. يامۇلنى تېشەر چاغدا قوۋۇرغام پىچاق بولدى. يەنە 25 ئۇيغۇر تايلاند تۈرمىسىنى تېشىپ قاچتى. بۇ قېتىم ئۇلار جېنىنى پىچاق قىلدى. خاتىرەمدىن)**

ئەگەر دۇنيادا راي سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىيلارغا ئېلىپ بارغان جازا لاگېرلىرى ۋە ئۆلۈم لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان بىر لاگېرنىڭ ھازىر يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار ياكى يوقلۇقى ھەققىدە سورالغاندا، دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى بەلكى بىر ساراڭلىق بۇنداق بىر ئېتىنىك قىرغىنچىلىق تۈسىنى ئالغان دەھشەتلىك لاگېرلارنىڭ 21-ئەسىردە قۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس دېيىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنداق لاگېرلار ھازىر مەۋجۇت. يەنى خىتايدا ۋە ئۇيغۇرلارغا قارىتا. بەزى ھالقىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ مەخپىي.

ئەگەر دۇنيادا راي سىناش ئېلىپ بېرىلىپ تايلاند تۈرمىسىدىن قاچقان ئۇيغۇرلار قەھرىمانمۇ ياكى تېررورچى، جىنايەتچىمۇ دەپ سورالغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇلارنى تېررورچى ۋە ياكى ئەلۋەتتە تۈرمىدىن قاچقاندىن كېيىن جىنايەتچى بولدى-دە دېيىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىپ قويىۋاتقانلىقىنى ئويلاشماسلىقى مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلقى پۈتۈن ئاۋازى بىلەن دۇنياغا شۇنى جاكارلىشى كېرەككى، بۇ 25 ئۇيغۇر خىتاينىڭ 21-ئەسىردە بەرپا قىلغان «سوبىبور تۈرمىسى» دىن قاچقان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىرى خۇددى جەنۇبى ئافرىقا خەلقى تەرىپىدىن 1976-يىللىرىدا ئەركىنلىك جەڭچىلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان تىم جەن كاin، ستېفېنلى قاتارلىقدەك.

1976-يىلى، جەنۇبى ئاغرىقىدىكى ئىرقچىلىق مەزگىلىدە، تىم جەن كىن، ستېفېن لى (ستەپھەن لەئە) قاتارلىق 3 ئەركىنلىك جەڭچىسى، ئۆزلىرى تۈرمىدە ياسىغان ئاچقۇچلار بىلەن قاتمۇ قات تۆمۈر ئىشىكلەر بىلەن قۇلۇپلانغان ئاغرىقىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك ھالدا قوغدىلىدىغان تۈرمىنىڭ 10 ئىشىكنى ئېچىپ تۈرمىدىن قاچىدۇ. تارىخ بۇلارنى تېررورلۇق بىلەن جازالانغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى سۈپىتىدە خاتىرىلەيدۇ.

تايلاند تۈرمىسىدىن قاچقان 25 ئۇيغۇرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دۇنياغا ئېيتىدىغان تۈرمىدىن قېچىش ھېكايىلىرى بار. بەلكى بۇ ھېكايىلەر دۇنيا تارىخىدىكى تۈرمىدىن قېچىش ھېكايىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ

تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكى دۇنيا بۇ 25 ئۇيغۇرنىمۇ خۇددى تىمجەنكىن، ستەفەنلى (ستەپھەنلى) لارنى خاتىرىلىگەندەك تېرروۇرلۇق بىلەن جازالانغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى دەپ خاتىرىلىشى مۇمكىن.

دۇنيادا شۇنداق كىشىلەر ياشاپ ئۆتتى بەزىلەر ئۇلارنى تېرروۇرچى دېدى بەزىلەر قەھرىمان، بەزىلەر ئۇلارنى ئالما دەپ قوينىغا سالدى، بەزىلەر چالما دەپ ئاتتى، بەزىلەر تۇلپار دېدى بەزىلەر قوتۇر ئېشەك، تارىخنىڭ ھەر دائىم ئىككى تامغىسى بولۇپ كەلدى بىر ياخشىلىق تامغىسى يەنە بىرى يامانلىق تامغىسى ئەمما زالىملارنىڭ يامانلىق تامغىسىغا قارشى مەزلۇملارنىڭ ياخشىلىق تامغىسى تەييار تۇردى. دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇگۈنگە قەدەر بىر قانۇنىيەت ئۆزگەرمىدىكى، زالىملار تۇتۇش ئۇچۇن ئات چاپتۇرغاننى مەزلۇملار قوينىغا ئالدى

1943-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا (سس) نىڭ باشلىقى ھېيىنرىخ ھىممەر (ھەئىنرىچ ھىممەر)، رېيىنچارد (رەيىنچارد) زەربىسى دەپ ئاتىلىدىغان، ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىي مەسىلىسىنى ئۈزۈل كېسىل ھەل قىلىشتىكى چارىسى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان، "يەھۇدىيلار ئۆلۈم لاگېرى" نى قۇرغان ئىدى. بۇ ئۆلۈم لاگېرلىرى پولشانىڭ شەرقىدە بولۇپ، سوبىبور بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەخپىي ئۆلۈم لاگېرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەينى يىللاردا سوبىبوردىن ئىبارەت بۇ مەخپىي لاگېردا، بىر مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، 1943-يىلى بۇ دەھشەتلىك ئۆلۈم لاگېرىدا تۇرۇۋاتقان 600 نەپەر مەھبۇس قېچىشنى پىلانلاپ، 300 نەپىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ ۋە سوبىبور ئۆلۈم لاگېرىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى دۇنياغا جاكارلايدۇ.

بۈگۈنكى شەرقى تۈركىستان، تارىختىكى ئەنە شۇ "سوبىبور ئۆلۈم لاگېرى" نىڭ بۈگۈنگە كۆچۈرۈلمىسى. ئانا ۋەتىنى شەرقى تۈركىستاندا ياشاش مۇمكىنچىلىكى تاپالمىغان، سەرگەردان قاچاق ئۇيغۇرلارنى تۈركىيە، مالايشىيا، كامبودژا، تايلاند، بۇلغارىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇچۇرتىمىز.

تۆۋەندىكى ئۆلۈمنىشتىن سوبىبوردىن قېچىش دېگەن فىلىمنى كۆرەلەيسىلەر. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بەك ئوخشايدۇ.

https://youtu.be/b4R53qvwbag

مەن ھەر قېتىم "سوبىبور ئۆلۈم لاگېرىدىن قېچىش" ناملىق بۇ فىلىمنى كۆرگەندە خۇددى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋە 40-يىللاردىكى كارتىنىسىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

سوبىبوردىن قاچقان يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاتاتلىتىپ ئېتىۋاتقان گېرمان ئەسكەرلىرىنى كۆرگەندە، بارىن ئىنقىلابى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە، ئاتۇش، غۇلجا، ۋە ئۈرۈمچىدە قېچىۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاتاتلىتىپ ئېتىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

ياپيالىڭاچ قىلىنىپ، مۇنچىغا چۈشۈرۈش ھىيلىسى بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەندە، ئاتۇشنىڭ ياۋاغ

تۈرمىسىدە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئوت يۈرەك زىيالىيلىرىمىزنى، باي سودىگەرلىرىمىزنى يادىمغا ئالىمەن. İز دېرەكسىز غايىب بولۇۋاتقان، ئىچكى ئەزالىرى بۇلىنىۋاتقان، خىتاينىڭ رەزىل سۈيىقەستلىرى ئۈچۈن دان سىناقلىرى ئېلىنىۋاتقان، خەلقىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. يېقىندا خىتايدىن ئامېرىكىغا قېچىپ چىققان باي سودىگەر گۇئو ۋېن گۈيمۇ ئۇيغۇرلار ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىك كۆمۈلۈش ۋە ئىچكى ئەزالىرى يۆتكىلىش ئەھۋالىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن بۇ ھەقتىكى ۋىدىئولارنى كۆرەلەيسىز.

https://www.youtube.com/watch?v=qtddG0wpltU
https://www.youtube.com/watch?v=5wZu19F8YpY
https://www.youtube.com/watch?v=K-i0lksbluY

بۈگۈن، خىتاي زۇلۇمى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈستى ئوچۇق خىتاي "سوبىبور" ئى دىن دۇنياغا قاچماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپتىن قاچقان ئۇيغۇرلارنى، خىتاي بىلەن بىرلىكتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قوغلىماقتا. "سوبىبور" دىن شەرقى جەنۇبى ئاسىيا يۆنىلىشى بىلەن قاچقان ئۇيغۇرلارنى بولسا تايلاند بىلەن مالايشىيا قوغلىماقتا ۋە تۈرمىگە تاشلىماقتا.

20-نويابىر كۈنى، خىتايدىن ئىبارەت "سوبىبۇر" ئۈستى ئوچۇق تۈرمىسىدىن قېچىپ، يىللاردىن بېرى خىتاي شېرىكى تايلاند تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان 25 نەپەر* ئۇيغۇر مەھكۇمنىڭ تۈرمە تاملىرىنى تېشىپ، يوتقان كۆرپىلىرى بىلەن تۈرمىنىڭ ئەتراپىدىكى سىم توسۇقلارنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ قاچقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر دۇنياغا تارالدى. 25 كىشىنىڭ تەشكىللىك ھالدا ئۆزىگە ناتونۇش بولغان باشقا بىر دۆلەتتىكى تۈرمىدىن بۇنداق يۇغۇرى دەرىجىدىكى ھەمكارلىق بىلەن قېچىش يۇغۇرى ئىقتىدار تەلەپ قىلاتتى ھەر جەھەتتىن.*دېمەك ئۇيغۇرلار بىر ئىش قىلالايدىغان بولىۋېتىپتۇ. ئۇنداقتا ئەسلىدىكى پىچاق قىڭراق بىلەن، چىش تىرنىقىغىچە قوراللانغان خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى بىر مىليون ھەربىي قوشۇنى بىلەن ( بۇ سان خىتايدىكى ئومۇمى ئەسكەر سانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ)

پايدىلانغان ماتېرىيال:

http://www.hoylam.net/uyghurlar_uchun_umid_bar_-_finlandiye_musteqilliqidin_oylighanlirim/

ئېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىر كۈنى ئىپتىدائىي پىچاقنى تاشلاپ قورال ئېلىشنى بېجىرەلەيدۇ دېگەن گەپ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى غۇلجا مولتوختىيۇزلۇك سادىر پالۋان 1800-يىللاردا مەنچىڭ چېرىكلىرى باغلاپ ماڭغان 3 ئۇيغۇرنى قۇتۇلدۇرۇپ 15 يېشىدا سادىر پالۋان دەپ ئاتالغان، ئۇمۇ خۇددى ھازىرقى

تايلاند تۈرمىسىنى تېشىپ قاچقان ئۇيغۇرلاردەك، مەنچىلىك خانىدانلىقىنىڭ يامۇلىنى تېشىپ قاچقان. دېمەك تۈرمە تېشىش ئۇيغۇرلارغا يات ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقى يەنە ئۆز تارىخىنى ئېغىزاكى قوشاقلىرى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان خەلق.

سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا،
يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قۇچاق بولدى.
يامۇلنى تېشەر چاغدا،
قوۋۇرغام پىچاق بولدى،

دەيدۇ.

گەرچە بۇلارنىڭ 5 نەپىرى شۇ كۈنى تۇتۇلۇپ قالغان. ئارىدىن 2 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە 2 سى تۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قالغان 18 نەپىرى ھەققىدە خەۋەرلەر جىم. تايلاند تۈرمىسىنىڭ باشلىقى مۇخبىرلارغا، 18 بىلەن 20 نىڭ ئارىسىدىكى بۇ سانىنىڭمۇ ناھايىتى جىق سان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇنداقتا دۇنيا ئادالىتى ئىزدەپ، خىتاي سوبىبورىدىن قاچقان، 2-بىر خىتاي غالچىسى دۆلەتتىكى يەنە بىر سوبىبورغا قامالغان، دۇنيانىڭ نەزىرى چۈشمىگەن بۇ بىر توپ "قاچقۇن" يا تىل يا ئۇچۇر ئالاقە، يا ئىقتىساد يا يېگۈدەك بىر نەرسىلەر يوق شارائىتتا، خىتاينىڭ شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى ئارقا ھويلىسى ھېسابلانغان تايلاند بىلەن مالايشىيانىڭ، چېگرا ياقىلىرىدىكى سىم توسۇقلىرىدا، قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇلار ھازىرغىچە نەدە؟

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شۇنداقلا دۇنيا ئادالىتىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىگە ئائىت خەۋەرلەر يوق. دۇنيادا كېچىككەن ئادالەت ھۆكۈم سۈرمەكتە.

ئەلۋەتتە سۈرىيەدىكى دەھشەتلىك بومباردىمانلار، ئۆلۈۋاتقان بوۋاقلار، دۆۋىلەنگەن جەسەتلەر، بىرمىدىكى روھىڭيا مۇسۇلمانلىرىغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئالدىدا، 25 ئۇيغۇرنىڭ مالايشىيا بىلەن تايلاند ئوتتۇرىسىدىكى ناتونۇش جۇغراپىيەدە قېچىپ يۈرۈشى ئۇيغۇرلاردىن باشقىلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار.

.

ئامېرىكىنىڭ سانفىرانسىسكو ئارىلىغا جايلاشقان ئالكاتراز تۈرمىسى، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان تۆمۈر تۈرمىلەرنىڭ بىرى. ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى بۇ تۈرمىدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەگەر تۈرمىدىن قاچقان ھالەتتىمۇ، سانفىرانسىسكو

ئارىلىدىن دېڭىزدا ئۈزۈپ قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۈچۈن قاچقۇنلار دېڭىز سۈيىدە ئاللىقاچان بوغۇلۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەمما 1962-يىلى 11-ئىيۇن كېچىسى 3 مەھبۇس ئالكاتراز تۈرمىسىدىن قاچتى. بۇ 3 مەھبۇسنىڭ قېچىشى ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئۈچۈن ھازىرغا قەدەر سىر بولۇپ تۇرماقتا. ئۇلار ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلدىمۇ؟ ياكى دېڭىز سۈيىدە بوغۇلۇپ ئۆلدىمۇ؟ ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى تېخىچە مەسىلىنىڭ پېشىدە.

خىتاي ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك زومىگەر بولغانلىقى بىلەن كىبىرلىنىپ مېنىڭ ئاسمىنىمدىن قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ، مېنىڭ سايەم ئاستىدىكى تايلاند، مالايشىيا، فىلىپپىن تۈرمىلىرى خۇددى ئامېرىكىنىڭ ئالكادراز تۈرمىسىدىنمۇ بەتتەر قېچىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان تۈرمىلەر دەپ قارايدۇ. ئەمما تايلاند تۈرمىسىدىن قاچقان 25 ئۇيغۇر، ئۆز ئەملى ھەرىكىتى ئارقىلىق سادىر پالۋاننىڭ نەۋرىلىرىگە "مۇمكىن ئەمەس" ئىبارىسىنى ئىشلىتىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

دۇنيادا نىيەت ۋە ھەرىكەت دېگەن بىر نەرسە مەۋجۇت. ئەگەر نىيەت ۋە كۈچلۈك بىر ئارزۇ ۋە ئىنتىلىش مەۋجۇت بولىدىكەن دۇنيادا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىش يوق.

25 ئۇيغۇرنىڭ تايلاند تۈرمىسىنىڭ تاملىرىنى تېشىپ، يوتقان كۆرپىلىرىنى قىرلىق سىم توسۇقلارغا يېپىپ يات بىر دۆلەت تۈرمىسىدىن قېچىشىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى، ئاغرىقىدىكى 10 قات تۆمۈر ئىشكى بار ئافرىقا تۈرمىسىدىن قاچقان يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنلىق ۋە ئالكاتراز تۈرمىسىدىن قاچقان 3 مەھبۇس دۇچ كەلگەن قىيىنلىق بىلەن ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە، پەقەت بۇ 25 نەپەر قەھرىمان ئەركىنلىككە ئېرىشكەندە شۇنداقلا سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندە ئاندىن ئىگە بولىمىز.

ئەسلىدە، ئۇيغۇرلار پەقەت تايلاند تۈرمىسىدىن ئاچمايۋاتىدۇ. ئۇلار خىتايلار "سوبىبور" تۈرمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئۆز ئانا ۋەتىنىدىن دۇنياغا قاراپ قېچىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى.

پاسپورتلىرى تارتىۋېلىنىپ ۋەتەن ئىچىگە سولىنىپ قالغان ئۇيغۇرلار خۇددى "سوبىبور " تۈرمىسىدىكى "مۇنچىغا چۈشۈش" ھىيلىسى بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلىش قىسمىتىگە دۇچار بولغان يەھۇدىيلارغا ئوخشايدۇ.

40 يىللاردىكى ئاتۇش ياۋاغ تۈرمىسىمۇ ئەنە شۇ "سوبىبۇر" نىڭ تەقلىدى ئىدى.

ئەسلىدە تارىخ تەكرارلانمايدۇ. ئەمما زالىملار تارىختىكى زالىملارنىڭ قىلمىش ئەتمىشلىرىدىن

تەجرىبىلەر ۋە ئۆرنەكلەر ئىزدەيدۇ. بۇگۈن ئۇچۇن كۆچۈرمەكچى بولىدۇ.

# 5-بۆلۈم

# ئارىلاش مەزمۇنلار

# ئىسلامدا دىن ۋە دۆلەت مۇناسىۋىتىگە قىسقىچە نەزەر

(يۇلغۇن)

كۈنىمىزدە دىن نېمە؟ ھايات نېمە؟ دىن بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولۇشى كېرەك؟ قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېخى ئۆز زېھنىدا ئايدىڭلاشتۇرالمىغانلارنىڭ « ئىسلام دۆلىتى »، « شەرىئەت دۆلىتى» قۇرۇش چۇقانلىرى پات – پات ئاڭلىنىپ تۇرماقتا.

قۇرئانى كەرىمگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجرائاتلىرىغا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىغان ۋاقتىمىزدا، ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە بىر تۈزۈمنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانلىقىنى، دىنىنىڭ مەقسىتىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن زىيادە ئۈلگىلىك ئىنسان تەربىيەلەپ چىقىش، ئەقلىنى ئاكتىپ ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش[1]، ئىنسانلارنى تىنچلىققا دەۋەت قىلىش[2]، تىنچ مەملىكەت قۇرۇپ چىقىش[3]، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش[4] ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلاردا بەسلىشىش[5] ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

قۇرئان، دۆلەت ياكى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھاكىمىيەت ياكى سىياسىي كۈچ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمدارلارنى مەزكۇر پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ. قۇرئانى كەرىم ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن شۇرا ( كېڭەش)[6]، لاياقەت[7] ۋە ئادالەتتىن[8] ئىبارەت ئۈچ پىرىنسىپى مەركىزى ئورۇنغا قويىدۇ. كىشى ياشاۋاتقان دەۋردە بىردەك قوبۇل قىلىنغان تۈزۈم مەيلى پادىشاھلىق بولسۇن ياكى بەگلىك بولسۇن ۋەياكى جۇمھۇرىيەت بولسۇن، قايسى تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىنىشتىن قەتئىينەزەر ھاكىمىيەت بۇ ئۈچ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى، ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھارام، ھالال قىلغاننى ھالال قىلىشى لازىم. ئىسلامدا جان[9] ۋە مال بىخەتەرلىكى[10]، ئىززەت ئابرۇيىنىڭ ھىمايە قىلىنىشى[11]، نەسەب

---

[1] **زۇمەر، 18 – ئايەت.**
[2] **بەقەرە، 208 ـ ئايەت.**
[3] **نەھل، 112 ـ ئايەت.**
[4] **نەھل، 89 – ئايەت.**
[5] **مائىدە، 48 – ئايەت.**
[6] **ئالئىمران، 159؛ شۇئەرا، 38– ئايەت.**
[7] **نىسا، 58 – ئايەت.**
[8] **مائىدە، 42 – ئايەت.**
[9] **مائىدە، 32 – ئايەت.**
[10] **بەقەرە، 188؛ نىسا، 29 – ئايەت.**
[11] **نۇر، 4، 23 – ئايەتلەر؛ نىسا، 20، 112 – ئايەتلەر.**

پاكلىقىنىڭ قوغدىلىشى[12] ۋە پىكىر ئەركىنلىكى[13] مۇقەددەس بولۇپ، شەرىئەت مانا بۇ ئانا تېمىلار ئاساسىدا بەلگىلەنگەن.

دىن ئىنسانلارنىڭ تاللىشى بولۇپ، كىشى مىللىي خاسلىقى بىلەن دىنغا مەنسۇپ بولالايدۇ. دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان ئۆرپ – ئادەت، يەنى مىللىي كىملىك كىشىنىڭ دىنىغا توسالغۇ بولمايدۇ.

ئافرىقىدا قەبىلە تۈزۈمى ئاستىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن قەبىلە تۈزۈمىنى تاشلاپ دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتۈشى ياكى دېموكراتىك تۈزۈمدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن سۇلتانلىق ۋەياكى خەلىپىلىك تۈزۈمگە ئۆتۈشى شەرت ئەمەس.

ھەزرىتى داۋۇت ۋە سۇلايمان، كەھف سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيىن بىر پادىشاھ ئىدى. لېكىن ئۇلارغا سەلتەنەت ئەمەس، ئەكسىچە ئىلىم ۋە ھېكمەت بېرىلگەنلىكى تەكىتلەنگەنىدى[14]. ھەزرىتى نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ھارۇن، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا، ھەزرىتى مۇھەممەد قاتارلىق نەبىلەر پادىشاھ ئەمەس، ئەكسىچە خەلقىنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر ئىدى[15].

دۆلەت – مۇئەييەن تېررىتورىيە ئىچىدە بىر ھۆكۈمەت ياكى ھاكىمىيەت ئاستىدا ئورتاق قانۇنلارغا بويسۇنغان ھالدا ياشايدىغان بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىللەتتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن سىياسىي ئېھتىياج بولۇپ[16]، دۆلەت ۋەزىپىسىنى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان ئورگانلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ[17]. دۆلەت ئورگانلىرى مەزكۇر تېررىتورىيەدە ياشىغان كىشىلەر تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان مەۋھۇم قۇرۇلمىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلار دۆلەت ۋاسىتىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە بۇ ۋاسىتىنى ئەقىدىسى ياكى چۈشەنچىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

ئۇقۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ دىنى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭ دىنى بولىدۇ. دۆلەت ئىنسانلارغا ئوخشاش دىن مەنسۇپلىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلمايدۇ. ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئىسلام دىنىنى مىسالغا ئالساق، دۆلەت ئىسلامدا بۇيرۇلغان ناماز، روزا، زاكات، ھەج، قۇربانلىق ... دېگەنگە ئوخشاش ئاساسلىق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلالمايدۇ. دىن ئىنسانلارغا خاس بولۇپ، دىندار ياكى دىنسىز ئىنسان بولىدۇ، دىندار ياكى دىنسىز دۆلەت بولمايدۇ. دۆلەتنىڭ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئاخىرەت ئەندىشىسى بولمايدۇ. دۆلەت نۇرى ئاستىدا ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىشى، ئانا چۈمۈلىگە[18] ئوخشاش پۇقرالىرىنى خەتەردىن ساقلىشى لازىم.

قاچانكى ئىنسانلار دۆلەتتىن ئىبارەت ھۆكۈمرانلىق ۋاسىتىسىنى ئۆزىنىڭ ئەقىدە ياكى چۈشەنچىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا باشلىسا، ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ جەمئىيەتتە بىئاراملىق

---

**[12] ئىسرا، 32 – ئايەت.**

**[13] بەقەرە، 217، 256 – ئايەتلەر.**

**[14] كەھف، 96 – ئايەت. ئەنبىيا، 79؛ نەمل، 15 – ئايەت.**

**[15] فۇرقان، 7 – 8 – ئايەتلەر.**

**[16] تۈرك ئانسىكلوپېدىسى، XIII، 153.**

**[17] لىپسون، سىياسەت بىلىملىرىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى، 470 – بەت.**

**[18] نەمل، 18 – ئايەت، 32-35 – ئايەتلەر.**

پەيدا بولۇپ، توقۇنۇش قاينىمىغا غەرق بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئەقىدىسى ئۈچۈن جان بېرىدۇ، قان تۆكىدۇ، ئەڭ قەبىھ زۇلۇملارنى قىلالايدۇ. ئىنسان مۇئەييەن ئەقىدە، چۈشەنچە ياكى ئىدېئولوگىيە ئارقىسىغا سىغىنماي تۇرۇپ، ئۆز تۇردىشىغا رەھىمسىزلىك بىلەن زۇلۇم قىلالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى پۇقرالارنىڭ جان -مال بىخەتەرلىكىنى ئىچكى ۋە تاشقى خەۋپلەردىن قوغداش، ھەرقايسى چۈشەنچە ۋە ئېقىملارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، پۇقرالارنىڭ پاراۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، تەرەپبازلىقتىن خالىي ھالدا پۇقرالارغا ئادىل بولۇپ خىزمەت قىلىش بولۇشى، دۆلەت « نۇر» ى مەزكۇر ئەلدىكى پۈتۈن كىشىلەرگە ئوخشاش دەرىجىدە چۈشۈشى كېرەك. ئەكسى تەقدىردە، دۆلەتنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا قوبۇل قىلىنغان ھەر تۈرلۈك ئىدېئولوگىيە، ئەقىدە ئىككى يۈزلىمچى ئىنسانلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، پۇرسەت تېپىلسىلا كىشىنى مەزكۇر ھاكىمىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلدۇرىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى ئەقىدىنى تاللاشنى شەخسنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرغان بولۇپ، ھەرقانداق كۈچنىڭ كىشىنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن دىنغا مەجبۇرلاشنى قاتتىق رەت قىلىدۇ[19]. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ ئىنساننىڭ ئەقىدىسىگە، چۈشەنچىسىگە بېسىم قىلىشنى « پىتنە» دەپ ئاتايدۇ، ئۇنى ئىنساننى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ دەپ تەرىپلەپ[20]، يەر يۈزىدە پىتنە قالمىغۇچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ[21]. چۈنكى ئىنسان ھۆر چۈشەنچىسى ۋە ئەقىدىسى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئايان قىلىدۇ.

قۇرئانى كەرىم ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ۋە ئەخلاقنىڭ ھىمايە قىلىنىشى ئۈچۈن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئۆزگەرمەس ئاساسلىق ئەخلاقى پرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. دۆلەتنى باشقۇرۇش، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قانۇن – تۈزۈملەرنىڭ بەلگىلىنىشىنى شەرق ۋە غەربنى فەتھ قىلغان زۇلقەرنەيىن مىسالى ئارقىلىق بەرگەن بولۇپ، ئۇ قانۇن – تۈزۈملەردىن مۇستەھكەم سېپىل سوقۇپ، قانۇن – تۈزۈمسىز ياشاپ جەمئىيەتتە بۇزغۇنچىلىق قىلغان يەجۇج – مەجۇجنى قانۇن – تۈزۈملەرگە مەھكۇم قىلغانىدى[22]. مانا بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۇنياسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش قامۇسى دەپ ئاتالغان « قۇتاغۇبىلىك »، نىزامۇلمۇلكىنىڭ « سىياسەتنامە» گە ئوخشاش ئەسەرلەر قەلەمگە ئېلىنغان. ئاللاھ پەرقلىق دەۋر ۋە شارائىتلاردا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشنى ئىنسانىيەت تەجرىبىسىگە ۋە ئەقلىگە تاپشۇرغان[23] بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشلاردا تۇتقان يولى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىسلامدا مۇجتەھىدلەر ۋە پەتىۋالار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ روھىغا ماس كەلمەيدىغان؛ دىنىنىڭ ئاساسلىق قىممەت – قاراشلىرى ئاساسىدا كىشىنى ئۆز دەۋرىنىڭ كىشىسى قىلالمايدىغان، ئۆز دەۋرىگە يات، ھەتتا دۈشمەن قىلىپ قويىدىغان چۈشەنچىلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بوھرانىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن دىن توقۇنۇش پەيدا قىلىشنىڭ مەنبەسى ئەمەس، ئەكسىچە

---

**[19] بەقەرە، 256؛ ئەنئەم، 107؛ يۇنۇس، 99؛ غاشىيە، 22 – ئايەت.**

**[20] بەقەرە، 217 – ئايەت.**

**[21] بەقەرە، 193؛ ئەنفال، 39؛ كەھف، 86 – 88 – ئايەتلەر.**

**[22] كەھف، 93 – 97 – ئايەتلەر.**

**[23] بەقەرە، 134، 141 – ئايەتلەر.**

كىرىزىسلارنى ھەل قىلىشنىڭ، پەرقلىق چۈشەنچىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر يەردە بىرلىكتە ياشىشىنىڭ كاپالىتى بولۇشى كېرەك[24].

ئۆز دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدە ئەقىدىسى سەۋەبلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلدى. مەدىنىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭ سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن ئىسلام جامائىتىنىڭ مەدىنە ۋە ئەتراپىدىكى پەرقلىق ئەقىدىدىكى كىشىلەر ۋە مىللەتلەر بىلەن 47 ماددىلىق مەدىنە بىتىمى ئىمزالىغانىدى. بۇ بىتىمدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستۈن كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن پەرقلىق ئەقىدىدىكى كىشىلەرگە دىنىنى مەجبۇرلاشنىڭ ئورنىغا ئۇلار بىلەن باراۋەرلىك، يۇرتداشلىقتىن ئىبارەت قىممەت – قاراش ئاساسىدا بىرلىك ھاسىل قىلىشقا تىرىشقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مەدىنە ۋەسىقىسى دىن ۋە دۆلەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا كۈنىمىزدىكى كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

---

**[24] يۇنۇس، 99؛ مۇمتەھىنە، 8 – 9 – ئايەتلەر.**

# دېھقان بىلەن يىلاننىڭ يېڭى ھېكايىسى

(چوغلۇق)

باللىق چاغلىرىمىزدا دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا <دېھقان بىلەن يىلان>ناملىق بىر تەمسىل بولىدىغان. بۇ تەمسىل بەلكى 70-80-يىللىرى تۇغۇلغان كىشىلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىدە ئۇچرايدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ دەرسلىكىدىمۇ بار ياكى يوقلۇقى ھەققىدە بىلمەيدىكەنمەن. بۇنىڭدىكى ۋەقەلىكتە، بىر دېھقان يولدا كېتىۋېتىپ، بىر يىلانغا ئۇچراپ قالغانلىقى، يىلاننىڭ سوغۇقتىن توڭلاپ، تۇگۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى قويىنىغا سېلىپ، ئۆز ھارارىتى بىلەن قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلغانلىقى، ئەمما يىلاننىڭ ئەسلىگە قايتىشى بىلەنلا دېھقاننى چېقىپ ئۆلتۈرگەنلىكىدەك كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىبرەتلىك بىر ۋەقە تەسۋىرلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ۋەقەلىكنىڭ بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا سىياسەت سەھنىسىدە يۈز بېرىۋاتقانلىقى بىزنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ...........

ھەممىمىزگە ئايان، يېقىندىن بۇيان ئامېرىكا –خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە ئاجايىپ ئىشلار كەينى – كەينىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئەسلىدىمۇ ئامېرىكا –خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن قىزىقىۋاتقان دۇنيا خەلقلىرى، يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەردىن ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق باھا بېرىشتە مەڭدەپ قالدى. ترامپنىڭ خىتاي سەپىرى دەسلەپتە بىزگە ترامپنىڭ خىتايغا سېتىلغانلىقى ھەققىدە گۇمانىمىزنى قوزغىغان بولسا، ترامپنىڭ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭغا بولغان ماختاش ۋە ئۇچۇرۇشلىرى بۇ گۇمانلىرىمىزنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، خىتاي كوممۇنىست ئىدىيەسىنىڭ ئامېرىكىدەك دېموكراتىك بىر دۆلەتكە سىڭىپ كىرىشى خەلقئارا قائىدە -قانۇنىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولۇپ، <خىتاي ئەمدى دۇنيانىڭ خوجىلىق ئورنىغا چىقىپ قالامدۇ نېمە؟> دېگەندەك ئەندىشىلەرنى قوزغاشقا سەۋەب بولدى.

ئەسلەپ باقايلى، ترامپ ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنت سايلىمىدا ھېلارى كېلىنتون ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى بولغىنىدا خىتاينىڭ بۇ يېڭى پرېزىدېنتقا نىسبەتەن < ترامپ پەقەت بىر تىجارەتچى، تىجارەتچى بولغانىكەن ئۇن پۇل-مالنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ. بەلكىم ترامپ خىتاي ئۈچۈن ئامېرىكىنى بويسۇندۇرۇشتىكى ياخشى بىر قورال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن!> دېگەن قاراشتا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ، بۇ قىياسىمىزنى خاتا ئەمەسلىكىنى ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن قالمايلا، خىتاي ھۆكۈمىتى ترامپ كارخانىسىنىڭ جۇڭگودىكى 140نەچچە تۈرلۈك ماركىسىنىڭ ئەنگە ئېلىنىشىنى تەستىقلىشىدىن ھېس قىلالايمىز. ترامپنىڭ خىتاي سەپىرىمۇ خىتاي تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن بېيجىڭدىكى قەدىمىي پادىشاھ ئوردىسى(گۇگۇڭ سارىيى) دا كۈتۈلۈش، پادىشاھلارچە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇشتەك ئالاھىدە كۈتۈشلەرگە مۇيەسسەر بولدى. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ دېپلوماتىيە تارىخىدا چەتئەل دۆلەت رەھبەرلىرىنى بېيجىڭ خان سارىيىدا كۈتۈۋېلىش ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن ئىش بولۇپ، بۇ قېتىم شى

جىنپىڭنىڭ پرېزىدېنت ترامپ ۋە خانىمىنى بېيجىڭ خان سارىيىدا كۈتۈۋېلىشى ۋە بۇ يەردە خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت نومۇرلىرىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇشى، پادىشاھلارچە كۈتۈلۈش ئىمتىيازى ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىش ھەقىقەتەنمۇ تەس. ئەلۋەتتە بۇنداق ئالاھىدە ئىمتىياز پەقەت ترامپقىلا بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئىش ھەتتا ئامېرىكىدىكى سىياسىي ئەربابلارمۇ ترامپنى <خىتايغا سېتىلدى!> دەپ پەرەز قىلىشلارغا سەۋەب بولغانىدى.

ئۇنداقتا ترامپ زادى قانداق بىر ئادەم؟

ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ھەققىدە نۇرغۇن ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بىر مەزگىلدە، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق دۆلەت ئىستراتېگىيە مەسلىھەتچىسى، يەنى <دۆلەت ئۇستازى> دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ستىفېن باننوننىڭ ياپونىيەدە تۇيۇقسىز خىتايغا قارشى سۆزلىگەن نۇتقى كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە بولغان قاراشلىرىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ستىفېن باننون ياپونىيەدىكى نۇتقىدا خىتايغا پۈتۈنلەي پاسسىپ قاراشتا بولغان بولۇپ، خىتاينى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان خەتەرلىك دۆلەت دەپ ئاتىغان ۋە ھازىرقى خىتاينى 1930-يىللاردىكى گېرمانىيە بىلەن ئوخشىتىپ، خىتاي كوممۇنىست ئىدىيەسىنى ئامېرىكا جەمئىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئامېرىكىدەك يۈكسەك دېموكراتىيەگە ئىگە بولغان قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنى يوقىتىش غەرىزىدە بولغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامېرىكا -خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى <ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى>گە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىنىقلىما بېرىپ دۇنيا ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى.

ستىفېن باننون ئەينى ۋاقىتتىكى پرېزىدېنت سايلىمىدا، ترامپنىڭ پرېزىدېنتلىققا سايلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان مۇھىم شەخس بولۇپ، گەرچە ئىرقچىلىققا تاقىلىپ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ترامپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق.

ئۇنداقتا ستىفېن باننون نېمە ئۈچۈن خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىگە يېڭى ئېنىقلىما بەردى؟ بۇ ھەقتە بىز تۆۋەندە ستىفېن باننون ھەققىدە كىچىككىنە توختىلىمىز:

ستىفېن باننون دېڭىز ئارمىيەسى گېنېرالى بولغان مەزگىلىدە خىتاي دۆلىتىنىڭ كلاسسىك ئەسىرى <سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى>نىڭ قىزغىن ھەۋەسكارى ۋە بۇ كىتاب ئۈستىدە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە مەتبۇئاتلاردا خەۋەرلەر تارقالغان. بىزگە مەلۇم بۇ كلاسسىك ئەسەر ئىقتىساد، سىياسەت ۋە ھەربىي ئىشلار ھەققىدىكى ئومۇمىي ئىستراتېگىيە ئۈستىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ كىتاب 36 تەدبىر شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، 36 تەدبىر خىتاينىڭ قەدىمكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە شەكىللەنگەن. يەنى ئاساسلىقى 7 كۈچلۈك بەگلىك دەۋرىدە، 3 پادىشاھلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەقىقىي ئۇرۇش مەيداندا قوللىنىلغان ئۇرۇش تەدبىرلىرى بولۇپ يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان ھەربىي ئالىملاردىن سۇنۋۇ، سۇنبىنلار «سۇنزىنىڭ ھەربىي تەدبىرلىرى»، «سۇنبىننىڭ تەدبىرلىرى» دېگەن ئەسەرگە خاتىرىلەپ قويغان. بۇ دەۋردىكى ھوقۇقپەرەسلەر بىر-بىرىدىن پادىشاھلىق تالىشىپ خەلقنى رەھىمسىز ئۇرۇش سېپىگە سۆرەپ كىرگەن، سانسىزلىغان خەلق ھوقۇق – مەنپەئەتنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان.

بۇ ئەسەر ھازىرمۇ خىتايدىكى ھەربىي مەكتەپلەردە مەخسۇس دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلىدۇ. ستىفېن باننون بەلكىم مۇشۇ كىتابنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە خىتاينى

ياخشى تەھلىل قىلىپ، <سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى>گە ئاساسەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىغا ئومۇملاشتۇرۇپ ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز ستىفېن باننون ئۇسلۇبىنى خىتاي خەلقىنىڭ<زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش> دېگەن نەقىلىگە يىغىنچاقلىساق تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا ستىفېن باننون خىتاينىڭ 19-قۇرۇلتىيىدىن بۇرۇن خىتايدا تۇيۇقسىز زىيارەتتە بولغان ۋە بۇ جەرياندا خىتاينىڭ مەركىزى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ چىشەن بىلەن كۆرۈشۈشكەن. بۇ كۆرۈشۈش خىتاي ئىچى ۋە خەلقئارادا ئالاھىدە غۇلغۇلا قوزغىغانىدى. چۈنكى خىتايدىن ئامېرىكىغا قېچىپ كېلىپ، پاناھلىق تىلىگەن ۋە بۇ يىل يانۋاردىن تارتىپ خىتايدىكى چېرىكلىك ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىرى، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىگە قاراتقان كوممۇنىست ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈش پىلانى، شۇنداقلا ئامېرىكىنى يوقىتىش، دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزى قاتارلىق نۇرغۇن جىنايەتلىرىنى پاكىتلار بىلەن دۇنيا خەلقىگە ئاشكىلىتىپ كەلگەن گو ۋېنگۈي ئەپەندىم، ۋاڭ چىشەن ھەققىدە ئالاھىدە پاش قىلىش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ۋاڭ چىشەن ۋە ۋاڭ چىشەن جەمەتىنىڭ بارلىق سەتچىلىكلىرى، ئامېرىكىدىكى بايلىقلىرى، خىتايدىكى پارىخورلۇق قىلمىشلىرى، خىتاينىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى قانداق قىلىپ قۇرۇقدىغانلىقى، ۋاڭ چىشەننىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىدىكى رولى ۋە تەسىرى شۇنداقلا جياڭ زېمىن جەمەتى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان بولۇپ، ستىفېن باننوننىڭ خىتاي سەپىرىنىڭ دەل مۇشۇ پەيتكە توغرا كېلىشى شۇنداقلا، ۋاڭ چىشەن بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشى، كۆزەتكۈچىلەردە ئوخشىمىغان پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى. لېكىن تېخىمۇ قىزىقارلىق بولغىنى، ستىفېن باننوننىڭ خىتاي سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا گو ۋېنگۈي ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشى ۋە گو ۋېنگۈي ئەپەندىم بىلەن ئىزچىل قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. مۇلاھىزىچىلەر ۋە خەلقئارا ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ ھەقتە توختىماستىن ھەر خىل تەھلىل ۋە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. ئۇنداقتا ستىفېن باننوننىڭ ۋاڭ چىشەن ۋە گو ۋېنگۈي بىلەن كەينى كەينىدىن كۆرۈشۈشتىكى مەقسىتى نېمە؟ ئۇ زادى نېمە قىلماقچى؟

بىز ئەلۋەتتە ستىفېن باننوننىڭ خىتاي سەپىرىدىن كېيىنكى ۋە بۇگۈنگىچە بولغان پائالىيەتلىرىدە يۇقىرىدىكى سوئاللىرىمىزغا بىر ئاز بولسىمۇ جاۋاب تاپالىشىمىز مۇمكىن.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى ئېنىق ئېيتقاندا ئامېرىكا –خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە چوڭ بۇرۇلۇش ئېلىپ كەلدى. يەنى بۇ خىل بۇرۇلۇش ئامېرىكىنىڭ ئۆتكەن بىر قانچە ئون يىلدا <خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلىسىلا خىتاي جەمئىيىتى ئۆزلۈكىدىن دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ> دېگەن قاراشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئەسلىدە ئامېرىكىنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىگە <زەھەرلىك قولى> بىلەن جاۋاب قايتۇرغانلىقىنى پۈتۈنلەي تونۇپ يەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان خەلققە بەرگەن ۋەدىسىنى بىر –بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى. دېمەك ترامپ ھازىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ستىفېن باننون مۇنداق دەيدۇ، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا ھەر يىلى 500مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق سودا پەرقى يۈز بېرىدىغان بولۇپ، خىتاي ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قىممەت يارىتالايدىغان

ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن ۋە ئامېرىكىنى پەقەت خىتايغا خام ئەشيا تەمىنلەيدىغان قوشۇمچە دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاۋۋالقى بوز ۋە كلىنتون ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن غەرب دۇنياسى خىتاينىڭ قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. پرېزىدېنت ترامپ بىلەن سايلام رىقابىتىگە قاتناشقا ھېلارى كلىنتونمۇ دەل مۇشۇنداق دېگەن. ئەمما رېئاللىقچۇ؟ رېئاللىق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە!

ستىفېنباننون يەنە مۇنداق دېدى: خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈندىن-كۈنگە يۈكسەلدى. ئەمما ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى بارا – بارا مۇستەبىتلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى! خىتاي خەلقئارادىكى ئەركىن كاپىتال بازىرىنىڭ قائىدىسىگە بويسۇنماي، ئامېرىكىنىڭ باج تاپشۇرغۇچىلىرى بىرلىكتە بارلىققا كەلتۈرگەن خەلقئارا تەرتىپكە قارشى چىقتى. دېمەك بۇ ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئېغىر مەغلۇبىيىتى، يەنى تارىختىن بۇيانقى دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتنىڭ بىرى!

ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئامېرىكىنى قايتا قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئاتلاندى! ئامېرىكا شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، چۆچۈتىدىغان، قاپ يۈرەك، ياۋۇز <دۇنيانى يۇتۇۋېتىش>تەك يامان نىيىتىنى ۋەيران قىلىش يولىنى تاللىغانىدەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە ئامېرىكا خىتايغا قارىتا كېلىشتۈرۈش سىياسىتىنى قوللانسا ئىشلارنىڭ 20-ئەسىردىكى تراگېدىيەلەرگە قايتا باشلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. دېمەك ھازىر قاتتىق قوللۇق بىلەن تاللاش قىلىدىغان پەيت بولۇپ، ترامپ بولسا شاھمات تاختىسىدىكى بۇ مۇرەككەپ ئويۇندا، ھەر بىر ئۇرۇقنى ئاۋايلاپ ۋە ئەقىل بىلەن يۆتكەشكە تىرىشىۋاتقاندەك تۇراتتى.

ستىفېن باننوننىڭ دېيىشىچە، پرېزىدېنت ترامپ ئەزەلدىن ئامېرىكىنى يالغۇز قالدۇرۇش ياكى دۇنيا سەھنىسىدىن چېكىندۈرۈش تەرەپدارى بولمىغان ھەم ئۇنداق سۆزنىمۇ قىلمىغان. ترامپ تىلغا ئالغان <ئامېرىكا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ>دېگەن قارىشىنىڭ مەنىسى بولسا، ئامېرىكا ئۆزگىچە بىر ئۇسۇلدا دۇنيا بىلەن ئالاقە باغلاش، ئامېرىكىنىڭ شەرتى ئاستىدا دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ دۇنيا ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلغان دائىرە قاتارلىق تەشكىلاتلاردەك بولۇشنى نىشان قىلمىغان.

خىتاينىڭ ئىزچىل ھالدا خەلقئارادىكى سىياسىي ئەربابلارنى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر بىلەن ئۆزىگە قارىتىشى ۋە بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن مەقسەتلىرىگە يېتىۋاتقانلىقلىرى بىزگە سىر ئەمەس. ئەگەر غەربتىكى سىياسىي ئەربابلار ئۆز نەپسىگە قۇل بولماي، خىتاينىڭ ياۋۇز نىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتكەن بولسا، كوممۇنىست ئىدىيەسىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك يامرىشىغا نىسبەتەن بىر قەدەر ئېنىق چۈشەنچىگە ئېرىشكەن بولاتتى. خېلى بۇرۇنلا كانادانىڭ پارلامېنت ئەزاسى روبېرت ئاندېرس ئۆزىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، خىتاينىڭ غەربنىڭ سىياسىي ئەربابلىرىغا پارا بېرىش، بېسىم ئىشلىتىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان. ئۇ يەنە خىتاينىڭ ئاساسلىق ئىش قىلىش ئۇسۇلى سىياسىي ئەربابلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا ئىقتىسادىي مەنپەئەت بېرىش، پۇل بىلەن قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى خىتاينىڭ قاپقىنىغا دەسسەتكەندىن كېيىن بۇ كىشىلەر ئارقىلىق ئاجايىپ ئۇنۇملەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. روبېرت ئاندېرس يەنە، غەربنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى ئەسلىدە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ، خىتاينىڭ يۇقىرى سوممىلىق پارا بېرىشى ۋە ھەر خىل مەنپەئەتلەر بىلەن قىزىقتۇرۇشى نەتىجىسىدە، پۇل بىلەن ۋىجدان ۋە غۇرۇر ئالدىدا يەنىلا مەنپەئەتنىڭ مېھرىدىن ۋاز كېچەلمىگەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

غەرب، خىتاي ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلسا، خىتايدا ئۆزلۈكىدىن زەردارلار سىنىپى شەكىللىنىدۇ، بۇ زەردارلار ھاكىمىيەتتىن ئۆزگە ئۈلۈش تەلەپ قىلىپ سىياسىي ھاكىمىيەتكە بېسىم قىلىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە خىتايدا قان تۆكۈلمەستىن سىياسىي ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ دەپ قارىغانىدى. ھالبۇكى، خىتايدا شەكىللەنگەن زەردارلار تەبىقىسى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيەت يۆلەپ چىقارغان، ھاكىمىيەتنىڭ سايىسىدە باي بولغانىدى. شۇڭا ئۇلارمۇ مەنپەئەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى باي قىلغان ھاكىمىيەتنى قوللاپ كەلدى. ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەتكە بولغان چۈشەنچە پەرقى بۇ خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

دېمەك غەربنىڭ خىتايغا قىلغان شاپائىتى خىتاينى قۇدرەت تاپقۇزۇش بىلەن بىرگە دۇنياغا غايەت زور بىر ئاپەت خاراكتېرلىك يالماۋۇزنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان! ئەمما تارىختىن بۇيان جاھالەت ھامان ئادالەتكە باش ئەگكەن بولۇپ، دېھقان بىلەن يىلاننىڭ ھېكايىسى ئامېرىكا شۇنداقلا جاھالەتكە قارشى بارلىق كۈچلەر تەرىپىدىن قايتا يېزىلىدىغانلىقى ئېنىق!

پايدىلانغان مەنبەلەر:
https://www.voachinese.com/a/news-redefining-china-threat-20171218/4168633.html
http://www.epochtimes.com/gb/17/2/9/n8793591.htm
https://www.youtube.com/watch?v=P8wR2EFtAdg
https://www.youtube.com/watch?v=MuAMcjDqHj8&feature=youtu.be

# مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ

(تارىمئوغلى)

2017-يىلى 24-نويابىر

ئون-بەشىنچى ئەسىردە مۇستەملىكىچىلىك پۈتۈن دۇنيانى قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەر ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىكى (مەسىلەن، ياپونىيە) مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى ھەرىكەتلەرگە ئۆتتى. ئاشۇ ھەرىكەتلەر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1804-يىلى لاتىن ئامېرىكا قىتئەسىگە جايلاشقان ھايتى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى قوزغاپ غەلىبە قىلىپ، ئاشۇ قىتئەدىكى تۇنجى قارا تەنلىكلەر رېسپوبلىكىسىنى قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىقنى تۇپ نىشان قىلغان قوراللىق كۈرەشلەر پارتلاپ كەتتى. 20-ئەسىردە ئافرىقىلىقلار كۆپلىگەن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئاسىيالىقلارمۇ ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى كۆپلىگەن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خىتايلار بىلەن كورىيەنىڭ ياپونغا قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، كورىيەلىكلەر ياپونلارغا ئىنتايىن ئۆچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى ياپونىيەنىڭ كورىيەنى 50 يىل مۇستەملىكە قىلغانلىقىدۇر. گەندى ھىندىستاندا 1920 – 1940-يىللىرى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، 1940-يىلى غەلىبە قىلدى. 1970-ۋە 1980-يىللىرى جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەر بولسا ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى.

تارىختا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ باققان ئەللەرنى ساناپ چىقساق، ئۇلارنىڭ سانى 30 – 40 دۆلەت بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر بىز 19-ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە بولغان 200 يىللىق تارىخقا قاراپ باقىدىغان بولساق، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرەرىمۇ مەغلۇپ بولۇپ باقمىغانلىقىنى بايقايمىز. گەرچە بەزىلىرىگە ئۇزۇنراق ۋاقىت، يەنە بەزىلىرىگە بولسا قىسقىراق ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ، ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە قىلغانلىقىنى بايقايمىز.

نېمە ئۈچۈن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەسىر كۈچى ناھايىتى زور بولىدۇ؟

بىر مىللەت ئىچىدىكى ھەرىكەتلەر، مەسىلەن خىتاي مىللىتى ئىچىدىكى خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنى قوغدايدىغان كىشىلەر بىلەن ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىدىكى كۈرەشلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم باشقىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مىللەت بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ھەرىكەتكە ئاشۇ ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللەتنىڭ ئەزالىرى يۈزدەيۈز پىرسەنت تولۇق قاتنىشىدۇ. يەنى، ئۇ ھەرىكەتكە مىللەتنىڭ ھەممە كىشىلىرى قاتنىشىدۇ. 2012-يىلى خىتاينىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن تىبەتلىكلەر ھەرىكىتىگە قاتناشقانلار ئىچىدە 10 ياشلىق بالىلارمۇ بار. خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكەن كىشىلەرنى تەكشۇرسىڭىز، ئۇلار بەزى جەھەتلەردە كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇپ، يەنە بەزى جەھەتلەردە كومپارتىيەنى قوللايدىغانلىقىنى بايقايسىز. يەنى ئۇلار يۈزدەيۈز پىرسەنت قارشى تۇرغۇچىلاردىن بولالمايدۇ. ئەمما مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يەنە بىر تەرەپكە يۈزدەيۈز پىرسەنت قارشى تۇرغۇچىلاردىن بولىدۇ. مىللەتنىڭ ئەزالىرى ھەرىكەتكە يۈزدەيۈز پىرسەنت تولۇق قاتنىشىدۇ، ھەمدە ھەر بىر ئادەمنىڭ قارشى تەرەپكە قارشى تۇرۇش دەرىجىسىمۇ يۈزدەيۈز پىرسەنت بولىدۇ. دۇنيادا بۇنداق كۈچكە تەڭ كېلەلەيدىغان باشقا بىرەر كۈچ يوق.

(2) ئۆزى بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرا ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، خىتايلار بىلەن تىبەتلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ۋە ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرا ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان. ئىككى تەرەپنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمايدۇ، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمايدۇ، قېنى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقلا ياشاش ماكانلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ئىشلار ئىككى مىللەتنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ چەك-چېگرىسىمۇ ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ. كىملەر ئۆزىنىڭ ئادىمى، كىملەر ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئىنتايىن ئېنىق چۈشىنىلگەن بولىدۇ.

(3) مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بىر ئاساسى، ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى بارلىق خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىدۇر. مەسىلەن، تىبەتنى ئالىدىغان بولساق، خىتاي ھۆكۈمىتى بىر قىسىم كىشىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى خائىنلىققا سېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئاشۇ سېتىلىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كىشىلەردىن ئۆز مىللىتىگە خائىنلىق قىلىدىغانلار چىقمايدۇ. كومپارتىيەنىڭ تىبەتنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدىكى بارلىق كىشىلەرنى سېتىۋالالىشى مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرى قاتلامدىكى بىر قىسىم تىبەتلىكلەرنىڭ سېتىلىپ كېتىشى تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ھېچ قانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. يەنى، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

(4) مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر قۇربان بېرىشتىن

قورقمايدۇ. ئەگەر سىز بىر ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئادەم بىلەن مۇشتلىشىپ قالىدىكەنسىز، سىز چوقۇم تۆگىشىسىز. يەنى، مۇشتلىشىشنىڭ مەقسىتى سىز قارشى تەرەپنى يېقىتىپ، ئۆزىڭىز ساق قېلىش. ئەگەر سىز مۇشتلىشىۋاتقان ئادەم ئۆزىنىڭ ساق قېلىش-قالماسلىقىغا پىسەنت قىلمايدىغان، سىزنى يېقىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان بىر كىشى بولىدىكەن، سىز چوقۇم ئۇنى يېڭەلمەيسىز. يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە 70 تىن كۆپرەك تىبەتلىكلەر خىتاي ھاكىمىيىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆزىگە ئوت قويۇپ، ئۆزىنى قۇربان قىلدى. ئۇلاردىكى ئىرادە ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئەمەس، بەلكى ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىش ئىرادىسىدۇر. بۇنداق كۈچنى ھېچ كىم توسۇپ قالالمايدۇ.

پايدىلىنىش مەنبەسى:

王澄：西藏独立运动是大革命的首战

https://www.youtube.com/watch?v=guNO9nO-SKU&t=3s

# تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر

(تارىمئوغلى)

2017-يىلى 1-دېكابىر

ئالدىنقى ماقالىدە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ چوقۇم غەلىبە قازىنىدىغانلىقى تارىخىي پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈلدى، ھەمدە ئاشۇنداق ئىنقىلابنىڭ تۆپ ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىندى. ئۇنداقتا ھازىر چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئېلىپ بېرىۋاتقان «مىللىي داۋا» قانداق ھەرىكەت؟ ئەگەر «مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى» نىڭ ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىي داۋاسى قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاپ، قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىيالمىدى؟ مەن مەزكۇر ماقالىدە تىبەتلىكلەر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئامىللارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئۈمىدىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر داۋاسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە يەنە نېمىلەرنىڭ كەملىكىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم قىلىش. ھېچ قانداق ئىش مۇتلەق بولمايدۇ. بىر ئادەم مەلۇم بىر تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا يەكۈن چىقارغاندا ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىشلىتىلگەن تىل بىر خىل مۇتلەق ئەھۋال ئۈستىدە يەكۈن چىقىرىشقا ئوخشاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەمەلىيەتتە تەتقىقاتچىنىڭ دېگەنلىرى كۆپىنچە ئەھۋالدا ئومۇمىي ئەھۋالغا، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كۆزىتىشى دائىرىسىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالغا قارىتىلغان بولىدۇ. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقارماسلىقنى سورايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم شەكىلدىكى ياكى مەلۇم مەنىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا ئۇزۇن ۋاقىتلار بولدى. 1930-يىللىرىدىن باشلىغاندىمۇ ئۇنىڭغا بىر ئەسىر بولاي دەپ قالدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتى ھازىرغىچە تېخى غەلىبە قازىنالمىدى. شۇڭلاشقا ئالدىنقى ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەكۈنلەر ئۇيغۇرلارغا ماس كەلمەسلىكى، بولۇپمۇ تولۇق ماس كەلمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي داۋاسى بىلەن تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىمۇ زور پەرق بار. ئۇنىڭ بەزىلىرى مەزكۇر ماقالىدا يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئوقۇرمەنلەردىن مەزكۇر يازمىغا ئوخشاش ماقالىلەرنى ئوقۇغاندا ئۇيغۇرلار قايسى ئىشلارنى ياخشى قىلالىغانلىقى، قايسى ئىشلارنى بولسا ياخشى قىلالمىغانلىقى، يەنە قايسى ئىشلارنى بولسا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خاتا قىلىۋاتقانلىقى مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى سورايمەن. ھەممە ئادەم تەنقىد قىلالايدۇ، ئەمما تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا ئىلمىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە مىللەتنى ئىجابىي نەرسىلەر بىلەن ئۈمىدلەندۈرۈش، ۋە ئىجابىي ئۇسۇلدا توغرا يېتەكلەش تولىمۇ مۇھىم. ئەگەر بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى بەك تەنقىد قىلغۇڭىز كېلىپ كەتسە، تەنقىد يېزىشتىن بۇرۇن مەزكۇر

ماقالىسىنىڭ مەنبەسىنى كەم دېگەندە بىر قېتىم ئاڭلاپ چىقىشىڭىزنى، ھەمدە ئاشۇ مەنبەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن زىيالىيىنىڭ تەرجىمىھالىنى بىر ئاز بىلىپ چىقىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.

تىبەتلىكلەر ئېرىپ بېرىۋاتقان مىللىي داۋا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە كىرىدىغان بولۇپ، ئاشۇ ھەرىكەت ۋە ئاشۇ ھەرىكەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) خىتاي كومپارتىيەسى ھازىر قۇرغان فېئودالىزملىق ھوقۇقنى (ياكى ئادەمنى) دەرىجىگە ئايرىش سىستېمىسى (等级体制) ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھوقۇقنى دەرىجىگە ئايرىش سىستېمىسىنىڭ داۋامى بولۇپ، خىتاينىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە ئالدىنقى 2000 يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە ھېچ قانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. خىتاينىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھوقۇقنى دەرىجىگە ئايرىش سىستېمىسى بىر پىرامىداغا ئوخشاش بولۇپ، پۈتۈن ھوقۇق پىرامىدىنىڭ ئەڭ چوققىسىدىكى ئادەمگە ياكى ئادەملەرگە، مەسىلەن، پادىشاھقا مەركەزلەشكەن. بۇ پىرامىدىنىڭ قالغان بالداقلىرىدا تۇرغان كىشىلەر ياكى يۇقىرىغا قارايدۇ—ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلارغا خۇشامەت قىلىدۇ، ياكى تۆۋەنگە قارايدۇ—ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرغانلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. بۇنداق سىستېمىدا ياشايدىغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ بىر ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى تەكشىلىكتە تۇرۇپ، ياكى بىر-بىرى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشمايدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەر مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولمايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 18-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن گېرمانىيە تاراتقۇلىرىدا مۇنداق بىر سۆز پەيدا بولدى: *خىتاي ھاكىمىيىتى يۇقىرىلىرىنى بىر يېڭى جەمئىيەتكە باشلاپ كىردى، ئەمما ئۆزى بولسا تېخىچە بۇرۇنقى كونا جەمئىيەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ.* دېمەك، پۈتۈن دۇنيا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھازىرمۇ قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر خىل فېئودالىزملىق ھوقۇق تۈزۈمى ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

خىتاي دۆلىتى ئىچىدە ئىزچىل تۈردە «56 مىللەت بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى» دېگەن تەشۋىقات يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ كىمنىڭ گېپى؟ خىتايلارنىڭمۇ؟ خىتايلار ئۆز ئالدىغىلا «باشقىلار بىز بىلەن بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى» دەۋالسا ھېساب ئەمەس، بۇ ئىشتا بىز باشقىلار قانداق قارايدۇ، دېگەن نۇقتىغا ئەھمىيەت بەرمىسەك بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە خىتايلار ھازىر ئىنتايىن دۆتلۈك قىلىۋاتىدۇ.

خىتاي خەلقى ئەنە شۇنداق پۈتۈن ھوقۇق پىرامىدىنىڭ چوققىسىدىكى پادىشاھقا ياكى بىر توپ ئادەمگە مەركەزلەشكەن سىستېما ئىچىدە ياشاشقا جاق تويدى. بۇنداق تۈزۈلمىنىڭ زىيىنىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تارتتى. شۇڭا ئۇلار ھازىر بىر پىرامىدا شەكلىدىكى تۈزۈلمە ئەمەس، بىر «ئاياق قېپى» شەكلىدىكى دېموكراتىك تۈزۈلمە ئىچىدە ياشاشنى تولىمۇ ئىستەيدۇ. ئوخشىمىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل فېدېراتسىيەلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان، ھەممە ئادەم ئەركىن-ئازادە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تۈزۈلمە ئىچىدە ياشاشنى ئىستەيدۇ. بۇ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر خىل ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ، بۇ يۈزلىنىشنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بىرلەشكەن نەرسە چوقۇم يەنە ئايرىلىپ كېتىدىغان بولۇپ، ھازىر بارلىق ئوخشىمايدىغان مىللەتلەر ئايرىلىپ ياشاش ئۈستىدە ئويلىنىدىغان زامان يېتىپ كەلدى.

نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، بۇنىڭدىن نەچچە ئاي ئىلگىرى خىتاي تۈرمىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن خىتاي سىياسىي پائالىيەتچىسى ليۇ شاۋبو يېتەكچىلىكىدىكى بىر توپ خىتاي زىيالىيلىرى

تۈزۈپ چىققان «8-ئاساسىي قانۇن» (零八宪章) مۇ خىتايدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەر رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا فېدېراتسىيە تۈزۈمى (联邦制) ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

(2) ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى. پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممىسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار بولۇپ، بۇ ئۇقۇم بىر ئىنتايىن ھالقىلىق ئۇقۇم. ھازىر خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا جەمئىي 6 مىليون تىبەتلىكلەر بار. ئەگەر ئۇلارنى بېلەت تاشلىغۇزسا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇستەقىل بولۇشنى ئىستەيدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى، خىتايلارنىڭ نېمە دېيىشى مۇھىم ئەمەس. خىتايلارنىڭ تىبەتلىكلەر ئۈچۈن سۆزلەش ھوقۇقى يوق. ئەگەر تىبەتلىكلەر مۇستەقىل بولىمىز، دەيدىكەن، ئۇلار مۇستەقىل بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ ئۇلار ئۈچۈن باشقىچە بىر يولنى تاللاپ بېرىش ھوقۇقىڭىز يوق. مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى دېگەن ئەنە شۇ. باشقا مىللەت ياكى باشقا خەلقنىڭ تىبەتلىكلەرنىڭ ئىرادىسىنى رەت قىلىش ھوقۇقى يوق. مانا بۇ دېموكراتىيەنىڭ مەنىسىدۇر.

(3) تارىخ تىبەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى تەرىپىدە. تىبەتنىڭ بۇرۇنقى تارىخى مۇستەقىل ياشاش تارىخى، ياكى ماھىيەت جەھەتتىن مۇستەقىل ياشاش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتە تىبەت بۇرۇنقى خىتاي دۆلىتىگە تايانغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ماھىيەت جەھەتتىن تىبەت بىر مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. تىبەتنىڭ بۇرۇن ئۆز داھىيسى، ئۆز قانۇنى، ۋە ئۆز ئارمىيەسى بار بولغان. تىبەتنى 1950-يىللىرى خىتاي كومپارتىيەسى قوراللىق بېسىۋالغان بولۇپ، بۇ تارىخىي پاكىتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ھازىر يالغانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ھېچ بىر كارغا كەلمەيدۇ. ھازىر خىتاي دۆلىتىنىڭ بېسىۋالغان رايونلاردىن چىقىپ كېتىش ۋاقتى كەلدى. خىتاي كومپارتىيەسى بارلىق خىتاي پۇقرالىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەممە مىللەتنى قۇتقۇزۇپ قالغۇچى ئىكەنلىكىنى كۈيلەشكە مەجبۇرلىدى. ئەمەلىيەت بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر نوچى بولسا خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتنى قانداق بېسىۋالغانلىقىنىڭ رېكورتلىرىنى تارقىتىپ باقسۇن. ئۇ ھەرگىزمۇ «تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش» جەريانى ئەمەس. سەن «تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلغان» خەلق ھەرگىزمۇ سېنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىڭنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

(4) پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ خەلقى تىبەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللايدۇ. سىز خىتاي دۆلىتىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ سوراپ بېقىڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلار بېسىۋېلىشتىن بۇرۇن تىبەتنىڭ بىر مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ھازىر بىر ئادەتتىكى چۈشەنچىگە ئايلىنىپ بولغان ئىش. تىبەتنى خىتاي كومپارتىيەسى بېسىۋالغان، شۇڭلاشقا خىتاي كومپارتىيەسى تىبەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى كېرەك. بۇ دۇنيادىكى بارلىق دۆلەت ۋە بارلىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق كۆز-قارىشى بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ كۆزىنى بويىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

(5) ھازىرقى زامان دېموكراتىك جەمئىيەت نەزەرىيەسى تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللايدۇ.

فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر توكۋىل (托克维尔) نىڭ «ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيەسى ھەققىدە» دېگەن بىر كىتابى بار بولۇپ، ئاشۇ كىتابتا ھازىرقى زامان دېموكراتىك جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇ بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن ئامېرىكىغا كېلىپ، ئامېرىكا دېموكراتىيەسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، ئاندىن يۇقىرىدىكى كىتابنى يازغان. ئاشۇ نەزەرىيە بويىچە قارىغاندا، ھازىرقى زامان دېموكراتىك جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇنداق 3 چوڭ ئالاھىدىلىكى بار: 1) شەھەر رايونلىرى (township) غا بۆلۈنۈپ، ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش. 2) خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىپ، ھەر خىل تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقىش. 3) دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي ئەركىنلىكى بار بولۇش. مەن كېيىنچە مۇشۇ تېمىدا بىر پارچە ئايرىم ماقالە تەييارلايدىغان بولۇپ، بۇ يەردە بۇ مەسىلە ھەققىدە بۇنىڭدىن كۆپ توختالمايمەن.

(6) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا كوممۇنىست ئەللىرىنىڭ پارچىلىنىشى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئون نەچچە دۆلەتكە پارچىلاندى. يۇگوسلاۋىيە 7 دۆلەتكە پارچىلاندى. چېخوسلوۋاكىيە 2 دۆلەتكە پارچىلاندى. كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلار چوقۇم پارچىلىنىدۇ. سەۋەبى، بۇ دۆلەتلەر بۇرۇن باشقا دۆلەتلەرنى مەجبۇرىي ھالدا ئۆزىگە قوشۇۋالغان. شۇڭلاشقا كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىن كېيىن، ھېلىقى مەجبۇرىي قوشۇلۇپ قالغان مىللەتلەر تەبىئىي ھالدا پارچىلىنىپ، بۇرۇنقى دۆلەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە بىز ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولغىنى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى 3 كىچىك دۆلەتنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ 3 كىچىك دۆلەتنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىر چوڭ بومبىنىڭ پىلىكىگە ئوت تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان ئىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆرۈلۈشىگە تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى سەۋەب بولىدۇ. ھازىرقى خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ھەرىكىتىگە تىبەتلىكلەر باشلامچىلىق قىلىدۇ. خىتاي پۇقرالىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ.

ئەگەر خىتاي كومپارتىيەسى يىقىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىر ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت. بىرىنچى كۆز-قاراشتىكىلەر ئۇنىڭدىن كېيىن خىتاي دۆلىتى چوقۇم پارچىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر خىتاي كومپارتىيەسى ئۆرۈلۈپ چۈشىدىكەن، تىبەت چوقۇم خىتاي دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىپ، تىبەتتىكى خىتايلارنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ شۇنداق بولامدۇ-يوق، دەيدىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى بۇ ئاشۇنداق ئىش قاچان بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. يەنى ئۇ بىر ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت. بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىك ئېھتىماللىقى قەتئىيلا مەۋجۇت ئەمەس.

يەنە بىر كۆز-قاراشتىكىلەر بولسا تىبەت مەسىلىسى خىتاي دۆلىتى دېموكراتىك تۈزۈمگە ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ھەل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ كۆز-قاراشنى قوبۇل قىلىدۇ.

(7) يات مىللەتنى چەتكە قېقىش ئىنسانلارنىڭ تۇپ خۇسۇسىيىتى. ئامېرىكىدا 140 دىن كۆپرەك مىللەتلەر بىللە ياشايدۇ. كۆرۈنۈشتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق سۈركىلىش يوق. بۇنداق ياخشى

ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب، بىرى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي كۈچى ئىنسانلارنىڭ يات مىللەتنى چەتكە قېقىش خۇسۇسىيىتىدىن ئۈستۈن كەلگەن، يەنە بىرى بولسا ئامېرىكىدا باشقىلارنى كەمسىتىش جىنايىتى ھەققىدە ئىنتايىن قاتتىق قانۇن بار. يەنى، ئامېرىكىدا بىر مىللەت ئادىمى باشقا بىر مىللەت ئادىمىنى كەمسىتىدىغان ئىشلارنى ئىنتايىن قاتتىق جازالايدۇ. بولۇپمۇ شىركەت ۋە باشقا ھەر خىل خىزمەت ئورۇنلىرىدا شۇنداق. شۇنداق بولسىمۇ، ئانچە چاندۇرماي تۇرۇپ، ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەر باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بەلگىلىگەن.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇنداق بىر كۆز-قارىشى بار: مېھمانلار بىلىقتا ئوخشايدۇ. بىرىنچى كۈنى سىز ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ يەيسىز. ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭدىن سەل چىقىپ قالىسىز. ئۈچىنچى كۈنى بۇ بېلىق بىر خىل بۇزۇلۇپ قالغان پۈرەكلىكتەك تېتىيدۇ. مېھمان بىلەن ئۆي ئىگىسىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنداق. بىرىنچى كۈنى ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزغىنلىقى ئۇنچىۋالا يۇقىرى بولمايدۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئۆي ئىگىسى «بۇ مېھمان ئەمدى كەتسە بولاتتى»، دەپ ئويلاشقا باشلايدۇ. ئەگەر سىز دوستىڭىزنىڭ ئۆيىدە 6 – 7 كۈن تۇرىدىكەنسىز، دوستىڭىزنىڭ بالىلىرى ئاتا-ئانىسىدىن «بۇ تاغىمىز نېمىشقا تېخىچە كەتمەيدۇ؟» دەپ سوراشقا باشلايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ياتلارنى چەتكە قېقىش خۇسۇسىيىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر سىز بۇ ئۆينىڭ ئادىمى بولمىسىڭىز، سىز ئەڭ ياخشىسى كېتىڭ.

خىتاي دۆلىتىدە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتلەردە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ھازىر پەقەت مەركەزدىن قېچىش كۈچىلا مەۋجۇت. خىتاي كومپارتىيەسى قۇرغان فېئوداللىق ئادەملەرنى ھوقۇق دەرىجىلىرىگە ئايرىش تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە مەدەنىيەتلىك ئەقلىي كۈچ ياكى مەدەنىيەتلىك سەۋەبلەشتۈرۈش ئىقتىدارى مەۋجۇت ئەمەس. ئىرقىي كەمسىتىش ئىشلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى كەڭ-كۆلەمدە ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، ئىرقىي كەمسىتىشنى چەكلەپ، ئاشۇنداق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالايدىغان قانۇنلارمۇ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋال تىبەتلىكلەردىكى باشقىلارنى يەكلەش كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە كېڭىيىشىگە پايدىلىق. تىبەتلىكلەر خىتايلارنى قارشى ئالمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە خىتايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىبەتتىن كېتىشىنى ئىستەيدۇ.

(8) تىبەتلىكلەرنىڭ بىر سۈرگۈن ھۆكۈمىتى بار، ھەمدە سۈرگۈن ھۆكۈمىتىدىن پەقەت بىرىلا بار.

ھازىر خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما تىبەتلىكلەر ئۈچۈن پەقەت بىرلا سۈرگۈن ھۆكۈمىتى بار. تىبەت سۈرگۈن ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تىبەتلىكلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن يىراقلىشىشى، ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. تىبەتلىكلەر ئۆزىنىڭ سۈرگۈن ھۆكۈمىتىگە تەلپۈنۈپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەلپۈنمەيدۇ. تىبەت سۈرگۈن ھۆكۈمىتى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، ھەمدە ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈلگەن ساپالىق ھۆكۈمەت. ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا تىبەتكە قايتىپ بېرىپ، تىبەتنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئۇ زېمىننى ئىدارە قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. تىبەت مۇستەقىل بولسا، سۈرگۈن ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا ئۇ ئۆتكۈنچى دەۋردە يۈز بېرىدىغان قالايمىقانچىلىقلاردىن ساقلانغان ھالدا، ناھايىتى تېزلا بىر نورمال مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلىنالايدۇ.

شۇڭلاشقا خىتايلار تىبەتلىكلەر ئۈچۈن باش قاتۇرمىسىمۇ، تىبەتلىكلەر ئۈچۈن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. تىبەتلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ياخشى قىلىپ كېتەلەيدۇ.

(9) دالاي لاما يەنىلا تىبەت خەلقىنىڭ روھىي داھىيسى. دالاي لاما نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن دۇنيا ھۆرمەت قىلىدىغان بىر زات. دالاي لامانىڭ ياشاپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا تىبەت خەلقىنىڭ خىتاي دۆلىتىدىن ئايرىلىش ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. تىبەتلىكلەر ئۈچۈن دالاي لاما ئاسماندىكى قۇياشقا ئوخشايدۇ.

ئەمما، دالاي لامانىڭ «ئوتتۇرا يول» ئىستراتېگىيەسى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. شۇڭا ئۇ تىبەت خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، تىبەتلىكلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغىنى ياخشى.

(10) دالاي لاما پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، تىبەتلىكلەرنىڭ «ئوتتۇرا يول» سىياسىتى ئۆزگىرىشى مۇمكىن. تىبەت سۈرگۈن ھۆكۈمىتىدىكى يېڭى ئەۋلادلار، تىبەت سۈرگۈن ھۆكۈمىتى ئاستىدىكى تىبەتلىك ياشلار، ھەمدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان تىبەتلىكلەر ئىچىدە مۇستەقىل بولۇش تەرەپدارى بولۇۋاتقانلارنىڭ سانى ھازىر ئىنتايىن كۆپ. ئۇلارنىڭ تەلىپى توغرا بولۇپ، بۇنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت چوقۇم ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى تارىختىكى توغرا يول بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىپى خەلقئارالىق جەمئىيەتلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىۋاتىدۇ.

(11) خىتاي كومپارتىيەسى تىبەت مەسىلىسىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەل قىلىنغىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۈگۈنكى خىتاي كومپارتىيەسى ماۋ زېدۇڭ ئىمپېرىيەسى ئەينى زاماندا سادىر قىلغان كېڭەيمىچىلىك قىلمىشىنىڭ پوقىنى تازىلاۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى سىرتقا دېيەلمەيدىغان دەرد-ئەلەملەر بىلەن لىق تولدى. ماۋ قوللانغان تۈزۈم بىر پادىشاھلىق تۈزۈمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. پادىشاھلىق تۈزۈمىدە بىر پادىشاھنىڭ ھەيۋىسىنى نامايان قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى كېڭەيمىچىلىك. ئەينى ۋاقىتتا ماۋ ئەنە شۇنداق مەنتىقىدە تىبەتنى بېسىۋالغان. ھازىرقى زامان خىتاي رەھبەرلىكى ھازىر شۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بارلىق يامان ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرلىكتە، يەنە ماۋ قىلغان يامان ئىشلار ئۈچۈنمۇ بەدەل تۆلەۋاتىدۇ.

تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى يۇقىرىقىدەك ئەخلاقىي ئاساسقا ۋە دۇنيانىڭ قوللىشىغا ئىگە. ئەمما، تىبەت ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قالاق ھالەتتە بولغاچقا، غەرب ئەللىرىنىڭ تىبەتكە بولغان قوللىشى ئېغىزاكى ھېسداشلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق بولىدىكەنسىز، كىشىلەر سىزگە ئانچە دىققەت بەرمەيدۇ. كىشىلەر سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ھازىر دۇنيادىكى ئەللەر ئىچىدە مۇشۇنداق تەقدىرگە ئۇچراۋاتقانلار ئاز ئەمەس. بۇنىڭ بىر مىسالى بۇتاندۇر. دۇنيا ئۇ دۆلەتتە نېمە ئىش بولۇۋاتقىنىغا ئاساسەن دىققەت ئېتىبارىنى بەرمەيدۇ.

بۇ ئىشقا مىسال بولالايدىغان يەنە بىر ئىش بار. 1963-يىلى ۋىيېتنامدىكى بىر دىنىي زات ئۆزىگە ئوت قويۇپ ھاياتىدىن ئايرىلغاندا، بۇ ۋەقە بىر مەزگىل پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خەۋەر بولۇپ كەتتى. پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئاشۇ كىشى ئۈچۈن ئىچى ئېچىشتى. ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشىدىكى تۈپ مەقسىتى شۇ چاغدىكى ۋىيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىنىڭ بۇددا دىنى ئېتىقادچىلىرىغا قوللانغان سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش بولدى. شۇ ۋەقە ھەققىدە خەۋەر يازغان «نيۇ-يورك دەۋر گېزىتى» نىڭ بىر مۇخبىرى ئۆزى يازغان ئاشۇ خەۋەر ئۈچۈن بىر ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاشۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ۋىيېتنام ئۇرۇشىنى خەۋەر قىلىپ كەلگەن يەنە بىر مۇخبىرمۇ بىر ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھېلىقى زاتنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەسىدىن كېيىن چىققان خەلقئارالىق بېسىملار ئاستىدا، ۋىيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ باش رەھبىرى ئۆزىنىڭ بۇددا دىنى ئەگەشكۈچىلىرىگە قاراتقان بىر قىسىم سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرىي بولدى. ئەينى ۋاقىتتا پەقەت بىرلا ئادەم ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا بىر شۇنچىۋالا چوڭ دولقۇننى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. شۇنچىۋالا چوڭ ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئەمدى بۈگۈنكى تىبەتكە قاراپ باقايلى. يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە 70 نەپەر تىبەتلىك ئۆزىگە ئوت قويۇپ ئۆلۈۋالدى. ئەمما خەلقئارا جەمئىيەتتە ھېچ بىر ئۆزگىرىش بولمىدى. تىبەتلىكلەر ھازىرمۇ ئەڭ بىچارە ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

گەرچە تىبەتلىكلەر ئىچكى جەھەتتە ناھايىتى ياخشى شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلىغان بولسىمۇ، خەلقئارانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش جەھەتتە ئۇلار يەنىلا ئىنتايىن قاتتىق توسقۇنلارغا، ۋە ئىنتايىن ئېغىر مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن سىرتتىن بىر ئاز قىممىتى بار ياردەملەرگە ئېرىشىش ئاساسەن مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىبەتلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرمىسە بولمايدۇ.

پايدىلىنىش مەنبەسى:

王澄：西藏独立运动是大革命的首战

https://www.youtube.com/watch?v=guNO9nO-SKU&t=3s

# «ناخشا ئىنقىلابى» ئارقىلىق مۇستەقىل بولغان بىر كىچىك مىللەت

(تارىمئوغلى)

2017-يىلى 15-دېكابىر

مەن ئالدىنقى «*تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر*» دېگەن تېمىدىكى ماقالىدە تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئامىللار بىلەن پايدىسىز ئامىللارنى، ھەمدە تىبەتلىكلەرنىڭ ئاشۇ يولدا قىلغان تەييارلىقلىرى بىلەن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن، بىر قىسىم تەيۋەنلىك سىياسىي پائالىيەتچىلەر «ناخشا ئىنقىلابى» دېگەن بىر پارچە ئىنگلىزچە سىن ھۆججىتىنىڭ تىلىنى كۆز يېشى قىلىپ تۈرۈپ خىتايچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى ئەسلىدىكى فىلىمنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ ئاستىدا خىتايچە چىقىدىغان قىلىپ كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. ئۇ سىننى بۇ يەردىن كۆرەلەيسىز:

https://www.youtube.com/watch?v=hpNWfY0sN6E

مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنگلىزچە ھۆججەتلىك فىلىملار تورلاردا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۇقىرىدىكىسى شۇلارنىڭ پەقەت بىرىدىنلا ئىبارەت. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە، بولۇپمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋەتەنداشلارغا بۇ سىننى چوقۇم بىر قېتىم كۆرۈپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

«ناخشا ئىنقىلابى» ئېستونىيە (Estonia)، لاتۋىيە (Latvia) ۋە لىتۋانىيە (Lithuania) دىن ئىبارەت 3 دۆلەت 1987-يىلىدىن 1991-يىلىغىچە ئېلىپ بارغان، سوۋېت مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر مەيدان ئىنقىلاب. ئېستونىيەلىك كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ۋە سەنئەتكار ھەينىز ۋالك (Heinz Valk) «ناخشا ئىنقىلابى» دەپ بىر ناخشا ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ ناخشا ئېلان قىلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە، يەنى 1988-يىلى 10 – 11-ئىيۇن كۈنلىرى، نەچچە ئون مىڭ كىشى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ئاشۇ ناخشىنى ئېيتىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. مېنىڭچە بۇ فىلىمنى كۆرگەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى تىترىمەي، كۆزى نەملەشمەي قالمايدۇ.

سوۋېتلىقلار بېسىۋالغان 100 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، ئېستونىيەلىكلەر نوپۇسىنىڭ 25 پىرسەنتى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئەمما، ئېستونىيە خەلقى بۈنىڭلىق بىلەن ئۈمىدنى ئۈزۈپ قويماي، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنى تاكى مۇستەقىل بولغۇچە داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

«ئېستونىيەدە ھۆرمەتكە سازاۋەر قەھرىمانلار ھەرگىزمۇ ئاقسۆڭەكلەر ئوردىسىدىن چىققان ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى كەمبەغەل قوتان ئىگىلىرىدىن چىققان. ئۇلار بىر ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ساقلاپ، كۆزىتىپ، پەقەت مۇۋاپىق پەيت كەلگەندىلا ئاندىن ئەمەلىي ئىشقا ئۆتكەن. سەۋر بىر قورال. ئېھتىياتچانلىق بىر خىل ياخشى پەزىلەت.» مانا بۇلار ئاشۇ فىلىمدا دېيىلگەن بىر قانچە ئېغىز سۆزلەر.

يۇقىرىدىكى سىنىغا خىتايچە سۆزلەرنى كىرگۈزگەنلەر مۇنداق دەيدۇ: ئېستونىيەلىكلەرنىڭ ئاران بىر مىليون نوپۇسى بار. ئۇلارنىڭ نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرى ئۇزۇلدۇرمەي ۋە تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىپتۇ. ئەمما تەيۋەندە 20 مىليوندىن كۆپ نوپۇس بار تۇرۇپمۇ بىزنىڭ ب د ت دا بىر كىشىلىك ئورنىمىز يوق. تەيۋەن خەلقى 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا بېشىدىن كەچۈرگەن بوزەك قىلىنىش ۋە زۇلۇم-ئېزىلىشلەرنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس.

تەيۋەنلىكلەر كۆپ يىللاردىن بۇيان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زەربىسىگە ۋە بېسىمىغا ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار خىتاي ھاكىمىيىتىدىن ئىنتايىن نارازى. شۇڭلاشقا ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى تولىمۇ ئىستەيدۇ.

ئېستونىيەنىڭ نوپۇسى ئاران بىر مىليون بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. رۇسىيە ئۇلارنى بېسىۋالغاندا، ئۇلار ھېچ قانداق قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە بولمىغان. رۇسىيە بېسىۋېلىپ بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلاردا پەقەت بىرلا قورال قالغان – ناخشا ئېيتىش. ئۇلارنىڭ مىللىي ناخشىسى بىلەن مىللىي ناخشا ئاۋازى ئېستونىيە خەلقىنىڭ ئورتاق مىللىي ئىرادىسىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. ئۇلار ناخشا ئارقىلىق مىللىي روھنى ئويغىتىپ ۋە ئۇرغۇتۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن كېلىپ چىققان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئىزھارلىغان. ئۇلار ناخشا ئارقىلىق كىچىك بالىلارنىڭ يىغلىشىغا ئوخشاش قايتا-قايتىلاپ ئۆزىدەك بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزلىرىگە بىلدۈرۈپ تۇرغان.

ئېستونىيە، لاتۋىيە ۋە لىتۋانىيەدىن ئىبارەت 3 دۆلەتنىڭ خەلقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇستەقىل بولۇشقا چاقىرىش ئۈچۈن، 1989-يىلى 23-ئاۋغۇست كۈنى «بالتىق يولى» (Baltic Way) دېگەن نامدا بىر چوڭ نامايىش ئۆتكۈزىدۇ. بۇ نامايىشتا يۇقىرىدىكى 3 دۆلەتنىڭ خەلقى بىر قۇر بولۇپ قول تۇتۇشۇپ تىزىلىپ، بىر 600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى «ئادەم زەنجىرى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇ زەنجىر ئېستونىيەنىڭ تاللىن شەھىرىدىن باشلىنىپ، لاتۋىيەنىڭ رىگا شەھىرىدىن ئۆتۈپ، لىتۋانىيەنىڭ ۋىلنيۇس (Vilnius) شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. شۇ چاغدىكى مەنزىرىلەرنىمۇ تور بەتلىرىدىن كۆپلەپ تاپقىلى بولىدىغان بولۇپ، ئۇ مەنزىللەرنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم چوڭقۇر تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. مەن ئاشۇنداق رەسىملەردىن بىر قانچە پارچىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ قويدۇم.



بىرىنچى رەسىم: «بالتىق يولى» ئادەم زەنجىرىدىن بىر كۆرۈنۈش.

ئېستونىيەدەك پەقەت بىر مىليونلا نوپۇسى بار بىر كىچىك دۆلەت مۇستەقىل بولغان يەردە، تەيۋەندەك 20 مىليون نوپۇسى بار، ئۇيغۇرلاردەك 15 مىليون نوپۇسى بار، ۋە تىبەتتەك 6 مىليون نوپۇسى بار مىللەتلەرمۇ چوقۇم مۇستەقىل بولالايدۇ. تىبەتلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىر چوڭ ئىنقىلابنىڭ تۈنجى ئۇرۇقى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، ھەمدە چوقۇم غەلىبە قىلالايدۇ.

## قوشۇمچە: خىتاي ھاكىمىيىتى قانداق ئادەملەرنى يۇقىرى ھوقۇق ئورنىغا ئۆستۈرىدۇ؟ [4]

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاستىدا سىزنىڭ بىلىمىڭىز قانچە كۆپ بولغانسېرى، ۋە سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز قانچە ئېسىل بولغانسېرى سىزنىڭ يىقىلىپ چۈشۈش ئېھتىماللىقىڭىز شۇنچە ئۈستۈن بولىدۇ. ئەگەر سىز بىر ياخشى ئادەم بولسىڭىز، ئۆلكە دەرىجىلىك خىزمەت ئورنى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، سىز بىر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرمۇ بولالمايسىز. مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: ئەگەر سىز بىر ئىچى زەھەر قولى قاتتىق (心黑手辣)، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھىيلىگەر ۋە مۇرەككەپ (为人狡杂)، خىزمەت ئورنىدا پۇلغا خىيانەت قىلىپ قائىدە ئەخلاقنى بۇزىدىغان (贪财失礼)، ۋە ھەممىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىپ ئاياللارنى خالىغانچە خارلايدىغان (包 揽 包 女) خاراكتېرلەرگە ئىگە بولمايدىكەنسىز، سىز ھوقۇقتا ھەرگىزمۇ ئۆسەلمەيسىز. ئاياللارنى خالىغانچە ئوينايدىغان ۋە پۇل خىيانەت قىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئائىلە ئەنئەنىسىگە ئىگە بولمىغان ئەھۋالدا، سىز ھەرگىزمۇ خىزمەت نەتىجىڭىز بىلەن ئۆسەلمەيسىز. يۇقىرىدىكى شەرتلەرنى ھازىرلىمىغان بولسىڭىز، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ھوقۇقىڭىزنى ئۆستۈرمەيدۇ. خىتاي رەھبەرلىرى يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە توشمىغان ئادەملەرنى ئۆستۈرۈپ قويسا، ئۆز ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ناھايىتى ئەنسىرەيدۇ. شۇڭلاشقا خىتايدا پەقەت مەينەت ئادەملەرلا ئۆسەلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن ۋۇ جيەنمىن (吴建民) نىڭ دېگەنلىرى [4]. ئۇ بايانىنىڭ ئىسپاتى ئۇچۇن ھازىر ۋە بۇرۇن ئۇيغۇر ئېلىدە ھوقۇق تۇتۇپ باققان ۋاڭ لېچۇەن ۋە چېن چۇەنگو قاتارلىق خىتاي رەھبەرلىرىگە قاراپ باقسىڭىز، ھەممىدە چېن چۇەنگو بىلەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن باشلىق بولغان جاڭ چۇنشيەننى سېلىشتۇرۇپ باقسىڭىز بولىدۇ.

## پايدىلىنىش مەنبەلىرى:


[1] 《歌唱革命》
https://www.youtube.com/watch?v=hpNWfY0sN6E

[2] Singing Revolution
https://en.wikipedia.org/wiki/Singing_Revolution
21:28

[3] 王澄：西藏独立运动是大革命的首战
https://www.youtube.com/watch?v=guNO9nO-SKU&t=3s
37:00

[4] 习近平的情人和婚姻都是政治的结果，家族全部移民巨贪巨腐【建民论推墙88】
https://www.youtube.com/watch?v=RdrsGq8U0js
4:35 – 5:50


«بالتىنق يولى» ئادەم زەنجىرىدىن يەنە بىر قانچە كۆرۈنۈشلەر:



《歌唱革命》

ئىككىنچى رەسىم.



ئۈچىنچى رەسىم.




تۆتىنچى رەسىم.



بەشىنچى رەسىم.



ئالتىنچى رەسىم.




يەتتىنچى رەسىم.

# خىتاي چالغان داپ قايسى؟

(يۇلغۇن)


خىتاي جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن قۇرۇقلۇق مەملىكىتى بولۇپ، شىمالىدا ياشاش شارائىتى قېيىن، نوپۇسى ناھايىتى ئاز ۋە ئۆتۈش قېيىن بولغان زېمىنلارغا ئىگە، يەنى سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيە بار؛ غەربىي جەنۇبتا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھىمالايا تاغلىرى بار. جەنۇب تەرىپىدە بىرما، لائوس ۋە ۋىيېتنام چېگرالىرى ( ئۆتۈش قېيىن بولغان تاغلار ۋە ئورمانلار)، شەرقتە ئوكيان بار. خىتاينىڭ غەرب تەرىپى كەڭ كەتكەن بىپايان زېمىنلارغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، غەربىي رايون ھەر ۋاقىت خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك نىشانىغا ئايلانغان.




خىتاينىڭ غەربىي رايونغا بولغان كېڭەيمىچىلىكىنى ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ خىتايلارنىڭ مىللىي ئىستراتېگىيەسىگە ئايلىنىپ، ئەپسانىلەر ئارقىلىق خىتايلارنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن. خىتاي ئەپسانىلىرىدە غەربى يۇرت ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، خىتايلارنىڭ ئاتىسى بولغان خۇاڭ ئىدى ( 皇帝 -سېرىق جاھانگىر) ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان. خىتاي ئەپسانىلىرىدە خۇاڭ دىنىڭ ئەسلى ماكانى كۇئىنلۇن تېغى ( قاراڭغۇ تاغ ياكى قاراقۇرۇم تېغى) دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇ ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى دەپ قارالغان. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي ئەپسانىلىرىدىكى ئايال ئىلاھ شى ۋاڭ مۇ ( 西王母) نىڭ تەڭرى تېغىدىكى بوغدا كۆلى ( 天池) دا يۈيۈنغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. خىتايلار ئەپسانىلىرىدە خىتاي ئىلاھلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى

بىر تاغدا ماكانلاشتۇرۇلۇشى، خىتاي ھۆكۈمدارلىرى ئۈچۈن ئۇ زېمىنغا ئىگە بولۇش، ئۇ زېمىننى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىشتەك نىشانىنىڭ تىكلىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بۇ سەۋەبتىن غەربىي رايون خىتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك نىشانى بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەر ئۆزىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىنلا غەربىي رايونغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان.

دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن خىتايلار يىپەك يولى ئارقىلىق تىجارىتىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە قەدىمى يىپەك يولىنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنى دۆلەت ئەڭ چوڭ سىياسەتلىرىدىن بىرى دەپ قارىماقتا. بۇنداق بولۇشى خىتاينىڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسىگە ئىگە بولالماسلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا. خىتاي قىسقا مۇددەت ئىچىدە دېڭىز -ئوكيانلاردا ئا ق ش بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان دېڭىز ئارمىيەسىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. خىتاينىڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەگە ئىگە بولالماسلىقى سەۋەبىدىن دېڭىز يولى تىجارىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدىغان بولۇپ، ناھايىتى ئاسانلا تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تاشقى سودىغا زىچ باغلانغان بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ 60% تاشقى سودىغا باغلانغان. نېفىت ئېھتىياجىنىڭ 2/3 قىسمى ئىمپورت قىلىنىدۇ. ئىچكى بازار تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىز بولۇپ، ئىچكى بازارغا تايىنىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى جانلاندۇرالمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدا قامال قىلىشىغا ئۇچرىسا، خىتاي ئىقتىسادىي تەۋرەپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن خىتاي بىر تەرەپتىن كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسى بەرپا قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەر -پاكىستان تۆمۈر يولى ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا چىقماقچى، بىر بەلۋاغ بىر يول ئىستراتېگىيەسىدىكى تۆمۈر يىپەك يولىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپا ئىقتىسادىي، سىياسىي بىرلىك ھاسىل قىلىپ، قۇرۇقلۇقتا قايتا ئېچىلغان يېڭى تىجارەت يولى بىلەن دېڭىز تەرەپتىكى قامالدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ.




خىتاي ھۆكۈمىتى 2007 – يىللىرىدا شىئەن لوڭ جوڭدا چاقىرىلغان « ياۋرو – ئاسىيا ئىقتىسادىي

يىغىنى» دا مۇھاكىمە قىلىنغان « زامانىۋى يىپەك يولى قۇرۇپ چىقىش پىلانى» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈرتىمىزدا ۋە قوشنا ئەللەردە تىرىشىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ پىلان ئۈچۈن 192 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالىدىغان بولۇپ، 2018 – يىلىغىچە بۇ پىلاننىڭ 1/3 قىسمىنى تۈگىتىشنى پىلانلىغان[25].




خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر بۇ پىلاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان بولۇپ، ھازىر خىتاينىڭ تۆمۈر يولى كۈندە ئىككى يول ئۈرۈمچىدىن ياۋروپاغا قاتنايدۇ. 2013 -يىلى پاكىستان گىۋادار پورتىنىڭ 43 يىللىق ئىشلىتىش ھوقۇقىنى خىتايغا ئىجارىگە بەردى. 2015 -يىلى 11 -ئايدا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بەردى. خىتاي ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نېفىت، كان بايلىقى قاتارلىق خام ئەشيالارنى گىۋادار پورتىغا تۈتىشىدىغان نېفىت تۇرۇبىسى ياكى تۆمۈر يول ئارقىلىق بىۋاستە قەشقەرگە توشۇپ كىرىدۇ. قەشقەردىن باشلانغان 1200 كىلومېتىرلىق قاراقۇرۇم يولى: قاراقۇرۇم، ھىندىقۇش، ھىمالايا تاغ تىزمىلىرى ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ، خىتاي -پاكىستان چېگرا ئېغىزى قونجىراپتىن چىقىپ، ئۇدۇل پاكىستاننىڭ شىمالىغا تۇتۇشىدۇ. بۇ يولنى خىتاي 2030 -يىلى گىۋادارغىچە تۇتاشتۇرۇش پىلانىنى ماقۇللاپ بولدى. مانا بۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى خىتاي ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. خىتاي ھۆكۈمىتى غەربكە قارىتىلغان كېڭەيمىچىلىكى ياكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى نۇقتىسىدىن بولسۇن شەرقىي تۈركىستاننى مۇھىم دەپ قارايدۇ، شۇڭا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىدىغان ئەڭ كىچىك ۋەقەلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، قاتتىق ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى مۇقىملىق. بۇ سەۋەبتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر شەرقىي تۈركىستان مۇقىملىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنسان غىلىپىدىن چىققان تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى قايسى شارائىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە تۇتۇش

---

[25] http://www.sienhoyee.org/yeesilkroad2007.pdf

قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ يەتكەن بولۇپ، جۇ كۈنرېنىنىڭ « شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىلىرى ھەققىدە يۈزەكى مۇھاكىمىلەر» ناملىق ماقالىسىنىڭ خاتىمە قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ۋاڭ لىشۇڭ ئېيتقاندەك، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەقىقىي قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان ۋاقتى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە چوڭ قالايمىقانچىلىق چىقىپ، شىنجاڭغا ۋاقتىنچە قارىيالمايدىغان ۋاقىت. بۇ خىل ئەھۋال بەلكىم، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك شەكىلگە ئالماشقان ۋاقتىدا، مەركەزنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى كونترول قىلىشى ئاجىزلاشقاندا، پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتى داۋالغۇش ۋە تالاش – تارتىشقا پېتىپ قالغان ۋاقىتتا يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇ ۋاقىتتا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى چوقۇم ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، شۇ ۋاقىتتا ئاجىز ئورۇندا تۇرىدىغان جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى يول قويۇشقا قىستاش بىلەن تەڭ، شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يۆلەپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، « ئومۇمىي خەلق قارار قىلىش »، « مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش »، « كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارىلىشىدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسمى كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىنكى ۋاقىت دەل شىنجاڭنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن ۋاقتى بولىدۇ. 1930 – يىللىرى شىنجاڭدا نەچچە ئون مىڭ سوۋېتچە قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيە پەيدا بولغان، شۇ ۋاقىتتىمۇ نەچچە ئون مىڭ ئامېرىكىچە قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيەنى پەيدا بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەممە گەپنى يىغىپ كەلگەندە، پەقەت بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدا قالايمىقانچىلىق چىقمىسىلا، ھېچ بولمىغاندىمۇ شىنجاڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ[26].

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا مانا مۇشۇنداق قوراللىق كۈچىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تاكتىكىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تاكتىكىغا ماسلىشىپ بېرىشى كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. خىتاي «كۈندىلىك گېزىت» نىڭ 2009 – يىلى 7 – ئاينىڭ 31 – كۈنىدىكى سانىدا گېنېرال مىڭ گوپىڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن روسىيە ئارمىيەسى بىلەن ئورتاق ئېلىپ بارغان ھەربىي مانېۋىردىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان:

« چەتئەل قوراللىق قىسىملىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ساھەدە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ، بولۇپمۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئورتاق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچۇرلار ئالماشتۇرۇلىدۇ. دۆلەت سىرتىغا قارىتىلغان ھەرىكەت بولسا، تېرورچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئالداپ سىرتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[27].

شەرقىي تۈركىستان ئىچى ۋە سىرتىدا 2014 – يىلىدىن باشلاپ « ھىجرەت، خەلىپىلىك قۇرۇش»

---

[26] ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ۋە يوقۇتۇشقا ئائىت ئىچكى ھۆججەتلەر، 16 – 17 – بەت.
http://www.uyghurcongress.org/uy/kitab/Ichki-Hojjetler.pdf

[27] ئەكرەم ھىجازى، « سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋە 11 – سېنتەبىردىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان »، ھۆر شەرقىي تۈركىستان مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى، ئۇيغۇرچە بۆلۈم، 98 – 99 – بەت.
https://www.ihh.org.tr/public/publish/0/31/dogu-turkistan-sempozyumu.pdf

چۇقانلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ھالىتىدە خىتاينىڭ جەنۇبىي چېگراسىدىن ۋيېتنام، بىرما، تايلاند ۋە مالايشىيا ئارقىلىق تۈركىيەگە، تۈركىيەدىن سۇرىيە ۋە ئىراققا ھىجرەت قىلىشى مانا بۇ چوڭ سۈيىقەستنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان قارشىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمان ئاممىغا قارىتىلغان ھەددىدىن ئاشقان بېسىم ئارقىلىق چىقىش يولى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىپ، بىر تەرەپتىن پاسپورت بېجىرىشنى قىيىنلاشتۇرۇش ۋە يۇنەن چېگراسىنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنى چەتئەلگە چىقىرىۋەتتى. چىقىپ كېتىشنى رەت قىلغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 2014 – يىلى 13 – مارتتا تايلاند ئورمانلىقلىرىدا تايلاند ساقچىلىرى تەرىپىدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار بايقالدى. 2014 – يىلى 1 – مارتتا كۇنمىڭ پويىز ئىستانسىسىدىكى پىچاقلىق ھۇجۇم ۋەقەسى يۈز بەردى. 2014 – يىلى 18 – ئاپرېلدا ۋيېتنام چېگرا ساقچىلىرى بىلەن چېگرادىن قانۇنسىز كىرگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشتا 5 نەپەر ئۇيغۇرنى ئېتىپ تاشلاپ، 4 ئايال، 2 كىچىك بالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار دۇنيا كۆز ئالدىدا تەرتىپىگە بىر قېتىم كەلدى، خەلقئارانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا سۇرىيەدە قورال‌لىق تەشكىللەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرەتلىرى، سىن ھۆججەتلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىلىشقا باشلاندى. خىتاي ھۆكۈمىتى 2015 – يىلى 5 – ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارغا كەڭ تۈركۈمدە پاسپورت بېرىشكە باشلاپ، تۈركىيە بىلەن بولغان سىياھەت، تىجارەت ئىشلىرى يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارادا، بولۇپمۇ تۈركىيەدە تۈركلەردە ئۇيغۇرلار ھەققىدە گاڭگىراش پەيدا بولۇشقا باشلاپ، خىتايلارنىڭ ئادەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ھېچقانداق مەسىلىسى يوقلۇقى، ئۇلارنىڭ پەقەت « رادىكال دىنچى، ئىسلام ئەسەبىيەتچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى» تۈيغۇسى يارىتىلىشقا باشلاندى.

2016 – يىلى 13 – ئىيۇندا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئەلقائىدە تەشكىلاتى ئاتامانى ئەيمان زاۋاھىرىنىڭ ئاۋازلىق سۆھبىتىدە « ئۇيغۇرلار ئەرەب باھارىنىڭ ھەل قىلغۇچى ئامىلى» دېگەنلىكى ئېلان قىلىندى[28].

2016 – يىلى 24 – ئىيۇندا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى « ئىسلامى تېررور ۋە بۆلگۈنچى تەشكىلات» تىزىملىكىگە ئالدى[29].

2016 – يىلى 5 – سېنتەبىردە تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسى ئەردوغان خىتايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە تېرروريستلارنىڭ بارلىقىنى، تېررور قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

2016 – يىلى 31 – دېكابىر كېچىسى ئىستانبۇلدا يۈز بەرگەن رەئىنا كۇلۇبىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدە، ھۇجۇم قىلغۇچىغا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ياردەم قىلغانلىقى خەۋىرى تارقىلىپ، بىر

---

28 http://www.mepanews.com/analiz/1079-el-kaide-liderinden-tuerkistanli-cihat-yanlilarina-oevgue.html

29 http://www.uyghurcongress.org/tr/?p=13208

تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئى س ئى س غا ئەزا بولغانلىق شۈبھىسى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىدى.

2017 – يىلى 5 – ئاۋغۇستتا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تۈركىيەنىڭ « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نى تېررورچى تەشكىلات تىزىملىكىگە ئالغانلىقىنى ئېلان قىلىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى[30].

بۇ ۋەقەلەر نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارغا بولغان ھېسداشلىق ۋە قوللاش سۇسلاشقا باشلاپ، كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىنسان قېلىپىغا سىغمايدىغان ۋەقەلەرگە كۆز يۇمۇلماقتا.

خىتايلار 19-قۇرۇلتايدا بىرمانىڭ روھىنگادىكى مۇسۇلمانلارنى قانلىق قىرغانلىقىنى قوللىشى، شەرقىي تۈركىستان زۇلۇمىنى كۈنسايىن ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى يا قوزغىلىپ چىقىپ قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ياكى سۈكۈت قىلىپ زۇلۇمغا باش ئېگىشكە مەجبۇرلاش بىلەن بىرگە، خەلقئاراغا ۋە يېتىم قالغان ئۇيغۇرلارغا قوزغىلىپ چىقسا، ئاياپ ئولتۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرمەكتە.

ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر قىزنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغان خىتاي لەنجاڭنى ئۆلتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلار، بۈگۈن ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئۇيغۇر قىزلىرىنى نىكاھىغا ئېلىپلا قالماي، ئەل جامائەتنىڭ ئالدىدا «مانا قىزلىرىڭنى خوتۇن قىلدىمغۇ» دەپ جار سالسىمۇ سۈكۈت قىلىدىغان، كۆڭۈلشىمەيدىغان، قوبۇل قىلغاندەك كۆرۈنىدىغان كۈنگە قالدى. بەزىلەر خىتايلارغا نىكاھلانغان توي رەسىملىرىنى ئەلەم بىلەن كۆرۈپ ئولتۇرغان بولسا، يەنە بەزىلەر بۇ ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنى، ئۇيغۇر قىزلىرىمىزنى، ئانا يۇرتىمىزنى قوغداشنى مىللەتچىلىك ساناپ دۇنيا كاپىرلىرىغا ئوت ئېچىشقا ئاتلاندى. ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان دىنىدىن بىخەۋەر[31]، ئەجدادلاردىن قالغان تارىختىن ساۋاتسىز بولغاچقا، خىتاي چالغا داپقا ئۇسۇل ئويناپ، ئۆز خەلقىنىڭ نالە زارىغا پەرۋا قىلماستىن، ئەسلى دۈشمىنىنى[32] تونۇيالماي ياقا يۇرتتىن دۈشمەن ئىزدەپ ۋەتەننى تاشلاپ ھىجرەت قىلدى. بىز بۈگۈن ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب – پارس نوپۇز كۆرۈشىگە يەم قىلىنغان، دىنى سۈيىئىستېمالىنىڭ قۇربانغا ئايلانغان نەچچە مىڭ ئوت يۈرەك ئوغلانغا، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن نارەسىدىلەرگە قاراپ ئاچچىق تولغىناقتىمىز. مىللەتنىڭ ئوغلانلىرى ھاڭغا قاراپ كېتىۋاتسا، « ئۆلىمالار» نىڭ « ئى ئوت يۈرەك باھادىرلار! قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟ دۈشمەن شەرقىي تۈركىستاندا!!!» دېيىشىنىڭ ئورنىغا تەھەرەت بىلەن زاكات ھەققىدە بۇلبۇلدەك سايراشلىرىغا، « قىزىل رەڭلىك شەپكە كىيىش» نىڭ، « شاھادەت نامىنى مېيىت بىلەن قوشۇپ كۆمۈش» نىڭ جائىز بولۇپ – بولمىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىپ يۈرگەنلىكىگە ئەجەبلىنىش ئىچىدە شاھىت بولدۇق، شاھىت بولۇۋاتىمىز، شاھىت بولىدىغان ئوخشايمىز.

خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئېقىمغا ماس ھالدا « رادىكالىزم، ئىسلام ئەسەبىيەتچىلىكىگە قارشى كۈرەش» شامىلىدىن پايدىلىنىپ مىللىي ۋە دىنى كىملىكى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، يوق

---

[30] http://www.cumhuriyet.com.tr/haber/dunya/795963/Turkiye__Dogu_Turkistan_islami_Hareketi_ni_teror_orgutu_olarak_tanidi.html

[31] بەقەرە، 78 - ئايەت.

[32] مۇمتەھىنە، 8 – 9 – ئايەت.

قىلىنىۋاتقان، خەلقئارادا يېتىم قالغان ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە قانداق قىلىشى كېرەك؟ يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ مەيدانغا چىقىشى كېرەكمۇ؟ ياكى خەلقئارا ئېقىمغا ماس ھالدا « ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، كىشىلىك ھوقۇق، ئېتىقاد ئەركىنلىكى» قاتارلىق ئىنسانىي قەدىر – قىممەتلەر ئاساسىدا بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا چارە ئىزدىشى كېرەكمۇ؟ بۇ سوئاللار ھەر ئۇيغۇر باش قاتۇرىدىغان مەسىلىلەر سۈپىتىدە جاۋاب كۈتمەكتە.

ئۆزگىرىش ئۆزگەرمەس ھەقىقەتتۇر. بىر قوۋم ئۆزىنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ياراتقۇچى ئۇنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ[33]. ئىنسان تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ[34].

[33] ئەنفال، 53؛ رەئىد، 11 – ئايەت.

[34] نەجم، 39 – ئايەت.

# ئېيتىلمىغان كونا گەپلەر

(تۇنيۇقۇق)

سۆزنىڭ بېشىنى 1912-يىلى مانجۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئورنىغا قۇرۇلغان 中华民国جۇڭخۇا مىنگودىن باشلايلى.

بۇ يەردىكى جۇڭخۇا中华 خىتايلارنىڭ ئانا ماكانى خېنەننى مەركەز قىلغان 中原ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دەپ ئاتىلىدۇ. خۇا 华دېگىنى خۇاشيا 华夏خۇاشىيا بولمىش ئەۋلادلىرى خۇاڭدى ئاتالغان مىللەتنى ئاتالغان خەنزۇلارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك 中华民族 جۇڭخۇا مىللىتى دېگەنلىك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇنىمۇ ئەڭ باشتا قوللانغىنى لياڭ چىچاۋ بولۇپ، سېپى ئۆزىدىن خەنزۇ مىللەتچىسى ئىدى.

1911-يىلى جۇڭخۇا مىنگونىڭ خۇبېي ئارمىيە ھۆكۈمىتى ۋۇچاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن ئىشلەتكەن ھۆكۈمەت بايرىقى 18 يۇلتۇزلۇق بايراق ئىدى. بۇ 18 يۇلتۇز خىتايلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان 18 ئۆلكىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلار: خېبېي، خېنەن، خۇبېي، خۇنەن، شەندۇڭ، شەنشى، سەنشى، جىياڭشى، جىياڭسۇ، ئەنخۇي، جېجىياڭ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، فۇجىيەن، يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۈەن، گەنسۇ قاتارلىق 18 ئۆلكىنى كۆرسىتەتتى. مانجۇلار بۇ 18 ئۆلكىدىكى خەنزۇلارنىڭ باشقا چېگرا رايونلاردا ماكانلىشىشىنى چەكلىگەن ئىدى. خەنزۇلارمۇ ئاشۇ 18 ئۆلكىدىن يات مىللەتلەرنى ھەيدەپ چىقىرىپ خەنزۇلارنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قۇرماقچى ئىدى. شۇنىسى ئايانكى، ئۇلار ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان تۈركىستان، موڭغۇلىيە، مانجۇلارنىڭ يۇرتى بولغان شەرقى شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە، تىبەتلەر ئولتۇراقلاشقان چىڭخەي-شىزاڭ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى دۆلەت خەرىتىسىدە يوق ئىدى. كېيىن بۇ بايراق قۇرۇقلۇق قىسىم ئارمىيە بايرىقى قىلىنغان.

خىتايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان مىللىي سىياسىتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن.

1-مىللىي مۇستەقىللىق باسقۇچى (1912-1949)

2-مىللىي ئاپتونومىيە باسقۇچى(1949-2002

3-مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە باسقۇچى (2002---

1-باسقۇچ: مىللىي مۇستەقىللىق باسقۇچى

ئاۋۋال گومىنداڭدىن سۆزلەيلى. ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇپ باققانلار سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلەك دېگەن شوئارىنى بىلىسلەر. خىتايلارنىڭ دۆلەت ئاتىسى دەپ ئاتالغان، جۇڭخۇا مىنگو ۋە گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى مىللەتچى خىتاي سۇن جۇڭشەن ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ مەسلەكنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ ئۈچ مەسلەكنىڭ بىرى مىللىي مەسلەك بولۇپ، مانجۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش، ئوچۇق ئېيتقاندا " بۈيۈك خىتاي مەسلىكى، خىتاي مىللىي دۆلىتى قۇرۇش تەشۋىقاتى" ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىدىكى جۇڭگو دەل خىتايلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان ئىچكىرىدىكى 18 ئۆلكە ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ 1903-يىلى سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

1911-يىلى جۇڭخۇا مىنگونىڭ خۇبېي ئارمىيە ھۆكۈمىتى ئىشلەتكەن 18 يۇلتۇزلۇق بايراق بۇنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتى بولالايدۇ.

سۇن جۇڭشەن كېيىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن " دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى" 4-ماددىسىدا مىللىي سىياسەت ئۈستىدە توختىلىپ:" ھۆكۈمەت ئاجىز، ئۇششاق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك" دېيىلگەنىدى.

ئەمما ئۇنىڭ قارا نىيىتى كېيىن ئۆزگەردى. سۇن جۇڭشەن:" جۇڭگودىكى مىللەتلەرنى ئېيتقاندا، ئومۇمى نوپۇسى 400 مىليون. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كەلسە، نەچچە مىليون موڭغۇللار، نەچچە مىليون مانجۇلار، نەچچە مىليون مۇسۇلمان تۈركلەر بار. بۇ سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ سانى 10 مىليوندىن ئاشمايدۇ. شۇڭا چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، 400 مىليون جۇڭگولۇق پۈتۈنلەي خەنزۇلاردۇر، ئوخشاش قان، ئوخشاش تىل-يېزىق، ئوخشاش ئۆرپ-ئادەت، پۈتۈنلەي بىر مىللەت"! " دېگەن. ئۇنىڭچە بولغاندا دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىمۇ 400 مىليون خىتاي قالغان 10 مىليون ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيتتى. خىتاي تارىخىدىكى ئەڭ دېموكراتىك سانالغان زاماندا ئەڭ دېموكراتىك سانالغان رەھبەرنىڭ كۆز قارىشى شۇ ئىدى. ھازىرقى زامانىۋى خىتايلارنىڭ ئەڭ دېموكراتچى جارچىلىرىمۇ شۇ خىل قاراشتا. 100 يىلدىن بۇيان ئۆزگەرگىنى يوق!

دېمەك بۇلارمۇ باشتا ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت، رايون ئايرىم، مۇستەقىل زېمىن دەپ قارىغان بولسا، كېيىنچە قارا نىيىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت نامىدا قوشۇۋالماقچى بولغان. نەتىجىدە قۇمۇل قوزغىلىڭى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قاتارلىقلارنىڭ قانلىق پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتى.

كوممۇنىستىك پارتىيەگە كەلسەك، دۇنيا كوممۇنىستلىرىنىڭ بۈۋىسى لېنىن: " بىزنىڭ پروگراممىمىزدا مىللەت ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى دېگەن ماددىغا نىسبەتەن– سىياسىي جەھەتتىن ئۆزى قارار قىلىش يەنى ئايرىلىپ چىقىش ۋە مۇستەقىل دۆلەت بولۇش ھوقۇقى مەنىسىدىكى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا بىر ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرسەك بولمايدۇ" دېگەن. ستالىن بولسا:" مىللەت ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى بولسا سىياسىي جەھەتتىن ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئەركىن ھالدا ئايرىلىپ چىقىش، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى بار دېگەنلىك" دەپ قارىغان.

1922-يىلى بۇنىڭغا يانداش ھالدا شاڭخەيدە ئېچىلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى خىتابنامىسىدە:" موڭغۇل، تىبەت، شىنجاڭ رايونىدا ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈش، ئەركىن فېدېراتسىيە تۈزۈمى قوللىنىپ، موڭغۇل، تىبەت، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش" ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

1931-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرغان جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇن پروگراممىسى 14-ماددىسىدا:" جۇڭگو سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇڭگو ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، تاكى ھەرقايسى ئۇششاق مىللەتلەر جۇڭگودىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرى ئايرىم دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى ياكى جۇڭگو سوۋېت فېدېراتسىيەسىگە قوشۇلۇش ھوقۇقى بار" دېيىلگەن.

1935-يىلى ماۋ زېدۇڭ گومىنداڭدىن قېچىپ شەنشىگە كەلگەندە، ئىچكى موڭغۇل خەلقىگە يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ:" ئىچكى موڭغۇلدىكى مىللەتلەر خالىسا تەشكىللىنىپ ئايرىم ھۆكۈمەت قۇرسىمۇ

بولىدۇ، خالىسا باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ فېدېراتسىيە قۇرسىمۇ بولىدۇ. خالىسا پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقسىمۇ بولىدۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي تىل يېزىقى، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرسا تامامەن بولىدۇ" دەپ گومىنداڭغا قارشى ئىتتىپاقلاشماقچى بولغان.

1945-يىلى ج ك پ 7-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ" بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە" ناملىق ماقالە ئوقۇغان. بۇنىڭ 9-بۆلىكى مىللەتلەر مەسىلىسى بۆلىكىدە:" مىللەتلەر باراۋەر، مىللەتلەرنىڭ مىللەت ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىز" دېگەن.

1949-يىلى كوممۇنىستلار غەربى شىمال، تىبەت، تۈركىستاننى بېسىۋالماقچى بولغاندا مىللەتلەر ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى، ئاپتونومىيە دېگەنلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئىشلەتكەن قۇرۇق شوئار ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

1949-يىلى 10-ئاينىڭ 5-كۈنى ماۋ زېدۇڭ ئاز سانلىق " مىللەتلەرنىڭ ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى" توغرىسىدا يوليورۇق يوللىدى. مەزمۇنى:" ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى" مەسىلىسىدە، ھازىر يەنە تەكىتلىمەسلىك كېرەك. ئىلگىرى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، پارتىيەمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، گومىنداڭغا قارشى بۇ شوئارنى تەكىتلەپ قويغانىدۇق. بۇ ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. ئەمما ھازىر ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ھۆكۈمرانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ھالاك بولدى. پارتىيەمىز رەھبەرلىك قىلغان يېڭى جۇڭگو قۇرۇلدى. دۆلىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىمپېرالىزىم ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ جۇڭگو مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزۇش سۇيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىلەر توغرىسىدا "مىللەتلەر ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى" دېگەن شوئارنى توۋلاپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. ئىمپېرالىزىم ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر پايدىلىنىپ كەتسە، بىز پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز" دەپ يوليورۇق بەرگەن. بۇ شەرەپسىز كۆز بويامچىلىقنىڭ ئەسلى تېكىستى كومپارتىيەنىڭ ئورگان بېتىدە ھېلىھەم شۇ پېتى بار.

2-مىللىي ئاپتونومىيە باسقۇچى

1949-يىلى 12-ئايدا كوممۇنىست ۋاڭ جېن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۈركىستانغا باستۇرۇپ كىردى. ۋاڭ جېن ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى بولدى. كوممۇنىست خىتايلار ئۆزلىرى بۇرۇن ۋەدە قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى شەكلىدىكى " فېدېراتسىيە، بىرلەشمە جۇمھۇرىيەت" قاتارلىق مىللىي ھاكىمىيەت قۇرۇشقا قاتتىق قارشى تۇردى. ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدىكى " مىللەتلەر ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى" دېگەندىن " مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى" دېگەنگە ئۆزگەردى. " مىللەتلەر ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى"نى تەشەببۇس قىلىش مىللىي بۆلگۈنچىلىك قارالدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاپتونوم رايون قۇرۇپ بەرگۈسى يوق ئىدى، ئاپتونوم رايون قۇرسىمۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئات قويغۇسى يوق ئىدى. تاكى 1955-يىلىغا قەدەر ئۇيغۇرىستان: " شىنجاڭ ئۆلكىسى" دەپلا ئاتىلاتتى.

1951-يىلى، ئىلىدا "51 زىيالىي سۆھبەت يىغىنى" ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىندا:" 1-شىنجاڭ ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى بولۇپ قۇرۇلۇش. 2-جۇڭگونىڭ دۆلەت گېربى ئاستىغا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى چۈشۈرۈلۈش. 3-قىزىل ئارمىيە تاغ-دەريا ئېشىپ شىنجاڭغا كېلىپ چارچاپ قالدى، ئىچكىرىگە قايتىپ ئارام ئالسۇن، ئۇيغۇرىستاننى مىللىي ئارمىيە ئۆزى قوغدىسۇن.

4-ب د ت دىكى جۇڭگو ۋەكىلى تارمىقىدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭمۇ بىر ۋەكىلى بولۇش" دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇرىستانغا ھاكىم بولۇۋاتقان كوممۇنىست، زالىم، قانخور جاللات ۋاڭ جېن يىغىنغا قاتناشقانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى.

1953-يىلى، دىڭ شاۋپىڭ، شى جۇڭشۈن ( شى جىنپىڭنىڭ دادىسى) قاتارلىقلار شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون قۇرۇش مەسلىھەتىنى بەردى. بۇ مەسلىھەتتە: 1-تەڭرىتاغ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتاش ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەسلىھەت بار ئىدى. ماۋ زېدۇڭ بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىنى قوشقۇسى يوق بولۇپ، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىماقچى ئىدى. ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ بۇرھان رەشىدى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىدىن گەپ ئالدى. بۇرھان رەشىدى ئۈندىمىدى، سەيپىدىن ئەزىزى بولسا قارشى تۇردى. ئۇ چوقۇم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىلىشى كېرەك دەپ قارايتتى. 1955-يىلىغا كەلگەندە، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى " شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتالدى.

شىنجاڭنى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈچ ۋاڭ فامىلىلىك باشقۇردى. ئۇلار ۋاڭ جېن1950-1954، ۋاڭ ئېنماۋ1952-1985، ۋاڭ لېچۈەن1991-2010.

ۋاڭ جېن شىنجاڭنى باشقۇرغان مەزگىلدە ناھايىتى قاتتىق قول، قانخور زالىملىقى بىلەن خىتايلارغا مەشھۇر، خىتايلار ۋاڭ جېننىڭ قانغا بويالغان قولى شىنجاڭنىڭ كېيىنكى 60 يىللىق مۇقىملىقىنىڭ كاپالىتى دەپ قارايدۇ. ۋاڭ جېن شىنجاڭغا كىرگەن ئەسكەرلەرنى بىڭتۈەن نامىدا يەرلىكلەشتۈردى. يەرلىك پومېشچىك، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش باھانىسىدە نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلى، زىيالىيلارنى يوقاتتى. دىنىي زاتلارغا توڭگۇز باقتۇردى بىرى جىنايەت ئۆتكۈزسە پۈتۈن يۇرتتىكىلەرنى قوشۇپ جازالايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قاتتىق قول سىياستى يەرلىكلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، خىتايلارنى ئەنسىرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن شى جىنپىڭنىڭ دادىسى شى جۇڭشۈن ماۋ زېدۇڭغا خەت يوللاپ، ۋاڭ جېننى يۆتكەتكۈزۈۋەتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئاستىرتىن قول تىقىپ تۇراتتى.

1980-يىللىرى جۇڭگو رەئىسى خۇ ياۋباڭ شىنجاڭدا مىللىي ئاپتونومىيەنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھوقۇق بەردى. ئۇلارنىڭ مىللىي تىل-يېزىق، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. تۈرمىلەردە ناھەق ياتقان نۇرغۇن بىگۇناھ كىشلەرنى تۈرمىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىسلاھاتچىل سىياسەتلىرى داۋاملاشقان دەۋردە شىنجاڭدا بىرمۇ قوزغىلاڭ، قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەرمىدى. خۇ ياۋباڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان خەنزۇ كادىرلارنى يۇرتىغا قايتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئەسلى تۆۋەنگە چۈشۈش نامىدا خىزمەت قىلىۋاتقان خىتايلارنىڭمۇ نەچچە قېتىم نامايىش قىلىش ئارقىلىق تەلەپ قىلىۋاتقان ئارزۇسى ئىدى. ئەمما خىتاي كادىرلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ياندۇرۇپ ئاچىقىپ كەتكەندە، مۇشۇ ۋاڭ جېن دېگەن مەلئۇن خىتاي خۇ ياۋباڭنى كۆزگە ئىلماي شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ دۆلەت رەئىسى خۇ ياۋباڭنىڭ ئىسلاھاتلىرىنى پۈتۈنلەي توختىتىۋەتتى. يەنە ئۇنى دىڭ شاۋپىڭغا چاقتى. دىڭ شاۋپىڭ، ۋاڭ جېن قاتارلىق سەككىز پېشقەدەم كوممۇنىستلار خۇ ياۋباڭنىڭ ئۆيىدىن چىقارماي ئۇنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى بىر ھەپتە ئەيىبلەپ، خۇ ياۋباڭنى دۆلەت رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلىدى. دىڭ شاۋپىڭ خۇ ياۋباڭنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە ئىسلاھاتلىرىنىڭ ئورنىغا ئىقتىسادى ئىسلاھات سىياستىنى دەسسەتتى. ئۇ شىنجاڭدىكى تۈپكى

مەسىلە خەلق نامرات، شۇڭا جىم تۇرمايدۇ دەپ قارايتتى. خەنزۇلار ھېلىھەم خۇ ياۋباڭنىڭ مىللىي كەڭچىل سىياستى ئەجەللىك خاتالىق، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قەدىمىنى ئاستىلىتىۋەتتى دەپ قارايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىلدا كىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىچ ئاغرىتسا ياكى قاتتىق بىر تەرەپ قىلمىسا پارتىيەگە، دۆلەتكە، خەنزۇلارغا سادىق ئەمەس بولدى. خۇ ياۋباڭنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن سابىق دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋ 1989-يىلى تىبەتتىكى قوزغىلاڭنى قاتتىق باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئىپادىلىدى. ۋەتىنىمىزدىكى بارىن ۋەقەسى، غۇلجا فېۋرال ۋەقەسى ۋە كېيىنكى ھەرخىل ۋەقەلەر، ئۈرۈمچى 5-ئىيۇل ۋەقەسى قاتارلىقلار ھەممىمىزگە مەلۇملۇق. ۋاڭ ئىنماۋ، ۋاڭ لېچۈەننىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى توغرىسىدا ئارتۇق سۆزلەشمۇ بىھاجەت.

مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە باسقۇچى 2000-

گەرچە خىتايلار ۋەتىنىمىزگە نىجىس قەدىمىنى قويغاندىن باشلاپلا ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، سىياسىي يۆلىنىش جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار بۇنى 1-ئەۋلاد مىللىي سىياسەت ۋە ئىككىنچى ئەۋلاد مىللىي سىياسەت دەپ ئاتايدۇ.

1-ئەۋلاد مىللىي سىياسەت (1949-2010): باشتىن ئاخىر مىللىي توقۇنۇش كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى نامراتلىق. ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارنىڭ بېيىپ كېتىشىگە كۆزى قىزىرىپ مىللىي توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلارنى ئىقتىسادى جەھەتتىن باي قىلساقلا ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن بىزگە بويسۇنىدۇ. چاتاق چىقىرىۋاتقانلارمۇ ئاساسلىقى چەتئەلدىكى ئۈچ خىل كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن جېدەل چىقىرىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ.

2-ئەۋلاد مىللىي سىياسەت مىللىي ئاڭنى سۇسلاشتۇرۇپ، خەنزۇ مىللىي كىملىكىنى ۋە مىللىي ئېڭىنى كۈچەيتىش، جۇڭگودىكى مىللەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە جۇڭگوچە دۆلەت تەۋەلىكىنى ئېتىراپ قىلىش سىياسەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشۋىق قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ خاس بىر مىللىي تېررىتورىيە، تارىخى ماكانى بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى:

1-قانۇن-سىياسەت جەھەتتە ھەممە كىشى باراۋەر، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇت چەكلەش سىياستىنى ھەممە مىللەتكە ئوخشاش يۈرگۈزۈش كېرەك.

2-ئىقتىساد جەھەتتىن مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

3-مەدەنىيەت جەھەتتە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىش، خەنزۇ تىلىنى زورلاپ تېڭىش، كىملىكتىكى مىللەت ئايرىمىسىنى يوقىتىش، دىنىنىڭ قانۇن-سىياسەتكە ئارىلىشىنى قەتئىي چەكلەش.

ئۇلارچە: سوۋېتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە سىياستى مەغلۇپ بولغان سىياسەت، شۇڭا سوۋېت پارچىلانغاندا ھەرقايسى ئاپتونومىيەلەر تېزلا مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلىنالىدى. ئامېرىكا بولسا ھەممىگە ئوخشاش باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، مىللىي خاسلىققا ئورۇن بەرمىگەچ ھازىرقى ھەممە مىللەتلەردىن شەكىللەنگەن ئامېرىكان مىللىتىنى شەكىللەندۈردى. بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى ئەۋلاد سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەت ئەھۋالى تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى خۇ ئەنگاڭ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق پروفېسسورى مارۇڭ، يەنە جۇڭگو مىللىي، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان

تەكلىپ. ئۇلارنىڭ تەكلىپى ئەلۋەتتە دۆلەت سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جوۋ يۇڭكاڭمۇ 5-ئىيۇل ۋەقەسىنى باستۇرۇشقا بارغاندا ئىككىنچى ئەۋلاد مىللىي سىياسەتنى تىلغا ئالغان. شۇنداقلا بۇ سىياسەت ھازىرقى خەنزۇلارنىڭ تولىمۇ قوللىشىغا ئېرىشمەكتە. گەرچە رەسمىي ھالدا قانۇنغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، بۇ سىياسەتنىڭ ئىپادىلىرى ئەمەلىي يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى.

ھازىر ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتلەر دەل شۇنىڭ سەۋەبىدىن. مۇشۇ بويىچە ماڭغاندا، ئەتە-ئۆگۈن كىملىكتىن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى ئۆچۈرۈشى ئەمما كومپيۇتېردىن ئۆچۈرمەسلىكى مۇمكىن. " شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" بىراقلا شىنجاڭ ئۆلكىسى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. ھېلىھەم نۇرغۇن ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرى " شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى" دەپ تىلغا ئېلىشقا كۆنۈپ كەتتى. يالغۇز تۈركىستانغا خىتاي كۆچۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئىچكىرىگىمۇ مەجبۇريي ھالدا ئۇيغۇر كۆچۈرۈپ ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى مۇمكىن. ھازىرمۇ ئىچكىرىگە ئوقۇتۇش، ئىشلەش، تەربىيەلەش نامىدا نۇرغۇن ياشلارنى يۆتكەۋاتىدۇ. ئىچكىرىدىن نوپۇس ئالغان ئۇيغۇرلارنى ماختاۋاتىدۇ.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

جۇڭخۇا دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا

https://zh.wikipedia.org/wiki/%E4%B8%AD%E5%8D%8E

五胡乱华时期，汉民族的民族意识空前高涨，当时的“中华”指已经沦陷的以河洛为中心的中原地区

18يۇلتۇزلۇق بايراق توغرىسىدا

https://bىكىدىكىلىچكەتېيitem/%E9 ... B%E6%98%9F%E6%97%97

分布与九轮角上下的18颗小黄圆星，代表当时内地18省人民，示意国家统一、民族和睦、前途光明；圆星呈金黄色，表示与满清对立之炎黄子孙。

سۇن جۇڭشەننىڭ نەزىرىدىكى جۇڭگو 18 ئۆلكە تۆۋەندىكى تور بەت كومپارتىيە يېتەكچىلىكىدىكى ھەربىي ئىشلار مۇنازىرە تور بېتى

http://bbs.tiexue.net/post_6119874_1.html

《革命军》也称：“昔之禹贡九州，今之十八省，是非我皇汉民族，嫡亲同胞，生于斯，长于斯，聚国族于斯之地乎？”武昌起义后，军政府以象征十八省铁血团结的“十八星旗”为国旗，对全国发出的文告也都以“十八省”为号召，详见后文。

سۇن جۇڭشەن "دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى" 4-ماددا

https://baike.baidu.com/item/%E5%BB%BA%E5%9B%BD%E5%A4%A7%E7%BA%B2

四、其三为民族。故对于国内之弱小民族，政府当扶植之，使之能自决自治；

لېنىن. ستالىننىڭ مىللەتلەر ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقىغا قارىتا تەبىرى

https://baike.baidu.com/item/%E6 ... A%E5%86%B3%E6%9D%83

1922-يىلى كومپارتىيە ئىككىنچى نۆۋەتلىك يىغىنى، مىللىي سىياسەت 4.5-تارماق. مەنبە: پارتىيە تور بېتى .

http://cpc.people.com.cn/GB/64162/64168/64554/4428164.html

（四）蒙古、西藏、回疆三部实行自治，成为民主自治邦；

（五）用自由联邦制，统一中国本部、蒙古、西藏、回疆，建立中华联邦共和国；

1931-يىلى كومپارتىيە ئاساسىي قانۇن پروگراممىسى: 14-ماددا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللايدۇ .

http://cpc.people.com.cn/GB/64184/64186/66640/4489884.html

1935-يىلى ماۋ زېدۇڭ ئىچكى موڭغۇلغا قىلغان يالغان ۋەدىنامىسى

http://www.hprc.org.cn/gsyj/yjjg ... 090628_12807_1.html

《对蒙古人民宣言》。该《宣言》庄严宣告："我们认为内蒙古人民自己才有权利解决自己内部的一切问题，谁也没有权利用暴力去干涉内蒙古人民的生活习惯，宗教道德以及其他的一切权利。同时，内蒙古民族可以随心所欲的组织起来，它有权按自主的原则，组组织自己的生活，建立自己的政府，有权与其他的民族结成联邦的关系，也有权完全分立起来。"

1945-يىلى 7-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن. 9-ماددا. كومپارتىيە مىللەتلەر ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ

https://www.marxists.org/chinese ... se-mao-19450424.htm

"国民党敢郑重宣言，承认中国以内各民族之自决权

中国共产党完全同意上述孙先生的民族政策

1949-يىلى ماۋ زېدۇڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھوقۇقىنىڭ كۆز بويامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىشى

http://cpc.people.com.cn/GB/64184/64186/66655/4492662.html

# ئەجدىھا دۇنياغا چىشىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، تېخى ئۈتىنى يۈركىمىدى

(سەھەر)

قوشۇمچە تېما :خىتاينىڭ بىر يول، بىر بەلۋاغ چۈشى، كونا تېكىستكە ئېيتىلغان يېڭى مۇقام

خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە مۇلاھىزە

يېقىندا (whatsup) ۋاتسئاپ گۇرۇپپىسىدىن بىر قازاق زىيالىيسىنىڭ قازاق خەلقى ۋە زىيالىيلىرىغا خىتاينىڭ قازاقىستانغا سىڭىپ كىرىشىدىن سەگەك بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلىگەن بىر سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم .بۇ قازاق زىيالىيسى، سۆزىدە قازاقىستاندىكى بارلىق قازاق زىيالىيلىرىنى، خىتاينىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرى ئالدىدا سەگەك بولۇشقا چاقىرغان ئىدى.

بۇ قازاق زىيالىيسىنىڭ (whatsup) گۇرۇپپىلىرىدا تارقاتقان سۆزىدە، خىتاينى ئوخشىتىپ، ئەجدىھا دۇنياغا چىشىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ تېخى ئۈتىنى يۈركىمىدى دېگەن ناھايىتى يوشۇرۇن مەنە يوشۇرۇنغان بىر جۈملە سۆزنى ئىشلەتكەن .مەنمۇ بۇ قازاق قېرىندىشىم ئىشلەتكەن شۇ ئوخشىتىشنى ماقالەمنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بۇ قازاق زىيالىيسى يەنە دۇنيا خىتاي دېسە، داڭلىق خىتاي كىنو چولپىنى (Jikijen)نىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ .ئەمما خىتاينىڭ يەنە بىر يۈزىنى تېخى كۆرمىدى دېگەن.

يېقىندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان قازاق خەلقىگىمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلەرنى قوللىنىشقا باشلاپ، پاسپورتلىرىنى تارتىۋالغانلىقى، جۈمەيىڭىز خەيرلىك بولسۇن دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىلەرگە تاشلىغانلىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى، قازاق خەلقى ۋە قازاق زىيالىيلىرىدا زور ئويغىنىشلار پەيدا قىلغان.

يېقىندا خىتاي، دۇنيا ئومۇمى كۆلىمىنىڭ %26تىنى، 65 تىن كۆپ دۆلەتنى ئورىغان، 3 دېڭىز 2قۇرۇقلۇق يولى، 5 يۆنىلىش نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يول بىر بەلۋاغ تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بولۇپ، خىتاي بۇ تۈر بىسىپ ئۆتىدىغان 65 دۆلەتكە يۇقىرى سۈرەتلىك تاشيول، پورت، تۆمۈر يول، ۋە ئايرودروم ئارقىلىق بىۋاستە بېيجىڭغا باغلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىماقتا .ياپىلاق دېھقان تىلى بىلەن ئېيتقاندا خىتاي دۇنياغا «ئاكاڭ قارىغاي يولۇڭنى، كوۋرۇكۇڭنى، پورتۇڭنى، تۆمۈر يولۇڭنى ياساپ بېرىدۇ، دوللاردىن ئەنسىرىمە پەقەت گېپىمدىن چىقمىساڭ بولدى» دەۋاتىدۇ .دۇنيا مەتبۇئاتلىرى خىتاينىڭ دوللارنى دۇنيا قۇرۇقلۇقى ۋە دېڭىز ئوكيانلىرىغا ئايىماي چېچىۋاتقانلىقىدەك بۇ ھەرىكىتىنى،«يۇمشاق سىڭىپ كىرىش» دەپ تەسۋىرلەۋاتىدۇ .ئەمما مېنىڭ، خىتاينىڭ بۇ خىل دۇنيانىڭ دەرۋازىسىنى«قىزىل بولاق» （红 包） بىلەن چېكىجەندەك كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇرۇشىنى «ناز كەرەشمە دىپلوماتىيە» دەپ تەسۋىرلىگۈم بار.

خىتاي بىر قارىغاندا، غەربكە ساياھەت قىلىمىدىكى قاراڭغۇ ئورمانلىقلاردا تاڭسىڭنىڭ ئالدىغا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۆلۈمسىرەپ چىقىدىغان، ناز كەرەشمە جىن قىزلارغا ئوخشىسا، يەنە بىر قارىغاندا ھەممە نەرسىنى دوللار بىلەن كونترول قىلىمەن دەيدىغان قارا قول تەشكىلاتلىرىنىڭ مافىيەلىرىگە ئوخشايدۇ.

124 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىنىپ بولغان، خىتاي مەيدىسىگە ئۇرۇپ،«دۇنيانى ئاكاڭ قارىغاي باشقۇرىدۇ» دەۋاتقان خىتاي نىڭ بۇ كېڭەيمىچىلىك تۇرنى بىر لۇكچەكنىڭ بىر مەھەللىدىكى بىر شەھەردىكى ۋە ياكى بىر يۇرتتىكى لۇكچەكلىكنىڭ دۇنياغا ھېچ نومۇس قىلماي كېڭىيىشى دەپ قارايمەن . مەن،305 مىليارد دوللار خەجلىنىشى مۆلچەرلىنىۋاتقان، ھازىرغا قەدەر خىتاي تەرەپتىن ئەلۋەتتە بۇ «لۇكچەك» نى دۇنيادا بىر كۈچ تۇر دېيىشى كېرەك .تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تايىپ ئەردوغان بىر سۆزى بار «پىرەۋىندەك زالىملارنىڭ ئالدىنى توسالايدىغان مۇسا ھامان بىر كۈنى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دەيدىغان.

دۇنيادا خىتاينىڭ خۇي پەيلىنى ئۇيغۇر مىللىتىدەك ياخشى بىلىدىغان يەنە بىر مىللەت بولمىسا كېرەك .خىتاي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنى بولغان شەرقى تۈركىستانغا سىڭىپ كىرگەندىمۇ، خۇددى ھازىر دۇنياغا سىڭىپ كىرگەندەك، ناز كەرەشمە كۆلۈمسىرەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى قارلىرىنى تازىلاپ، بوۋاي موماي‌لارنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ياساپ، سۆيىنى توشۇپ ئوتۇننى يېرىپ كىرگەن ئىدى .ئارىدىن ئاز كەم 60 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرلار «ۋاي دات» دېگەنچە ئۆي ماكانىنى خىتايغا تاشلاپ جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ .كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى دۇنيامۇ ۋاي داد خىتايدىن جاق تويدۇم، بۇنى قانداق قىلىپ قوغلاپ چىقىرارمەن دېگەن بىر كۈننى بەشىدىن كەچۈرىدۇ .بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسىمۇ خىتاي قىزىل ئارمىيەسىنىڭ شەرقى تۈركىستاننى قانداق كونترول قىلغانلىقىنىڭ دەل ئۆزى.

خىتاي– پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى---- -تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان.




شى جىنپىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بىر يول، بىر بەلۋاغ شىبىرىن چۈشىگە پەقەت شەرقى تۈركىستاندىكى ئىككى لىنىيە بىخەتەر ۋە راۋان بولغاندىلا ئېرىشەلەيدۇ .بۇنىڭ بىرى 60 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىنىۋاتقان خىتاي پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى .بۇ كارىدور شەرقى تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرى ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق پاكىستاننىڭ بالۇچىستان ئۆلكىسىگە ۋە ئاخىردا پاكىستاننىڭ گىۋادار پورتى ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىدۇ.

يەنە بىرى قازاقىستان بىلەن شەرقى تۈركىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان، قورغاس قۇرۇقلۇق بازىسى.

خىتاي، قەشقەر -پاكىستان ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىش ئۈچۈن پۇلنى بولۇشىغا خەجلەۋاتىدۇ .دېمەك شەرقى تۈركىستان ئاساسلىق تۈگۈن ھېسابلانغان، خىتاي -پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى بولمىغان شارائىتتا، خىتاينىڭ ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئۇ چاغدا شى جىنپىڭنىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ شىبىرىن چۈشىگە يېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس .شۇڭا خىتاي قارا قۇرۇم تاغلىرىنى كەسىپ ئۆتۈپ ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىدىغان 3 مىڭ كم ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى سۈرەتلىك تاش يول ياساۋاتىدۇ پاكىستاندا.

دېمەك، خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى پۈتكەندە خىتاي بىۋاسىتە پاكىستان ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقاغا تۇتۇشىدۇ.

ئەمما خىتاي پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى شى جىنپىڭنىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ چۈشىدىكى ئەڭ نازۇك ھالقا بولۇپ، بۇ يولدىن خىتاي ماللىرى ھىندى ئوكيانغا ئاندىن ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقاغا تۇتاشقان بىلەن ئەگەر ۋەزىيەت ئىشنىڭ تەتۈرىگە ئۆرۈلگەندە يەنى شى جىنپىڭنىڭ شىبىرىن چۈشىگە

قارا بېسىپ قالغاندا، بۇ يوللار خىتاي ماللىرى ماڭىدىغان يول ئەمەس، بەلكى خىتاي قىزىل ئارمىيەسى پاكىستاننى بېسىۋالىدىغان يوللارغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

خىتاي پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى تېررورلۇق ۋەقەلىرى ئەڭ كۆپ يۈز بېرىۋاتقان مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىقىدىكى رايونلاردىن ۋە ئەتراپلىرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، خىتاي نەزىرىدە شەرقى تۈركىستانمۇ بىر تېررورلۇق بازىسى ھېسابلىنىدۇ ( گەرچە شەرقى تۈركىستاننىڭ تېررورلۇق بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىسىمۇ)

شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلانغان شەرقى تۈركىستاندا بىر مىليون قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزماقتا .بۇ خىتايدىكى 2 مىليون قوراللىق ئەسكەر ئومۇمى سانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ).بۇ سۆزلەرنى ياۋروپا-خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سابىق باشلىقى چارلەس پارتون بىر لېكسىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويغان.(

خىتاي بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەرقى تۈركىستاندىن قۇشلارنىڭمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلماسلىقى كېرەك .ئەگەر كېرەك بولسا، بۇ زېمىنىنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنى تانكىلىرى بىلەن دەسسەپ چەيلىۋېتىشى كېرەك .شەرقى تۈركىستاندا قۇرۇلۇۋاتقان تارىختىكى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ ئۆلۈم لاگېرلىرىنى ئەسلىتىدىغان تەربىيەلەش لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ DNA نىڭ تەكشۈرۈلۈشى شۇ ۋەجىدىن.

خىتاي، خىتاي پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورىغا شۇنداقلا پاكىستاننىڭ شامال ئېنېرگىيەسى ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسى قاتارلىق تۈرلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى مىقداردا مەبلەغ سېلىۋاتقان بولۇپ، پاكىستان، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن قالسا 2-ئارقا ھويلىسىغا ئايلىنىپ قالغان.

بۇ كارىدور ئارقىلىق خىتاي تاۋارلىرى غەربكە، غەربنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گازلىرى خىتايغا 12 كۈندە يېتىپ بارىدۇ .خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى، شامال ئېنېرگىيەسى، قۇياش نۇرى ئېنېرگىيەسى ۋە كۆمۈر گاز تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى، يۇقىرى سۈرەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .خىتاي پاكىستان بىلەن يەنە ناھايىتى كۈچلۈك ھەربىي ھەمكارلىقمۇ ئورناتماقتا.

ئۇنداقتا خىتاي پاكىستاننى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پاكىستانلىقلار بېيىپ ياخشى كۈن كەچۈرسۇن دېگەن مەقسەتتە پاكىستانغا مەبلەغ سېلىۋاتامدۇ؟ بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى مەبلەغلەرگە، خىتاينىڭ رايونغا ۋە دۇنياغا قەدەممۇ قەدەم سىڭىپ كىرىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ھېلى مىكرى يوشۇرۇنغان.

پاكىستاندىكى زىيالىيلار، ئۆكتىچى پارتىيەلەر ۋە پاكىستاندىكى ئويغاق كىشىلەر، خىتاينىڭ پاكىستانغا سىڭىپ كىرىپ، پاكىستاننى خىتاي تەسىرى ئاستىدىكى ئافرىقىدەك بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن قاتتىق ئەندىشە ھېس قىلماقتا.

خىتاي بىر يول بىر بەلۋاغ قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىش ئېغىزى ھېسابلانغان خىتاي پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى ( تۆۋەندە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ئىنگلىزچە قىسقارتىپ ئىشلىتىۋاتقان CPEC

دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەن.) جۇغراپىيەسى خىتاي ئۇچۇن بېسىپ ئۆتۈش تەسكە توختايدىغان جۇغراپىيەدىن ئىبارەت .بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىنمۇ شۇنداق .بۇ ئىشنىڭ باشلانغۇچى .خىتاي CPEC تە ``چۈجىنى كۆزدە ساناش كېرەك.`` خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسى "تىمتاس بولمىغان ماكان "دىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

ئەجدىھا يالغۇز پاكىستانغىلا ئەمەس، بەلكى بانگىلادېش، سىرىلانكا ۋە نېپالغىمۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق يۇغۇرى رەقەملەر بىلەن مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ .ئەمما بۇ مەبلەغلەرنىڭ ئارقىسىغا ناھايىتى شۇم غەرەزلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەر ھېس قىلغىلىق.
ئەجدىھا دۇنياغا تېخى چىشىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ .ئويۇنلار، زەھەر پۈركۈش ۋە ئوت پۈركۈشلەر ئەمدى باشلىنىدۇ.

ئەمما خىتاي مەردلىك بىلەن يۇل چېچىۋاتقان CPEC تىمتاس بولمىغان بىر ماكان .تىمتاس بولمىغان بۇ كەڭرى جۇغراپىيەدە كىملەر ئات چاپتۇرۇپ قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىپ كەتمىدى؟ قېنى ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ پاتماس قۇياشى دەپ تەسۋىرلىگەنلەر ۋە سەلتەنەت سۈرگەنلەر؟ تېخى تۈنۈگۈنلا دۇنيانىڭ پاتماس قۇياشىمەن دەۋاتقان سەۋتلەر بىرلىكى مانا مۇشۇ تىمتاس بولمىغان جۇغراپىيەنىڭ ئەتراپىدا پېتىپ كەتمىدىمۇ؟ ئەگەر پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەشكە نېسىپ بولۇپ، دۇنيانىڭ بۇگۈنكى پاتماس قۇياشىمەن دەۋاتقان خىتاي پېتىپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، خىتاي– پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورىنىڭ ئىسمى شەرقى تۈركىستان-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورىغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن .ئۇ چاغدا 3 مىڭ كم لىق بۇ كارىدور شەرقى تۈركىستاننى تاكى ھىندى ئوكيانغا قەدەر تۇتاشتۇرۇپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ دۇنياغا ئۆلىشىشىغا زېمىن ھازىرلايدۇ .شۇنداقلا شەرقى تۈركىستاننىڭ دېڭىز ئوكيانلاردىن يىراق، ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى بولۇشتەك رېئاللىقىغا خاتىمە بېرىدۇ .بىز چوقۇم ھەر شەررىنىڭ ئارقىسىدا بىر خەيرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

خىتاي-قازاقىستان قورغاس قۇرۇقلۇق بازىسى.

خىتاي دوللارنى ئايىماي چېچىۋاتقان ۋە ئىنتايىن ئالدىراشچىلىق بىلەن تۆمۈر يول ياساۋاتقان يەنە بىر دۆلەت قازاقىستان .خىتاي قازاقىستانغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە رۇسىيەدىن قالسا2 -چوڭ مەبلەغ سالغۇچى ھېسابلىنىدۇ.
خىتاي قازاقىستاننىڭ ئېنېرگىيەسىگە كۆز تىككەنلىك شۇنداقلا قازاقىستان ئارقىلىق دۇنياغا ئۆتمەكچى .خىتاي جۇغراپىيەلىك كېڭەيمىچىلىكىنىڭ2 -ئۆتۈشمە تۇگۈنى قازاقىستان. قازاقىستان مول يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى ئېنېرگىيە بايلىقى بىلەن خىتاينىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن ئېنېرگىيەگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ياخشى جاي .شۇنداقلا، خىتاينى بىر يول بىر بەلۋاغ شېرىن چۈشىگە ئۇلاشتۇرىدىغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈك .شۇڭا خىتاي قازاقىستاننىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا زور مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ .ئەگەر قازاقىستان بولمىغان شارائىتتا خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ شېرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس .ئەڭ مۇھىم بولغىنى قازاقىستانغا ئەڭ يېقىندىن

چېگرىلىنىدىغان غۇلجا قورغاس قۇرۇقلۇق پورتى ئارقىلىق خىتاي ياۋروپاغا ئۆتەلەيدۇ .دېمەك شەرقى تۈركىستان خىتاينىڭ قازاقىستان يۆنىلىشى ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلىنىشىدىمۇ مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرماقتا .خىتاي بۇ يۆنىلىشتە، قورغاس، قازاقىستان، ئەزەربەيجان، گۇرجىستان قاتارلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ تۈركىيەگە تۇتۇشىدۇ

قازاقىستان خىتاينىڭ پاكىستاندىن قالسا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىۋاتقان دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي قازاقىستاننىڭ كانچىلىق، نېفىت ۋە يېزا ئىگىلىكىگە 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالغانلىقى مەلۇم.

خىتاي يەنە قازاقىستان -خىتاي تۆمۈر يولى ئارقىلىق يىلىغا 50 مىليون تونىنا مەھسۇلاتىنى دۇنياغا توشۇيدۇ .بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي قازاقىستاندىن، شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە جايلاشقان قورغاس قۇرۇقلۇق بازىسى قۇرۇلۇشىغا 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالغان . ئەمما غۇلجا خەلقى بۇنداق خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەلەردىن قىلچە مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيدىغان بولۇپ، خىتاي بۇ ئالتۇن يولنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنى، يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىغا يىغىۋالماقتا DNA ئەۋرىشكىلىرىنى يىغماقتا ۋە خىتايلار بىلەن مەجبۇرىي قوشماق تۇغقان بولۇشقا مەجبۇرلىماقتا .بۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشمىغانلارنى ئىككى يۈزلىمچى كادىر دەپ تۈرمىلەرگە تاشلىماقتا.

ئۇنداقتا قازاقىستان خىتاي ئۈچۈن تىمتاس ماكانمۇ؟ ياق، گەرچە ھازىر تىمتاس بىر ماكاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما قازاقىستان قايناۋاتقان بىر قازان، كېلەچەكتە تاشقىنلىشى مۇمكىن.

قازاقىستان خەلقى ۋە قازاقىستانلىق ئىلغار زىيالىيلار، خىتاينىڭ قازاقىستانغا ناز-كەرەشمە سىياسىي دېپلوماتىيە بىلەن سىڭىپ كىرىشىنىڭ قازاقىستانغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى .ئەمما، خىتاي تېخى ئۇيغۇر خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرىنىڭ 100 دە بىرىنى قازاق خەلقىگە كۆرسەتمىدى.

ئۇزۇندىن بۇيان قازاق خەلقىگە چىشىنى كۆرسىتىپ كەلگەن ئەجدىھا يېقىندىن بۇيان، قازاق خەلقىگە ئوت پۈركۈشكە باشلىدى.

مەسىلەن: 1-قازاقىستانلىق قازاقلارنىڭ ئىلى ئوبلاستىدىكى قازاق تۇغقانلىرى بىلەن بولغان تېلېفون ۋە ھەرقانداق ئۈچۈر ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلاندى.

2-جۈمەيىڭىز مۇبارەك بولسۇن، ئاللاغا ئامانەت، ئاللا خالىسا، ئەسسالامۇئەلەيكۇم دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتكەن قازاقلار ئاز دېگەندە 3 يىللىق تۈرمىگە تاشلاندى .

3-شەرقى تۈركىستاندا يەر مۈلكى بولغان قازاقلارنىڭ، يەر مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى .ئەتە ياكى ئۆگۈن خىتاي ئۇيغۇرلارغا قوللانغان ھەممە سىياسەتلىرىنى قازاقلارغا قوللىنىپ، قازاقلارنىمۇ خىتايلار بىلەن تۇغقانلىشىشقا قىستىشى، ئۆيىدىكى جايىنامازلىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستىشى، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقى ۋە ياكى دىنى گەپ سۆزلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن تەربىيەلەش مەركەزلىرىگە يىغىۋېلىشى، قازاقلارنىڭمۇ DNA ئەۋرىشكىسىنى توپلىشى، بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى ئىككى يۈزلىمچى قازاق دەپ تۈرمىلەرگە تاشلىشى مۇمكىن .دۇنياغا كۆز ئالايتىۋاتقان خىتايدىن ھەر شەررىنى كۈتۈش تامامەن مۇمكىن.

يەنە بىر جەھەتتىن، قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئۇرۇق تۇغقان، ئۇلار بېشىغا كەلگەن ئوخشاش

قىسمەتلەردە تېزلا ئىتتىپاقلىشالىشى شۇنداقلا خىتايغا قارشى بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالىشى مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا خىتاي بىر يىل ئىلگىرى، ئەگەر خىتاي دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىدىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەت، چەتئەللەردە يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، خىتاينىڭ ئۇ دۆلەتلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ تىنچىتىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىر قانۇن ماقۇللىدى .ئەگەر كېلەچەكتە قازاقىستاندىكى قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، خۇددى ھازىرقى سىرىيلانكا ۋە فىلىپپىنلاردا كۆرۈلۈۋاتقاندەك خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى ئىسيانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان تەقدىردە، قازاقىستاندىكى ئىسيان ۋە خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن قازاقىستانغىمۇ ئەسكەر ئەۋەتىشى مۇمكىن .ئۇ چاغدا قازاقىستان ھازىر نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇۋاتقان، ھازىرچە خىتاي ماللىرىنى دۇنياغا توشۇيدىغان، قازاقىستان قورغاس تۆمۈر يولىدا خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە ئېغىر تىپتىكى قوراللىرى توشۇلۇشى مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا رۇسىيە تۈركىيەگە ھەربىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك جەھەتتە ھەمكارلىشىش ۋە دوستلىشىش تەكلىپىنى قويۇۋاتىدۇ .ئەگەر بۇ تەكلىپ ئەمەلگە ئېشىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، رۇسىيە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىن چىقىپ كېتىپ، تۈركىيە بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى مۇمكىن .ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىر دائىرىسى سۇسلىشىدۇ دېگەن گەپ .ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خىتاي تەسىرى ۋە سىڭىپ كىرىشى ئاستىدا قالغاندىن ھېسسىيات جەھەتتە ئۇرۇق تۇغقىنى ھېسابلانغان تۈركىيە بىلەن رۇسنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغاننى بەكرەك خالايدۇ دەپ ئويلايمەن .ئەگەر ئىشلار باشقىچە بولۇپ، خىتاينىڭ شېرىن چۈشى، قارا بېسىشقا ئۆزگەرگەن ئەھۋال ئاستىدا

خىتاي كېڭەيمىچىلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان قازاقىستان-قورغاس تۆمۈر يولى دات باسقان تۆمۈر-تەرسەكلەر قاتارىدا تاشلىنىپ قېلىشى مۇمكىن .دۇنيا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىم-كىمنى سېنىڭ مۇستەقىللىقىڭدىن ئۈمىد يوق دەپ ئېيتالايدۇ .بىر كۈن كېلىدۇ سۆلار ئۆلغىيىپ بېلىقلار چۈمۈلىلەرنى يەيدۇ، بىر كۈن كېلىدۇ، سۆلار تاراپ چۈمۈلىلەر بېلىقلارنى يەيدۇ .ئەگەر خىتاي ۋاقتى سائىتى كېلىپ خۇددى سەۋىتلەر بىرلىكىدەك غۇلاپ چۈشىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ، شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا ئېرىشىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەندە، قازاقىستان قورغاس تۆمۈر يولى يەنە جانلىنىپ، شەرقى تۈركىستان-قازاقىستان دوستلۇق تۆمۈر يولىغا ئايلىنىشى مۇمكىن .ئۇ چاغدا يەنە شەرقى تۈركىستان، قازاقىستان، ئەزەربەيجان، گۇرجىستان، ۋە تۈركىيە قاتارلىق قېرىنداش دۆلەتلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ بىۋاستە ئاق دېڭىزغا تۇتىشىدۇ دېگەن گەپ .ئۇ چاغدا بۇ يۆنىلىشتىمۇ شەرقى تۈركىستان دېڭىز ئوكيانلاردىن يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى دېگەن تارىخقا خاتىمە بېرىدۇ.




يۇقىرىدىكى بۇ خەرىتە بىزگە ۋە دۇنياغا نىمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ بۇ خەرىتە بىزگە ۋە دۇنياغا، بىر قارىغاندا شېكەر يالىتىلغان يېڭى بىر تەرەققىيات ئىقتىسادى جۇغراپىيەسىنى كۆرسەتسە يەنە بىر قارىغاندا ناز كەرەشمە بىلەن تولغان، خىتاينىڭ دۇنياغا سىڭىپ كىرىشتىن ئىبارەت سەتەڭلىك ھىيلىسىنى ئاڭلىتىدۇ .بىر قارىماققا ياۋرو-ئاسىيا جۇغراپىيەسىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر ئىقتىسادى بەلۋاغنى كۆرسىتىدۇ .ئەمما بۇ يول ۋە بۇ بەلۋاغنىڭ تىزگىنى ھازىرچە خىتاينىڭ قولىدا .بۇ خەرىتە بىزگە ۋە دۇنياغا،

يول ۋە بەلۋاغ بىسىپ ئۆتىدىغان نۇرغۇنلىغان سوئال ئاستىدىكى يوللارنى ئاڭلىتىدۇ .خىتاي تېخى بۇ ئەگرى-بۈگرى يوللارنىڭ باشلانغۇچىدا .

بۇ خەرىتە بىزگە، خىتاينىڭ شىرىن چۈشى بولغان بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسلىقى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىندىشى ھېسابلىنىدىغان تۈركى دۆلەتلىرىنى بىسىپ ئۆتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە .بۇ خەرىتە بىزگە يەنە شەرقى تۈركىستاننىڭ، خىتاينىڭ شىرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئاشۇرالماسلىقىدا كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى كۆرسەتمەكتە .بۇ خەرىتە بىزگە يەنە، ئەگەر خىتاي يېقىن كېلەچەكتە غۇلاپ چۈشكەن ئەھۋال ئاستىدا، خىتاينىڭ تاتلىق شىرىن چۈشلىرى سوزۇلۇپ ياتقان بۇ يول ۋە بەلۋاغقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى ھېچ بولمىغاندا بۇ، دۇنياغا تۇتاشقان ئۇزۇن يولدا ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز ساھىبى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە .بۇ خەرىتە بىزگە يەنە، خىتاينىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى بۇ ئالتۇن جۇغراپىيەدىن يوق قىلىۋېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنىڭ جاۋابىنى بەرمەكتە .چۈنكى خىتاي ئۆزىنى دۇنيا بازارلىرىغا تۇتاشتۇرىدىغان بىر جۇغراپىيەدە، ھەم مۇسۇلمان ھەم تۈرك، ھەم مۇستەقىللىق ئىسيانلىرى تارىختىن بۇيان بېسىقماي كەلگەن ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى، ئۆزىنىڭ شىرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا سايە تاشلاپ تۇرۇشىنى ئەسلا خالىمايدۇ .شۇڭا خىتاي يېقىنقى 3-2 يىل ئىچىدە ناتسىست گېرمانىيەسى تارىختا يەھۇدىيلارغا

قوللانغان ۋەھشىي ئۇسۇللارنى دۇنيانىڭ كۆزى ئالدىدا قوللىنىۋاتىدۇ .بۇندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

«بىر يول بىر بەلۋاغ» دۇچ كېلىدىغان توسالغۇلار ۋە خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدە غۇلاش ئېھتىماللىقى.

«بىر يول بىر بەلۋاغ» دىن ئىبارەت خىتاي شېرىن چۈشى دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان توسالغۇلار تۆۋەندىكىچە:

1-«بىر يول بىر بەلۋاغ» دۇنيا نوپۇسىنىڭ 26% تىنى تەشكىل قىلىدىغان، 65 دۆلەتنى ۋە 65خىل مەدەنىيەتنى كېسىپ ئۆتۈپ ياۋروپاغا تۇتىشىدۇ .بۇ يولدا مۇسۇلمانمۇ تۈركمۇ، تېررورمۇ، ئەرمەنىستان ئەزەربەيجان قاتارلىق ئۆز ئارا سۈركىلىشلىرى بولغان دۆلەتلەرمۇ، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۆز دۆلەتلىرىگە مەبلەغ سېلىش باھانىسىدە سىڭىپ كىرىشىنى خالىمايدىغان ئۆكتىچى كۈچلەرمۇ بار 65 دۆلەتنىڭ تاموژنىسى بار .شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يولنىڭ خىتاي ئۈچۈن بەك راۋان بولۇپ كېتىشى ئىنتايىن قىيىن.

2-«بىر يول بىر بەلۋاغ» ئۆزى بىلەن بىرلىكتە يەنە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئىنسانلارنى چۈشىنىش دەيدىغان بىر تۈرنىمۇ ئېلىپ بارماقچى .خىتاي ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ھۆرمەت قىلىپ باققان بىر مىللەت ئەمەس .شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تەكەببۇر خىتاي مەدەنىيىتى ئۆزى بېسىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلەر مەدەنىيەتلىرى بىلەن، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

3-خىتاي تۆمۈر يول بىلەن ياۋروپاغا توشىغان ماللىرىنىڭ تەننەرخى دېڭىز بىلەن توشۇلغانغا قارىغاندا قىممەتكە توختايدۇ .ئەمما خىتاينىڭ مەقسىتى تىجارەت ئەمەس بەلكى سىڭىپ كىرىش . شۇڭا خىتاي ياۋروپادىكى ماركىلارغا ھەمدە ئىتالىيە پۇتبولچىلىقىغا ئوخشاش تۈرلەرگە مەبلەغ سالماقتا .بۇ يەردىكى مەسىلە، كىمنىڭ سۆز ساھىبى بولۇش مەسىلىسى .بۇنداق بازار تالىشىش جەريانىدا كېلىپ چىقىدىغان مەسىلىلەردە، خىتاي ياۋروپاغا 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق مەبلەغ سالغانلىقى ئۈچۈن قارار ئىگىسى بولۇشى كېرەكمۇ؟ يەنى خىتاي لىدىرلىق قىلىشى كېرەكمۇ؟ ياكى ياۋروپا بىرلىكىدىكى دۆلەتلەر لىدىرلىق قىلىشى كېرەكمۇ .ياۋروپالىقلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە لىدىرلىق قىلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

4-خىتاينىڭ خۇي پەيلى بويىچە بولغاندا، خىتاي بىر دۆلەت ياكى رايونغا سىڭىپ كىرگەندە، مۇستەملىكىچىلىك تامغىسىنى شۇ رايون شۇ دۆلەتلەرگە ئۇرۇپ ماڭىدۇ .ياكى ئۆزىنىڭكىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ .مەسىلەن)چىنا توۋن (دېگەندەك .يەنى شۇ رايون شۇ دۆلەتلەردىكى كوچا رەستىلەرنىڭ، ئايرودروم ۋە باغچىلارنىڭ ئىسمىنى خىتايچىلاشتۇرۇپ ماڭىدۇ .مەسىلەن قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى دىڭ شاۋپىڭ يولى دېگەندەك .ئەگەر خىتاي ياۋروپاغا سىڭىپ كىرىش جەريانىدا، ياۋروپادىكى تارىخى يوللارنىڭ ۋە جايلارنىڭ نامىنى دىڭ شاۋپىڭ يولى، شى جىنپىڭ يولى، ياكى خىتاي چۈشى يولى، ياكى بىر يول بىر بەلۋاغ يولى قاتارلىق يوللارغا ئۆزگەرتكۈسى كېلىپ قالغان شارائىت ئاستىدا، ياۋروپالىقلار بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرار؟


5-شى جىنپىڭنىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ چۈشى، ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان بىر يول، بۇنىڭدا ھازىردىن باشلاپ مالىمانچىلىقلار، يېڭىۋېلىشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا .مەسىلەن سىرىلانكىدا

خىتاينىڭ سىرىلانكىغا سىڭىپ كىرىشىگە قارشى ئۈزلۈكسىز نامايىشلار بولۇپ تۇرماقتا .مەسىلەن يېقىندا پاكىستان، خىتاينىڭ پاكىستانغا شۇنچە نۇرغۇن ياردەم قىلىۋاتقىنىغا قارىماي، خىتايدىن كېلىدىغان، 140 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى پاكىستان سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى ئىقتىسادى ياردىمىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى .بۇ رەت قىلىش خىتاينىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان بىر كاچات ئىدى .خىتاينى ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە كاچاتلايدىغان مەسىلىلەر تېخى جىق چىقىدۇ . ئۇندىن نېپالمۇ بەزى توختاملاردىن يېنىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەر تارقالماقتا.

6-بىر يول بىر بەلۋاغ قۇرۇلۇشى، پەقەت خىتاينىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئېچىرقاپ كەتكەن ئېنېرگىيەگە بولغان ئېهتىياجىنى قامداش ۋە تاشقى پېرېۋوتتىكى بېسىلىپ قالغان ماللىرىغا دۇنيادىن بازار ئىزدەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خىتاينىڭ قوش مەنپەئەتلىك سودا سىياستى دېگەنلەر قۇرۇق گەپ، قارشى تەرەپ مەنپەئەتلەندى دېگەن تەقدىردىمۇ خىتاي ئېرىشكەن مەنپەئەتكە سېلىشتۇرغاندا، ناهايىتى ئاز مەنپەئەتلىنىشى مۇمكىن .خىتاي بىر يول بىر بەلۋاغ تۇرىگە قاتناشقان دۆلەتلەرگە، شۇ دۆلەتلەردە تاش يوللار، تۆمۈر يوللار، پورتلار، كۆۋرۈكلەر، ئايرودروملار، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى، سودا مەركەزلىرى، ئېنېرگىيە بازىلىرى قۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرمەكتە .ئەگەر خىتاي بۇ ئىشلاردا نەتىجە قازىنالماي قالسا، خىتاي ئىچكى قىسمىدا ئۆزىگە بولغان ئۆكتىچى گۇرۇپپىلارنى كۆپەيتىۋېلىشى مۇمكىن.

7-خىتاي يۇقىرىدىكى ۋەدىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش باھانىسىدە، نۇرغۇنلىغان ئەرزان باھالىق ئاققۇن قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى ياۋروپاغا جۈملىدىن پۈتۈن دۇنياغا تۆكۈۋېتىشى مۇمكىن خۇددى شەرقى تۈركىستانغا تۆكۈۋەتكەندەك .بۇنى ياۋروپا كۆتۈرەلەمدۇ؟

8-خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ قۇرۇلۇشىغا دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەردىن ئامېرىكا قېتىلغىنى يوق .ھىندىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى قار مۇزلار بىردە ئېرىپ، بىر توڭلاپ تۇرماقتا .يېقىندا ئامېرىكا پەنتاگوننىڭ خىزمەتچىسى مايكىل پىللىسبۇرى) مىچائەل پىللىسبۇري ( يۈز يىللىق مارافون، خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ ئورنىغا چىقىش ئۈچۈن پىلانلاۋاتقان مەخپىي ئىستراتېگىيەسى ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلدى .كىتابتا خىتاينىڭ، دۇنيا لىدىرى بولۇش ئۈچۈن مەخپىي ئىستراتېگىيەلەرنى تۈزۈۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بىر يول بىر بەلۋاغ ۋە ياكى خىتاي چۈشى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەخپىي ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمى .ئۇندىن باشقا ئاقسارايىنىڭ سابىق ئىستراتېگىيەچىسى ستېۋ باننون) ستەۋە باننون (خىتاي2025 -يىلىغا بارغاندا ئامېرىكىغا تەھدىت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېدى .ئۇنداق بولغانىكەن ئەلۋەتتە ئامېرىكىمۇ خىتاينىڭ دۇنيا كېڭەيمىچىلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ تۈرگە قارىتا تەدبىر ئېلىشقا ئۆتۈشى مۇمكىن


#1 NATIONAL BESTSELLER
"[Pillsbury] is correct to assert that China constitutes, by far, the biggest national challenge to America's position in the world today." —THE WALL STREET JOURNAL
The Hundred-Year Marathon
CHINA'S SECRET STRATEGY TO REPLACE AMERICA AS THE GLOBAL SUPERPOWER
Michael Pillsbury
WITH A NEW AFTERWORD

ئۇندىن باشقا بۇ يىلى18-17 -دېكابىر كۈنلىرى ئەتراپىدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ بايانات بېرىپ، ئامېرىكىنىڭ2018 -يىللىق ھەربىي چىقىمىنى يەنى قورال ياراق چىقىمىنى 700 مىليارد دوللارغا ئۆستۈرىدىغانلىق ئەمرىنى بەردى .شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم رەقىبىنىڭ، خىتاي بىلەن رۇسىيە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى .بۇنىڭ بىلەن دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا ئامېرىكىنىڭ، خىتاينىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قويۇشنى پىلانلاۋاتقانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەر كۆپلەپ يەر ئېلىشقا باشلىدى .بۇ خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسى دۇچ كېلىدىغان ئەڭ زور توسۇقلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

9-خىتاي پۇۋلەپ كۆپتۈرۈلگەن بىر شارغا ئوخشايدۇ .بىر يول بىر بەلۋاغ تۈرى خىتايدىن ئىبارەت بۇ كۆپتۈرۈلگەن شارنىڭ يەنىمۇ پۇۋلەنمىسى .دېمەك بۇ شارنىڭ ئېتىلىپ كېتىدىغان ۋاقتى سائىتى كېلىپ قالدى .بەلكى خىتاي كەلگۈسى 5 يىل ياكى 10 يىل ئىچىدە غۇلاپ كېتىشى مۇمكىن . ياكى يەنە بىر نۇقتىدىن خىتاينى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولساق، بۇ پۇۋلەنگەن شارنى سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق بىر كىچىك كۈچمۇ پارتلىتىۋېتىشى مۇمكىن مەسىلەن بىر تال يىڭنە.

10-خىتاي دۇنيادىن بازار ئىزدەش باھانىسىدە، ھەرقايسى دۆۋەتلەرگە سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ .ئەمما ئىشلار تەتۈرگە ئۆرۈلۈپ كەتسە، يەنى ئىشلار خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە تەتۈر تاناسىپ بولۇپ، توقۇنۇش ھالىتىگە كېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولۇپ قالغاندا، خىتاي ئۆزى ياسىغان، كۆۋرۈك ۋە يوللار ۋە دېڭىزلار بىلەن شۇ دۆۋەتلەرگە خىتاي قىزىل ئارمىيەسىنى ئەۋەتىشى مۇمكىن .چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇپ كەتكىنىمىزدەك، خىتاي بۇنى قانۇنلاشتۇرۇۋالغان .ئۇنداق بولغاندا، شى جىنپىڭنىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ شېرىن چۈشى " قارا بېسىش "قا ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

11-خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى سەرگەردان مىليونېرى گو ۋېنگۈينىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە باشقا خىتاي مۇلاھىزىچىلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي يۇغۇرى قاتلىمى ئىچىدىكى چىگىشلىشىپ كەتكەن ھوقۇق تالىشىش ماجىرالىرى ۋە چىرىكلىك، شۇنداقلا شى جىنپىڭ، ۋاڭ چىشەن، مىڭ جەنگۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ماماتلىق كۈرەشلەر خىتاينى ھالاكەت پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە .ئۇندىن باشقا مۇلاھىزىچىلەر، خىتايدا يېقىن كەلگۈسىدە ئىنتايىن ئېغىر ئىقتىسادى كرىزىس ۋە ئىشسىزلىق كرىزىسى يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە .بۇ خىل ئامىللار خىتاينىڭ يېقىن كېلەچەكتە غۇلايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە.
بىر يول بىر بەلۋاغدىن ئىبارەت خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت مۇمكىنچىلىكلەر.
مەن بۇ يەردە قەدىمكى يىپەك يولى ۋە بۇ يولدا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە توختالمايمەن .گەپنىڭ نەق پوسكاللىسىغا كەلسەك، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ تېشىلىپ، تۆمۈر يوللار ۋە يۇغۇرى سۈرەتلىك تاشيوللارنىڭ ياسىلىپ، يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بىر ئىش ئىدى .ئەمما بۇ رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا .يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ1 -نومۇرلۇق دۈشمىنى خىتاينىڭ قولى بىلەن.
خىتاي ئۇيغۇرلارنى قۇدۇق ئاستىغا تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ .خۇددى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى

قېرىنداشلىرى قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋەتكەندەك .قېرىنداشلىرى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام نېمىشقا قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋەتتى؟ ھەممىسىدىن گۈزەل ۋە ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن .خىتاي نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى قۇدۇق ئاستىغا تاشلاپ، قۇدۇق ئاستىدىكى پاقىغا ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇيغۇرلار شەرقى تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ باي ۋە مۇنبەت زېمىنىنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى، شۇنداقلا خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسىدىكى بولمىسا بولمايدىغان ئالتۇن يولنىڭ يەنە ھەقدار ئىگىلىرى .شۇنىڭغا چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل ئىشىنىشىمىز كېرەككى ئاللا قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قانداق قىلىپ قۇدۇق ئاستىدىن چىقىرىپ مىسىرغا ۋالىي قىلغان بولسا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئاللا بىر يول بىر بەلۋاغ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى خىتاي تاشلىۋەتكەن ئۇ قۇدۇقتىن ئېلىپ چىقىپ دۇنياغا ۋالىي قىلىدىغان . ئەمەلىيەتتىمۇ تارىخچى مورگان دېمىگەنمىدى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ دەپ .

دۇنيادا بولۇۋاتقان تېز ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، خىتاينىڭ ھەر زامان ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان دۆلەتلەر قاتارىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك .خىتاي ھەم تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ھەم دېلىغۇل ۋە سىلكىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ .بۇنىڭغا ئىچكى ۋە تاشقى نۇرغۇنلىغان ئامىللار سەۋەبچى .خىتاي بىر يول بىر بەلۋاغ ئارقىلىق، خىتاي دەرۋازىسىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا كەڭرى ئاچتىم دەپ ئويلاۋاتىدۇ ماھىيەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختا يوقىتىپ قويغان يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ" ئالتۇن يول "ئىنى قايتىدىن ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ .بۇ مىسال خۇددى تارىختىكى ئاللانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرەۋننىنىڭ ئوردىسىدا، پىرەۋننىنىڭ بېقىپ چوڭ قىلىشى بىلەن يېتىشتۇرۇپ، ئاخىردا پىرەۋنگە قارشى بىر پەيغەمبەر قىلىپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت ھېكايىگە ئوخشاپ كېتىدۇ .ئەجەبا ئاللانىڭ، زالىمنىڭ پۇلى، زالىمنىڭ كۈچى بىلەن ئېچىلىۋاتقان ئۇنتۇلغان يىپەك يولىنى قايتا تىرىلدۇرۇپ بۇنى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى يولىدا قوللىنىشىغا كۈچى يەتمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە يېتىدۇ.

يەنە بىر ھېكمەت :يېقىندىن بۇيان دۇنيا ۋەزىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ رەسمىي ھالدا خىتاينى رەقىب دەپ ئېلان قىلىشى، خىتاينىڭ جەنۇبى دېڭىزدا يۈرگۈزۈۋاتقان زومىگەرلىكى، شۇنداقلا خىتاي داۋراڭ سېلىۋاتقان بىر يول بىر بەلۋاغدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تۈردە ئامېرىكىنىڭ يوق بولۇشى، ئامېرىكا كورىيە ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشى، خىتاينىڭ رايوندا ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ غالجىرلىششى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئامىللارنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئامىللارنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ، كېلەچەكتە دۇنيا كۈنتەرتىپى كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى، خىتايغا رەقىب ئامېرىكا ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خىتايغا قارشى كوزىر ئورنىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس .ئۇندىن باشقا ھىندىستان باش مىنىستىرى مودىمۇ بىر خەلقئارالىق يىغىندا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىز ناملىق شېئىرىنى ئىنگلىزچە ئوقۇپ، خىتايغا قارشى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللايدىغانلىقىدىن ئىبارەت سىگنالنى بەرگەن ئىدى .ئۇيغۇرلار خىتاي چىقىرىۋاتقان بۇ قارا بوراندا ئېغىر زىيان كۆرۈشى مۇمكىن ئەمما ساق سالامەت ئىللىق قۇياش نۇرىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل .ئۇندىن باشقا يېقىندا ئامېرىكا پاكىستاننى تېررورلۇقنى قوللاۋاتقان دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى. بەلكىم بۇنى باھانە قىلىپ ئامېرىكا پاكىستانغا ئەسكەر

كىرگۈزۈشى مۇمكىن.

كونا تېكىستكە ئېيتىلغان يېڭى مۇقام.

بىز خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2013-يىلى قازاقىستاندا ئوتتۇرىغا قويغان، خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلۋاغ ئىستراتېگىيەسىنى ياخشى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ يېڭى بىر ئىش ئەمەسلىكىنى .بەلكى 20-ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق مۇستەملىكىچى ۋە كېڭەيمىچىلەرنىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە تۈزگەن كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەلىرىنى بۈگۈنكى كۈندە كۆچۈرۈپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، تارىختىكى بۇ كېڭەيمىچىلەر، كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەلىرىنى، قورال كۈچى ۋە زومىگەرلىك بىلەن ئىشقا ئاشۇرغان، ئەمما شى جىنپىڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىلىق سىپايە، ناز كەرەشمە شەكلىدە، دوللارنى بولۇشىغا چېچىپ، يولۇڭ، كۆۋرۈكوڭ بۇزۇلغان بولسا ئاكاڭ قارىغايدا پۇل بار، ئاكاڭ قارغاي نوچى دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ خۇددى چار يىلاندەك تولغىنىپ ئاستا سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇستەملىكىچىلەر كىملەر ۋە ئۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەلىرى قايسىلار؟

1. دېڭىز ھاكىمىيىتىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش نەزەرىيەسى. (Alfred Thayer MAHAN 1840-1914)
2. قۇرۇقلۇقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش نەزەرىيەسى (Sir Halford John Mackinder 1861–1947) .
3. ھاياتلىق نەزەرىيەسى رايونى (Karl Ernst Haushofer 1869-1946)
4. بۇ نەزەرىيە تۈركچە كەنار كۆشاق تەئورىسى، ئېنگلىزچە رىملاند تەئورى، خىتايچە 边缘理论 - .(ئېيتەك بەلۋاغ نەزەرىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ(Nicholas Spykman 1893-1943) ) .

قانداق قىلغاندا دۇنيا قۇرۇقلۇقىغا ھاكىم بولغىلى بولىدۇ ناملىق كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى ماككىندەر، كىم شەرقى ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلالىسا، شۇ دۇنيانىڭ يۈرىكىنى قولغا ئالغان ھېسابلىنىدۇ .دېگەن.

ماككىندەر، ئاق دېڭىز ئەتراپىدا مەيدانغا كەلگەن بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالدى بىلەن قۇرۇقلۇقتا مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى، ئاندىن دېڭىزلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا كېڭەيگەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن دېڭىزچىلىق ئىشلىرى قانچىلىك تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاخىرى يەنە كېمە ۋە پاراخوتلارنىڭ پورتلاردا توختاپ قۇرۇقلۇققا چىقىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ماككىندەر" دۇنيانىڭ قەلب (Heard land نى، دۇنيانىڭ ئەڭ تەبىئىي قەلئەسى دەپ تەسۋىرلىگەن .دۇنيانىڭ قەلبى، سىبىرىيەدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ رايونلار سوغۇق قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا تەۋە، دېڭىزلاردىن ئۇزاق بولغانلىقى ئۈچۈن، دېڭىز كۈچى تەسىرىنىڭ سىرتىدا قالغان.

كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى نەزەرىيەسىنىڭ ساھىبى سۆپىتىدە تونۇلۇپ كەلمەكتە .ماخاننىڭ كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىدىن دېڭىز كۈچىنىڭ تارىختا كۆرسىتىدىغان تەسىرى the influence of sea powerبار بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابىنىڭ، دېڭىز كۈچىنىڭ تۈرلىرى نامىلىق بۆلۈمىدە دېڭىز كۈچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئامىللارنى ئوتتۇرىغا

قويغان .ماخان ئوتتۇرىغا قويغان تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەسى شۇ دەۋردىكى ئەڭ چوڭ تاجاۋۇزچى ۋە كېڭەيمىچى ئەنگلىيەگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى .ئەينى چاغدا ئەنگلىيە جەبىلتارىقتا، مالتادا، قىبرىستا، مۇھىم دېڭىز ئۈستى بازىلىرىغا ئىگە بولغان .ماھان ئوتتۇرىغا قويغان كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەسى 20-ئەسىردىكى كېڭەيمىچىلەرنىڭ گىردە نېنىغا قايماق سۈركەپ بەرگەن .ماھاننىڭ نەزەرىيەسىچە بولغاندا كېڭەيمىچى دۆلەت ئۆزىگە ناتونۇش بىر زېمىننىڭ خوجايىنى بولغاندىن باشقا، ئۆزى ساتماقچى بولغان ماللىرى ۋە ئېرىشمەكچى بولغان بايلىقلىرى ئۈچۈن بىر خاتىرجەم مۇھىت ياراتقان بولاتتى.

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ،«خىتاينىڭ شىرىن چۈشى» ياكى«خىتاي ئارزۇسى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان «بىر يول بىر بەلۋاغ» ئىستراتېگىيەسى يۇقىرىدىكى 20-ئەسىردە ئۆتكەن كونا كېڭەيمىچىلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئەندىزىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .شى جىنپىڭ كونا تېكىستكە، يېڭى مۇقامنى ئېيتىۋاتىدۇ خالاس.

# دۇنيا كۆرۈپ قويىدۇق ئادالىتىڭنى

(سەھەر)

2018-يىلىنىڭ يېڭى يىل كېچىسى، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خۇشاللىق كېچىسى ئەمەس، بەلكى ماتەم كېچىسى بولدى.

چۈنكى دۇنيا ئاللىقاچان ئىنتېرنېت ئۈچۈر دەۋرىگە كىرگەنلىكى بىلەن، جۇغراپىيە جەھەتتىن ئىنتايىن يېقىن بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما، دۇنيا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بارغانچە ئۇزاق، مېھرىسىز ۋە سوغۇق تۇيۇلماقتا ئىدى.

چۈنكى چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەندىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئۇرۇق تۇغقانلىرى ۋە دوست يارەنلىرى بىلەن ئاللىقاچان تېلېفون ۋە باشقا ئۈچۈر ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق كۆرۈشۈشى مەنئى قىلىنغان ئىدى. ئەمما دۇنيا ئادالىتى بۈنىڭغا سۈكۈتتە. چۈنكى سۈكۈتنىڭ ئاستىغا نۇرغۇنلىغان مەنپەئەتلەر كۆمۈلگەن.

يېڭى يىل كېچىسى، whatsup تىكى بىر دوستۇمدىن، تۈركچە ئېيتىلغان Newyorkدېگەن ناخشىنى يېڭى يىللىق سوغا سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئالدىم. دوستۇم يېڭى يىللىق تىلىكىدە، Newyork تا ھەممە نەرسە بار ئەمما، ئىستانبۇل يوق دېگەن يەرنى،

Newyork تا ھەممە نەرسە بار ئەمما، ئۈرۈمچى يوق دەپ تەقلىد قىلىپ ئاڭلىشىمنى ئۈتۈنگەن ئىدى. مەن دوستۇمنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە تەقلىد قىلىپ، بۇ مۇڭلۇق ناخشىنى ئاڭلاپ چىقتىم. ئەمما بۇ ناخشا يەنىلا مېنىڭ قەلبىمدىكى دۇنيالارغا پاتقۇسىز ئاچچىق ئەلەمنى يېنىكلىتەلمىدى.

تېخى 2016-يىلىلا، يەنى بىر يىل بۇرۇنلا، بۈگۈنكىگە قارىغاندا خېلىلا بەختلىك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ چاغدا ئۇندىدار دېگەن بىر نەرسە بار ئىدى.

ئەتىگەندە كۆزۈمنى ئېچىپ ئويغىنىپ 1-قىلىدىغان ئىشىم ئاشۇ مەشھۇر ئۇندىدارنى تەكشۈرۈش بولاتتى. ۋەتەندىكى دوستلىرىم، ئۇرۇق تۇغقانلىرىمدىن نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇپ ئالاتتىم. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى، ياخشى تىلەكلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزۈمنى بەك بەختلىك دېيەلمىسەممۇ ئەمما، ئەمدى ئويلىسام بەكمۇ بەختسىز ئەمەسكەنمەن.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەتراپىمدىكى نۇرغۇنلىغان دوستلىرىم ۋەتەنگە بېرىپ كېلىپ، ۋەتەندىن ھەدىيەلەر، سالام-سائەتلەر ۋە قىزىق پاراڭلار ئېلىپ كېلەتتى. ۋەتەندىكى يېڭى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتىم. ۋەتەندىن كەلگەن ئۇن ئالغۇ ۋە سىن ئالغۇ شۇنداقلا رەسىملەرنى، بۇ رەسىملەر ئىچىدىكى تونۇش بىلىشلەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتتى. ۋەتەنگە بارىدىغان دوستلىرىم يەنە مېنىڭ ۋەتەندىكى دوستلىرىمغا ئەۋەتكەن سوغا سالاملىرىمنىمۇ ئالغاچ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ سوغا سالاملىرىنى ماڭا ئالغاچ كېلەتتى. بۇ يىل ئۇنداق ئىشلار يوق. ماڭىلا يوق ئەمەس بەلكى چەت ئەلدىكى ھەممە

ئۇيغۇرغا يوق. زالىملارنىڭ بىر ۋەھىمىسى بار، ئۇيغۇرلارغا بۇنىمۇ ئارتۇق كۆرگىنىگە قارىغاندا.

2018-يىلىنىڭ كىرىش كېچىسى دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر ئىنتايىن خۇشال، پەقەت ئۇيغۇردىن باشقا. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق –تۇغقانلىرى، ناتسىست گىرمانىيەسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىن ھېچقانداق پەرقى بولمىغان، خىتايدىكى تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم ياكى غايىب بولۇش. لاگېرنىڭ سىرتىدا قالغانلىرى مەجبۇرىي تېڭىلغان خىتاي قوشماق تۇغقانلىرى بىلەن، لەنەن سوزۇۋاتىدۇ كاۋا توغراۋاتىدۇ ۋە ياكى تۆگۈر تۆگۈۋاتىدۇ. ئەمما دۇنيا ئادالىتى بۇنىڭغا سۈكۈتتە. چۈنكى سۈكۈتنىڭ ئاستىغا مەنپەئەتلەر كۆمۈلگەن.

مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز بولغان بۇ يېڭى يىل كېچىسىدە، بۇندىن بىر يىل ئاۋۋالقى ئۇندىدارىمنى تەكشۈرۈپ باقتىم. بىر قانچە تۇپتىكى ھەممە دوستلىرىم چىقىپ كېتىپتۇ. يالغۇز مەنلا قاپتىمەن. ئۇندىدارمىش، ۋاي سېنىڭ ئىسىملىرىڭدىن ئۆرگىلەي دېدىم مەن ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلاپ.

دىققىتىم دۇنيا ئادالىتى ئۈچۈن كانايلىرى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراۋاتقانلارغا مەركەزلەشتى.

ئەمما ئۇلارنىڭ ئادالەت تارازىسىدا ئۇيغۇرلار يوق ئىدى.

داۋۇستا، پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئادالىتى ئۈچۈن 'one minut, one minut'دەپ ياقا يىرتقانلارنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ ئادالىتىگە كەلگەندە سۈكۈت قىلغانلىقىنى كۆردۇق.

ئاللانىڭ ئالدىدا سەجدىگە ئېگىلگەندىن باشقا، ھېچقانداق بىر زالىم كۈچنىڭ ئالدىدا ئېگىلمەيمىز، دېگەنلەرنى كۆردۇق.

بىرلىرىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن، قېرىنداشلىق ھوقۇقىمىزنىڭ زىدىلىنىشىگە ھەرگىز رۇخسەت قىلمايمىز دېگەنلەرنى كۆردۇق.

كانايلىرى يىرتىلغۇچە دۇنياغا ۋارقىراپ: ``سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىزگە نېمە دەيدۇ؟ مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان-مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلماس، مۇسۇلمان-مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتتە ئۇنى تەرك ئەتمەس، ئۇنى زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا تاشلاپ بەرمەس، مۇسۇلمان دىنى قېرىندىشىغا ياردەم قىلغان مۇددەت ئىچىدە، ئاللامۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ`` دېگەنلەرنى كۆردۇق.

سۈرىيەدىن –ئىراققا، لىۋىيەدىن مىسىرغا، يەمەندىن –سىپرۇسقا قەدەر، مۇسۇلمانلىق دۇنياسىنىڭ ئادالىتى ئۈچۈن نۇتۇقلار سۆزلىگەنلەرنى كۆردۇق.

ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلغان دىنسىز شەيتاندۇر دەپ چوڭ گەپ قىلغانلارنى كۆردۇق.

بىر تامچە نېفتنى، بىر تامچە قاندىن بەكرەك ئەۋزەل كۆرگەن بىچارىلەر، بايلىق مەنبەلىرىمىزنى بۇلاڭ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن بىزنى بىر بىرىمىزگە دۈشمەن قىلىپ قويۇۋاتىدۇ دېگەنلەرنىمۇ كۆردۇق.

ھەر پىرەۋنىگە قارشى بىر مۇسانىڭ ھامان چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئادالىتىنى كۆردۇق.

قان ھىدى ئالغان لەھەڭدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك بولغىنى، نېفىت ھىدى ئالغان ئىمپېرىيالىستلاردۇر دېگەنلەرنىمۇ كۆردۇق.

كېلەچەك ئافرىقا قىتئەسىنىڭ بولغۇسى. مەزلۇمنىڭ ئاھى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ دېگەنلەرنىمۇ كۆردۇق.

مۇسۇلمان ئالىمىدە، تۈرۈكلۈك ئالىمىدە، گۈلدۈراس ئالقىشلار چېلىنىپ، يۇقىرىدىكى نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن كىشىگە، ھەق-ئادالەتنىڭ پېشۋاسى، 21-ئەسىرنىڭ خەلىپىسى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ داۋامى، ئەگەر ئاللا پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن يەنە بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن بولسا، ئۇ پەيغەمبەر مۇشۇ كىشى بولغان بولاتتى دەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى، ئۇيغۇر جەسەتلىرى بىلەن تاغدەك

دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئاستىدىن قان تامچىپ تۇرغان، زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراۋاتقان شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۈستىنى دەسسەپ تۇرۇپ، شەرقى تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇپ، ساختا ئادالەت غوۋغاسى قىلماقتا.

ئاللا ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللا بۈيۈكتۇر.

مەن يۇقىرىدىكى «ئادالەت جارچىلىرى» نىڭ خىتايدىن ئىبارەت دۇنيادىكى ئەڭ زور زالىمنى چەتتە قالدۇرۇپ، يەھۇدىي ۋە ئامېرىكا زالىملىرىغا قارىتا ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئۆزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن. ھەمدە تۈركچە پېتى، تەرجىمە قىلماستىن.

«ئالما مەزلۇم ئاھىنى، چىكار ئاھىستا ئاھىستا»

دېمەككى، ئۇيغۇرنىڭ ئاللادىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق.

2009-يىلىدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ھەققىدە، «قىرغىنچىلىق» دېگەن كەلىمىنى ئىشلىتىپ قويغان دۆلىتى بار قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چۆنتىكىگە، خىتايدىن دوللارنىڭ قانداق ئاققانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ يەنە مۇسۇلمانلىق ھەققىدە جار سالغان كالپۇكلىرىنىڭ، مۇسۇلمانلىق ئەڭ ئەشەددىي دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، روزا تۇتۇش، ياغلىق ئارتىش، مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇش چەكلەنگەن، قۇرئان كەرىم ۋە جايىنامازلار يىغىۋېلىنىۋاتقان، خىتايدەك بۇ زالىمنىڭ قارشىسىدا، قانداق سۆزلىيەلمەس ھالغا كەلگەنلىكىنى كۆردۇق.

مۇسۇلمان ۋە تۈرۈك دۆلەتلىرىدە ئىشلىرىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تار رامكا ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆردۇق.

ئاھ.... ساختا ئادالەتپەرۋەرلەر، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاللانىڭ قارشىسىغا قانداقمۇ چىقارسىلەر. بىر يول بىر بەلۋاغ دەيدىغان خىتاي شېرىن چۈشىگە يەنىمۇ شېرىنلىك قاتماقچى بولغان، بۇ يول بېسىپ ئۆتىدىغان جايلاردىكى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھەم تۈركى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئادالىتىنى كۆردۇق. مەيلى خىتاي پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى بولسۇن، مەيلى قورغاس-قازاقىستان قۇرۇقلۇق بازىسى بولسۇن، خىتاينىڭ دۇنياغا تۇتىشىدىغان بۇ كاتتا يىپەك يولى تۇرىدىكى ھەر بىر تاشيول، تۆمۈر يول، كۆۋرۈك ۋە بازىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرنىڭ قېنى بىلەن چىلىشىپ تۇرماقتا. دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن داڭلىق خىتاي يازغۇچىسى لۇشۇن ئەپەندىنىڭ «قانغا چىلانغان جىڭموما» ناملىق ھېكايىسىنى خاتىرلەتمەكچىمەن. مەيلى قەشقەردىن باشلىنىپ، پاكىستاننىڭ گۇئادا پورتى ئارقىلىق ھىندى ئوكيان، ئاق دېڭىز، قارا دېڭىز بىلەن ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان يول بولسۇن ۋە ياكى، غۇلجا قورغاستىن باشلىنىپ، قازاقىستان، ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستان، بۇلغارىستان، تۈركىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان يول بولسۇن، ئوخشاشلا لۇشۇن ئەپەندىنىڭ ھېكايىسىدىكىدەك «قانغا چىلانغان جىڭموما» دىن ئىبارەت. يەنى ئۇيغۇرنىڭ قېنىغا چىلانغان جىڭموما.

شۇڭا بۇ يولدا خىتاي بىلەن بىر ئورۇندا يېتىپ شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقان تۈركى قېرىنداشلىرىمغا «بىر كۈنى ئۇيغۇرنىڭ ئاھى سىلەرنى تۇتۇپ قالمىسۇن» دەپ ئەسكەرتمەكچىمەن.

ئەي 2017-يىلى سەندە يەنە نېمىلەرنى كۆردۇق.

يېقىندا يازغان سوبىبوردىن قېچىش ۋە ئۇيغۇرلار ناملىق ماقالەمدە، ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئۆلۈم لاگېرلىرىنىڭ بىرى بولغان سوبىبور تۈرمىسى ھەققىدە توختالغان ۋە خىتاي زۇلۇمى

ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستاننى ئەنە شۇ سوبىبورغا ئوخشاتقان ئىدىم. سوبىبوردىن قېچىش نامىلىق فىلىمدا، بۇ تۈرمىدىكى يەھۇدىيلار سوبىبوردىن قېچىشنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى بىلسىمۇ ئەمما يەنىلا قېچىشنى پىلانلايدۇ. دەل قېچىش كۈنى يېتىپ كېلىپ، ھەممە كىشى قېچىشقا باشلىغاندا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قاچماي جىم تۇرۇۋالىدۇ. ئەمما ناتسىستلار ئەڭ ئاۋۋال قاچمىغان بۇ يەھۇدىيلارنى ئېتىپ تاشلايدۇ. مەن ئارىمىزدىكى زالىمدىن يەنىلا ئۈمىد كۈتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆردۈم.

تۆگە قۇشى ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. تۆگە قۇشى قۇمنىڭ ئاستىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ، سىرتتا بولغان ئەھۋاللارنى كۆرمەسكە سېلىپ ياشايدۇ.

ئىنسان قىممىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالىي دەرىجىلىك دىپلوملارنى قۇچاقلاپ يېتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى مىللەتتى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش، ھەق ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىش ئەمەس، بەلكى چۇقان سېلىش ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

يەنە نۇرغۇنلىغان «داستىخان چىۋىنلىرى» ئۇيغۇرلارنى كۆردۇق. ئۇلار بۇ داستىخان يىغىلسا غۇژژىدە يەنە بىر داستىخانغا ئۈچۈپ باراتتى. ئۇلاردا ۋەتەن مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىش دېگەننى كۆرۈش ناھايىتى قىيىن.

مەن بىر ماقالە ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ ماقالىدە تارىختا تۈركلەر تاجاۋۇز قىلىپ ياۋروپانىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغاندا، ياۋروپالىقلارنىڭ پەرىشتە ئايالمۇ ياكى ئەرمۇ؟ دېگەن مۇنازىرىنى قىلىپ يۈرگەنلىكى يېزىلغان ئىدى. بىر قىسىم ئۇيغۇر دىنچى موللاملىرىمۇ، ئۇيغۇر مىللىتى ھايات مامات مۇجادىلىسى بېرىۋاتقان مۇشۇنداق ئېغىر بىر ۋەزىيەتتە، يېڭى يىل ھارام، نورۇز ھارام دېگەندەك گەپ سۆزلەرنى تارقىتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىش يوللىرىنى، «قارا چۇمبەل» ئىچىدىن ئىزدەشكە يېتەكلەۋاتىدۇ. مۇستافا كامال، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئاۋۋال، مىللەت ۋە دۆلەت ئالدىدا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ يۈرگەن دەل مۇشۇنداق «ئەخلەت» موللاملارنى تازىلىغان ئىدى.

ۋەتەندە ئۇلۇغ جۇمەيىگىز مۇبارەك بولسۇن دېگەن بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن 5 يىللىق كېسىلىۋاتىدۇ. چەتئەلدە يېڭى يىلىڭىز مۇبارەك بولسۇن دېگەن بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن ئۆز دىنى قېرىندىشىنى «كاپىرلىق» بىلەن جازالىماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا زالىملىق جۇملىسىدىندۇر.

ۋاي توۋا!!!!!! بۇگۈن ئىزمىر، ئەنقەرە، ئاستانە لەرنىڭ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئېغىزلىرى قۇلاقلىرىغا يېتىپ كېتىپتۇ، قەدىمى يىپەك يولى قايتىدىن ئېچىلىدىغان بولدى دەپ. ئەمما قەدىمى يىپەك يولىنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار نەدە؟ ھالىڭ نېچۇك دەيدىغان ئادەم يوق.

ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركلەردىكى «ئالما مەزلۇم ئاھىنى، چىكار ئاھىستا-ئاھىستا» دېگەن ماقال تەمسىلگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر قوشاق بار،

«ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى، كۆز يېشىم دەريا بولۇپ بېلىقلىرىم يۇتقاي

سېنى».

يەنە نېمىلەرنى كۆردۈم 2017-يىلىدا.

ئەڭ قىزىق كۆرگەنلىرىمنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، ئادالەت ھەققىدە چوڭ گەپ قىلىپ، دۇنياغا جار سېلىۋاتقانلارنى «ساختىكار» دېگەن ۋاقتىمدا، كۆپلىگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم ماڭا قارشى چىقتى. ئۇلارنىڭ «ئادالەت پەلسەپىسى» مۇنداق ئىكەن. ئۇيغۇرلار، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتە گۈللىنىپ مەلۇم سەۋىيەگە يېتىۋېلىشى ئۈچۈن، مەشھۇر بىر يول بىر بەلۋاغدا، ئۇزۇن سوزۇلۇپ سۆكۈت قىلىپ يېتىپ بېرىشى، بۇ يولدىن ئۆتىدىغان تۆمۈر يوللار، كۆۋرۈكلەر، قىسقىسى ئۆتۈشكە تېگىشلىك نېمە بولسا ئۇيغۇرنىڭ ئۇستىدىن دەسسەپ چەيلەپ ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن. قان تەپچىگەن بۇ يولدا، ئۇيغۇرلارنىڭ سۆكۈت ئىچىدە قۇربانلىق بېرىشلىرى كېرەك ئىكەن. ئادالەتنىڭ ئۆچىرىتى بارمىش، ئۇيغۇرلار بۇ ئۆچىرەت كەلگۈچە ساقلىشى ۋە ئۆز قانلىرىنى قېرىنداشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆكۈشى لازىممىش.

مەن يەنە مۇنداق بىر ماقالە ئوقۇغان ئىدىم. ستالىن ئۆلۈم جازاسى بەرگەن بىر ياشنىڭ ئۆلۈم مەيدانىغا ياشىسۇن ستالىن دەپ شوئار توۋلىغانچە بارغانلىقىنى،

ئۇيغۇرلار مەلۇم مەنىدىن مۇشۇ ياشقا ئوخشاپ قېلىۋاتىمىز.

مەن تۈركىيەدە تۇرغان چاغلىرىمدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزىدىن، تۈرك دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم ۋە ھەيران بولغان ئىدىم. ئىگىلىشىمچە، بۇ سۆز مەرھۇم لىدىرىمىز ئەيسا يۇسۇپ ئالىپ تېكىندىن مىراس قالغان سۆز ئىكەن.

تۈرك ئېيتۇر، تۈركنىڭ تۈركتىن باشقا دوستى يوق دەپ.
ئۇيغۇر ئېيتۇر ئۇيغۇرنىڭ ئاللادىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق دەپ.

ئويلىنىپ قالدىم. تۈرك دۇنياسى ئادالىتىنىڭ ئۆچىرىتى قاچانكى ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا دېگەن ئىدىيە بىرلىككە كەلگەن چاغدىلا، ئۇيغۇرغا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇيغۇر تۈركنىڭ قولىدىكى بىر ئويۇنچۇق خالاس.

ئۇيغۇرلار تۈركىيەدە، ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا دېيىشنى ئۆگەنمەيدىكەن، ئۇيغۇرلار ھامان يېڭى يىپەك يولىدىكى «قانغا چىلانغان جىڭموما» ، «قانغا چىلانغان تۆمۈر يول» بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

خىتاي پەيلاسوپ كۇڭزى، ئادالەت قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشاش جايىدا مىدىرلىماي تۇرىدۇ. باشقا ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيدۇ دەيدۇ. ئەمما 2017-يىلىدا قۇتۇپ يۇلتۇزى بىلەن ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق.

ئۇنداقتا 2018-يىلى قانداق بولار؟ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىنىڭ ۋەزىيىتى تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە دەسسىلىپ چەيلىنەرمۇ؟ ئەگەر ئادالەت ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغىسىغا كەلمىگەن ئىكەن ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلار ئادالەتنى ئۆزلىرى يارىتىشى كېرەك. بۇ تۆگە قۇشى ئۇيغۇرلار، داستىخان چىۋىنلىرى ئۇيغۇرلار، ھالال-ھارامنى مىكروسكوپتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇ پەقەت يېڭى، جاسارەتلىك چۇقان-سۈرەنلىك، ھەق ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىش جىنايەت دەپ بىلگەن يېڭى روھتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.